قاھار جېلىل



# قىساس

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# قىساس

(رومان)

ئاپتورى: **قاھار جېلىل**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 16.75
2006 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 1876 — 0
سانى: 1—3000
باھاسى: 28.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# نەشرىياتتىن

مەرھۇم يازغۇچى، ژۇرنالىست قاھار جېلىل بۇگۇنكى دەۋر
ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ
بىرى. ئۇ 1943 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزى-
سىدا دۇنياغا كەلگەن. 1962 ـ يىلى شىنجاڭ سىفەن شۆ-
يۈەنىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى
9 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە خوتەن سىفەن مەكتىپىدە
ئوقۇتقۇچى بولغان. 1976 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1988 ـ يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر ۋە
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1989 ـ يىلى 1 ـ
ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي ياز-
غۇچىسى بولۇپ مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

يازغۇچى قاھار جېلىل زور شىجائەت كەمىرىنى باغلاپ ئىجا-
دىيەت مۇساپىسىدا ئۆزىنىڭ تالانت ۋە قابىلىيىتىنى نامايان قىلى-
ۋاتقان قىرانلىق مەزگىلىدە، يەنى 1994 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ
21 ـ كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا 51 يېشىدا
ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمنىڭ «چېچەكلەر»، «چەۋەنداز»، «كۆكۈل»،
«ئېزىتقۇ» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «مېھرىبان»، «خىل-
ۋەتتىكى كىشىلەر» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى، «قىساس»

ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ قولىمىزدىكى «قىساس» ناملىق بۇ رومانىنى نەشرىياتىمىز 1994 ـ يىلى نەشر قىلغاندى، نۆۋەتتە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە مەرھۇمنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن قايتا نەشر قىلدۇق.

مەزكۇر روماندا كونا خوتەن تۇرمۇشى چىن ۋە ھېسسىياتلىق يورۇتۇلغان بولۇپ، ئەدىبىنىڭ ئىجادىي كامالىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب ........................................ 4
ئىككىنچى باب ........................................ 23
ئۈچىنچى باب ........................................ 40
تۆتىنچى باب........................................ 75
بەشىنچى باب ........................................ 84
ئالتىنچى باب ........................................ 114
يەتتىنچى باب ........................................ 138
سەككىزىنچى باب ........................................ 161
توققۇزىنچى باب ........................................ 196
ئونىنچى باب ........................................ 214
ئون بىرىنچى باب ........................................ 238
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 260
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 282
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 306
ئون بەشىنچى باب ........................................ 328
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 347
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 361
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 386

ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 415
يىگىرمىنچى باب ........................................ 449
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 491
خاتىمە ........................................ 531

# ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ،
# زامانەڭنى تار

— ئۇيغۇر خەلق ناخشىسىدىن

## مۇقەددىمە

ئاۋغۇستنىڭ قىسقا تۈنى، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن چاغ. ھاۋا ئوچۇق ۋە سالقىن. تەكلىماكانغا ياندىشقان بۇ قەدىمىي بوستانلىق تىمتاسلىقتا چۆمگەن. كائىنات گويا قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەيۋەتلىك قورۇ - جاينىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان، بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن تولغان باغ ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ. خۇشبۇي ھىد دىماغقا ئۇرۇلۇپ تەنگە راھەت بېغىشلايدۇ.

ئۇلار تېز، ئەمما شەپىسىز قەدەملەر بىلەن دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ، تامغا تىرەپ قويۇلغان شوتا يېنىغا كېلىشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭلا يۈرەكلىرى گويا كۆكرەك قەپىسىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولغاندەك تېز ۋە كۈچلۈك سوقۇپ كەتكەنىدى. يىگىت قىزنىڭ قولتۇقىدىكى بوغچىنى قولىغا ئالدى - دە، ئاۋۋال قىزنى شوتىغا چىقاردى. تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن قىزنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەيتتى. ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە قېلىن ۋە ئېگىز تام ئۈستىگە چىقىپ بولۇشتى. ئاندىن يىگىت شوتىنى ئاۋايلاپ تارتىپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە قويدى - دە، ئاۋۋال ئۆزى چۈشۈشكە باشلىدى. قىز تامغا ئالدىنى قىلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىراق، ئۇ بىر بالداق چۈشۈپ بولۇپلا نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. ئەمدى قورۇ - جاي ۋە باغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ تۇراتتى.

مانا، قەپەسنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئەمدى ئۇلار شوتىدىن چۈشۈپ ئون قەدەم نېرىدىكى ئۈجمە دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغان ئاتقا مىنگىشىدۇ ـ دە، نەلەرگىدۇ باش ئېلىپ كېتىشىدۇ. بارچە ياخشىلىق ۋە يامانلىقلار، جىمىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە دەرد ـ ئەلەملەر، خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر قورغانغا ئوخشايدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قورۇ ـ جاينىڭ ئىچىدە قالىدۇ. ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس، بەلكىم نەچچە كۈنلەرگىچە باش تىققۇدەك بىرەر جايمۇ تاپالماي ئايدالىدا تەمتىرەپ يۈرۈشەر؛ بىر ئوتلام چايغا، بىر قوشۇق ئىسسىق تاماققا زار بولۇپ ئاچ ـ زېرىن قېلىشار… مەيلى، دۇنيادا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۈچۈن مۇرادىغا يېتىشتىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟! ۋىسال شادلىقى ئالدىدا ماكانسىزلىق، ئاچ ـ توقلۇق دېگەنلەر ھېچ نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن جىمى جاھان گويا جەننەت!…

ئىنسان بالىسىدىكى ئادەتلىنىش تۈيغۇسىمۇ بىر خىل يوشۇرۇن كۈچكە ھامىلدار ئىكەن. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە بىردىنلا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ كۆڭۈلگە ۋەسۋەسە سالىدىكەن. شۇ تاپتا قىزمۇ بىردىنلا دەل شۇنداق پەرىشانلىق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. نېمە دېگۈلۈك، ئاخىر ئۇنىڭ ئون يەتتە يىللىق ئۆمرى دەل مۇشۇ قورۇ ـ جاي ئىچىدە ئۆتكەن ئەمەسمۇ!… يەنە تېخى كىندىك قېنىمۇ شۇ يەرگە تۆكۈلگەن، تۇنجى «ئىڭگە» ئاۋازى مۇشۇ قورۇدا ياڭرىغان. ئەمدى ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ قالارمۇ؟ شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن قەدەم ئېلىپ كىرىشى يوق گەپ. دادىسى ئۇنى زادى ئەپۇ قىلمايدۇ. ئۇ مۇلايىم ۋە مېھرىبان ئانىسى، بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىنداشلىرى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ. ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن چوڭ بەدەل تۆلەش بۇ!…

قىزنىڭ يۈرىكى بەجايىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كەت‌

تى، كۆزلىرىدىن نەچچە تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشتى، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، ئېغىر ـ ئېغىر تىنىدى. بۇ چاغدا يىگىت پەسكە چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ قىزنىڭ قىمىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى بىر ئاغرىدى ـ دە، يەنە يۇقىرى ئۆرلىدى.

— جېنىم، نېمە بولدىڭىز؟

قانداشلىق رىشتىسى ۋە قىيالماسلىقتىن ھاسىل بولغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىقنىمۇ، ئۇ ۋەدە قىلغان بەختنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى. يىگىتنىڭ پەس، ئەمما ھاياجانلىق ئاۋازى ئۇنى يەنە ئەسلىگە قايتۇردى. قىز خۇددى ئۇيقۇدىن چۆ-چۈپ ئويغانغاندەك بىر سىلكىنىدى ـ دە، كۆڭلىدە ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتى: خوش، ئانا، دادا، خوش، قېرىنداشلىرىم، خوش، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز ماكانىم!

قىز يەنە بىر قېتىم «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ پىچىرلاپ ئوڭ پۇتىنى شوتىنىڭ تۆۋەنكى بالدىقىغا يۆتكىدى، يەنە بىرنەچچە بالداق پەسكە چۈشسىلا، ئاندىن ئون قەدەم، پەقەت ئونلا قەدەم يول مېڭىپ، ئاتقا مىنگەشسىلا...

— ئوغرى قاچتى، ئوغرى قاچتى!

خۇددى ئوچۇق ئاسماندا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك بولدى. ئاۋۋال قورۇدا، ئارقىدىن پۈتۈن مەھەللىدە قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى...

# بىرىنچى باب

## 1

دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى. سوغۇق خېلىلا كۈچەيگەن. قۇ-
رۇق، ئىزغىرىن شامال يۈزلەرنى چېقىپ ئۆتىدۇ.

دەريا ئېقىنى ئارقىلىق تەكلىماكاندىن ئۈزۈۋېتىلگەن بىر
پارچە قۇملۇق جەنۇبقا سوزۇلۇپ بوستانلىقنىڭ شىمال تەرىپىگە
ئۇسۇپ كىرگەندى. ئۇ بۇ مۇنبەت ۋادىغا نىسبەتەن خۇددى
ساغلام بەدەندىكى ئۆسمىدەك خۇنۇك بىر قىستۇرۇلما ئىدىيۇ،
لېكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى. بىراق، ئادەمزات تەبى-
ئەتتىن هامان ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىلەرنى ئالالايدى-
كەن. بۇ قۇملۇققا ياندىشقان مەهەللىلەردىكى دېهقانلار ئاشۇ قۇم-
لۇقتا قوي - كالىلىرىنى ئوتلىتاتتى، ئۇ يەرنىڭ قومۇش ۋە
يانتاقلىرىدىن يەم - خەشەك تەييارلايتتى. قىش كۈنلىرى نامرات
ئائىلىلەر «غىشا» دەپ ئاتىلىدىغان قومۇش يىلتىزلىرىنى كولاپ
يېقىلغۇ قىلاتتى.

بۇ ۋادىدىكى كىشىلەر هەر يىلى قىش پەسلىدە ئايدا ئىككى
قېتىم چېلىشىش، ئىككى قېتىم ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزەتتى، بەزىدە ئىت تالاشتۇرۇشمۇ بولۇپ تۇراتتى. هەرقاي-
سى تۇرلەرنىڭ شۇ ساهەدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن تەشكىللەن-
گەن باشقۇرغۇچىلىرى بار ئىدى. هەممە ئىش شۇلارنىڭ دېگىنى
بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئوغلاق تارتىشىش قاتتىقراق، تۇز-
لەڭ يەرلەردە ئۆتكۈزۈلەتتى، چېلىشىش بولسا قۇملۇقنىڭ بىرقە-

دەر تەكشى يەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنداق پائالىيەتلەر بەزىدە بىر كەنت، بىر يېزا بىلەن چەكلەنسىمۇ، بەزىدە ناھىيىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن، ھەتتا قوشنا ناھىيىلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ قاتنىشاتتى. ئويۇنلار كۆپىنچە تىنچ ئۆتسىمۇ، بەزى چاغلاردا كەنت بىلەن كەنت، يېزا بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا جېدەل - غوۋغالارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا يارىلىنىش ھەتتا ئۆلۈم - يېتىممۇ يۈز بېرەتتى. ئەمما قاتىللار جازالانمايتتى، كۆپىنچە سۈرۈشتۈرۈلمەيتتى، بەزىدە سۈرۈشتۈرۈلسىمۇ، قاتىل تېپىلمايتتى. چۈنكى، يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر ئارىلىشىپ كەتكەن مۇنداق ئۇرۇشۇشلاردا ھەقىقىي قاتىلنىڭ كىملىكىنى تېپىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئاندىن يۇرتۋازلىقمۇ يوشۇرۇپ قېلىش رولىنى ئوينايتتى. شۇڭا ئەدلىيە ئورۇنلىرى سۈكۈت قىلاتتى. ھەرقايسى تەرەپتىكى بەگ - بايلار بىلەن تەشكىللىگۈچىلەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلاتتى. ھەرقايسى تەرەپ بىر قېتىمدىن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ قارشى تەرەپكە ناماقۇل بولاتتى - دە، يارىشىپ قېلىشاتتى، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تۆلەم ۋە تەسەللى بېرىلەتتى.

بۇ يىلمۇ كۈزلۈك ھوسۇل يىغىلىپ بولۇپلا مۇسابىقىلەر باشلىنىپ كەتتى. بۈگۈنكىسى بۇ يىلقى ئۈچىنچى قېتىملىق چېلىشىش سورۇنى ئىدى. ئايلانمىسى تۆت يۈز - بەش يۈز مېتىر كەلگۈدەك دائىرىدە مىڭلىغان كىشىلەر يەتتە - سەككىزدىن رەت بولۇپ قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇشقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. كېچىكىپرەك كەلگەن بالىلار بىلەن بويى پاكار كىشىلەر بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇشۇپ مەيدانغا قارىشاتتى، ئازراق يوچۇق تاپسىلا موكىدەك قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشاتتى.

بۈگۈنكى مۇسابىقە ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ھەرقايسى يېزىلاردىن ۋە شەھەردىن كېلىشكەنلەر دائىرىدە ئۆز ئالدىغا

ئايرىم ئورۇن ئىگىلەشكەنىدى. بەگلەر، بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتار-
مەن - چاپارمەنلىرى ئولتۇرۇشقان يەرلەرگە كىگىز، گىلەملەر
سېلىنغانىدى. قايسى يۇرتنىڭ پالۋىنى ئۇتۇپ چىقسا، شۇ يۇرت-
لۇقلار ئولتۇرغان يەردە: «بارىكاللا! ئاتاڭغا رەھمەت!» دېگەن-
دەك چۇقان - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلەتتى، ئۇچ - تۆت كىشى ئالدىغا
چىقىپ، غالىب پالۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، مۇرىسىنى سىلاپ،
ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۇرت كاتتىلىرى يېنىغا ئېلىپ باراتتى.
بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئىسسىق چاي ۋە باشقا نازۇنېمەتلەر ئالدىن
تەييارلاپ قويۇلغان بولاتتى. مۇكاپاتمۇ شۇ ھامان ئۇنلۇك ئاۋازدا
جاكارلىنىپ، نەق مەيداندا قولىغا تاپشۇرۇلاتتى. مۇكاپات بۇيۇم-
لىرى دوپپا - تۇماق، تون - سەرپاي، ئالاھىدە ئىشلەنگەن
خەنجەر - پىچاقلاردىن تارتىپ، «يىگىتلەرنىڭ قانىتى» ھېسابلى-
نىدىغان ئارغىماق ئاتلارغىچە بولاتتى. بۇنىڭغا كېتىدىغان خىرا-
جەت شۇ يېزىدىكى كىشىلەردىن ئالۋان ھېسابىدا يىغىۋېلىناتتى.
مەغلۇپ بولغان پالۋانمۇ كەمسىتىلمەيتتى، ئۇنىمۇ يېزىلىقلىرى
مەيداندىن ئاچىقىپ، تەسەللى بېرىشەتتى.

دائىرىدىن ئون بەش - يىگىرمە قەدەم نېرىدا سودا - سېتىق
قىزىپ كېتەتتى. ئۇ يەردە ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر، قەنت -
گېزەكلەر، تونۇر كاۋىپى، گۆشگىردە - سامسىلار، ھەر خىل
گەزماللار، تېرە - يۇڭلار، ھەتتا ئاشلىق ۋە گىلەم، كىگىزلەر-
گىچە سېتىلاتتى. بەزىدە نەشىگە ئوخشاش چەكلەنگەن نەرسىلەر-
نىڭ مەخپىي سودىسىمۇ بولۇپ تۇراتتى. مۇنداق سورۇنلاردا «تۆ-
گىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك ئوقەتچىلەرنىڭ چېلى-
شىش بىلەنمۇ، پالۋانلارنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ قىلچە كارى بول-
مايتتى، پەقەت كۆپرەك پۇل تېپىشنىلا كۆزلەيتتى، كانىيى
يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشىپ خېرىدار چاقىرىشاتتى:

— مانا، ئوغۇل باللا، كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ قوي!

— ئەركەك قوينىڭ دۇمبىسىدە[1] ئەتكەن گۆشگىردە!
— پاقلاننىڭ كاۋىپى بۇ!
— مانا، بۇ قىرقىلمىغان ئوغلاقنىڭ... !
— خاڭدەن تاۋار، شاڭخادەن!
— ئورۇس گۇگۇتى چاقماق، بۇنى ئالمىغان ئەخمەق!
......

ئوقەتچىلەر ۋارقىرىشاتتى، خېرىدارلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. كەچكە يېقىن سورۇن تارقىلىپ، ئادەملەر ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشقاندا، ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدىكى پۇللار ئوقەتچىلەرنىڭ ھەميانلىرىدىن، غەللە ساندۇقلىرىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى.

ئېزىز بۇگۇنكى چېلىشىش سورۇنىغا كېچىكىپرەك كەلدى. بۇ چاغدا ئوتتۇراھال سەۋىيىگە مەنسۇپ بولغان ئالتە پالۋان چېلىشىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك چېلىشچىلار مەيدانغا چۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى چوڭكۆل يېزىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇر بەگنىڭ دورغا بېشى غاپپار، يەنە بىرى ئاتقاشتى يېزىسىدىن كەلگەن سابىر ئىسىملىك ئاقپىشماق يىگىت ئىدى. چېلىشىش باشلاندى. دەسلەپتە ھەر ئىككىلىسى ئانچە - مۇنچە ساختا ھۇنەرلىرىنى ئىشقا سېلىشىپ قارشى تەرەپنى دەڭسەپ كۆرۇشتى. ئاندىن ئېغىر - بېسىقلىقتا ئۆتۇپ، پۇرسەت كۇتۇشتى. قارىغاندا، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئانچە قېلىشمايدىغاندەك، بەل تۇتۇشۇش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغاندەك قىلاتتى.

بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھېكايىمىزدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات - پات كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان غاپپار توغرىسىدا ئازراق توختالماقچىمىز.

ئېگىز بوي، بەستلىك، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۇپ چىققان،

---

① دۇمبە — بۇ يەردە قوينىڭ قۇيرۇق مېيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يىگىرمە ئالتە ـ يىگىرمە يەتتە ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى غاپپارنىڭ چىرايى قارامتۇل، قۇلىقى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان، ئەمما كۆز-لىرى كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى داڭلىق قىمارۋاز بولۇپ، بىرنەچچە قېتىم تۈرمىدە ياتقان، كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر جۇ دارىن دېگەن ئامبالغا ياراپ قېلىپ، يامۇلدا گۇندىپايلىققا قويۇل-غان. ئۇ بەكمۇ باغرى تاش، ياۋۇز ئادەم بولغىنى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئىسياندا مەھبۇسلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىل-گەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئانىسى شەھەردە باي ئائىلىلەرنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇش، ئاش ـ تاماقلىرىنى ئېتىپ بېرىشتەك ئىشلار بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. بۇ چاغدا غاپپار ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ، ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا قىلچە قاراشماي ۋاقتىنى بىكار تەلەپلىك بىلەن ئۆتكۈزەتتى ياكى بولمىسا باشقا باللار بىلەن مۇشتلىشات-تى، بەزىدە ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن قىمارمۇ ئوينايتتى. ئۇ يىگىرمە ياشقا ئۇلاشقاندا، لۈكچەكلىك ۋە قىمارۋازلىق جەھەتلەر-دە تالاي يىگىتلەرنى ئارقىغا تاشلاشقا ئۈلگۈردى. دادىسىدىن ئۇ-نىڭغا كۈچلۈكلۈك بىلەن رەھىمسىزلىك يەتكۈچە مىراس قالغان-كەن، كۆپ چاغلاردا ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ يىگىتلەرنىمۇ ئۇرۇپ ياكى بەل تۇتۇشۇپ يىقىتالايتتى، رەقىبىگىمۇ قىلچە شەپقەت قىلمايتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ «زەڭگى» دېگەن لەقىمى بار ئىدى، كېيىن يەنە «قاۋان» دېگەن سۈپەت قوشۇلدى.

مەنسۇر بەگ ئۇنى ئىككى يىل بۇرۇن بىر قېتىملىق چېلى-شىش سورۇنىدا ئۇچراتقانىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پالۋاننى يىقىتتى. ئۇلار ئۆزىدىن خېلىلا بەستلىك ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا نام چىقارغان پالۋانلار ئىدى. ئىت تالاشتۇ-رۇش، چېلىشىش ئويۇنلىرىغا بەكمۇ ھېرىسمەن مەنسۇر بەگكە بۇ قارا پالۋان ياراپ قالدى ـ دە، شۇ يەردىلا ئۇنى مەخسۇس چېلىشچىسى ۋە دورغىسى قىلىۋالدى، يېرىم يىلدىن كېيىن

بىلاش دورغا قىلىپ قويىدى. ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇنداق ئامەتنى كېچە - كۈندۈز تىلەپ كەلگەن غاپپار بىردىنلا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىي خەزىنىسىگە يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ چېلىشىشتا بارغانسېرى داڭق چىقاردى، دورغىلىقنى مەنسۇر بەگ كۈتكەندىنمۇ ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى — بۆكىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكېلىشكىمۇ تەييار ئىدى. ئۇنىڭ جازاسىغا مۇپتىلا بولغان «گۇناھكار»لار نەچچە كۈنگىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزسىمۇ، ناگان - ناگاندا: «پالۋان، يولىدىراق ئىش قىلايلى - ھە، بۇ ئىشىڭىز سەل ئېشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ» دېيىش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. بۇ تەنبىھ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، غاپپارغا ئۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن كۆرە ئەركىلىتىشتەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋېرەتتى···

غاپپار بىلەن سابىرنىڭ بەل تۇتۇشۇۋاتقانلىقىغا بىر چۆگۈن سۇ قاينىغىچىلىك ۋاقىت ئۆتتى. تېز ھۇجۇم قىلىپ، تېز غەلىبىگە ئېرىشىش — غاپپارنىڭ ئادەتلەنگەن تاكتىكىسى ئىدى. بىراق، بايا مەيدانغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى مەنسۇر بەگ تەرەپدارلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا: «دورغا بېگىم، بۇ قېتىم ئېھتىيات قىلسىلا، ئاڭلىشىمچە، ئۇ پالۋاننى پەم ئىشلىتىشكە ئۇستا دېيىشىدۇ، ئوڭ يانپاشچىمىش، بەك ئالدىراپ يانپاشقا چىقىپ قالمىسىلا يەنە، كۈچلىرىنى زايە قىلماي، ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتسىلە» دېگەنىدى. غاپپار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا كۈلۈپلا قويغان، لېكىن چېلىشىش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ گەپنىڭ بىھۇدە ئېيتىلمىغانلىقىغا ئىشىنىپ سەل چۆچۈدى ۋە ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈپ، سابىرنىڭ قولتۇقى ئاستىغا كىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

سابىر ئاخىر ھۇجۇمغا يۈزلەندى. سول قولىنى ئاستا - ئاستا بەلباغنىڭ يۇقىرىسىغا سىلجىتىپ، ئوڭ قولىنى قورساق

تەرەپكە چۇشۇردى، بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى بىلىنەر - بىلىن-
مەس ھالدا سول تەرەپكە قىيسايتتى. بۇ بىر خىل نازۇك تاكتىكا
ئىدى. بۇ ھالدا قارشى تەرەپ: «رەقىبىم سول تەرەپتىن يانپاشقا
ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن تونۇشقا كېلەتتى - دە، ئوڭ قولىنى
ئۇنىڭ قورسىقىغا تىرەپ، بەدىنىنى سول تەرىپىدىن قاچۇراتتى.
نەتىجىدە ئەجەللىك خاتالىققا يول قويۇپ، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا
بەدىنىنى رەقىبىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قىيپاش توغرىلاپ بېرەتتى.
رەقىبى بولسا، چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىش ياساپ، سول قولى-
نى قورساق تەرەپكە چۇشۇرۇپ، ئوڭ قولىنى بەل تەرەپكە چىقى-
راتتى - دە، بەدىنىنىمۇ شۇ تەرەپكە كەسكىن قىيسايتىپ، قار-
شى تەرەپنى بار كۈچى بىلەن ئوڭ تەرەپكە سىلكىپ تارتاتتى.
ئۇنىسى بايىقى ئېزىقتۇرۇشقا ئالدىنىپ، دىققەت نەزىرىنى سول
يانپاشتىن مۇداپىئەلىنىشكە مەركەزلەشتۇرگەن بولغاچقا، ئوڭ
تەرەپتىن قىلىنغان مۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا
ئۇلگۇرەلمەي، ئوڭايلا ئوڭ يانپاشقا چىقىپ قالاتتى. ھېلىقى
ئاگاھلاندۇرۇش بولمىغان بولسىدى، غاپپارمۇ دەل شۇنداق قىلى-
ناققا دەسسىگەن بولاتتى. بىراق، سابىر سول تەرەپتىن يانپاشقا
ئېلىش ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، غاپپار ئاشۇ ئاگاھ-
لاندۇرۇشنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىچە كۇلۇپ قويۇپ، ھالىتىنى
ئۆزگەرتمىدى، بەلكى ئۆزىمۇ قىلتاق قۇرۇپ، «ئۇنداق قازانغا
مۇنداق چۆمۈچ» قىلماقچى بولدى. سابىر غاپپارنى نېمىگە ھازىر-
لىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ھېيلىسى-
نى بەكرەك سەزدۇرۇش ئۇچۇن بەدىنىنى سول تەرەپكە تېخىمۇ
قىيسايتتى. بۇ دەل غاپپارنىڭ كۇتكىنى ئىدى. ئۇ ناھايىتى
تېزلىك بىلەن سابىرنىڭ بېلىنى قورۇپ، بېشى بىلەن ئۇنىڭ
ئېڭىكىنى تىرەپ، ئوڭ پۇتى بىلەن تاش چىرماق سالدى - دە،
بارلىق كۇچىنى يىغىپ ئۇنى ئارقىسىغا ئەگدى. يانپاشچىلارنىڭ
ئەجەللىك ئاجىزلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا

بەرداشلىق بېرەلمەسلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. سابىرمۇ ئۇنىڭدىن خا-
لىي ئەمەس ئىكەن. ئۇ بەدىنىنىڭ سول تەرىپىنى غاپپارنىڭ ئوڭ
تەرىپىگە خېلىلا يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەن بولغاچقا، كۈتمىگەندە شۇ
تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالماي قالدى. ئاڭغىچە
قول، پۇت ۋە باش تەرەپتىن قاتتىق ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قېلىپ،
ئاخىر ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

«تاش چىرماق» — بىر خىل تاكتىكىلىق پەم بولسىمۇ،
ئۇنى ئىشقا سېلىش ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئوخشاشمايتتى. بە-
زىلەر: «بۇمۇ بىر خىل پەم ئىكەن، قوللىنىشقا بولىدۇ» دەپ
قارىسا، يەنە بەزىلەر: «تاش چىرماق سېلىش نامەردلىك» دەپ
قارشى چىقاتتى. مەنسۇر بەگ بۇرۇن كېيىنكى كۆزقاراشنى قول-
لايدىغان، لېكىن غاپپار كۈچلۈكرەك رەقىبلەرگە دۇچ كەلگەندە
كۆپىنچە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدىغان بولغاچقا، بىردىنلا ئۆزگە-
رىپ ئالدىنقى قاراشتىكىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. يىقىلغان
پالۋانلار ۋە بىر قىسىم تاماشىبىنلار بۇنىڭغا قايىل بولمىسىمۇ،
گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيتتى، نەتىجە غاپپارنىڭ غەلىبىسى بويىچە
يەكۈنلىنەتتى.

پالۋانلار ئادەتتە قايسى ئۇسۇلنى قوللانسۇن، پەقەت بىرلا
مەقسەتنى — رەقىبىنى يىقىتىشنىلا كۆزلەيدۇ، شۇڭا رەقىبىنىڭ
يىقىلغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە ئۇنىڭ بېلىنى قويۇۋېتىدۇ. لې-
كىن، غاپپار كۆپىنچە رەقىبى بىلەن بىللىلا ئۇنىڭ ئۇستىگە
يىقىلاتتى. بۇ ھالدا يىقىتىلغان پالۋان ئىككى تەرەپتىن زەربىگە
ئۇچراپ، يېنىك دېگەندىمۇ خېلىغىچە ئورنىدىن قوپالماي قالات-
تى، ئېغىرراق بولغاندا ياكى قوۋۇرغىسى سۇناتتى، ياكى يانپى-
شى ئاجراپ كېتەتتى. مۇنداق قىلىشتا، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى
رەھىمسىزلىكتىن تاشقىرى، يەنە ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئىستى-
كىمۇ رول ئوينايتتى. ئۇ ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى. سابىر ئارقى-
سىغا يىقىلغاندا، غاپپار قولىنىمۇ، چىرماق سالغان ئوڭ پۇتىنى-

مۇ ئاجراتماي ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشقان پېتى پۈتۈن سالمىقى بىلەن ئۇستىگە يىقىلدى. سابىرنىڭ «ئېھ!» قىلىپ ئىنجىقلىغان ئاۋازى ئەتراپقا ئېنىق ئاڭلاندى. غاپپار ئاخىرى ئۇنىڭدىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن سابىرمۇ بېشىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن «ۋايجان!» دېگىنىچە يەنە يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى سۇنغانىدى. باشقۇرغۇچىلاردىن ئىككىسى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشتى - دە، ئاۋايلاپ يۆلىدى، ئاندىن بىرى هاپاش قىلىپ، يەنە بىرى ئارقىدىن يۆلەپ، ئۇنى مەيداندىن ئاچىقىپ كەتتى.

مەيداندا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. مەنسۇر بەگنىڭ ئەتراپىدىكىلەر تەنتەنە قىلىشتى. باشقا يۇرتلۇقلار، بولۇپمۇ ئاتاشتىلىقلار غەزەپلىنىشتى.

— بۇ — نامەردلىك!

— قەستلەش!

— غاپپار قاۋان قائىدىنى بۇزدى!

— ئۇنىڭ ئۇتقانلىقى هېساب ئەمەس!

— خوتۇن تالاق قاۋاننىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك!

......

ئۇ تەرەپتىن بىر تۈركۈم ئادەم مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ كىرىۋىدى، باشقۇرغۇچىلار ئالدىنى توسۇۋالدى. غەزەپلەنگەن خالايىق غاپپارغا قوشۇپ مەنسۇر بەگكىمۇ تىل تەگكۈزۈشتى.

مەنسۇر بەگ ئۆز پالۋىنىنىڭ يەڭگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، ئادەتتىكىدەك غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەنىدى. مەيداندا نارازىلىقلار كۆتۈرۈلگەندە، باشتا «چىدىماسلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئانچە ئەهمىيەت بەرمەي، مەسخىرىلىك قىياپەتتە سوغۇق كۈلۈپ قويغان، كېيىن ئۆز شەنىگە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— هاي، چىدىماس خۇمسىلار! — كۆزلىرى چانقىدىن

چىقىپ كەتكۈدەك پۈلتىيىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ، — نېمە ئاغزىڭنى بۇزۇشىسەن؟ ھېلى بىكار...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇنلىغان ئاۋازلار بېسىپ كەتتى. ئەمدى مەنسۇر بەگ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— ھاي چوڭكۆللۈكلەر، قاراپ تۇرۇشامسەن؟!

چوڭكۆللۈكلەر تەرىپىدىنمۇ قىرىق - ئەللىك ئادەم مەيدانغا ئېتىلىپ كىرىشتى. باشقۇرغۇچىلاردىن بىرنەچچىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. بىر قېتىملىق چوڭ ئېلىشىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى.

شۇ پەيتتە ئالتە - يەتتە بەستلىك كىشىلەرنى ئەگەشتۈرگەن بىر يىگىت مەيدانغا كىرىپ كەلدى. كەڭ قاسقانلىق كۆرپە تۇماق، ياقىسىغا تۈلكە تېرىسى تۇتۇلۇپ تۆمۈر رەڭلىك بەقەسەم بىلەن تاشلانغان جۇۋا، كاۋكازچە ئۆتۈك كىيگەن، قولىدا زەي قامچىسى پۇلاڭلاپ تۇرغان بۇ يىگىت پۈتۈن يۇرتقا تونۇشلۇق ئەزەم بەگ ھاجى دېگەننىڭ كىچىك ئوغلى كازىم بەگ ئىدى.

— ھاي خالايىق، جىم بولۇڭلار! — ئۇنلۇك ۋارقىرىدى ئۇ.

كىشىلەر بىردىنلا جىم بولۇشتى.

— چېلىشىش دېگەن چىدىغانغا چىقارغان ئويۇن، — دېدى كازىم بەگ سابىر تەرەپدارلىرىغا قاراپ، — نېمانداق غوۋغا قىلىدىسىلەر؟ پالۋىنىڭلارنىڭ ناھايىتى بىر قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ شۇ، چېلىشىش دېگەندە نى - نى زەخىملىنىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭغىمۇ غوۋغا كۆتۈرگۈلۈكمۇ؟...

— غاپپار قاۋان قائىدىنى بۇزدى! — كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

شۇ ھامان كازىم بەگنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقان يىگىتلەردىن بىرى ئۈچ - تۆت قەدەم ئالدىغا چىقىپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى:

— ھاي، بېگىمنىڭ گېپىنى ئارىلىغان قايسىڭ؟ نوچى

بولساڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلە!

ئۇ تەرەپتىكىلەر ئۆزئارا پىچىرلاشتى، پەس ئاۋازدا غۇدۇراشتىيۇ، لېكىن ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بىرەرسىمۇ ئالدىغا چىقمىدى. كازىم بەگ يەنە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، سابىر تەرەپدارلىرىغا ئاز - تولا تەسەللى بەرگەن بولدى. لېكىن كۆپرەك: «چىدىماسلىق قىلماڭلار، بولمىسا، ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر» دېگەننى ئۇقتۇردى. سابىر تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ بۈگۈنكى پوزىتسىيىسىدىن سەل ھەيران بولۇشتى. قاراتاش ۋە ئاتقاشتى يېزىلىرى قوشنا بولۇپ، بۇرۇن بىر مەزگىل بىر بەگلىككە تەۋە بولغان، كېيىن بەگلىكلەرنىڭ دائىرىسى كىچىكلىتىلىپ ئىككى بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلىكلەر تولا چاغلاردا ئۆزلىرىنى بىر يۇرتلۇق ھېسابلىشاتتى. تەكتى قاراتاشلىق بولغان كازىم بەگمۇ، ئەزەم بەگ ھاجىمۇ ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماجىرالاردا ئاتقاشتىلىقلارغا يان باساتتى. بۈگۈنمۇ ئاتقاشتىلىقلار غوۋغا كۆتۈرگەندە كازىم بەگنى ئۆزلىرىنى قوللايدۇ، دەپ ئويلاشقان، لېكىن ئىش ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇلار بۇنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولۇشتى. چۈنكى، ئۇلار كازىم بەگ بىلەن غاپپارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

غوۋغا بېسىلدى. سابىرنىڭ سۇنغان قوۋۇرغىسى شۇ يەردە ھازىر بولغان تېڭىقچى تەرىپىدىن جايىغا چۈشۈرۈلۈپ تېڭىلدى.

غاپپار كۆپىنچە بىر پالۋاننى يىقىتقاندىن كېيىن، يەنە چېلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، جانغا پاتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ تەلەپكار چاقىراتتى. مۇنداق قىلىشتا ئۇنىڭ چېلىشىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىدىن كۆرە، شۇ قېتىملىق سورۇندا ئەمدى ئۆزى بىلەن بەل تۇتۇشۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان يەنە بىر رەقىبىنىڭ چىقمىغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىماقچى بولغانلىقى كۆپرەك سەۋەبچى بولاتتى.

غاپپار بۇ ئادىتىنى بۈگۈنمۇ تەكرارلىدى. كازىم بەگ خالا-

يىقنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئۇ ئالچاڭلىغىنىچە يەنە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى.

— قېنى، ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقانلار يەنە بارمۇ؟— ۋارقىرىدى ئۇ كىشىلەر توپىغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ.

كىشىلەر ئارىسىدىن گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندىيۇ، ھېچكىم مەيدانغا چۈشمىدى.

— يوقمۇ، قورقتۇڭلارمۇ؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە مەنسۇر بەگكە قاراپ بىردىنلا كۈلۈۋەتتى، — بېگىم، بۈگۈن بۇ سورۇنغا كەلگەنلەر ئىچىدە بەدىنىدە ئەركەك تۈكى بارلار يوق تۇرامدۇ نېمە؟ ھا... ھا... ھا!

مەنسۇر بەگ ۋە ئۇنىڭ چاپانچىلىرىمۇ كۈلۈشتى.

— پالۋان، بۇ يۇرتتا ئەمدى سىزگە تەڭ كەلگۈدەك بىرەرى چىقمىغۇدەك، — دېدى مەنسۇر بەگ مەغرۇرلانغان ھالدا.

چاپانچىلار «شۇنداق»، «ھەق گەپ» دەپ دوست تارتىشتى. غوۋغا بېسىلغاندىن كېيىن، كازىم بەگمۇ مۈشۈ يەرگە كېلىپ مەنسۇر بەگنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇمۇ قاتاردىن قالماي دېگەندەك غاپپارغا يەل بەردى:

— پالۋان، سىز ئەمدى يالغۇز چوڭكۆلنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرتنىڭ رۇستىمى داستانى بولۇپ قالدىڭىز.

بۇ گەپلەردىن نوخلىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن غاپپار ئەتىراپقا يەنە بىر قاراپ چىقىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— ئاخىرقى قېتىم دەيمەن، مەن بىلەن چېلىشىشقا پېتىنالايدىغانلىرىڭ بارمۇ؟

— بار!

بۇ ئاۋاز غاپپارنىڭ يان تەرىپىدىن ئاڭلانغانىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ، بوي - بەستى ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ مەيدانغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

# 2

ئېزىز بۇ يىل كۈزدە يىگىرمە بەش ياشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغانىدى. ئۇ بۇرۇن مۇنداق چوڭ سورۇنلاردا چېلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ مەھەللىدە ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن تالاي قېتىم بەل تۇتۇشۇپ كۆرگەن، بەزىدە يىقىلغان، لېكىن تولا چاغلاردا يىقىتقانىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۈچىمۇ، ماھارىتىمۇ ئېشىپ باردى. ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلارغا كەلگەندە مەھەللىدىلا ئەمەس، پۈتۈن كەنت بويىچە تەڭ دېمەتلىكلىرى ئاردىدا ئۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغانلار قالمىدى. ۋۇجۇدىدىكى بارغانسېرى تولۇپ بېرىۋاتقان جىسمانىي كۈچ، مىجەزىدىكى سوغۇق قانلىق ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ھۇجۇم قىلىش، مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇللىرى ئېزىزنىڭ كەلگۈسىدە ئاتاقلىق پالۋانلار قاتارىغا ئۆتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، دادىسى سىدىقئاخۇن ئۇنىڭ چېلىشچى بولۇشىغا قوشۇلمىدى.

— چېلىشىش خېيىمخەتەرگە ھەمراھ ئويۇن، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار» دەيدىغان گەپ بار. چېلىشچىلار كۈنلەردىن بىرىدە يا ئۆزگىنى ناكار قىلىدۇ، يا بولمىسا ئۆزىنى. بۇ ھەۋەستىن كەچ، بالام.

چېلىشچىلار يولۇققان ئاشۇنداق بەختسىزلىكلەرنى ئېزىزمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇڭا دادىسىنىڭ خاھىشىغا قارشى ئورۇنلۇق بىرنەرسە دېيەلمىدى. بىراق، كۆڭلىگە ئورناپ قالغان ھەۋەستىن كېچىشمۇ ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. ئۇ دادىسىدىن يوشۇرۇنچە يەنە بىر مەزگىل باشقىلارنى يىقىتىپ يۈردى. ئۇ: «ئەمدى چوڭراق سورۇنلاردا بەل تۇتۇشۇپ باقسام قانداق بولار؟» دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دادىسى ئەنسىرىگەن ئىش راستتىنلا يۈز بەردى: ئۇ ھاشارغا بارغان يەردىكى ئۆزئارا چېلد-

شىشتا قوشنا كەنتلىك مەتقاسىم دېگەن يىگىتنى يىقىتىپ قولىنى سۇندۇرۇپ قويدى. بۇ ئىشقا مەتقاسىممۇ، ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرمۇ ھېچقانداق تەرگىمىدى. بىراق، بۇ ئىش ئېزىزغا ناھايىتى ئېغىر تەسىر قىلدى. ئۇ مەتقاسىمنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن چىرايى پۇرۇشۇپ سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. مەتقاسىمنى يۆلەپ، ھودۇقۇپ - دۇدۇقلاپ ئەپۇ سورىدى. مەتقاسىم زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— ئاداش، ھېچ گەپ يوق. ئۆزىمىز خالاپ چېلىشتۇق ئەمەسمۇ.

بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئازراق تەسەللى بولدىيۇ، لېكىن مەتقاسىمنىڭ نەچچە كۈنگىچە ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى يەنە ئېچىشىپ كەتتى.

— دادا، بۈنىڭدىن كېيىن ھۆددەس[1] چېلىشمايمەن، — دېدى ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىگە قايتقاندا.

— ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن، بالام! — سىدىقئاخۇن ئارتۇق گەپ قىلماي ساقىلىنى سىيپاپ قويدى.

ئېزىز ۋەدىسىدە تۇردى. شۇنىڭدىن بۇيانقى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە باشقىلار قانچە زورلىسىمۇ، چېلىشىشنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈرلۈكى ئۆز مەھەللىسىدە يېڭىدىن - يېڭى زوقلىنىشلارنى تۇغدۇرۇپ تۇردى. ھارۋىنىڭ چاقى پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چىقىرالمىغاندا، يار كەتكەن ئېغىزنى گەۋدىسى بىلەن توسۇپ تاشلانغان چىم ۋە توپىلارنى توختىتىشقا توغرا كەلگەندە كىشىلەر ھەمىشە ئېزىزغا ئىلتىماس قىلىشاتتى.

مەردلەر مەيداندا تۇتۇشىدۇ، شۇنداقلا بۇ تۇتۇشۇش بەزىدە ئۇلارنىڭ سادىق دوستلارغا ئايلىنىشىنىڭ باشلىنىشىمۇ بولۇپ

---

① ھۆددەس — ھەرگىز، پەقەت مەنىلىرىدىكى يەرلىك شېۋە.

قالدۇ. ئېزىز بىلەن مەتقاسىم بۇرۇن تونۇشمايتتى، ھېلىقى ھادىسىدىن كېيىن ئۇلار قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. بۈگۈن ئۇلار غاپپار بىلەن سابىرنىڭ چېلىششىنى بىللە كۆرۈۋاتاتتى.

— مەنسۇر بەگنىڭ بۇ قاۋنى يامان ئېمە، — دېدى مەتقاسىم ھە دېگەندىلا باھا بېرىشكە ئالدىراپ، — جەزمەن شۇ يىقىتىدۇ. قارا، ئۇ ھېلىتىنلا ھەمله[1] قىلغىلى تۇردى.

ئىراق ئۇ بىردەمدىن كېيىن پىكرىنى ئۆزگەرتتى:

— ئاقپىشماق پالۋانمۇ بوش ئەمەس ئىكەن. ئۇ سول تەرەپ يانپاشچى ئوخشايدۇ. قارا، سول تەرەپتىن يېقىنلىشىۋاتىدۇ... ھەي، قاۋاننىڭ ئېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ ئوڭ تەرىپىنى ئېلىپ قاچماي، تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغىلى تۇردىيا. سارالڭ بوپتۇ بۇ قاۋان. بۇ دورەم ئۇ جەزمەن يىقىلىدىكەن. سەنمۇ شۇنداق ئويلامسەن، ئاداش؟

ئىككى پالۋاننىڭ ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقان ئېزىز ئۇنىڭغا قارىمايلا جاۋاب بەردى:

— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس.

— ماۋۇ دۈيۈز قاۋاننىڭ قىلىقىنى قارا! — دېدى ئۇ يەنە غاپپار سابىرنىڭ ئۈستىگە بىللە يىقىلغاندا.

— بەكمۇ تاش يۈرەك ئېمىكەن ئۇ! — دېدى ئېزىزمۇ غەزەپلىنىپ.

غاپپار مەيداندا يېڭىۋاشتىن كۆرەشلەشكە باشلىغاندا مەتقاسىم يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:

— ھەي، مۇشۇ توڭگۇزنىڭ بېلىنى سۇندۇرىدىغان بىر ئوغۇل بالا چىقمىدى - دە، سەن ئاداش، چېلىششنى تاشلىمىغان بولساڭ...

ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدىلا قالدى. ئېزىز «بار!» دېگىنىچە

---

[1] ھەمله — ھۇجۇم.

ئۇدۇل مەيدانغا كىرىپ كەتتى.

غاپپار ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ناتونۇش پالۋاننى كۆرۈپ
«ماڭىلا سىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتتىن ياللاپ ئەكەلگەن
بىرىمۇ نېمە؟» دەپ سەل ھودۇققاندى، لېكىن ئېزىز باشقۇرغۇ-
چىغا ئىسمى ۋە قايسى يېزىلىق ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندىن
كېيىن كۆڭلى ئىزىغا چۈشتى. «قوشتۇگمەن دېگەن يېقىنلا يەر-
غۇ، ئەجەب ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈپمۇ، نامىنى ئاڭلاپمۇ باق-
ماپتىكەنمەن،— دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، —
پەمىمچە، مەھەللىسىدە تۆت - بەشىنى يىقىتىپ، ئۆزىنى پالۋان
چاغلاپ يۈرگەن سويمىلاردىن ئوخشايدۇ. ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ
ئاتقىنى ئۈچۈن بىلىنى سۇندۇرۇۋېتەي بۇ ھارىمىنىڭ».

— بۇرادەر، ئالدىن ئېيتىپ قوياي، — دېدى ئۇ مەسخىرى-
لىك كۈلۈپ، — بۇ دېگەن چىدىغانغا چىقارغان ئويۇن. ئالىما-
دىن بىرەر يېرىمىز ناكار بولۇپ قالسا دەۋا - دەستۇر قىلىشماي-
مىز - ھە! ؟ مۇشۇنىڭغا كۆنسەڭ چېلىشايلى، بولمىسا...

— ئاغىنە،— ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى
ئېزىز،— باياتىن خېلى سۆزلىۋالدىڭ، قېنى، ئەمدى بەل تۇتۇ-
شايلى.

غاپپار دورغا بېشى بولغاندىن بۇيان باشقىلارنى «سەن» لەپ
كەلگەن، لېكىن باشقىلار ئۇنى «سىز» ياكى «سىلى» دەپ تۇرات-
تى، ھەتتا مەنسۇر بەگمۇ ئۇنى «سەن» لىمەيتتى. شۇڭا ئېزىز-
نىڭ ھېچبىر تەپ تارتماي «سەن» لىشى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى:

— خەپ! — ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئېزىزغا ھومىي-
يىپ قارىدى - دە، بېلىگە قول ئۇزارتتى.

چېلىشىش باشلاندى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ
كۆپچىلىكى ئېزىزنى تونۇمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىنى
تىلەيتتى. ئېزىزنىڭ يۇرتلۇقلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى پالۋانلىقى ۋە
كۈچتۇڭگۇرلۇكىنى بىلىپ ئۈمىدلەنسىمۇ، لېكىن يەنىلا غاپپارغا

تەڭ كېلەلمەي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەشتى. «ئاچچىق — ئەقىلنى كېسىدۇ» دېگەن گەپ بار. غاپپار بەل تۇتۇشقاندىن كېيىنمۇ بايىقى غەزىپىدىن يانمىغانىدى. ئۇ ئىشنى تېز بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە، ھە دېگەندىلا ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغىمۇ تاش چىرماق سالىدۇ، لېكىن سول تەرەپتىنمۇ ياكى ئوڭ تەرەپتىن؟... ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلاۋاتقاندا گويا ئېزىز ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە ياردەملەشكەندەك، ئۇنىڭغا ئوڭ تەرىپىنى يېقىنلاشتۇردى. «ھىم، سەنمۇ ئوڭ يانپاشچىمىدىڭ؟ — دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى غاپپار، — لېكىن سېنىڭ بەكمۇ خاملىقىڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. ھۇنىرىڭنى باشتىلا ئاشكارىلاپ قويدۇڭ.» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سول قولنى پەسكە سىيرىپ ئېزىزنىڭ ئوڭ بېقىنىغا قاتتىق تىرىدى، ئوڭ قولىنى يۇقىرىغا چىقىرىپ، ئېزىزنىڭ بېلىنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭ سول پۇتىغا تاش چىرماق سېلىشقا ھازىرلاندى. ئېزىز ئۇنىڭ بۇ تەييارلىقىنى گويا سەزمىگەندەك ياكى بولمىسا بەلنى قاتتىق يىغىشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك، سول تەرەپتىن يېقىنلىشىشقا باشلىدى. غاپپار «ھە!» دېگەنچە بىر نەرە تارتىپ، ئوڭ پۇتىنى تاش چىرماققا كۆتۈردى. شۇ ھامان كۇتۇلمىگەن بىر كۆرۈنۈش نامايان بولدى: ئېزىزنىڭ سول تىزى غاپپارنىڭ چات ئارىسىغا كىرگەن، غاپپار-نىڭ ئوڭ پۇتى يەردىن ئىككى غېرىچچە، سول پۇتى بىر غېرىچ-تەك كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ھالەت بىر دەقىقە داۋاملاشتى، ئاندىن غاپپار يەرگە پور كۆتەكتەك يىقىلدى. ئېزىز سەل ئېڭىشتىيۇ، قوللىرىنى غاپپارنىڭ بېلىدىن دەرھال ئاجرىتىپ ئۆرە بولدى.

مەيداندا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى:

— ئاتاڭغا رەھمەت!

— پالۋان دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ!

— ئوغۇل بالا!

— ئەجەب ئوبدان قىلدى!

مەنسۇر بەگ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن چاچ-
راپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئەمما، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى
بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— بەتبەخت! — دېدى مەنسۇر بەگ ئاخىرى غەزىپىنى
باسالماي ۋە يەنە ئورنىغا ئولتۇردى. چۈنكى، «يىقىلغان چېلىد-
شىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، غاپپار ئورنىدىن تۇرۇپلا ئېزىزنىڭ
بېلىگە يەنە قول ئۇزاتقانىدى. چاپانچىلار بەگنىڭ بايىقى سۆزىنى
كىمگە قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەچكە، كىمنى سۆ-
كۈپ، كىمنى ماختاشنى ئۇقالماي سۈكۈت ساقلاشتى.

ئىككىنچى قېتىملىق بەل تۇتۇشۇش ئىككى - ئۈچ مىنۇتلا
داۋاملاشتى. رەقىبىنىڭ «سول تىزلاپ كۆتۈرۈش» ئۇسۇلىدىن
ئەنسىرەپ قالغان غاپپار بۇ دورەم دىققىتىنى شۇ تەرەپتىن مۇداپى-
ئەلىنىشكىلا قارىتىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئوڭايلا ئوڭ يانپاشقا چې-
قىپ قالدى - دە، «گۈپ» قىلىپلا يىقىلدى.

ئەتراپتا بايىقىدىنمۇ كۈچلۈك چۇقان كۆتۈرۈلدى. يۈزلىگەن
ئادەملەر مەيدانغا كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئېزىزنى ئوتتۇ-
رىغا ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى. بەزىلەر تەلپەك،
تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى.

بۇ قېتىم مەنسۇر بەگ هە دېگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمە-
دى، سۆزمۇ قىلمىدى، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا جىم ئولتۇ-
رۇپ كەتتى.

— بېگىم، بۇ ئىش قانداق بولۇپ كەتتى؟ — كازىم بەگ
ئاخىرى جىملىقنى بۇزدى.

مەنسۇر بەگ بىر خۇرسىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— يۈزىمىز بەك تۆكۈلدى.

— غولى[①] بەك سەت ئىش بولدى، — ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇر-
غان تاغىسىمۇ سۆز قىستۇردى، — بېگىم، قارىسىلا، ئاۋۇ

① غولى — شۇنداق، راست.

قىلىپ قويىدۇ.
چاپانچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە ئۆز باھالىرىنى ئېيتىشۋېلىشقا ئالدىراشتى:
— دورغا بېگىم بىلەن بەل تۇتۇشمەن دېگۈچە زاغرىسىنى يەپ ياتسىچۇ، ئۇ ئەخمەق.
— قارىغاندا، بۇرنىنىڭ بېزى بار نېمىدەك قىلىدۇ ئۇ، دورغا بېگىم بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان بولدى.
— رۇستەمى داستاندەك پالۋانغا نەدىكى بىر سويما...
......
لېكىن بۈگۈن غاپپارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يېقىلىشى مەنسۇر بەگنى بەكمۇ خىجىل قىلىۋەتتى. ئۇ نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئەقلىنى ئىشقا سالدى: نېمە غاپپار ئۇنىڭ بالىسى ياكى بىر تۇغقان قېرىندىشىمىدى؟ ھەتتا ئۇ بىر يۇرتلۇقمۇ ئەمەس. مەنسۇر بەگ ئۇنىمۇ مۇشۇنداق تونۇغان ۋە پالۋىنى قىلدۇۋالغان. ھازىر مۇنۇ پالۋانىمۇ «ئۆز ئادىمى» قىلىۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن. ھاكىممۇ مۇشۇنداق كىشىلەرنى قولدىن چىقارماڭلار دېگەن ئەمەسمۇ...
چاپانچىلار ئېزىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، نومۇسنى يۇيۇش توغرىسىدا داۋراڭ سېلىشقا باشلىغاندا مەنسۇر بەگ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق قارارغا كېلىپ بولغانىدى.
ھە دېمەي بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېزىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. مەنسۇر بەگ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان كازىم بەگ بىلەن تاغىسىدىن ئۆزگە كىشىلەرگە (ئۇلارنىڭ ئاردىسىدا قاپىقى سېلىنىپ، چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، سالپىيىپ ئولتۇرغان غاپپارمۇ بار ئىدى) قاراپ نۆۋەتتىكى بۇيرۇقىنى چۈشۈردى:
— پالۋان يېتىپ كەلگەندە سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ

سالام بېرىڭلار!

بۇ بۇيرۇق مۇددەتتىن بۇرۇنراق ئورۇندالدى. ئېزىزنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئون قەدەمچە قالغاندا، ھېلىقى كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن «گۇررىدە» تۇرۇشتى. پەقەت غاپپارلا قىمىرلىمىدى. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدىيۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى: «ھە، مەيلى، ئۆلگەنىڭ ئۇستىگە تەپكەندەك بولمىسۇن، تېخى ئاچچىقى يانمىدى.»

ئېزىز ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ، ئاۋۋال بەگكە، ئاندىن باشقىلارغا سالام بەردى. ئېگىز - پەس، بوغۇق - زىل ئاۋازلار ئارىلاشقان جاۋاب سالام قايتۇرۇلدى.

— كېلىڭ، پالۋان، ئولتۇرۇڭ، — مەنسۇر بەگ كۈلۈپ تۇرۇپ سەل قىمىرلاپ قويدىيۇ، ئورنىدىن تۇرمىدى.

كازىم بەگ بىلەن تاغىسىمۇ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دورىدى. غاپپار ئېزىزغا بىر ھومىيىپ قويۇپ تەتۇر قارىۋالدى. ئېزىز مەنسۇر بەگنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى.

— بارىكاللا، پالۋان، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەنسۇر بەگ، — كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزگىمۇ، پەم - پاراسىتىڭىزگىمۇ قول قويدۇم. ئاتىڭىزغا رەھمەت!

— رۇستەمدەك پالۋان ئىكەنسىز، — كازىم بەگمۇ سۆز قىستۇرۇشقا ئالدىرىدى. ئۇ بۇ ئۇنۋاننى تېخى ئون بەش - يىگىرمە مىنۇت ئىلگىرى غاپپارغا ئاتا قىلغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېغىزدىن چىققىنى پەقەت يەللا ئىدى، خالاس. ئۇنى خالىغان بىرىگە قارىتىپ پۈۋلىسە بولۇۋېرەتتى.

بەگلەردىكى ئۆزگىرىشكە دەرھال ماسلىششقا ئادەتلەنگەن چاپانچىلار ئېزىز توغرىسىدىكى ماختاشلارنى قىيامىغا يەتكۈزۈشتى. بۇ ھال غاپپار ئۇچۇن راستىنلا ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن بولۇپ تۇيۇلدى. كۆڭلىدە ئىككى يۈزلىمىچى بەگلەرنىمۇ، تەييارغا ھەييار «بارىكاللا» چىلارنىمۇ ۋە ئۆزىنى شۇنداق شەرمەندە

قىلغان ئېزىزنىمۇ بولۇشىغا قارغىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ يەردىن، ھەتتا بەگنىڭ دەرگاھىدىن باش ئېلىپ كېتىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى. كەتسە نەگە بارىدۇ؟ ئانىسى ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان، شەھەردىكى ئىك- كى ئېغىزلىق ئۆيىنىمۇ سېتىۋەتكەن، ھازىر دەررۇ بېرىپ باش تىققۇدەك ماكانىمۇ يوق. ماۋۇ كازىم بەگنىڭ يېنىغا بارسىغۇ بولاتتى، لېكىن ئۇمۇ ھازىر ئاۋۇ رەقىبىنى ماختاۋاتىدۇ. قارى- غاندا، ئۇمۇ مەنسۇر بەگكە ئوخشاشلا يۇمىلاق تاۋۇز بولسا كې- رەك. «سىزنىڭ لازىمىڭىز يوق» دەپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەڭ مۇھىمى، گۇلسۇمقىزدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يەنىلا سەۋر قىلغىنى، بەگنىڭ كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراپ باققىنى تۈزۈك ئوخشايدۇ. زادى بولماي كەتسە، كېيىنچە پەشىنى قېقىپ كەتسى- مۇ كېچىكمەس. ئەمما ئۇ، ماۋۇ كۇشەندىسىنى زادى كەچۈرمەي- دۇ. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەت- مەيدۇ. خەپ، توختاپتۇر!...

دەل شۇ چاغدا مەنسۇر بەگ يېنىدا تۇرغانلاردىن بىرىگە بۇيرۇدى:

— قارا تاينى ئەكەل!

كىشىلەر ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى پەملەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر - بىرىگە قاراشتى. قارا ئات كەلتۈرۈلدى. ئارىلىقنى توسۇپ تۇرغان كىشىلەر ئىككى تەرەپكە سۈرۈلدى. پۇتلىرى ئۇزۇن، كۆكرىكى كەڭ، قۇلاقلىرى كىچىك، تولۇمدەك سەمرىگەن قارا ئات ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرۈپ ئويناقلاپ تۇراتتى.

— بۇ تېخى تاي، مۇشۇ كۇزدىلا كۆندۈرۈلگەن، — دېدى مەنسۇر بەگ مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلۈپ، — پالۋان، ئۇنى سىز- گە ئۆز نامىمدىن ئىنئام قىلدىم، مىنىپ يۈرۈڭ.

بۇ راستىنلا ئېسىل سوۋغا ئىدى. ئۇ يالغۇز ماددىي جەھەت- تىنكى قىممەتنىلا ئەمەس، يەنە ئەڭ يېقىن كىشىلەرگىلا بىلدۈرى-

دىغان كۆڭۈل مايىللىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كىشىلەر مەن- سۇر بەگنىڭ ئىلگىرى ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئاددىي پۇقرالارغا مۇنداق ئېسىل نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغانلىقىنى كۆرگەنمۇ، ئاڭلىغانمۇ ئەمەس، غاپپارنى پالۋانلىققا قوبۇل قىلغاندىمۇ ئۇستىگە بىر تون ياپقان ۋە بىرنەچچە سەر تەڭگە بەرگەن، خالاس. كىشىلەر ھەم ھەيران بولۇشتى، ھەم ھەسەت قىلىشتى. ئېزىزنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق چوڭ ئىلتىپاتتىن سەل ھو- دۇقتى.

— بېگىم، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت،— دېدى ئۇ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ،— ئىنئاملىرى ماڭا تېگىل بولدى، ئەمما…

— نېمە، ئاز كۆرۈۋاتامسىز؟ — سۆزنى بۆلدى مەنسۇر بەگ.

— يوقسۇ، ھەددىم ئەمەس، پېقىر مۇنداق چوڭ ئىن- ئامغا…

مەنسۇر بەگنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ بۇ پالۋانغا بىلدۈرۈۋاتقان مۇنداق سېخىيلىقىدىن كۆڭلىگە ئالاھىدە بىر مەقسەتنى پۈككەن- لىكىنى پەملەپ، ئېزىزنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— پالۋان، بېگىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماڭ.

ئېزىز ھەم ئىلتىپات، ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاخىر سوۋغاتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ بۇنىڭ بىر خىل يېپىسىز باغلىنىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتىمۇ، يوق؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىككى ئايدىن بېرى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا مۇشۇ ئائىلىگە يېقىنلىشىشتەك بىر خىل ئىستەكنىڭ ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بى- لەتتى. مەنتاسىم ۋە باشقا ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەن بۇ كاتتا ئىلتىپاتتىن ھەم پەخىرلىنىشتى، ھەم ئەنسىرەشتى. چۈن- كى، مەنسۇر بەگدەك كىشىلەر بىراۋغا ھەرگىزمۇ بىكاردىن - بىكارغا دوستلۇق ئىپادىسى كۆرسەتمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر بەگ بىلەن ئېزىز ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى:

— پالۋان، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە بەشكە، بېگىم.

— ئۆيىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟

— دادام ۋە بىر ئىنىم.

— ئانىڭىز...؟

— قازا قىلىپ كەتكەن.

— تېخى ئۆيلەنمىدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم.

— هە، مەيلى، خۇدا بۇيرۇسا، ئۆزىمىز باش بولۇپ ئۆيلەپ قويىمىز. خوش، ئەمدى بىر مەسلىھەتىمىز بار، پالۋان، — مەنسۇر بەگ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى قانداق ئىپادىلەشنى چاملاپ كۆرگەندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدى، قارشى تەرەپنى ئىنددەككە كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ ئورنى، ئابرۇيى - ئىناۋىتىنى تۆۋەنـ لەتمەسلىكنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئوتتۇرىدىن بىر يول تاپتى، — مانا تونۇشتۇق، يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ قالدۇق. ئەمدى بىزـ نىڭ خانىمىزغا كۆچۈپ بېرىڭ، بىللە ئويناپ كۈلەيلى.

«ئىم، — كازىم بەگ دەررۇ لېۋىنى چىشلىدى، — بۇ قېرى قاقۋاش بۇرۇن چىقىپ قالدىيا، تازا يارامىلىق قول - قانات بولىدىغان يىگىتكەن. نېمىشقا بۇرۇنراق ئۆزۈم ئېغىز ئاچمىغانـ دىمەن؟ خەير، قېنى ئاڭلاپ باقاي. ئۇنىڭ ئۆزى نېمە دەركىن؟»

تەقدىر بۈگۈن ئېزىزغا راستىنلا كۈلۈپ قارىغان ئوخشايـ دۇ. ئۇ بايا ۋەدىسىنى بۇزۇپ غاپپار بىلەن چېلىشىش قارارىغا كەلگەندە مەنسۇر بەگكە يېقىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىغان ئەمەس. غاپپارنىڭ نامەردلىكى، هاكاۋۇرلۇقى ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ئۆرلەـ تىپ، مەيدانغا چۈشۈشكە زورلىغان. بۇنىڭ نەتىجىسى كۈتمىگەنـ

ـدە ئۇنى مەنسۇر بەگ بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ كىچىلىرى ئۇخلىماي ئۇرغان ئاھلىرى خۇدانىڭ دەرگاھىغا يەتكەن ئوخشايدۇ. بىراق، بىر مەسىلە ئېنىق ئەمەس، ئۇ مەنسۇر بەگ-نىڭ ئائىلىسىگە قانداق سالاھىيەت بىلەن بارىدۇ؟

مەنسۇر بەگ گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى قىياس قىلغاندەك يەنە ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— ئاۋۋال كۆچۈپ بېرىڭ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى كېيىنچە بىر نېمە دېيىشەرمىز. ئىشقىلىپ، يېقىن ئادىمىم بولىـ-سىز، سىزنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن.

ئېرىزنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە كونكرېت بىر نېمە دېيىلمىـ-گەن بولسىمۇ، «يېقىن ئادىمىم بولىسىز» دېگەننىڭ ئۆزىلا خېلى چوڭ ئىلتىپاتتىن بېشارەت ئىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار يەنە بىر قېتىم ھەيران قېلىشتى. بەگنىڭ بۇ ياقا يۇرتلۇق پالۋانغا مۇنچە-لىك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكىنى نېمىسى؟ چېلىشىش دېگەن قىمارغا ئوخشاش بىر ئىش: بەزىدە ئۇ يېقىتسا، يەنە بەزىدە باشقىلار ئۇنى يېقىتىدۇ. مۇبادا يەنە بىر سورۇندا بۇنى يېقىتىدى-غانلار چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا بەگلىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرەرمۇ؟...

ئەمما ئۇلار شۇ تاپتا مەنسۇر بەگنىڭ كۆڭلىدە قانداق چوت سوقۇۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. بىز ئۇنىڭ شەخ-سىي ھەۋىسى توغرىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندۇق.

ھازىرقى ئىشتا ئاشۇ ھەۋەسنىڭ ئوينىغان رولىنىمۇ ئىنكار قىلمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن تېخىمۇ مۇھىم بىر مۇددىئاسى بار ئىدى: يېقىندىن بۇيان جاھان تىنچسىزلىنىپ كەتتى. ناھىيىدىكى باشلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى تەرەپتە ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەنمىش. مۇشۇ شەھەردىمۇ پىتنە - پاساتچىلار پەيدا بولغانمىش. ئاندىن ھېلىقى قۇدرەت، سادىق دېگەن ئوغرىلار يېزىلاردا بەگ، بايلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ يۈرىدۇ. ھاكىم

ئۆتكەن ھەپتە جىمى بەگلەرنى يىغىپ: «ھازىر ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇ تەرەپكە يۆتكەلدى، قالغىنى شەھەرنى قوغداشقا ئاران يېتىدۇ. سىلەر يۇرتتىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئەتراپىڭلارغا توپلاپ، تەۋەلىكىڭلارنى ئوبدان ساقلاڭلار!» دېدى. مەنسۇر بەگ يۇرتتا ئۆزىدىن نارازى بولۇۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، بەلكىم مال ـ مۈلكىگە، ھەتتا جېنىغا كۆز تىكىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەستۇ؟! ھازىرغىچە ھېلىقى ئۇۋا تەگكۇر① ئوغرىلار ئۇنىڭغا چېقىلمىدى. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چېقىلمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ. مۇشۇنداق ئەنسىز كۈنلەردە بۇنداق بىر پالۋاننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشەنچلىك ئادىمىگە ئايلاندۇرۇۋالالىسا، يۈرىكى تېخىمۇ توق بولۇپ، خاتىرجەم دەۋران سۈرۈۋەرمەمدۇ!؟ مۇبادا، ئېزىز دېگەن بۇ پالۋان چوڭكۆللۈك بولغان بولسىدى، مۇنچە جۇۋاپ ئولتۇرماي، بىرلا بۇيرۇق بىلەن ئىشنى ھەل قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى چاكىرى ياكى دورغىسى قىلىپ قويايتتى. بىراق، ئۇ باشقا يېزىنىڭ ئادىمى، بىۋاسىتە بۇيرۇقى ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇگۈن بىردىنلا داڭقى چىقىپ كەتتى. مەنسۇر بەگ ئالدىرىمىسا، باشقا بەگلەر تارتىپ كېتىشى ئېھتىمال. ماۋۇ كازىم بەگمۇ ئۇنىڭغا بەك قىزىقىۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، مەنسۇر بەگ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشى لازىم...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باش دورغىلىقنى غاپپاردىن ئېلىپ مۇشۇ پالۋانغا بەرسەممىكىن، دەپمۇ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ غاپپارنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى يوق ئىدى. «مۇشۇ ئىككىسىگە تايانسام، تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمەن» دېگەن نىيەتكە كەلدى ئۇ. ئەمىسە، ئېزىزغا قايسى ۋەزىپىنى بەرسە بولار؟ بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا غوجىدار قىلىپ قويۇش پىكرى كەلدى. بۇرۇن بۇ ۋەزىپىنى ئانا جەمەت تۇغقانلىرىدىن بىرى بېجىرىدى-

① ئۇۋا تەگكۇر— ئۆلگۈر، بېشىنى يېگۈر.

غان. ئۇ ئادەم كېسەلچان بولۇپ قېلىپ، كۆزدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم تەيىنلەشكە ئالدىرىماي، مۇھىم ئىشلارنى ئۆزى بىۋاسىتە تاپىلاپ، سورۇشتۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. «توغرا، بۇ پالۋاننى شۇ ئىشقا قوياي غولى، لېكىن هازىرلا جاكارلىۋەتمەي، ئاۋۋال شۇ ھەقتىكى ئىشلارنى ئاز - تولا ئۆگەنسۇن، ئاندىن رەسمىي ئۇقتۇراي.»

شۇنىڭ ئۈچۈن مەنسۇر بەگ ئانچە ئېنىق بولمىغان، ئەمما خېلىلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ھېلىقى تەكلىپنى قەپەستىن چىقارغاندى.

مۇبادا بۇ تەكلىپ بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت ئاي بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، ئېزىز ئۇنى قەتئىي رەت قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ هازىر مەتقاسىم باشلىق ئاغىنىلىرى بىلەن يۇرتلۇقلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇ تەكلىپنى ئوڭايلا قوبۇل قىلدى. ئۇ ئاشۇ جان ئالغۇچى خۇمار كۆزلەر ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىشكىمۇ تەييار ئىدى.

— ماقۇل، ئەمسە، شۇنداق بولسۇن، پالۋان، — مەنسۇر بەگ سۆھبەتتىن خۇلاسە چىقاردى، — بەك ئارقىغا سوزماي ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە كۆچۈپ بارارسىز.

«ھەي… بۇ قېتىم قولدىن چىقىرىپ قويدۇم، — ئېچىنغان هالدا كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى كازىم بەگ، — ئەمدى تالاشسام قاملاشماس. مەيلى، بىرنەچچە زامان شۇ يەردە تۇرسا تۇرسۇن، ئەمما هامىنى بىر كۈنى بۇ قېرىدىن تارتىۋالىمەن ئۇنى…»

— بېگىمگە ئوبدان خىزمەت قىلىڭ، پالۋان، — ئۇ مەنسۇر بەگكە ساختا ئىپادە كۆرسىتىپ، ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى، — مانا، بىزمۇ تونۇشۇپ قالدۇق، پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرايلى - ھە!

ئېزىز كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغىمۇ تەشەككۇر بىلدۈردى. بۇ

چاغدا ھەر ئىككىسىلا كېيىن ئەشەددىي رەقىبلەردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

## 2

چالا قۇرۇغان جىگدە كۆتىكى بىلەن قوناق مەدىكى ئوچاقتا چارسىلداپ كۆيەتتى. مورا بېشىدىكى قارا چىراغ ئۆي ئىچىنى سۇس يورۇتقانىدى. سول تەرەپتىكى تامغا تاقاپ قويۇلغان دەستىگاھتىكى يېرىمى توقۇلۇپ بولغان گىلەم بىلەن تېخى تىۋىت چىگىلمىگەن ئۆرۈش يىپلار غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېزىزنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن سىدىقئاخۇن قولىدىكى لاخشىگىر بىلەن قىزارغان چوغلارنى كولۇڭغا تارتىپ بىرپەس خىيال سۈرۈپ قالدى.

— بالام، قانچە ئويلىساممۇ بۇ ئىش ماڭا ياقمىدى، — دېدى ئۇ ئاخىر نەزىرىنى كولۇڭدىن يۆتكىمەي تۇرۇپ، — ئۇ يەرگە بارساڭ بولمىغۇدەك.

ئېزىزمۇ بىرپەس جىمىپ كېتىپ، ئاندىن:

— دادا، ئارىلىق يىراق ئەمەس، پات - پات يوقلاپ كېلىپ، كەم - كۈساڭلارنى تولۇقلاپ بېرىمەن. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىنمۇ غەم قىلماڭ. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى قاتلاڭچىلىق ۋاقىتلىرىدا سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، — دېدى.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، بالام. ئۇكاڭمۇ ھازىر ئىشقا ياراپ قالدى، مېنىڭمۇ تېخى پۇت - قولۇمدا ماغدۇرۇم بار. ئۆينىڭ كەم - كۈسىلىرىنىمۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىمۇ ئىككىمىز ھۆددىلەلەيمىز.

— ئەمىسە، نېمىدىن غەم قىلىسىز؟

— بالام، سەن تېخى ياش، بۇ بەگلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلمەيسەن. ئۇلار ھېچقاچان بىرىگە بىكارغا

ياخشىلىق قىلمايدۇ. مەنسۇر بەگ ساڭا بەك چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا بىر بالاسى بارمىكىن دەيمىنا.
— ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز بولمىسا، نېمە يامانلىق قىلار دەيسىز؟ ئۇنى پالۋانلارغا بەك ئامراق دېيىشىدۇ، شۇڭا مېنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمىدى بولغاي.
— ئەنسىرىشىمنىڭ بىر سەۋەبىمۇ شۇ غولى. ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى بۇزۇپ بەك يامان قىپسەن، بالام. بەگنىڭ چېلىشچىسى بولساڭ، ئەمدى چېلىشىشقا چۇشمەي تۇرالمايسەن. يىقىتساڭمۇ، يىقىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە زىيان: يىقىتساڭ دۈشمىنىڭ كۆپىيىدۇ، يىقىلساڭ يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، يەنە تېخى ناكار بولۇپ قېلىشىڭمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.
— ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس، دادا. چېلىشىش دېگەن ئاتام زاماندىن بېرى كېلىۋاتقان ئىشىيا. نۇرغۇن پالۋانلار ھېچبىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي ئالەمدىن ئۆتۈپتىكەن. ماڭا كەلگەندە...
— ئاكام راست دەيدۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز قىستۇردى ئىنىسى ئابدۇجېلىل، — مەھەللىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى چېلىشىدۇ، ھېچكىم ھېچنېمە بولمىدى. مۇشۇ دادامىزە...
— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، جىم ئولتۇر! — ئۇنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتتى سىدىق ئاخۇن ۋە ئېبزىزغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغلۇم، «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار» دېگەن گەپ بار، بۇنى ئۇنتۇما. ئاندىن بەگكە يانتاياق بولۇپ پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىشىڭمۇ دېتىمگە ياقمايدۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، دادا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئېبزىز.
— بۇنى غولى بىلمەمسەن؟ ئويلاپ باق، بەگلەرنىڭ ئارىسىدا

ئوبدىنىمۇ بارمۇ! ؟ سەن مەنسۇر بەگنىڭ يېقىن ئادىمى بولىدى-كەنسەن، ئۇنىڭ زالىملىقىغا شېرىك بولماي تۇرالامسەن؟
— ۋاي دادا، بەك گۇمانخور بولۇپ كېتىپسىز، يا مەن ئۇنىڭ دورغىسى بولمىسام.
— بەلكىم، كېيىنچە شۇنداقمۇ بولۇپ قالارسەن. ئىشقى-لىپ، ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا مېڭىشىڭغا، بىر ئېرىقتا ئېقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن سۆز بىكار ئېيتىلمىغان. مۇشۇ قوشتۇگمەندىكى بەگنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن يېقىن ئادەملىرىگە قاراپ باققىنا، ئۇلاردىن قايسىبىرى بەگنىڭ ئىشلىرىغا شېرىك ئەمەس. بەزىلىرى تېخى بۆكىنى ئە-كەل دېسە، بېشىنى ئەكېلىدۇ. ياق، بالام، سېنىڭ شۇلاردەك ئادەم بولۇپ قېلىشىڭغا قاراپ تۇرالمايمەن. بىز دېگەن مۆمىن، نامرات ئادەملەر، ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە زۇلۇم سالساق بولمايدۇ. خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، سىڭگەن نېنىد-مىزنى يەيلى.
ئەمدى ئېزىزمۇ ئويلىنىپ قالدى. بايا يولدا كەلگۈچە مەتقا-سىم باشلىق بەزى ئاغىنىلىرىمۇ شۇنىڭغا يېقىنراق گەپلەرنى قىلغان. مانا، ھازىر دادىسىمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ. راست، ئۇلارنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش بولۇپ قالارمۇ؟ مۇشۇ يولغا مېڭىشقا بەل باغلاپ خاتا قىلدىمۇ يە؟ ئەمىسە، يېنىۋالسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ قىزنى ئۇنتۇيالارمى-كىن؟ ھەي، ئۇنتۇيالمايدىكەن... ئەستا، قانداق قىلسا بولار زادى؟...
سىدىقئاخۇن ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىدىن خەۋەر-سىز ئىدى. شۇ تاپتا ئېزىزنىڭ زۇۋان سۈرمەستىن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سەل تېرىككەن ھالدا:
— ھەي ئەخمەق بالام، مال - دۇنيا، نام - ئاتاق دېگەنلەر

شەيتانغا ئوخشاش نەرسە. ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلەرنى ئاقىۋەت نەس باسماي قالمايدۇ جۇمۇ، — دېدى.

ئېزىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى: «ھەي دادا، دادا، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىدىغانسىز؟ ئوغلىڭىزنى تېخىچە بىلمەيدىكەنسىز. كۆڭۈل ئىستىكى مېنى شۇ يولغا سۆرەۋاتسا قانداق قىلاي؟ يا ئۇنى سىزگە ئېيتالمىسام، پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ ھەممىنى ئېيتايمۇيا؟ لېكىن ئۇ چاغدا مېنى تېخىمۇ چوڭ ئەخمەققە، ھەتتا ساراڭغا چىقىرارسىز؟ غولى، مەن بۇ ئىشتا ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. ئۇ قىز كىم، مەن كىم؟ ئارىمىزدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار، لېكىن كۆڭۈل دېگەن ساراڭ... ھەي دادا، ھەي دادا، سىزمۇ ياش ۋاقتىڭىزدا ئاشىق بولۇپ باققانمىدىڭىز؟ شۇ ئىش بېشىڭىزدىن ئۆتكەن بولسا، ئوغلىڭىزنى ئەيىبلىمەس ئىدىڭىز...» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ.

— بالام، گەپلىرىمنى ئوبدانراق ئويلاپ باققىن. ئاندىن ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى. ماقۇل دېسەڭ، ئەتىيازلىققىچە تويۇڭنى قىلىۋەتسەك ئوبدان بولاتتى، — سىدىقئاخۇن يەنە چوغلارنى كۆلۈڭغا تارتىپ، چالا كۆيگەن كۆتەكنى ئوچاقنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك ئىتتىردى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىك ئوغلىغا بۇيرۇدى، — ئابدۇجېلىل، تۇر، بالام، قىشنىڭ كېچىسى ئۇزۇن، يەنە بىردەم ئىش توقۇيلى[1].

سىدىقئاخۇن بىلەن ئابدۇجېلىل دەستىگاھنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇشتى. ئادەتتە مۇنداق چاغلاردا ئېزىزمۇ دادىسىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئورۇن ئىگىلەيتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنداق قىلماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. «مەيلى، ئوبدانراق ئويلىنىۋالسۇن.» سىدىقئاخۇنمۇ ئۇنى يېنىغا چاقىرمىدى.

مەھەللە سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى. ھاۋا ئوچۇق، يۇلتۇزلار جىمىرلىشاتتى. كۈمۈش لېگەننىڭ يارتىسىدەك يېرىم ئاي ئاپئاق

① ئىش توقۇش — خالۋاپلارنىڭ كەسپىي سۆزى. ئۇلار گىلەم توقۇشنى شۇنداق دېيىشىدۇ.

نۇر تۆكەتتى. قىش كېچىسىنىڭ سوغۇق شامىلى يالىڭاچلانغان
دەرەخ شاخلىرىدا يېنىك ۋىژىلدايتتى. ئېزىز ئۇجمە دەرىخىنىڭ
غولىغا يۆلەندى. ئۇ نەپەس ئېلىش ۋە يۈرەك سوقۇشلىرىغا سۇ-
كۇت ئىچىدە قۇلاق سالاتتى. بىردىنلا شېرىن چۈشتەك بىر كۆرۈ-
نۈش يۈرەك تارىنى چېكىپ، ۋۇجۇدىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى.
يۈرىكى كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك تېپچەكلەپ كۆز ئالدىدا ئۆزىنى
كېچە - كۈندۈز قىيناپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلەر، پەرى-
دەك گۈزەل چىراي يەنە گەۋدىلەندى. شۇ چاغدا ئېزىز ئۇنى بىرلا
قېتىم، يەنە كېلىپ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆرگەن،
ئەمما ئۇ ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن چۈشتەك قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلى-
مىغا مەھكەم ئورنىشىپ قالغان. بۇ بىر تاسادىپىي ئۇچرىشىش
ئىدى. ئېزىز ئاتنى كۈچەپ توختاتقاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز
مەپە ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭغىمۇ ئۇ يەردە قورقۇنچتىن چىرايلىرى
تاتىرىپ، كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەن ئىككى قىز ۋەھىمە ۋە
مىننەتدارلىق ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. ئېزىز ئۇلارنىڭ ناھايىتى
چىرايلىق قىزلار ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بىرىنىڭ خۇددى چۆ-
چەكلەردە سۆزلىنىدىغان پەرىزاتلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى، كۆزلى-
رىدىن كۆرگەن كىشىنى كۆيدۈرۈپ بىئارام قىلىدىغان بىر خىل
سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقاشقا ئۈلگۈردى ۋە گويا
سېھىرلەنگەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلگىنىچە تۇرۇپ
قالدى. شۇ ئەسنادا، مەپىكەش پەردىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى، گويا
تولۇن ئاي قېلىن بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنغاندەك بولدى...

ئېزىز شۇ چاغدا خۇددى ئەقلىنى يوقاتقاندەك، پەردە ئارقى-
سىغا يوشۇرۇنغان ساھىبجامالغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قالغانىدى.
مەپە قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن،
شۇ يەرگە يىغىلىشقانلاردىن كىمدۇر بىرى:

— بۇ — چوڭكۆللۈك مەنسۇر بەگنىڭ مەپىسى، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئېزىزنىڭ ئارامى يوقالدى: كۆڭلىنىڭ

چوڭقۇر قېتىدىن شۇ قەدەر كۈچلۈك، شۇ قەدەر شېرىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئاشىق يىگىت كېچە - كۈندۈز ۋىسال تەشنالىقىدا پۇچىلىناتتى، يۈرىكى بەيگىگە چۈشۈشكە ئالدىرىغان ئاتتەك تېپىرلايتتى. «ئاشۇ قىز مەنسۇر بەگنىڭ نېمىسىدۇ؟ قىزىمىدۇ ياكى كېلىنى؟» بۇ سوئال ئۇنى بىرنەچچە كۈن قىينىدى. ئۇ ئاخىر بولالماي چوڭكۆلنىڭ بازىرىغا، ھەتتا مەنسۇر بەگنىڭ مەھەللىسىگىچە بىرنەچچە قېتىم باردى. لېكىن يوغان دەرۋازا، سېپىلنىڭكىدەك ئېگىز تام بىلەن قورشالغان دەرەخزارلىق ھويلىنى سىرتتىنلا كۆرەلىدى، خالاس. چوڭكۆلدە ئۇنىڭ يېقىن تونۇشلىرى يوق ئىدى. ھېلىقى ساۋۇتئاخۇن ئىسىملىك مەپكەشنىڭ ئۆيىگە بارسىغۇ بولىدۇ، بىراق كۆرۈشكەندە نېمە دەيدۇ؟ بىرەر سەۋەب كۆرسىتەلمىسە، بەلكىم ئۇ «بىر قېتىم قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن يەنە بىرەر نەرسە تەمە قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالامسۇ! ؟ بازاردا ئۇچرىشىپ قالسىغۇ «تاماشا قىلىپ كېلىۋىدىم» دېسە بولاتتى، بىراق قېرىشقاندەك ئۇ ئادەمنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئاخىر ئۇ بىر كۈنى چوڭكۆل بازىرىدىكى بىر ۋالاقتەگكۈر ساتىراشتىن مەنسۇر بەگنىڭ ئىككى قىزى، بىر ئوغلى بارلىقىنى، ئوغلى ئەمدىلا ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەنلىكىنى، چوڭ قىزىنىڭ ياتلىق بولغانلىقىنى بىلدى.

— كەنجى قىزىنىڭ ئېتى ئادالەت ئىكەن. خوتۇنۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ناھايىتى ئۇز، بەئەينى پەرىزاتنىڭ ئۆزىمىش، — دېدى ساتىراش تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ، — پادىشاھى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسوزمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالىدۇ، دەيدۇ. شۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. ئادەم قېرىسىمۇ كۆڭۈل قېرىمايدىكەن ئەمەسمۇ، ئۇكام. چىرايلىق خوتۇن زاتىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىسا، ئۇنى بىر كۆرگۈسى، كۆرسە تونۇشقۇسى كېلىدىكەن غولى…

ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئېزىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى ياكى كىرسىمۇ مېڭىسىگە ئورنىمىدى. «مېنىڭ كۆرگىنىم ئاشۇ كەنجى قىزى ئوخشايدۇ. چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان مۇشۇ ساتىراش چېغىدا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىكەن، مېنىڭ كۆيۈپ - پىشىشىمنى بىھۇدە دېگىلى بولمىغۇدەك...»

ئېزىز ئادالەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ھەرقانچە كۆيگىنى بىلەن مەرتىۋىلىك بەگنىڭ قىزىغا لايىق بولالمايدۇ، قىزمۇ خالىمايدۇ. مۇبادا ئۇ خالىغان تەقدىردىمۇ، مەنسۇر بەگ بىر نامرات يىگىتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى بىھۇدە قىيناپ نېمە قىلىدۇ؟ شۇڭا كۆيۈپ ئۆرتەنسىمۇ ئۇنتۇپ كەتكىنى، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلغىنى تۈزۈك.

ئېزىز شۇنداق قىلماقچىمۇ بولدى. بىراق، بەڭگى كەيپنى تاشلاش نىيىتىگە كەلگەندە خۇمارى تېخىمۇ كۈچەيگەندەك، ئېزىز ئۇنتۇي دېگەنسېرى ئاشۇ خۇمار كۆزلەر، ئاشۇ پەرى سۈپەت چىراي ئۇنىڭ خىيالىدىن كېچە - كۈندۈز كەتمەي تۇرۇۋالدى. ئۇ چىدىيالمىدى، ئۇنتۇپ كېتىش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. قىش پەسلىدە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىمۇ مەشرەپ، ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى. سازەندىلەر مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى، داستانچىلار «يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخا»، «تاھىر بىلەن زۆھرە»، «غېرىب بىلەن سەنەم»، «ھەمرا بىلەن ھۆرلىقا» ھەققىدىكى قىسسەلەرنى سۆزلەيتتى. ئېزىز ئۇلارنى زوق - ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايدىغان، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىغان، ئۇ ئادالەتنىڭ ئىشقى پىراقىغا مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىمۇ ئەنە شۇ يۇسۇپ، تاھىر، غېرىبلەرگە ئوخشاتتى. «ئاشىقلىق دېگەن شۇ ئىكەن - دە!» دەپ ئېغىر خۇرسىندى ئۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چوڭكۆلگە ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قېتىم قاتناپ تۇردى. بەزىدە مەنسۇر بەگنىڭ مەھەللىسىگىچە

بېرىپ، ئادەتتىكى يولۇچىدەك ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتەتتى، بەزىدە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئاشۇ سىرلىق ھويلىغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى. يوغان دەرۋازا تولا چاغلاردا ئوچۇق تۇراتتى، كىشىلەر بىمالال كىرىپ - چىقاتتى. بىراق، ئېزىز ئۇ يەرگە كىرىشنىڭ ھېچبىر يولىنى تاپالماي قىينىلاتتى.

مانا ئاخىرى كۈتۈلمىگەندە يول ئېچىلدى. بىرلا قېتىم كىرىپ - چىقىش ئەمەس، شۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە دائىم تۇرۇشقا، كېچە - كۈندۈز تۇرۇشقا پۇرسەت تۇغۇلدى. بىراق، دادىسى قوشۇلمايۋاتىدۇ. دەرۋەقە، ئېزىز دادىسى كۆرسەتكەن سەۋەبلەرنى خاتا دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇرۇن بىرەر بەگ ياكى بايغا خىزمەتكار بولۇپ قالارمەن دەپ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان. ھېلىمۇ ئۇ بەگكە يانتاياق بولۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتالمايدۇ. ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ! لېكىن، جانان ۋەسلىگە يېتىشنىڭ يولى ئېچىلغانىكەن، ئۇنىڭغا قەدەم بېسىشتىن يانمايدۇ. خۇدا ئۇنىڭ دىلىغا مۇشۇ قىسمەتنى سالغانىكەن، ئۇنى تارتماي ئىلاجى يوق…

«جېنىم دادا، بەڭۋاش ئوغلىڭىزدىن ئاغرىنماڭ، — ئېزىز گويا يېنىدا دادىسى تۇرغاندەك پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — بۇ ئىشتا گېپىڭىزگە كىرەلمىگۈدەكمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي.»

نېمە دېگۈلۈك، ئادەم كۆچلۈك مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان چاغدا، ئىشلارنى كۆپىنچە ئەقىل ئىشلىتىپ، پۇختا ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىشقا چارىسىز قالىدۇ. قايناپ تۇرغان ھېسسىيات ئەقىلنى خىرەلەشتۇرۇپ ئادەمنىڭ جىمىكى پائالىيىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. ئېزىز شۇ تاپتا دەل ئاشۇنداق ھالەتتە ئىدى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ئادالەت مۇشۇ باھار پەسلى كەلسە ئون يەتتە ياشقا ئۇلىشى-
دۇ. خۇدا ئۇنى باھار پەسلىدە تۇغۇلۇشقا نېسىپ قىلىپ، يەنە
ئۇنىڭغا باھاردەك گۈزەل چىراي ۋە قامەت ئاتا قىلغانىكەن.
بوۋاقلار تۇغۇلغاندا كۆپىنچە ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ كېيىن قانداق
بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماق تەس، شۇنداقتىمۇ ئۇنى كۆرگەن-
لەر ئادەتتە بىردەك «ئەجەب چىرايلىقكىنە!» دەپ قويۇشىدۇ.
لېكىن، ئادالەتكە تۇغۇت ئانىسى بولغان موماي ياقىسىنى چىشلەپ
چىن كۆڭلىدىن: «ياپىرىم، ئۆمرۈمدە مۇنداق چىرايلىق تۇغۇل-
غان بوۋاقنى كۆرمىگەنىدىم، ئىلاھىم، كۆز تەگمىسۇن!» دېگەن
ۋە خەدىچە خېنىمغا بالىنى يات كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىك، ھەر
كۈنى ئىسرىق سېلىپ تۇرۇش توغرىسىدا ئالاھىدە تاپىلىغان.
ئادالەتنىڭ ھۆسن - جامالىدىكى گۈزەللىك يېشى چوڭايغان-
سېرى ئېچىلىپ باردى ۋە بالاغەتكە يېتىشكە قەدەم قويغاندا تازا
ۋايىغا يەتتى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق ئىدى. ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈ-
لۈپ بېرىۋاتقان كۆكسى زىلۋا قامىتىگە ئاجايىپ بىر جەلپكارلىق
بەخش ئەتكەنىدى. تېرىسى ئاق ۋە سۈزۈك بولۇپ، بەئەينى قاش-
تېشىدەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى تېقى-
مىنى سۆيەتتى. يۈزى سەل سوزۇنچاق بولۇپ، ئىككى مەڭزى
قىزىرىشقا باشلىغان ئالما ياكى توغاچنى ئەسلىتەتتى. سەللا كۈل-
سە، ئوڭ مەڭزىدىكى زىنىقى لىپپىدە ئاشكارىلىنىپ، گۈل ئۈس-

تىگە شەبنەم قونغاندەك بولاتتى. كۆنگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇر-
غاندا كۈن نۇرى مەڭزىنىڭ چۆرىسىدىكى تېخى يوقىلىشقا ئۈلگۈر-
مىگەن بىلىنەر - بىلىنمەس يۇمران تۈكلەرنى بەئەينى ئالتۇن
تالالىرىغا ئوخشىتىپ قوياتتى. قاشلىرى قارا ھەم ئىنچىكە بو-
لۇپ، ھەقىقىي «قەلەم قاش» تىپىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ
قايرىلما كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى خۇددى
مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان بىر جۈپ بۇلاققا ئوخشايتتى. ئۇ
كۆزلەرگە بىر خىل خۇمارلىق ۋە جەلپكارلىق مۇجەسسەملەنگەن
بولۇپ، كۆرگەن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئىختىيارسىز جىغىلدىتى-
ۋېتەتتى. ھەتتا خەدىچە خېنىممۇ بىر قېتىم ياقىسىنى چىشلەپ:
«تووۋا، بۇنىڭ كۆزلىرى ئادەمنىڭ كۆزى ئەمەس، بىر جۈپ
چولپان يۇلتۇزى ئىكەنغۇ، كۆز تەگمىسۇن، ئىلاھىم!» دېگەنى-
دى. بۇرنى بەك ئېگىزمۇ، پەسمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ، ئەڭ
يارىشىملىق «قاڭشار بۇرۇن»لار تىپىگە مەنسۇپ ئىدى. ئاغزى
كىچىك، لەۋلىرى گىلاس رەڭگىدە ئىدى. تاتلىققىنا كۈلۈمسىرى-
گەندە سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى سەل - پەل كۆرۈنۈپ
قوياتتى... قىسقىسى، ئۇ بىر قۇيۇن ئىدى، كۆرگەن ئادەمنى ئۆز
ئىچىگە تارتىۋېلىپ، پىرقىرىتىپ، ئۇچۇرۇپ، ئەس - ھوشىنى
قويمايتتى. ئۇنىڭغا ئەرلەر زوقلىنىپ ۋە ئەيمىنىپ قارىشاتتى.
قىزلار ۋە ئاياللار بولسا، ھەسەت ۋە ھەسرەت ئىلكىدە خۇرسىنى-
شاتتى.

ئادالەتنىڭ نىكاھ ئىشى تېخى بۆشۈكىدە چېغىدىلا بېكىتىپ
قويۇلغانىدى. بولغۇسى جورىسى ئۇنىڭدىن ئالتە ياش چوڭ بىر
نەۋرە ئاكىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرى كۆپىنچە بىر
ئائىلىدە بىللە ئويناپ كۈلۈش بىلەن ئۆتتى. ئۇلار بىر -
بىرىنى «ئاكا - سىڭىل» دېيىشەتتى. ئاغزى ئىتتىك ئاياللار
تەرىپىدىن كەلگۈسى تەقدىرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇل-
غانلىقى ئاۋۋال يىگىتكە، كېيىنرەك قىزغا ئۇقتۇرۇپ قويۇلدى.

لېكىن ھەر ئىككىلىسىلا بۇ گەپكە كۈلۈشۈپ قويۇشتىيۇ، مەنە-
سىنى تولۇق چۈشەنمەي، بۇرۇنقىدەك «ئاكا - سىڭىللىقى»
بويىچە دەم قېيىدىشىپ، دەم يارىشىپ ياشاۋەردى.
ئارىدىن نەچچە باھار، نەچچە كۈز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا
ئۇلار يەتتە يىلنى باشقا - باشقا جايلاردا ئۆتكۈزۈشتى. تېخى
كېيىنكى ئۈچ يىلدا بىر قېتىممۇ كۆرۈشەلمىدى. بۇ يىل يازدا
ئادالەتنىڭ بولغۇسى جورىسى چىرايلىق بۇرۇتى ھۆسنىگە ھۆسن
قوشقان بەرنا يىگىت ھالىتىدە ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ
كەلگەندە، ئادالەتمۇ باش باھاردا ئېچىلغان قىزىلگۈل سىياقىغا
كىرگەنىدى. ئەمدى ئۇ يىگىت بىلەن ئۆزى توغرىسىدا چوڭلار
تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھېلىقى كېلىشىمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرى-
دىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنەتتى. بىراق شۇ ئىشنى ئويلىغاندا
ئۆزىدە نە خۇشاللىق، نە خاپىلىق ھېس قىلمايتتى. يىگىتنى
يەنىلا ئاشۇ يەتتە - سەككىز يىل بۇرۇنقى «ئاكا» ھالىتىدە
تەسەۋۋۇر قىلاتتى.
ئۇلارنىڭ تويى يىگىتنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۆتكۈزۈ-
لىدىغان بولغانىدى. بەختكە قارشى يىگىتنىڭ دادىسى دەل شۇ
كۈنلەردە ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپ كېتىپ، تويىنى بىر يىل كەينى-
گە سۈرۈۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئادالەتنىڭ بۇ تويغا «پۈتۈن-
لەي رايى يوق ئىدى» دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، بىر يىل
كەينىگە سۈرۈلگەنلىكى نېمىشقىدۇ ئۇنى خۇشال قىلدى. ئېھتى-
مال، ئۆمرىنىڭ بۇ باش باھار مەزگىلىنى — غۇنچە چېغىنى
تېخىمۇ ئۇزۇنراق سۈرگۈسى كەلگەندۇ!
ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ ئادالەت ئۇشتۇمتۇت بىر ھادىسىگە
دۇچ كەلدى. شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ پاك، مۇلايىم قەلبى خۇددى
كىچىك كۆلچەكنىڭ سۈيىدەك تىپتىنچ ئىدى، شۇ ھادىسىدىن
كېيىن ئۇ قايناۋاتقان بۇلاققا ئوخشاپ قالدى. ئادالەت گېلىدىن
غىزا ئۆتمەيدىغان، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى،

خىيال سۈرۈش ۋە خۇرسىنىش ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھىغا ئايلاندى. ئۇ بۈگۈنمۇ كۈندىكىدەك تەگسىز خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟...

— ئادالەت خېنىم، خېنىم، — گۈلسۈمنىڭ ھۇجرىغا ھودۇقۇپ كىرىشى ئادالەتنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — ھېلىقى يىگىت بىزنىڭكىگە كېلىپتۇ.

— قايسى يىگىتنى دەيسىز، گۈلسۈم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئادالەت.

— ھېلىقىچۇ... ھېلىقى مەيىنى توختىتىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يىگىتچۇ!؟ ئۇنتۇپ قالمىغانلا ئۇنى؟

ئادالەتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. ئۇنتۇمىدىغان، مانا ھازىرمۇ ئاشۇ ھەقتە ئويلاپ ئولتۇرغان تۇرسا.

— بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپتۇ دېدىڭىزما؟ نەدە كۆردىڭىز ئۇنى؟

— خەدىچە خېنىمنىڭ ئالدىدىن چىقىۋاتسام ساۋۇتكام ئايۋانغا باشلاپ كىرىۋېتىپتىكەن، شۇ چاغدا كۆردۈم.

— راستمۇ؟ باشقا بىرىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ قالغان بولماڭ يەنە.

— ۋاي، خېنىم، نېمە دەيدىغانلا؟ ئۇ يىگىتنى مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىنمۇ بىر كۆرۈپلا تونىۋالىمەن.

ئادالەت سەل جىمىپ قېلىپ، كېيىن گويا ئۆز - ئۆزىدىن سورىغاندەك:

— ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىكىنە؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

گۈلسۈم بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سورالغان ھېسابلاپ ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

— قاراپ تۇرسام مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ساۋۇتكامدىن سوراپ بىلىۋالىمەن.

گۈلسۈم چىقىپ كەتتى. ئادالەت شادلىق ۋە ھودۇقۇش ئارىلىشىپ كەتكەن ئەجەب بىر تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ

قالدى. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر-
نىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى ئەنە شۇ يىگىت ئەمەسمۇ! ؟ شۇ كۈن-
لەردە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇشۇ چوڭ قورۇ - جايدا ئىدىيۇ، خىيا-
لى، يۈرىكى ئاشۇ ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولدا، ئۆزگە
مەستانىلەرچە قاراپ قالغان پالۋان سۈپەت يىگىتنىڭ يېنىدا ئى-
دى. ئۇنى كېچە - كۈندۈز سېغىناتتى، يەنە بىر قېتىم، پەقەت
كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى
شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئېزىز، يۇرتى-
نىڭ قوشتۇگمەن يېزىسى ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى مەيدە كېلىشۇپ-
تىپ ساۋۇتئاخۇندىن ئۇققانىدى. ئەگەر ئىختىيار ئۆز ئىلكىدە
بولغان بولسىدى، ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ قوشتۇگمەنگە بېرىپ
ئاشۇ يىگىتنى يەنە كۆرگەن بولاتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق ئامەتكە
مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن ئېزىز-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى، نەۋرە ئاكى-
سىغا باغلاپ قويۇلىغان تەقدىردىمۇ، دادىسى ئۇنى بىر دېھقان
يىگىتكە ھەرگىزمۇ ياتلىق قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.
شۇڭا كۆز ئالدىدىكى ئارزۇ - ئارمىنىنى، دەرد - ئەلىمىنى
ھېچكىمگە، ھەتتا مېھرىبان ئانىسى بىلەن تەڭتۇش دوستى ئورنى-
دا كۆرىدىغان گۈلسۈمگىمۇ ئېيتالمايدۇ. گۈلسۈمغۇ ئۇنىڭغا بەك
سادىق. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن ھېسداشلىقتىن ئۆزگە نېمە كېلى-
دۇ؟ ئاندىن ئادالەتنىڭ بايقىشىچە، گۈلسۈممۇ ئۇ يىگىتكە بەك
قىزىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئاشۇ ئىش ھەققىدە گەپ بولسىلا
بۆلەكچە يايراپ كېتىدۇ. ئۇنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاي-
دۇ. ھەتتا بىر قېتىم كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالماي: «ۋاي خېنىم،
مۇبادا ئاشۇ يىگىت مېنىڭ ئېرىم بولۇپ قالسا بۇ دۇنيادا باشقا
ئارمىنىم قالمايتتى!» دەۋەتتى. ياق، ئەڭ ياخشىسى، بۇ سىرنى
ھېچكىمگە ئېيتماي، مەڭگۈ سىر پېتى ساقلاپ قالغىنى تۈزۈك.
«كىشىلەر ئاشىق - مەشۇقلار بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يېتەلمىسە،

ئۇ دۇنيادا يېتەرمىش» دەيدىكەن. ناۋادا ئۇ يىگىتمۇ ئادالەتكە ئاشىق بولسا، ئۇ دۇنيادا بەلكىم مۇرادىغا يېتەر...

ئادالەت شۇنداق ئويلايتتيۇ، لېكىن بۇ ئويلىرى تەسەللى بولۇش ئورنىغا دەردىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى.

مانا شۇ يىگىت، ئادالەت ئۇچۇن ئۆزىمۇ ئىسمىغا ئوخشاشلا ئېزىز بولغان شۇ يىگىت كۈتمىگەندە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇ نېمىشقا كەلدىكىن؟ ئۆزى كەلگەندىمۇ؟ ياكى دادىسى چاقىرتقانمىدۇ؟ كۆيئوغۇل بولۇشنى ئۆتۈنۈپ... ياق، مۇمكىن ئەمەس! مۇنداق ئىشتا ھەرگىز ئۆزى كەلمەيدۇ، ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەمىسە نېمىشقا كەلگەندۇ؟...

ئادالەتنىڭ كۆڭلى ئۈمىد ۋە شادلىققا تولۇپ ۋۇجۇدى بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىلكىدە لەرزىگە كەلدى. ئېزىز بىلەن ئۇچ-راشقان ئاشۇ خاسيەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىدا پۈتۈن تەپسىلاتلى-رى بىلەن قايتا نامايان بولدى:

شۇ كۈنى ئۇ گۈلسۈم بىلەن مەپىگە ئولتۇرۇپ شەھەردىكى ئانا جەمەت تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان ساۋۇتئاخۇن ئىسىملىك مەپىكەش بەزىدە پەس-كە چۈشۈپ ئات بىلەن تەڭ سوكۇلدايتتى، بەزىدە مەپىنىڭ سول تەرىپىگە — ھارۋىكەشلەر ئولتۇرىدىغان يېرىگە «قونۇۋالاتتى». تورۇق ئات بىر خىلدا يورغىلاپ ماڭاتتى.

بۇ ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرى بولۇپ، ۋادا ئالتۇن لىباسقا ئو-رالغانىدى. دەل ـ دەرەخلەر، ئېتىز ـ قىرلار، تاملىرىغا چىڭگى-لىك ئوتلىرى ياماشقان پاكار دېھقان ئۆيلىرى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. ياقۇتتەك قىزىرىپ پىشقان قىزىل ئۈزۈم، ناۋات رەڭلىك مۇناقى ۋە سايۋىلار، ئالما، بېھى، ئەششاپتۇللار، پوستى يېرىلىپ ئۇرۇقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئانارلار كىشىنىڭ ئاغزىغا ئىختىيارسىز سېرىقسۇ كەلتۈرەتتى. سىرتقى پوستىدىن ئايرىل-غان ياڭاقلار ئازراق شامال چىقسىلا بېغىدىن ئاجراپ، يەرگە

توكۇلداپ چۈشەتتى. خېلى يىراقتىكى دەريادا يېيىلىپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇ قۇياش نۇرىدا جۇلالىناتتى. خامانلاردىن «لاي - لاي» ناخشىسى، نەدىندۇر ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۆگزە ۋە دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار زوق - شوخ بىلەن ۋىچىرلىشاتتى. زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلاردا قوي، ئۆچكىلەر، كالىلار ئوتلىشىپ يۈرەتتى، قوزىلار قىيغىتىپ سەكرىشەتتى. ئوتى بولۇق يەرلەرگە باغلاپ قويۇلغان ئېشەكلەر قۇيرۇقىنى دەم ئۇ بېقىنىغا، دەم بۇ بېقىنىغا ئۇرۇپ چىۋىن قورۇغاچ ئوتلايتتى. بېغىدىن ئاجرىغان يوپۇرماقلار گويا ئالدىراپ يەرگە چۈشكۈسى كەلمىگەندەك هاۋادا بىرپەس لەيلەپ ئۇچاتتى، باشقا شاخلارغا ئۇرۇلاتتى - دە، ئاخىر يەرگە، ئۆگزىلەرگە ئاۋازسىز قوناتتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە چۈشكەنلىرى خۇددى بالىلار ياسىغان قەغەز قولۋاقلارغا ئوخشاش سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتەتتى...

تەكلىماكان — يەر شارىدىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق چۆل، لېكىن ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ گۈزەل بوستانلىقلار بىلەن ئورالغان. ئاشۇ بوستانلىقلارنىڭ بىرى جەنۇب تەرەپتىكى خوتەن ۋادىسى. كوئېنلۇندىن باشلىنىدىغان قارىقاش، يورۇڭقاش، كېرىيە دەريالىرى ۋە سانسىز ئېقىنلار بۇ ۋادىنىڭ قان تومۇرلىرى. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇلىرى شەربەت، هاۋاسى ئىپاردەك خۇشبۇي بۇ ۋادىنىڭ قەيىرىگە نېمە تىرىساڭ ئۇنۇۋېرىدۇ، نېمە تىكسەڭ كۆكىرىۋېرىدۇ؛ گۈزەل باغلىرى جەننەت كەبى. ئۇ يەردىكى ئەمگەك سۆيەر ئاق كۆڭۈل ۋە كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ ئادەملەر ئەسىر - ئەسىرلەردىن بېرى هاياتلىققا بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن مۇشۇ ۋادىنى گۈللەندۈرگەن، ياشناتقان!...

مەپە شەهەردىن چىقىپ ئون چاقىرىمدەك يولنى بىخەتەر باستى. ئادالەت بىلەن گۈلسۈم مەپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كى-

چىك دېرىزىدىن ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ
كۆزلىرىدىن ياشلىق ۋە زوقلىنىش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.
ئادالەت بىرھازاغىچە گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك مەستخۇشلۇق
قاينىمىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق پۇرسەت كەم-
دىن ـ كەم بولاتتى. بەلكىم بالا چاغلىرىدا ئۇمۇ مەھەللىسىدىكى
ئېتىزلىقلارنى، يوللارنى بىمالال ئارىلىغان، كەزگەن بولغىيدى،
لېكىن يېشى ئون ـ ئون بىردىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
تۇرمۇشى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئېگىز تاملار قورشاۋىدىكى
كاتتا قورۇ ـ جاي ۋە ئۇنىڭغا ياندىشقان باغ ئىچىدىلا ئۆتىدىغان
بولدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە تېپىلاتتى، خان
قىزلىرىدەك ياشايتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تولىلىقىدىن
بەزىلىرىگە يىللاپ نۆۋەت تەگمەي ساندۇقلاردا، بوغچىلاردا تۇرۇپ
قېلىۋېرەتتى؛ ھەرقانداق مەززىلىك تائاملارمۇ ئۇنى سېغىندۇرال-
مايتتى؛ باغدىكى گۈللەرنىڭ، مېۋىلەرنىڭ سانىنى، خىللىرىنى
ئۆزىمۇ تولۇق بىلمەيتتى؛ ھەر كۈنى ئۇنى باغدىكى تۇمۇچۇقلار،
قەپەسلەردىكى تورغايلار، بالىخانىدىكى كەپتەرلەر ۋە قونداقتىكى
شاتۇتى ئۇيقۇدىن ئويغىتاتتى؛ ياز كۈنلىرى بېغىدا كاككۇك ۋە
تۇرۇلغىلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتى؛ بەزىدە شاتۇتىنى
تېرىكتۇرۇپ كۆڭلىنى ئاچاتتى... ئۇ ئاشۇ باياشات قورۇ ـ جايدا،
ئاشۇ جەننەتتەك گۈزەل باغدا نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا تەخىرسىز
ئېرىشەلەيتتى. بىراق، قارا كۆك رەڭدە سىرلانغان قوش قاناتلىق
يوغان دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئۆز ئەركى بىلەن چىقالمايتتى. ئۇ
بەجايىكى ئالتۇن قەپەسكە سولانغان ئەتىۋارلىق قۇشقا ئوخشايت-
تى، قەپەستىن سىرتقا چىقىشقا، قارلىغاچلاردەك ئەركىن پەرۋاز
قىلىپ ئۇچۇشقا ئەجەبمۇ تەشنا ئىدى. ئۇمۇ باشقا زەردارلارنىڭ
پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش، دىنىي ئىلىمدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار
بولدى، كونىچە خەتلەرنى بىمالال ئوقۇيالايتتى. بىراق ئۇلارنىمۇ
ئاشۇ قورۇ ئىچىدە ساقلى سۈتتەك ئاقارغان موللامىنىڭ ئۇستاز-

لىقىدا ئۆگەنگەنىدى. بەزىدە يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرى ئۆتـ
كۈزگەن مېھماندارچىلىقلارغا، يېزىدىكى ساناقلىقلا باي ئائىلىـ
لەردىكى تويلارغا بارالايتتى، لېكىن بۇنداق چاغلاردا ھەمىشە
ئۇنىڭغا يا مومىسى خەدىچە خېنىم، يا ئانىسى پاتىمە خېنىم ۋە
ياكى گۈلسۈم ھەمراھ بولاتتى، ئارتۇقچە كىشىلەر بولمىغان خاس
ئۆيلەردە كۈتۈلەتتى، دەرۋازىدىن چىقماي تۇرۇپلا چۈمبىلى بىلەن
يۈزىنى يېپىشقا مەجبۇر بولاتتى.
گۈلسۈم مەنسۇر بەگنىڭ تۇردىئاخۇن ئىسىملىك ئائىلە چا-
كىرىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولۇپ، سەككىز ياشقا تولغاندا ئاتا -
ئانىسىدىن يېتىم قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ ئائىلىدە
ياشاۋەردى. ئۇ ئادالەتتىن بىر ياشلا چوڭ بولغاچقا، باشتا ئۇنىڭ
خاس چاكىرى بولغانىدى، بويىغا يەتكەندىن كېيىن، چوڭ خې-
نىملارنىڭمۇ ئىشلىرىغا قارىشىدىغان بولدى. ئۇنى چوڭ - كى-
چىك خېنىملارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرەتتى، بولۇپمۇ ئادالەت
ئۇچۇن ئۇ چاكار ئەمەس، يېقىن دوست ئىدى. ئادالەت ئۇنى
ھەرگىز ئېغىر ئىشلارغا سالمايتتى.
بۈگۈن ئۇلار مەپىدە كېلىۋېتىپ، ئەتراپنى قانغۇدەك تاماشا
قىلىشتى، تاغدىن - باغدىن سۆزلەشتى، بەزىدە ۋىلىقلاپ كۈلۈش-
تى. يولنىڭ يېرىمى تۈگىگەندى، گۈلسۈم مۈگدەشكە باشلىدى.
لېكىن ئادالەتنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن يىراق ئىدى.
— گۈلسۈم، يەنە بىر قىزىق گەپ قىلىپ بېرىڭا، — دېدى
ئۇ گۈلسۈمنى تۈرتۈپ.
— ماقۇل، پاختەك توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، —
دېدى گۈلسۈم بىر ئەسنەپ ۋە ئويلىنىۋېلىپ، — پاختەك بۇرۇنقى
زاماندا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىنى ئىكەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئىسمى پەختىخان ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى خىزىر ئەلەيھىس-
سالام ھەممە بالىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. غىزا
تەييار بولغاندا پەختىخان قولغا سۇ بەرمەك بولۇپ، ئىۋرىق بىلەن

چىلاپچىنى قولىغا ئېلىپ، مورىسىگە لۆڭگە ئارتىپ، ئالدى بىلەن خىزىرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپتۇ. سۇ قىزىق ئىكەن، خىزىر قولى كۆيۈپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئاندىن دەرغەزەپ بولۇپ: «ئىلاھىم، پاختەك بولۇپ كەتكەيسەن!» دەپ قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىچارە پەختىخان پاختەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بويندىكى ئاق بەلدەم ئەنە شۇ چاغدا مورىسىدە قالغان لۆڭگە ئىكەن①.

— ۋاي بىچارە پەختىخان! — دېدى ئادالەت ئىچ ئاغرىتىپ ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىلتىماس قىلدى، — ھە، قېنى، يەنە باشقىسىنى ئېيتىڭ.

— ئېسىمگە كەلتۈرۈۋالاي - ھە، — گۈلسۈم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرپەس ئويلاندى، — ھە، يادىمغا كەلدى. ئۈلۈشكۈن زۇپتۇمخان ئاچام پەرھات دېگەن يىگىت بىلەن شېرىن دېگەن قىزنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن، شۇنى سۆزلەپ بېرەي: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتىمىزنى چىن ماچىن دەيدىكەن. پادىشاھنىڭ پەرھات ئاتلىق شاھزادىسى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ شىكار قىلىۋېتىپ، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئاي ئەمەس بىر ساھىبجامال قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە شۇ ھامان ئاشىق بىقارار بوپتۇ. پەرھاتمۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. شۇڭا بىر كۆرۈش بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىگىمۇ ئوت تۇتىشىپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ئېتى شېرىن ئىكەن، يەنە بىر يۇرتتا شاھلىق قىلىدىكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپتۇ. پات ئارىدا توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ، ھەر ئىككىلىسى تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولۇشۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە يەنە باشقا بىر يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ شېرىن قىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن-

① بۇ رىۋايەت ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

كەن. پەرھاتنىڭ كېلىشىگە ئۆلگۈرۈپ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئەلچىلى-
رىمۇ شېرىن قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ مۇددىئاسىنى
بىلدۈرۈپتۇ. شېرىن قىز تەڭلىكتە قاپتۇ. ئۇنىڭ پەرھات بىلەن
توي قىلغۇسى بار ئىكەن، لېكىن ھېلىقى پادىشاھنىڭ كۈچ -
قۇدرىتىدىن ۋە زالىملىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئۇ باش قاتۇرۇپ
ئاخىر مۇنداق چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ: «مۇشۇ يۇرتنىڭ شىمالى-
دىكى تاغلىقتىن جەنۇبتىكى قۇملۇققا سۇ باشلايدىغان ئىككى
ئۆستەڭ قېزىش خىيالىم بار، — دەپتۇ ئۇ ھەر ئىككى
تەرەپكە، — مەن بىلەن نىكاھلىنىشنى خالىغۇچىلار بىردىن ئۆس-
تەڭ قازسۇن. بۇ ئىشنى كىم بۇرۇن پۈتتۈرسە، مەن شۇ-
نىڭ ئەمرىگە ئۆتىمەن.» پەرھات بۇ تەلەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىق
بىلەن ئىشقا كىرىشىپتۇ. ھېلىقى پادىشاھ غەزەپلىنىپ لەشكەر
تارتماقچى بولغانىكەن، لېكىن ۋەزىرى: «ئۇنداق قىلساق نامەرد-
لىك بولۇپ قالار، باشقىچە بىر ئامال تاپايلى» دەپ توسۇۋاپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر دەللالنى تېپىپ، شۇنىڭدىن مەسلىھەت
سوراپتۇ. «بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، سىلى كۆڭۈللىرىنى توق
تۇتۇپ پادىشاھلىقلىرىنى قىلىۋەرسىلە! پەرھات دېگەن ئەخمەق
ئاۋۋال ئۆستەڭنى قېزىپ بولسۇن، ئاندىن ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشى-
نى قورۇيمىز. شېرىن قىز پەقەت سىلىگىلا مەنسۇپ» دەپتۇ
دەللال. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. پەرھات ئۆستەڭنى پۈتكۈزۈپ-
تۇ، ئەمدى سۇ باشلىسىلا بولىدىكەن. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى
دەللال تاغقا يېقىن جايلاشقان مەھەللىگە كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:
«خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، پادىشاھىمىز شېرىن قىز ۋاپات
بولدى!» دەپ جاكارلاپتۇ. كىشىلەر دەرھال ھازا ئېچىپ يىغلى-
شىپتۇ. دەللال يەنە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ پەرھاتنىڭ يېنىغا بې-
رىپتۇ. پەرھات مەھەللىدە كۆتۈرۈلگەن يىغىنىڭ سەۋەبىنى بى-
لەلمەي گاڭگىراپ تۇرغانىكەن. «ئى ئانا، بۇ نېمە يىغا؟» دەپ
سوراپتۇ دەللالدىن. دەللال يىغلاپ تۇرۇپ: «مەلىكە شېرىن قازا

تاپقانىدى، شۇڭا پۈتۈن يۇرت ئەھلى ھازا تۇتۇۋاتىدۇ. بالام، سەنمۇ ئارماندا قالىدىغان بولدۇڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرھات شېرىنسىز ياشاشنى راۋا كۆرمەي بېشىنى تاغقا بىر ئۇرغانىكەن، تاغ يېرىلىپ، ئۆستەڭگە سۇ باشلىنىپتۇ، لېكىن ئۆزى يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. ئۆستەڭگە سۇ باشلانغانلىقىنى كۆرگەن شېرىن قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كېنىزەكلىرىنى باشلاپ پەرھات بار يەرگە يېتىپ كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن «پەرھاتسىز ھايات ماڭا ھارام!» دەپلا يېنىدىكى ئالماس ساپلىق خەنجىرىنى يۈرىكىگە سانجىپ، ئۆزىمۇ ئاشىقىنىڭ يېنىغا يىقىلىپتۇ①...

بۇ ھېكايە ئادالەتتە ناھايىتى ئېغىر تەسىرات قالدۇردى. ئۇ باشتا ئادەتتىكى قىزىقىش بىلەن ئاڭلىغانىدى، ئاخىرىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز:

— ۋاي خۇدايىم! — دەۋەتتى.

— نېمە بولدى، خېنىم؟ — ھېكايىسىنى ئۈزۈپ قويۇپ ئالدىراپ سورىدى گۈلسۈم.

ئادالەتنىڭ كۆزلىرى ياش بىلەن نەمدەلگەنىدى.

— بىچارىلەر، — دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بىرنەچچە كونا كىتاب بار بولۇپ، ئۇلار مېھمانخانىغا ياناداش سېلىنغان ئۆيدە ساقلىناتتى. بۇلتۇر بىر كۈنى ئادالەت شۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز قىزىقىپ، ئۇلارنى قولىغا ئېلىپ قارىغان. بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان «پەرھات ۋە شېرىن» دېگەن خەتلەرگە كۆزى چۈشۈپ، كىتابنى ئېچىپ ۋاراقلىغان. كىتاب نەزمە شەكلىدە يېزىلغانىكەن. ئادالەت كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا نەزمە - قوشاقلارغا ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇ

① بۇ رىۋايەت ئابدۇكېرىم راخماننىڭ يۇقىرىقى كىتابىدىن ئېلىندى.

كىتابنى ئوقۇماقچى بولۇپ ئاچقاندا، دادىسى كۆرۈپ قېلىپ تار-تىۋالغان.

— ياش باللار بۇ كىتابنى ئوقۇسا بولمايدۇ، — دېگەن ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، — ماۋۇ كىتابنى ئوقۇساڭ بولىدۇ، — دەپ سوفى ئاللا يارنىڭ دىۋانىنى تۇتقۇزۇپ قويغان.

«ئاشۇ كىتابتا يېزىلغانلىرى هازىر گۈلسۈم ئېيتقان هېكا-يىگە ئوخشاش بولغىيمىدى؟ دادام ئۇنى نېمىشقا ئوقۇغىلى قويمى-غاندۇ؟ توختا، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاشۇ كىتابنى بىر ئامال قىلىپ دادامغا كۆرسەتمەي هۇجرامغا ئاچىقىۋېلىپ...»

مەپىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قاتتىق سىلكىشىدىن ئادالەتنىڭ خىيا-لى بۆلۈنۈپ ئارقىسىغا يىقىلدى. گۈلسۈممۇ «ۋاي!» دېگىنىچە يىقىلىپ چۈشتى.

دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز مۇنداق بىر هادىسە يۈز بەرگەنىدى:

مەپە بىر مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن يوغان بىر سېرىق ئىت قاۋىغان پېتى مەپىگە قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. تورۇق ئات قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ بىر پۈش-قۇردى - دە، بىردىنلا ئۈركۈپ قويۇندەك چاپتى. بۇ چاغدا ساۋۇتئاخۇن مەپىنىڭ ئالدىدىكى ئورنىدا مۈگدەك بېسىپ ئولتۇر-غانىدى، ئۇمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئارقا تەرىپىگە — مەپە ئىچىگە يىقىلدى ۋە دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ چۇلۋۇرنى قاتتىق تارتتى، لېكىن ئاتنى توختىتالمىدى. سېرىق ئىت گويا تورۇق ئاتتا بىرەر ئاداۋىتى باردەك جېنىنىڭ بارىچە قاۋاپ ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئات پۈتۈن كۈچى بىلەن چاپاتتى. يول تار ۋە ئەگرى - توقاي ئىدى، ئىككى تەرىپىگە قاتار تىكىلگەن دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يول ئۈستىدە ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. كاتاڭنىڭ تولىلىقىدىن مەپە قاتتىق چايقىلىپ، دەم ئۇ تەرەپكە، دەم بۇ تەرەپكە قىيسىياتتى. قىزلار چۇرقىرىشاتتى. «مەپە ئۆرۈ-لۈپ كەتسە ياكى بىرەر دەرەخكە بېرىپ ئۇرۇلسا...» ساۋۇتئاخۇن

ئاقىۋەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ دەم ئۇنىڭ ئېڭىدا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە جانلاندى: يول تۆت يۈز - بەش يۈز مېتىردەك ئالدى تەرەپتە چوڭ ئۆستەڭگە تاقىشىپ، ئوڭ تەرەپكە جىددىي بۇرۇلاتتى. ئات، ئېشەك مىن- گەن، هارۋا هەيدىگەن كىشىلەر شۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا مېڭىشى- نى ئاستىلىتىپ ياكى يەرگە چۈشۈپ دوقمۇشتىن پەم بىلەن ئۆتۈۋالاتتى. مۇبادا تورۇق ئات مۇشۇ سۈرئەتتە چېپىۋېرىدىغان بولسا، دوقمۇشتىن قايرىلالماي، مەيىنى ئۆستەڭ بويىدىكى سۆ- گەتلەرگە ئۇرۇپ ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۆستەڭگە سۆرەپ كىرىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قورقۇش- تىن ساۋۇتئاخۇننىڭ يۈرىكى توختاپ، بەدىنى قېتىپ قالغاندەك بولدى. ئەمما يەنىلا تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىككى بىلىكىگە توپلاپ چۇلۋۇرنى قاتتىق تارتتى. بىراق، هەي··· قېرىپتۇ، يۈرەكتە مادار، بىلەكتە كۈچ ئازىيىپ كېتىپتۇ. تېخى، ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ لىقمۇلىق ئاشلىق قاچىلانغان تاغارنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزلا دۈمبىسىگە ئېلىپ كۆتۈرەلەي- دىغان بۇ ئادەم ئەمدى قۇترىغان ئاتنى توختىتىۋېلىشقا ئاجىز كەلدى. ئاتنىڭ سۈرئىتى ئازراقمۇ ئاستىلىمىدى. «ئۆلۈم! » دېگەن مەشئۇم خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىنى چاقماق تېزلىكىدە كې- سىپ ئۆتتى - دە، خۇددى بىردىنلا كۇن تۇتۇلغاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئاندىن بار ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەز- مەي قالدى:

— ئادەم بارمۇ؟ ئاتنى توسۇۋېلىڭلار!

ئارىلىق قىسقا، ئەكسىچە سۈرئەت بەك تېز، يېقىن ئەتراپتا باشقا ئادەملەرنىڭ بار - يوقلۇقىمۇ مەلۇم ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ تورۇق ئاتنى توختىتىۋېلىشىمۇ ناتايىن. شۇڭا ساۋۇتئاخۇن بۇ چارىنىڭ ئۈنۈم بېرىشىگە ئانچە ئىشىنىپمۇ

كەتمەيتتى، لېكىن ئۇ «سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم بىر تال پاخالغىمۇ ئېسىلىپتۇ» دېگەندەك يۇقىرىقى سۆزنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلاۋەردى.

ئۆستەڭگە يېتىشكە ئىككى يۈز مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا بىردىنلا مۆجىزە يۈز بەردى: ئون قەدەمچە نېرىدىكى باراقسان ئۆسكەن ياڭاق دەرىخىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئادەم يۈگۈرۈپ يولغا چىقتى ـ دە، ئاتنىڭ بېشىغا ئېسىلدى. تورۇق پۇشقۇرۇپ، خارتىلدىغىنىچە قەدىمىنى ئاستىلاتتى، ئالدىنقى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى. ئۇنىڭ يەنە چاپقۇسى، ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىدە ۋاڭشىۋاتقان لەنتىي ئاۋازدىن مەڭگۈ قۇتۇلغۇسى بار ئىدى، بىراق تىزگىنگە مەھكەم يېپىشىۋالغان قوللاردىن بوشىنالمىدى، ئاندىن تەقدىرگە تەن بەرگەندەك ئاستا ـ ئاستا تىنچىدى.

بۇ ئارىدا ساۋۇتئاخۇنمۇ پەسكە چۈشۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتنىڭ باش تەرىپىگە ئېسىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— ھە، بولدى! بولدى، ئەمدى جىم بول! — دېدى ئۇ تورۇقنىڭ بويىنىنى ئاستا ـ ئاستا سىلاپ، ئاندىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان قۇتۇلدۇرغۇچىسىغا يۈزلەندى، — رەھمەت، ئوغلۇم! بىزنى زور بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدىڭىز.

قۇتۇلدۇرغۇچى — ئوتتۇرا بويدىن ئېگىزرەك، مۈرىسى كەڭ، رەڭگىرويى ئاققا مايىل، بەستلىك ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇ ھېلىمۇ چۇلۋۇرنى مەھكەم تۇتقان ھالدا ساۋۇتئاخۇنغا ئوچۇق چىراي بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئوغلۇم، زەخىملەنمىگەنسىز؟

— ھېچ نەرسە بولمىدىم.

— خۇداغا شۈكۈر، — ساۋۇتئاخۇننىڭ چىرايى ئەسلىگە كەلدى ۋە بايىقى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى، — رەھمەت، ئوغلۇم، سىز بولمىغان بولسىڭىز، بۇ ھايۋان بۇ كەمگىچە ئۈچ جاننىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى.

قىزلار ئات ئېلىپ قاچقاندىلا قاتتىق قورقۇپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشقانىدى. ئۇلار مەپە ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلى-يالماي دەم يىقىلىپ چۈشەتتى، دەم بىر - بىرىنى يۆلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى، چىرقىرىشاتتى. ئۇلار مەپىنىڭ بىرەر دەرەخكە ئۇرۇلۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتى-تى، ئالدىدىكى دوقمۇش ۋە ئۆستەڭدىنمۇ خەۋىرى يوق ئىدى، ئەمما «مەپە ئۆرۈلۈپ كېتەرمۇ؟» دېگەن خەۋپسىرەشنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەڭ كۈچلۈك قورقۇنچ سېلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار باشتا ساۋۇتئاخۇنغا ئىشىنىپ مەپى-نى مانا توختىتىۋالار، ئەنە توختىتىۋالار دەپ ئۈمىدلەنگەن. بىراق، ساۋۇتئاخۇن ۋارقىراپ ياردەم تىلەشكە باشلىغاندا ئەھۋال-نىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، تېخىمۇ قورقۇپ كېتىشتى.

— ئانا! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى ئادالەت.

— خېنىم، ئوبدان خېنىم، — شۇ چاغدىمۇ ئۆز مەسئۇلى-يىتىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتمىگەن گۈلسۈم يۈرىكىدىكى قورقۇن-چىنى بېسىشقا تىرىشىپ ئادالەتكە تەسەللى بەردى، — قورقمىسىلا، سەۋر قىلسىلا، ئاتنى توختىتىۋالىدىغان بىرەر ئا-دەم چىقىپ قالار…

ئاھ، شۇنداق ئادەم راستتىن ئۇچرارمۇ؟ قېنى سەن شەپقەت-چى، تېز بولساڭچۇ! ئادالەت ساڭا ئىنتىزار، سەن ئۇنى ئۆلۈم-دىن قۇتۇلدۇرۇپ قال! بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا ئۆمۈرۋا-يەت قەرزدار بولۇشقا، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇ-رۇشقا تەييار!

ياشاش — ئادەمزاتنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئالىي ئىستى-كى. ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنى مۇشۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىل-غان ئاتا بىلەن ئانا قانچىلىك قەدىرلىك بولسا، ئۇنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇچىمۇ شۇنچىلىك ئەزىزدۇر! شۇ

پەيتتە ئادالەت ئۈچۈن گۈلسۈم ئېيتقان ئاشۇ نامەلۇم قۇتۇلدۇرغۇ-
چىمۇ خۇددى ئاتا - ئانىسىدەك، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئەزىز، قەدىر-
لىك بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

«پاك نىيەت بىلەن قىلىنغان ئىلتىجا يەردە قالماس» دېگەن
گەپ راست ئىكەن، ئادالەت كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى گۈلسۈم-
نىڭ باغرىغا يېپىشىپ، ئاشۇ قۇتۇلدۇرغۇچىنىڭ پەيدا بولۇشىنى
زارىقىپ كۈتۈۋاتقاندا، راستتىنلا ئۇ زاھىر بولدى. مەپە
ئاستىلاپ، ئاخىر توختىدى.

— خېنىم، بىز قۇتۇلدۇق، — گۈلسۈم خۇشاللىقىدىن ئەن-
دىكىپ، تىترەك ئاۋازدا داۋام قىلدى، — كۆزلىرىنى ئاچسىلا،
قارىسىلا، ئاۋۇ كىشى بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

ئادالەت كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ چۈمبىلى ئاللىقاچان بې-
شىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەپىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرىدىغان
پەردىنىمۇ دەرەخ شاخلىرى تۈرۈۋەتكەنىدى. ئادالەت ئالدىغا قاراپ
ئاتنىڭ باش تەرىپىدە ساۋۇتئاخۇن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان قۇتۇل-
دۇرغۇچىسىنى كۆردى. ئۇ بۇرۇن ئىنسانىنى بالا - قازادىن
قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇچى خىزىر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا نۇرغۇن
رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان. شۇ تاپتا ئۇ ھە دېگەندىلا بۇ قۇتۇلدۇرغۇ-
چىسىنىمۇ ئاشۇ خىزىر ئورنىدا كۆردى. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇ-
رىدا خىزىر دېگەن ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگىچە چۈشكەن قېرى
بوۋاي ھالىتىدە نامايان ئىدى. ھالبۇكى، كۆز ئالدىدا تۇرغان
بۇ «خىزىر» بولسا، ياپياش بىر يىگىت ئىكەن. دەل شۇ پەيتتە
قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ مەپە تەرەپكە قارىدى. كۆزلەر ئۇچراشتى، ئان-
دىن ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر تالالىرى
بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەندەك بول-
دى - دە، بىر - بىرىگە تىكىلىشكەن پېتى تۇرۇپ قېلىشتى.
بۇ چاغدا گۈلسۈممۇ خۇددى ئادالەتكە ئوخشاشلا «خىزىر» گە تى-
كىلگەن پېتى تۇرۇپ قالغانىدى.

ئەمدى پۇتۇنلەي خاتىرجەم بولغان ساۋۇتئاخۇن ناۋادا گۈلسۇمگە ئۇنىڭ بۇرچىنى ئەسلەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇچ جۇپ كۆزنىڭ قاچانغىچە مۇنداق تىكىلىپ تۇرۇشلىرىنى ھېچكىم بىلمىگەن بولاتتى.

— گۈلسۇمقىز، خېنىمنىڭ چۇمبىلىنى ئارتىپ قوي!

ساۋۇتئاخۇن شۇ سۆزنى قىلغاچ ئۆزىمۇ يانتۇ قارىغان ھالدا مەپىنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ پەردىنى چۇشۇردى. بىر - بىرىگە ئۇلانغان نۇر تالالىرى ئۇزۇلدى. شۇ چاغدا ئادالەتمۇ گويا شېرىن چۇشتىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى.

— ئېزىز ئاخۇن، — مەپىنىڭ سىرتىدىن ساۋۇتئاخۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — مەن سىزگە ئۆمرۈم بويى قەرزدار، ئوغلۇم. ھازىرچە يېنىمدا مۇشۇ پىچاقتىن ئۆزگە يارىغۇدەك نەرسە يوق ئىكەن، كىچىك كۆرمەي قوبۇل قىلارسىز.

— ياق، ياق، ئاكا، — بۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى، — بۇ پىچاق بەك ئېسىل ئىكەن، ئۆزىڭىزگىمۇ لازىم بولار.

— بالام، ياخشىلىققا ياخشىلىق دەپتىكەن. سىز بۇگۇن ئۈچ جاننى بالا - قازادىن ساقلاپ قالدىڭىز، بۇ پىچاقنىڭ قانچىلىك تىلغا ئالغۇچىلىكى بار ئىدى!؟ ئېلىڭ، كۆڭلۇمنى قايتۇرماڭ.

بۇ گەپلەر گۈلسۇمنىڭ ئېسىگە نېمىنىدۇر سالدى - دە، پەس ئاۋازدا:

— خېنىم، بىزمۇ بىرەر نەرسە بىلەن...، — دېدى.

ئادالەت جىلتىكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر دانە تىللانى ئېلىپ گۈلسۇمگە تۇتقۇزدى.

— ساۋۇت ئاكامغا ئېيتىڭ، بۇنى ئاشۇ يىگىتكە بەرسۇن، ئاندىن مىننەتدارلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويسۇن.

گۈلسۇم پەردىنى ئازراق ئېچىپ، ئادالەتنىڭ بۇيرۇقىنى ساۋۇتئاخۇنغا يەتكۈزدى. بىردەمدىن كېيىن مەپە يەنە ئورنىدىن

قوزغالدى. ئادالەت مەپىنىڭ ياندىكى كۆزنىكىدىن سىرتقا نەزەر تاشلىدى. «خىزىر» تېخىچىلا بايىقى ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك جىمجىت تۇراتتى. مەپە ئۇنىڭ يېنىدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. ئادالەت ئارقا تەرەپكە قارىدى، بىراق مەپىنىڭ ئارقىسى قېلىن رەخت بىلەن توسۇلغانىدى. ئۇ ئىغىر خۇرسىنىپ ئۇھ تارتتى ...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئادالەتتە بىر ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئۇيقۇسى قاچتى، مىجەزىدىكى خۇشخۇيلۇق، چېھرىدىكى تەبەسسۇم ئورنىنى جىمغۇرلۇق ۋە خىيالچانلىق ئىگىلىدى. ۋاقتىنىڭ تولىسىنى ھۇجرىسىدا يالغۇز ئۆتكۈزىدىغان بولۇۋالدى. بەزىدە كىتاب ئوقۇماقچى بولاتتىيۇ، بىراق بىرنەچچە قۇردىن كېيىنلا خىيالى بۆلۈنۈپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي خىيالغا پېتىپ قالاتتى. قاچانكى، ئانىسى ياكى گۈلسۇم كىرىپ ئۇنى بىرەر گەپكە تۇتقان ياكى غىزالىنىشقا چاقىرغاندىلا، ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى بىلەتتى.

چوڭ - كىچىك خېنىملار ۋە گۈلسۇم، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ بولغۇچە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا ئادالەتنىڭ بولغۇسى جورىسى — بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قىسمەن چەك قويۇلغانىدى. ئەمدى ئۇلار باشقىلار بار يەردىلا كۆرۈشەلەيتتى. ئىككىسى تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئادالەت يۈزىنى روملى بىلەن توسۇۋالاتتى - دە، يېنىدىن كۆپىنچە ئۈن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتەتتى. مۇبادا سۆزلىشىشكە توغرا كەلگەندىمۇ بىر - ئىككى ئېغىزدىن نېرىغا بارمايتتى. خېنىملار ۋە گۈلسۇم ئادالەتتىكى ھېلىقى ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرىچە شۇ ئىشقا بۇراشتى.

— خېنىم بالام، قائىدە - يوسۇن شۇنداق، — دېدى بىر

كۈنى مومىسى خەدىچە خېنىم ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، — ئەمدى ھەر ئىككىڭلار بالىغ بولدۇڭلار①. نىكاھىڭلار قوشۇلۇپ ھالال ئەر - خوتۇن بولمىغۇچە بىر - بىرىڭلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىپ يۈرمىسەڭلار بولمايدۇ. يەنە ئازراق سەۋر قىل، قوزام، يەتتە - سەككىز ئاي دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان بۇ گەپلەرنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايدىغانلىقىنى موماي نەدىن بىلسۇن! ؟ ئادالەت زۇۋان سۈرمەستىن بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئەمما ھۇجرىسىدا يالغۇز قالغاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدى خۇددى قوقاسقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى...

ئادالەت ئەسلىمىلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. گۇلسۇم شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كىرمىدى. ئارىدىن يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. بىراۋنى زارىقىپ كۈتۈش نېمىدېگەن ئازاب! ئادالەت ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقەت قىلالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىدا ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇيان - بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. بىر چاغدا گۇلسۇم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى توقاچتەك قىزىرىپ، كۆزلىرى بۆلەكچە چاقناپ كەتكەنىدى.

— ئۇقتۇم، — دېدى ئۇ كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي، — ساۋۇتكامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يىگىت بۈگۈندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدىكەن.

بۇ زادى ئويلاپ باقمىغان خۇش خەۋەر ئىدى، ئادالەتنىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى.

— مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدىكەن؟ — ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك پىچىرلىدى ئۇ، — ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟

گۇلسۇم بۇ سوئالنى ئۆزىگە بېرىلگەن ھېسابلاپ، ئەستايى-

① بالىغ بولۇش — بالاغەتكە يېتىش.

ـدىل جاۋاب بەردى:

— ساۋۇتكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىگىت ئۇچ كۈن بۇرۇن چېلىشىش مەيدانىدا غاپپار دورغا بېشىنى يىقىتقانىكەن، بېگىمگە ياراپ قېلىپ، ئۆزىگە پالۋان قىلىۋاپتۇ. تېخى شۇ يەردىلا بىر ئات ئىنئام قىپتۇ دېيىشىدۇ، مانا ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرىدىكەن.

ئادەم بەزىدە خۇشاللىقتىنمۇ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ خەۋەر دەسلەپتە ئادالەتنى خۇددى ھەيكەلدەك قاتۇرۇپ قويدى. لېكىن بۇ ھال بىردەملا داۋام قىلدى، ئاندىن ئۇ يېڭىۋاشتىن جان كىرگەندەك ئاستا مىدىرلاپ يەنە مېڭىشقا باشلىدى. «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، سېنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن جېنىم تەسەددۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇرغان ئاھلىرىم، قىلغان ئارزۇ - ئارمانلىرىم دەرگاھىڭغا يېتىپتۇ. سەن ئۇنى قوبۇل كۆرۈپسەن. مەندەك بىچارە بەندەڭگە شەپقەت ئاتا قىلىپ، ئۇ يىگىتنى يېنىمغا ئەۋەتىپسەن...»

— ۋاي، ما ھاڭۋاقتىلىقىمنى، — ئەمدىلا يادىغا كەلگەندەك پېشانىسىگە ياققىدە بىرنى ئۇردى گۈلسۇم، — ئابدۇكېرىم بېگىم كېلىپتىكەن، خەدىچە خېنىم سىلىنى مۇشتۇرقەتتە[1]يېنىمغا كىرسۇن دېۋىدى، ئىسىمدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ.

ئادالەتنىڭ چىرايىدا بىردىنلا پەرىشانلىق ئالامىتى پەيدا بولدى.

## 2

ئادالەتنىڭ بوۋىسىغا خۇدا ئاران ئىككىلا پەرزەنت ئاتا قىلغان بولۇپ، بىرى مەنسۇر بەگ، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئاچىسى زۆھرە

---

① مۇشتۇرقەتتە — ھازىرلا، دەرھال، شۇ تاپتىلا.

خېنىم ئىدى. ئادالەت تۇغۇلۇپ مەنسۇر بەگ ئىككى قىزغا ئاتا بولغان، زۆھرە خېنىممۇ ئىككى قىز، بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم چوڭ بەگ بىلەن خەدىچە خېنىمنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ئەتىۋارلىق نەۋرە ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئەمەلدار بولمىسىمۇ، خېلى قول - ئىلكىدە بار كىشىلەردىن ئىدى. ئابدۇرەھىم بەگ (مەنسۇر بەگ بىلەن زۆھرە خېنىمنىڭ دادىسى) قۇدىسى ۋە كۈيئوغلىنى ئانچە چوڭ كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، بىردىنبىر ئوغۇل نەۋرىسى — ئابدۇكېرىمگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. چوڭ خېنىم (خەدىچە خېنىم) مۇ ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك كۆرەتتى. شۇڭا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىۋېلىشتى. ئۇ چاغدا بەگلىك تامغىسى ئابدۇرەھىم بەگنىڭ قولىدا بولۇپ، مەنسۇر بەگ تېخى يۈزبېشى ئىدى. ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى ئايرىم - ئايرىم بولسىمۇ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. شۇڭا ئادالەتتىن ئالتە ياش چوڭ بولغان ئابدۇكېرىمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىدە بىللە ئويناپ - كۈلۈش بىلەن ئۆتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئاكام، سىڭلىم دېيىشەتتى. ئابدۇكېرىم ئون بىر ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ۋاپات بولۇپ، بەگلىك تەختىگە مەنسۇر بەگ ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئابدۇكېرىم موممىسى ۋە تاغىسىنىڭ يېنىدا ياشاۋەردى. بوۋىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەنسۇر بەگكە: «ئابدۇكېرىمنى يېنىڭدىن ئايرىما، يۇرت سوراشنى ئۆگەنسۇن. مۇبادا خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساڭا ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلمىسا، كېيىن ئورنۇڭنى مۇشۇ نەۋرەم باسىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى. تۆت يىلدىن كېيىن مەنسۇر بەگ ئۇنى شەھەردىكى خەنزۇچە پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. موممىسى ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشقا نارازى بولۇشۇۋىدى، مەنسۇر بەگ:

— ئۇ يەردە ئوقۇغانلار كېيىن بەگ بولىدۇ. مەن مەرھۇم دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىش قىلدىم، — دەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى.

ئابدۇكېرىم ئائىلىسىگە ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىپ، بىر كېچە قونۇپ يەنە قايتىپ كېتەتتى. زۆھرە خېنىمنىڭ ئائىلىسىمۇ شۇ يېزىدىكى قوشنا مەھەللىدە بولۇپ، ئابدۇكېرىم يېزىغا قايتقاندا ھەمىشە ئاۋۋال مومىسى ۋە شۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا باراتتى. بەزىدە بۇ ئۆيدە، بەزىدە ئۇ ئۆيدە قوناتتى. شۇڭا ئادالەت بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىملا كۆرۈشەلەيتتى.

ئۇلار بىر - بىرىنى سېغىناتتى، كۆرۈشكەن چاغلىرىدا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشەتتى. لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سېغىنىش ۋە خۇشاللىق پەقەت ئۆسمۈر ئاكا - سىڭىللار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ياكى بولمىسا گۆدەك باللار ئوتتۇرىسىدىكى ساددا دوستلۇق ھېسسىياتىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. بولۇپمۇ تېخى ئەمدىلا سەككىز ياشقا ئۇلاشقان ئادالەت ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئون توققۇز ياشقا كىرگەندە ئابدۇكېرىمنىڭ ھاياتىدا بىر چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ ئۈرۈمچىگە — ئۆلكىلىك ساقچى ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇ ئىشقا مومىسى بىلەن ئاتا - ئانىسى قەتئىي قارشى بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇر بەگنىڭ رايى شۇ بولغاچقا توسۇپ قالالمىدى. بىراق، ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇشنى خالىماي، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىۋالدى. بۇ ھال مەنسۇر بەگنىڭ ئۇنىڭدىن تۇنجى قېتىم رايى قايتىشقا سەۋەب بولدى.

«ھۇ ئەقىلسىز بەڭۋاش! — ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، — ساقچى ئەمەلدارى دېگەن ھۆكۈمەت-

نىڭ ئوڭ قولى تۇرسا، شۇنداق ئامەتنى ئۇششاق باللارنى ئوقۇ-
تىدىغان ئەپەندىچىلىكتە تېگىشكىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇ كالۋا-
نىڭ».
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ئۆزگىرىپ ئابدۇكېرىمنى
قايتۇرۇپ ئەكېلىشنى، ئۆز يېنىدا تۇتۇپ يۇرتنى ئىدارە قىلىشنى
ئۆگىتىشنى ئويتۇرىغا قويۇۋىدى، بۇ گەپ ھەممەيلەنگە ياغدەك
ياقتى. بىراق ئەمدى خىش قېلىپىدىن چىقىپ بولغانىدى. ئابدۇ-
كېرىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ
مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۇ چاغلاردا خەلق ئارىسىدىكى قاتناش ۋە خەت - ئالاقە
ئىشلىرى ئات - ئۇلاغ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا مۇساپە يىراق
ئىدى. شۇڭا، ئابدۇكېرىم قىشلىق، يازلىق تەتىللەرنىمۇ ئۇرۇم-
چىدە ئۆتكۈزدى.
ئۇ ئۈچ يىلدىن كېيىن يۇرتقا قايتقاندا داغدۇغا بىلەن كۈتۈ-
ۋېلىندى. مەنسۇر بەگمۇ بۇرۇنقى نارازىلىقىنى كۆڭلىدىن چىقى-
رىۋېتىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى ۋە مېھمانلار
ئالدىدا ئۇنى «ئابدۇكېرىم بەگ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىدى.
ئۇ كەملەردە «بەگ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى
ئۈچۈن ئورتاق نام بولۇپ، مەنسەپ ئورنىدىمۇ، ھۆرمەت ئورنىدى-
مۇ يۇرگۈزۈلەتتى. يېزا باشلىقلىرىنىمۇ، شەھەردىكى ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ
شۇنداق ئاتاۋېرەتتى. شۇڭا ئەسلىدىلا بەگنىڭ نەۋرىسى بولغان،
يەنە كېلىپ ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەردە ئۈچ يىل ئوقۇپ كەلگەن
ئابدۇكېرىم ئۈچۈن «بەگ» دېگەن بۇ ئۇنۋان خۇددى قۇمغا سۇ
سىڭگەندەك سىڭىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئۆزى گەرچە مۇنداق ئاتاشنى
ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، ھەممەيلەن شۇنداق دەۋەرگەندىن كېيىن
«بوپتۇلا» دەپ قولىنى سىلكىدى.
ئابدۇكېرىم باشقا تۇغقانلىرى قاتارىدا ئادالەتنىمۇ خوپ سې-

غىنغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ـ كۇشادە مۇڭدىشىشنى، ئۈرۈمچىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بىراق تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن تۇنجى كۈنىلا ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئادالەت ئۇنىڭ بىلەن باشقا تۇغقانلىرى بار يەردە رومىلى بىلەن يۈزىنى يېرىم توسقان ھالدا كۆرۈشتى. سالاملىشىپ، ھاردۇق سورىغاندىن ئۆزگە گەپ قىلمىدى. يەنە كېلىپ بىردەمدىن كېيىنلا چىقىپ كېتىپ ئۇ بار ئۆيگە قايتا كىرمىدى.

— ئادالەت نېمىشقا كىرمەيدۇ؟ — ئابدۇكېرىم بىر چاغدا ئۈرۈمچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشنى ئۈزۈپ قويۇپ سورىدى.

— بۈگۈن ئورنىدىن سەل تاۋى يوقراق تۇرۇپتىكەن، ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان چاغۋا[1]، — دېدى ئادالەتنىڭ ئانىسى پاتىمە خېنىم.

— دوختۇرغا... ھە راست، بۇ يەردە دوختۇر يوق، تېۋىپقا كۆرۈندىمۇ؟

پاتىمە خېنىم جاۋاب بېرىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا مەنسۇر بەگ پوسۇققىدە:

— ھە، ئۇنى قويۇپ، گېپىڭنى قىلىۋەر، ئوغلۇم. بويىغا يەتكەن قىز بالىنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇشى ياخشى ئەمەس، — دەۋەتتى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئابدۇكېرىمگە تاغىسىنىڭ گېپى غەلىتە تۇيۇلۇپ.

خەدىچە خېنىم گەپدان، خۇشخۇي ئايال ئىدى.

— غوجام بالام، ئۈرۈمچى دېگەن شەھەردە ئۇزاق تۇرۇپ قائىدە ـ يوسۇن دېگەننى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئەمدى ئۇ بۇرۇنقى كىچىك قىز ئەمەس. سىنىڭ

---

① چاغۋا — مىكى، ئېھتىمال، بەلكى مەنىلىرىدە.

يېنىڭدا خىجىل بولماي قانداق ئولتۇرالايدۇ. سەۋر قىل، توپۇڭ-لار بولغاندىن كېيىن ھەممىشەم بىللە بولىسىلەر.
ئابدۇكېرىم گەپنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ قىزىرىپ كەتتى. باشقا ئايالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تەبەسسۇم قىلىشتى، ھەتتا ئۆزىنى ھەممىشە ۋەزمىن تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن مەنسۇر بەگمۇ سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ قويدى.
شۇ گەپتىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئۆزى بىلەن ئادالەت ئوتتۇ-رىسىدا كۆرۈنمەس بىر تام پەيدا بولغانلىقىنى، ئىككىسى ئەمدى نوقۇل «ئاكا - سىڭىل» ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ بىر خىل غەلىتىلىك ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئادالەتنى ياخ-شى كۆرەتتى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ خوتۇنى بولىدىغانلىقىد-نىمۇ بىلەتتى. بىراق، بۇ خىل ھېسسىيات ۋە چۈشەنچە ئۇنى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ھاياجانغا سالالمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادالەت يەنىلا ئاشۇ بۇرۇنقى ئوماق سىڭىل ئىدى، خالاس.
ئابدۇكېرىم كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى مەنسۇر بەگ بىلەن ئۇ-نىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى:
— مەكتەپنى ئالماشتۇرۇپ، بېشىڭغا قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى مەنسۇر بەگ چىرايىنى تۇرگەن ھالدا گەپ باشلاپ، — خەير، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. كونا خاماننى سورۇپ ئولتۇرمايلى، ئەمدى يېنىمدا تۇرۇپ ئەل - يۇرتنى باشقۇرۇشنى ئۆگەن، كېيىن ئىزىمنى باسارسەن. بۇرۇنقىلار: «كۆچ - ئامەت كىمدە بولسا، شۇ پادىشاھ» دەپتىكەن. ئاللاتائالا ئۆزۈن يىللاردىن بېرى بىزنىڭ جەمەتىمىزگە مال - دۇنيانىلا ئەمەس، يۇرت سوراشنىمۇ نېسىپ قىلىپ كەلدى. سەندىن ئۈمى-دىم چوڭ، بىر كۈنلىرى چوڭكۈلىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرتنىڭ تىزگىنىنىمۇ قولۇڭغا ئالارسەن، ئوغلۇم.
ئابدۇكېرىم تاغىسىغا قاراپ قويۇپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى دەگسەپ كۆرۈۋاتقاندەك بىرپەس خىيالغا پېتىپ ئولتۇردى - دە،

ئاندىن ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى:
— بەگ دادا، كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. ئەلۋەتتە، سىلى دې-
گەندەك قىلسام بولاتتى. رەھمەتلىك چوڭ دادام[①]نىڭ بۇ ھەقتى-
كى ۋەسىيىتىمۇ ئېسىمدە. لېكىن ئەل - يۇرتنى ئىدارە
قىلىش — ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان خىزمەت. ئويلاپ كۆرسەم،
ئۆزۈمدە ئۇنىڭغا توشلۇق لاياقەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قى-
لىمەن...
— ھەي... شۇمۇ گەپمۇ،— ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى
مەنسۇر بەگ،— ھازىرقى يېزا بەگلىرى تۇرماق، شەھەردىكى
ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقانلار ئىچىدىمۇ ساڭا ئوخشاش ئىككى تىل-
لىق، يەنە كېلىپ، ئۇرۇمچىدە نەچچە يىللاپ ئوقۇغانلىرى
ئىككى - ئۈچتىن ئاشمايدۇ. مېنى ئالساڭ، ئاران قۇرئان ساۋا-
تىملا بار. مانا شۇنچە چوڭ يېزىنى بىر ئوبدان باشقۇرۇۋاتىمە-
دىمەن! ؟ سەن دېگەن ئۇنچىلىك ئىشنىڭ ئەلمى - تەلىمىنى[②]
بىرنەچچە كۈندىلا ئۆگىنىۋالالايسەن، ئوغلۇم.
— ئۇغۇ شۇنداق، بەگ دادا، ئەمما ئەپۇ قىلسىلا، مېنىڭمۇ
كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىم بار.
— خوش، ئېيتە قېنى، مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي.
ئابدۇكېرىم يەنە بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:
— سىلىگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولاركىن؟ خەلقىمىز بەك-
مۇ نادان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، مۇشۇ سىلى باشقۇرۇۋاتقان چوڭ-
كۆلنى ئالساق، ئۇنىڭغا ئون بەشچە كەنت قارايدۇ، ئائىلىسى
بەش - ئالتە مىڭدىن، نوپۇسى ئون تۆت - ئون بەش مىڭدىن
ئاشىدۇ. ئويلاپ باقسىلا، شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا قانچە
ئادەم ساۋاتلىق؟ كونىچە، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىرىمۇ يۈزدىن
ئاشمىسا كېرەك. شۇنچىۋالا چوڭ يېزىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ-

① خوتەندە بوۋىسىنى كۆپىنچە چوڭ دادا دەيدۇ.
② ئەلمى ـ تەلىمى — يولى، قائىدىسى، بىلىمى، پرىنسىپى مەنىلىرىدە.

تىن بىرىمۇ يوق. باشقا گەپلەرنى قويۇپ، بىرلا مىسالنى ئالايلى، شېڭ شىسەي يۇرتىمىزنى ئىگىلىگەندە كىشىلەر ئايروپىلان، تانكا، ئاپتوموبىل دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قېلىشىپتىكەن. شۇ نەرسىلەرنىمۇ سىلىگە، ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ياسىغان. لېكىن بىزچۇ؟ يىڭنە، تۇگمە چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ ياسىيالمايمىز…

— بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، بالام. تەقدىرى ئەزەلدە كىمنىڭ پېشانىسىگە نېمە پۇتۇلگەن بولسا، شۇنى كۆرىدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتمەن دېيىش — خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ.

مەنسۇر بەگ گەپنى نازۇك پەللىگە كۆتۈرۈۋەتكەنىدى، لېكىن ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغىمۇ گەپ تېپىپ بېرەلىدى:

— ياق، بەگ دادا، خۇدا بەندىلىرىگە: «ياراتقۇچى ئۆزۈم، يارالغۇچى ئۆزۈڭ» دېگەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسى: بۇ دۇنياغا سېنى مەن ياراتتىم، ئەمما تۇرمۇشۇڭنى قانداق ئۆتكۈزۈش — ئۆزۈڭگە باغلىق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئادەملەر ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرماشسا، ئۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرىدۇ. مەسىلەن، بۇرۇن يۇرتىمىزدىكى دەريادا كۆۋرۈك يوق ئىدى. ياز كۈنلىرى بىرنەچچە ئايغىچە قاتناش ئۈزۈلۈپ قالاتتى، يا بولمىسا، كىشىلەر ئىلاجسىز تۇلۇمغا ئولتۇرۇپ ئۆتىمىز دەپ بەزىلىرى جاندىن ئايرىلاتتى. كېيىن كۆۋرۈك سېلىنىۋىدى، كىشىلەر غەمدىن قۇتۇلۇپ، خۇشال بولۇشتى. ئۆلىما، ئاخۇنۇملارمۇ قارشى چىقمىدى، خۇدايىممۇ كۆۋرۈكنى يوق قىلىۋەتمىدى. ئويلاپ كۆرسىلە، خۇدايىم دەريا دېگەننى كۆۋرۈكسىز ياراتقان، ئۇنىڭغا كۆۋرۈك سېلىش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ دەپ يۇرۇۋەرگەن بولساق، ياخشى بولارمىدى؟! ياق، بەگ دادا، خۇدايىممۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ جاپا تارتىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ.

بۇ گەپلەر مەنسۇر بەگنىڭ چۈشەنچىسىگە تولۇق ماس كەلمە-

سىمۇ، زادى نەرى خاتا ئىكەنلىكىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي، توغرىدىن ـ توغرا رەددىيە بېرەلمەي قالدى.

— خوش، ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە سۆھبەتنى ئەسلىي تېمىغا يۆتكەپ.

— باللارنى ئوقۇتماقچى، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىلىم سالماقچىمەن.

— ھىم، — مەسخىرىلىك كۈلدى مەنسۇر بەگ، — ناھايىتى شۇ ئىش ئىكەنغۇ، مەن تېخى سېنى ئايروپىلان، تانكا، كوڭكا① دېگەندەك نەرسىلەرنى ياسايدىغان چاغۋا دەپتىمەن.

ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ تەنىسىنى چۈشىنىپ كۈلۈمسىرىدى:

— ياق، ئۇلارنى ياساش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەمما مەن ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلارنى ياسىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئارىنى سەل جىملىق باستى. مەنسۇر بەگ جىيەنىگە بىرپەس ھومىيىپ قاراپ تۇردى ـ دە، كېيىن بىردىنلا قولىنى جۇنۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ياق، سېنىڭ نېمىنى خالىسام، شۇنى قىلىمەن دېيىشىڭگە قاراپ تۇرالمايمەن. مەرھۇم دادامنىڭ ۋەسىيىتى بار. سېنى ئۆز يېنىمدا تۇتۇپ ئەل ـ يۇرتنى ئىدارە قىلىشنى ئۆگىتىمەن، كېيىن ئورنۇمنى ئىگىلەپ مۇشۇ يۇرتقا بەگ بولىسەن! ئۇنداق پەلىپەتىش خىياللارنى بېشىڭدىن چىقىرىپ تاشلا!

مەسىلە يەنە بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى. ئابدۇكېرىم قانداق ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنىڭ بىر قىسمىنى يوشۇرۇپ، ئەلنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش دېگەن مەسىلە ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلماقچى بولغان، قارىغاندا، ئۇلار كۆپايە قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شۇنچە سىلىقلاشتۇرۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى پۇ-

---

① كوڭكا — ئاپتوموبىل.

تۇن ئۇي ـ خىيالى ئەمەل ـ مەنسەپ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەيدىغان بۇ بەگ ئالدىدا خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا تەسىر قالدۇرغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇنازىرىدە بەس كېلەلـ ـمەي، ئاخىرى زورلۇق يولىنى تۇتتى. ئەمدى نېمە دېيىش كېـ ـرەك؟ ئابدۇكېرىم هازىر بۇرۇنقى غەمسىز، شاد ـ خۇرام بايۋەچـ ـچە، چوڭلار نېمە دېسە، «خوش ـ خوش» دەپ تۇرىدىغان ئىتاـ ـئەتچان ئۆسمۈر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە هازىر قانداقتۇر بىر يېزىغا بەگ بولۇش هەۋىسى ئەمەس، بەلكى شۇ خىل بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ تايانچىسى بولغان زالىم هۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان، ئېزىلىۋاتقان خەلقنىڭ دەرد ـ هەسرىتى يالقۇنلىنىپ ياناتتى.

— ياق، مېنى ئەپۇ قىلسىلا، بەگ دادا، — دېدى بۇ قېتىم ئۇمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — سىلىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى قاندۇرالـ ـمايمەن!

— نېمىشقا، زادى نېمىشقا؟ — مەنسۇر بەگ ئورنىدىن بىردىنلا تۇرۇپ كەتتى، — ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ بەڭۋاشىنىڭ گېپىنى كۆرمەمدىغان! — ئۇ ئۆي ئىچىدە بىردەم ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، كېيىن ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىدا توختىدى، — قېنى، ئېيتقىنا، نېمىشقا بەگ بولۇشنى خالىمايسەن؟

— بەگ دادا، بۇ هەقتە سۆزلەشمىسەك بولماسمۇ!؟ — ئابدۇكېرىم يەنىلا كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتقۇسى كەلمەي، چىدـ ـرايلىقچە چېكىنمەكچى بولدى.

— ئەمىسە، مەن دېگەندەك قىلىسەن! — مەنسۇر بەگ ئەكسىچە جىددىي قىستاپ كەلدى.

— ماقۇل، مەن ئېيتاي، — ئابدۇكېرىممۇ ئورنىدىن تۇرـ ـدى، — ئەسلىدە، بۇ هەقتە سۆزلەشمىسەك بولاتتى، لېكىن قىستاپ تۇرۇۋالدىلا، گەپلىرىمنىڭ سىلىگە ياقمايدىغانلىقى تۇرـ ـغان گەپ، شۇنداقتىمۇ ئېيتاي: مەيلى يۇرت بەگلىرى بولسۇن،

مەيلى شەھەردىكى ئەمەلدارلار بولسۇن ھەممىسى ھۆكۈمەت ئۇچۇن كەتمەن چاپىدىغان ئادەملەر. ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلۇمى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. پۇقرالار زار - زار قاقشاۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سۆزلىسەم گەپ تولا. ئېشقىلىپ، مەن مۇنداق زالىم ھۆكۈمەتكە يانتاياق بولۇشنى خالىمايمەن، بەگ دادا.

مەنسۇر بەگ جىيەنىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق سۆزلەرنى چىقار دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا باشتا «ئۇ راست دەۋاتامدۇ ياكى...؟» دېگەندەك بىرپەس داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن غەزەپلەندى.

— سېنىڭچە، مەنمۇ شۇنداق زالىملاردىن بىرىمۇ؟ — دەپ تەئەددى بىلەن سورىدى چىرايى قاتتىق يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن مەنسۇر بەگ.

ئابدۇكېرىم بۇ سوئالدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى.

— بۇ ئىش ھەممىدىن بەكرەك ئۆزلىرىگە ئايان، مەن بولسام، سىلىنى پۇقراپەرۋەر بولسىكەن، دەپ ئۇمىد قىلىمەن.

قارا بۇلۇت سەل شالاڭلاشقاندەك بولدىيۇ، لېكىن ھاۋا يەنە تۇتۇق پېتى قېلىۋەردى. مەنسۇر بەگ جىيەنىگە ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇرۇمچىدىن قانداق ئادەم بولۇپ قايتقانلىقى ئايان بولغانىدى. «بوزۇلۇپتۇ، پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، — شەھەردىكى باشلىقلار ئېيتقان كومنۇس① دېگەن تائىپىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاپ قاپتۇ. بۇنىڭغا ئۇستاز بولغانلارمۇ شۇنداق يۇرت بۇزۇقلىرى بولسا كېرەك. ھۆكۈمەت ئاشۇنداق مەكتەپلەرنى نېمىشقا ئاچىدىغاندۇ؟... بۇ بەڭۋاش مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمەيدىغان ئوخشايدۇ.

① كومنۇس — كوممۇنىست سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ئۆزۈڭنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالاڭ بولمىغاندىكىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق زورلىغىلى بولمايدىكەن. بوپتۇلا، بېشىغا قونىدىغان دۆلەت قۇشىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەندىن كېيىن ئاشۇ ئەپەندىچىلىك دېگەننى قىلسا قىلمامدۇ. دادام رەھمىتىنىڭ ۋاقتىدا ئۆز ئوغلۇم يوق ئىدى، ئەمدى بار بولدى. ئون - ئون بەش يىل ئىچىدە ئۇمۇ چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مەندىن كېيىن بەگلىك شۇنىڭغا قالار. بۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ! خەقنىڭ بالىسى ئۇچۇن غەم يەپ نېمە ئاۋارە بولىمەن. ئەمما، بۇ بەڭۋاش ئاغزىنى يىغىپ يۈرۈشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدا مۇشۇنداق كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ يۈرسە، بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى قىسماققا دەسسىمەي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا بىر ئۆينىڭ[①] تېزىكى ھەممىنى بۇلغاپتۇ، دېگەندەك، مەنمۇ شالتاقتىن خالىي بولالماي قالىمەن. ئەسلىدىغۇ، ئاچامنىڭ بالىسى بولماي، يات بىرى شۇنداق دېگەن بولسا، تۇتۇپ، باغلاپ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي گۇندىخانىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولاتتىم، خەپ، بەڭۋاش! ...»

— بوپتۇ، بىلگىنىڭنى قىل! — مەنسۇر بەگ ئابدۇكېرىمگە قارىمايلا ئاخىرقى ھۆكۈمنى جاكارلىدى، — ئەمما ئاغزىڭغا ھېزى بولۇپ يۈر، كاللاڭدىن ئايرىلىپ قالما يەنە. ھۆكۈمەت دېگەن تاش، سەن دېگەن ياڭاق، ياڭاقنىڭ تاشقا تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ ئۇ چاغدا مەنمۇ ئارا تۇرالمايمەن.

ئابدۇكېرىم تاغىسى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋېرىشتىن بىزار بولغانىدى. شۇڭا ئەمدى ئېغىز ئۇپراتماي سۈكۈت ساقلاشنى راۋا كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەنگە ياقمىغان بۇ سۆھبەت مەنسۇر بەگنىڭ جىيەنىدىن ئىككىنچى قېتىم رايى قايتىش بىلەن تاماملاندى.

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

---

① ئۆي — ئۆكۈز.

ئابدۇكېرىم شەھەردىكى ئوغۇللار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەندى، دادىسىنىڭ قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ بولۇپلا ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇ شەھەردىن ئىجارىگە ئالغان ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە چوڭكۆلگە كېلىپ، بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى قايتاتتى①. ئۇ يېزىغا كەلگەن ھامان ئاۋۋال ئۇدۇل زاراتگاھلىققا بېرىپ، دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يېرىم سائەتچە ئولتۇراتتى، ئاندىن ئۆيگە باراتتى. زۆھرە خېنىم ھەمىشە ئۇنى تاشقىرىقى ھويلىدا كۈتۈۋالاتتى، باغرىغا بېسىپ، يىغلامسىراپ:

— كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام، ئەجەبمۇ سېغىندۇردۇڭغۇ مېنى، ھېچ دىدارىڭغا قانماي كەتتىم، — دەيتتى.

كۈيئوغلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەدىچە خېنىممۇ «قىزىمغا ھەمراھ بولاي» دەپ بۇ كۈنلەردە زۆھرە خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇمۇ ئامراق نەۋرىسىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە پېشانىسىگە سۆيۈپ ئۇزاققىچە قۇچاقلاپ، خۇددى بالا چاغلىرىدىكىدەك:

— خۇندىكەم، دوندىكەم، — دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتەتتى.

— مەنمۇ سىلەرنى كۈندە سېغىنىمەن، قانىتىم بولسا ئۇچۇپلا كەلسەم دەيمەن، — دەيتتى ئابدۇكېرىم ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ.

ئۇ ئەتىسى مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىنى يوقلايتتى. ھەر قېتىمدا ئادالەت بىلەنمۇ كۆرۈشەتتى، لېكىن مۇنداق كۆرۈشۈش بۇرۇنقىدەكلا باشقىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېلىپ بېرىلاتتى ۋە قىسقىچە سالاملىشىش بىلەنلا چەكلىنەتتى.

---

① ئۇ كەملەردە يېڭىچە زامانىۋى مەكتەپلەرمۇ جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى.

دادىسى ئۇچۇن قارلىق تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەنلىك-تىنمۇ ياكى يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بارمۇ؟ ئەيتاۋۇر، تۇيىنىڭ كىچىكتۇرۇلگەنلىكىگە ئابدۇكېرىم ئانچە ئېچىنىپ كەتمىدى. بۇ ھەقتە ئۆزى ھېچ نەرسە دېمەيتتى. مۇبادا باشقىلار شۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ قالسا، سۇس كۈلۈمسىرەپ:
— كېرەك يوق، بىر يىل دېگەن ئۇزاق ۋاقىت ئە-مەس، — دەپلا قويۇاتتى.
مەنسۇر بەگ جىيەنىنىڭ ئەخمەقلىقى، بەڭۋاشلىقىدىن ھېلى-مۇ خاپا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ھەر قېتىم كەلگەندە ئاغزىغا ھېزى بولۇشنى، كەلسە-كەلمەس سۆزلەپ يۈرمەسلىكنى قايتا-قايتا جېكىلەيتتى.
— ناھىيىدىكى باشلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى ئۇ بۇ-گۈنمۇ ئابدۇكېرىم بىلەن قىسقىچە تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، — ئىلى تەرەپتە ئالتە ئوغرى ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ قوزغاپتىمىش. قايسى كۈنى شۇ ھەقتە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مەجلىس بولدى. ھاكىم بۇ يەردىمۇ شۇ ئوغرىلارنى ھىمايە قىلى-دىغانلار چىقىشى مۇمكىن، قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، ھۆكۈمەت ئۈستىدە پىتنە-پاسات تارقاتقۇچىلار سېزىلگەن ھامان تۇتۇپ ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، دېدى. بالام، سەندىن بەك ئەنسى-رەپ قالدىم، ئۆزۈڭگە قاتتىق ئاگاھ بول، ھۆكۈمەتنى پالانى-پۇستان دەيدىغان، ئاشۇ ئوغرىلارنى ياقلايدىغان سۆزلەرنى ئەسلا قىلغۇچى بولما.
— كۆڭۈل بۆلگەنلىرىگە رەھمەت، بەگ دادا، — ئابدۇكېرىم كۈلۈمسىرىدى، — ئۇ ئىشلاردىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. لېكىن ئۇلار ھەرگىز ئوغرىمۇ، باندىتمۇ ئەمەس، بەلكى ھەققانىيەت-ھۆرلۈك ئۈچۈن قوزغالغان باتۇرلار...
— جۆيلۈمە! — ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى مەنسۇر بەگ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك

بولغانىدى، ئەمما سەلدىن كېيىن يەنە ئۆزىنى بېسۋېلىپ، سۆ-
زىنى داۋاملاشتۇردى، — بوپتۇ، بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش
قىلمايلى، ھامىنى گېپىمىز بىر يەردىن چىقمايدىكەن. ئەمما
ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۇنداق ئالتە
توك - توك توپىلاڭچىنى بىردەمدە يىغىشتۇرۇپ بولىدۇ. كىمد-
كى كېيىنلىكىنى ئويلىماي شۇلارغا ئەگەشسە، كېيىن پۇشايماد-
نى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىدۇ.

مېھمانخانىغا پاتىمە خېنىم ۋە ئادالەتنىڭ كىرىشى بىلەن
ئەمدىلا باشلانغان بۇ جىددىي سۆھبەت ئۈزۈلدى.

ئابدۇكېرىم شۇ كۈنى ئېزىز بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچرىشىپ
تونۇشتى. «بۇمۇ مال - دۇنيا كۆزلەپ يۈرگەن تەمەخورلاردىن
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئېزىزنى ھە دېگەندىلا ياقتۇرماي.

# تۆتىنچى باب

## 1

ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيى مەنسۇر بەگنىڭ قورۇسىدىن قىرىق-ئەللىك قەدەمچە نېرىدا ئىدى. ئۇ ئېزىز كەلگەن كۈنىلا كەچتە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ مېھمان قىلدى.

— پالۋان، مەن سىزگە ھاياتىم بىلەن قەرزدار، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — ئۇنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە قايتۇرۇپ بولالمايمەن. ئەمما كېيىن سىزنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ تۇرالمىدىم. ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن.

ئېزىز سەل قىسىلغاندەك بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— ساۋۇت ئاكا، ئۇ قانچىلىك ئىشتى. شۇ چاغدا مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغاندىمۇ شۇنداق قىلار ئىدى.

— ياق، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ئۇ، — دېدى ساۋۇتئاخۇن سول قولىدا ساقىلىنى سىيپاپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەردە ياشاپ، كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرالايدىكەنمىز، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. بۇ ئۆينى ئۆز ئۆيىڭىزدەك بىلىڭ، پالۋان.

— بېگىمنىڭ ئۆيىدىكى غىزالارغۇ بەك ئېسىل، — ئۇنىڭ ئايالى زۇپتۇمخانمۇ پولۇ ئۇسۇلغان لېگەننى ئېرىگە سۇنۇۋېتىپ سۆز قىستۇردى، — لېكىن كۆڭۈللىرى بەزىدە ئايرىم غىزانى تارتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆيىمىزگە تارتىنماي كېلىۋەرسىلە، ئۇكام، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيىدىغان، يامايدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن.

ئېزىز ئۇنىڭغىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۇلار غىزالانغاچ مۇڭداشتى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرقەدەر تونۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئېزىز ئۇ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم باردى. بەزىدە ساۋۇتئاخۇن باشلاپ باراتتى، بەزىدە ئۆزىلا مۇڭدىشىش ئۈچۈن باراتتى. ئۇزاققا بارمايلا ئېزىز ئۇلار بىلەن خۇددى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك يېقىن بولۇپ كەتتى.

گۈلسۈمگە ئېزىزنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولۇش تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئورنىنى سالاتتى، يىغاتتى، ئۈچ ۋاخ تامىقىنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ بېرەتتى، ھۇجرىنى تازىلايتتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇياتتى.

— پالۋان، غىزا كۆڭۈللىرىگە ياقتىمۇ؟— دەيتتى ئۇ بەزىدە،— سايىم ئۇستام ساقسىز بولۇپ قاپتىكەن، بۇ ئاشنى ئۆز قولۇم بىلەن ئەتتىم.

مەنسۇر بەگنىڭ مەخسۇس ئاشپىزى سايىم ئۇستىنىڭ مۇنداق «ساقسىز بولۇپ قالىدىغان» ، تاماقنى گۈلسۈم «ئۆز قولى بىلەن ئېتىدىغان» چاغلار پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى. ئېزىز بۇ گەپكە راستتىن ئىشىنەمتى ياكى قىزنىڭ خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ سېپىشنى خالىمامتى، ئەيتاۋۇر ھەر قېتىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ناھايىتى مەززىلىك بوپتۇ. غىزا ئېتىشكە ئۇستىكەنسىز،— دەپ قوياتتى.

گۈلسۈمنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچە چاقناپ، چىرايى باھاردا ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى ۋە ھۇجرىدىن كەكلىكتەك يورغىلاپ چىقىپ كېتەتتى. بەزىدە يەنە گۈلسۈم ئېزىزنىڭ چۈشۈپ قالغان بىرەر تۈگمىسىنى قاداپ، كىيىمىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن يېرىنى ياماپ قويغان بولاتتى.

گۈلسۈم شوخ، گەپدان، ئوچۇق ـ يورۇق قىز ئىدى. ئايال خوجايىنلار بىلەنمۇ تارتىنماستىن سۆزلىشىۋېرەتتى. ئۇ ئادالەتنىڭ پۈت ـ قولىنى چۈشەپ تۇرغان بەزى چەكلىمىلەردىن خالىي

بولغاچقا، ئەر خىزمەتچىلەر بىلەنمۇ ئەركىن ـ ئازادە كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىۋېرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئېزىزدىن ئۇش-تۇمتۇت سوراپ قالدى:

— پالۋان، ئاڭلىسام تېخى ئۆيلەنمەپلا ـ ھە؟

ئېزىز ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ھەئە.

— چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان بىرەرى باردۇ؟

— يوق.

گۈلسۈم ئازراق تۇرۇپ قېلىپ، قىسىلغان، دۇدۇقلىغان ھالدا ئۈچىنچى سوئالنى ئاغزىدىن چىقاردى:

— ئۆزلىرى... كۆڭۈللىرىگە پۈككەنلىرىمۇ يوقما؟

ئېزىز بۇ چاغدا پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ بىر يېڭىنى ساپقاندى. بۇ سوئالنى ئاڭلاپ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى ـ دە، گۈلسۈمگە سەل ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بار.

گۈلسۈمنىڭ چىرايى ئانارگۈلى رەڭگىگە كىردى. ئۇ ئېزىز-غا يەر ئاستىدىن ئوماقلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاندىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. «بۇ ئۆزىنىڭ سوئالىمىدۇ ياكى ئادالەت بۇيرۇغانمىدۇ؟» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئېزىز ۋە چىرايىدا تەبەسسۇم پارلىغان ھالدا ھۇجرىدىن چىقتى.

ئېزىز بۇ ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەنگە — خوجايىنلاردىن تارتىپ خىزمەتكارلارغىچە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. گېپى ئاز بولغىنى بىلەن چىرايىدىن بىر خىل ئوچۇقلۇق، تەبەسسۇم يوقالمايتتى، ھېچكىمگە قوپال گەپ قىلمايتتى. «چىرايى ئوچۇقلۇقى كۆڭۈلنى يورۇتار، كۆڭۈل يورۇقلۇقى دوستلار-نى ئاۋۇتار» دېگەندەك، ئېزىزنىڭ مۇنداق كەمتەر، خۇش پېئىل-

لىقى بۇ ئائىلىدىلا ئەمەس، مەھەللىدىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېس-
داشلىق قىلغۇچىلارنى كۆپەيتتى. «مۇشۇ پالۋان بىلەن ئاغىنە
بولۇپ قالسام - ھە!» دەپ ئارزۇ قىلاتتى ياش يىگىتلەر.
ياشانغانلار بولسا ساقاللىرىنى سىيپاپ: «ئىلاھىم، بۇ پالۋاننىڭ
ئامىتىنى كەڭرى، دۆلىتىنى زىيادە قىلغايسەن» دەپ تىلىشەتتى.
پەقەت بىرلا ئادەم — غاپپارلا ئۇنىڭ بۇ ئائىلىدە پەيدا بولۇشىغا
خۇشال بولمىدى، غۇم ئۈستىگە يەنە غۇم قوشۇلدى. ئۇ ئىلگىرى
چېلىشىش سورۇنلىرىدا چېمپىيون ئىدى، بەگ قورۇسىدىكى
خىزمەتكارلار ئارىسىدا ئەڭ ئابرۇيلۇقى ھېسابلىناتتى. بۇ ئامەت-
لەر ھېلىقى نەس باسقان كۈندىن تارتىپ ئېرىزغا مەنسۇپ بولۇپ
قالدى. بەگمۇ ئەمدى بىر يەرگە بارسا غاپپارنى ئەمەس، ئېرىزنى
ھەمراھ قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇمۇ ئاز دېگەندەك، تېخى غاپپار
چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان، يەنە كېلىپ كەلگۈسىدە خوتۇنى
بولىدىغانلىقى بەگ تەرىپىدىن بېكىتىلىپ قويۇلغان گۈلسۈم مۇشۇ
كۈشەندىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرۇلدى. ئىككىسى خالى-
غانچە كۆرۈشسە، پاراڭلاشسا، بۇ ئىشقا قانداق چىداپ تۇرغىلى
بولىدۇ!؟ غاپپار باشتىلا بۇ ئىش توغرىسىدا بەگ بىلەن سۆزلى-
شىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە جۈرئەت قىلالمىدى.
«نېمىلا دېگەنبىلەن گۈلسۈم بەگنىڭ چاكىرى، ئاندىن تېخى
رەسمىي نىكاھىغا ئۆتمىگەن. بەگ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەن سۆزنى
ياندۇرۇۋېلىشنى خالىمايدىغان ئادەم. ھازىر ماڭا بۇرۇنقىدەك
قارىمايدىغان بولۇپ قالدى. ‹نېمىشقا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشى-
سەن؟ ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن، قانداق!؟›، دەپ قالسا، قانداق
قىلغۇلۇق؟ ياق، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، باشقا ئىشمۇ يۈز بەرمەس»
دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ئۇ. بىراق، زادى خاتىرجەم بولال-
مىدى. ئۇ ئائىلىدە بولسىلا گۈلسۈمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇ-
شىنى مەخپىي كۆزىتەتتى. گۈلسۈم ھەر قېتىم ئېرىزنىڭ ھۇج-
رىسىغا كىرىپ كەتكەندە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. ئۇ يەردە

سەل هايالشىپ قالسا، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كېتەت-
تى.

بۇگۇن ئەتىگەن گۇلسۇم ئىزىزنىڭ ھۇجرىسىدا خىلىغىچە تۇرۇپ قالدى (راستىنى ئېيتقاندا، غاپپارغا شۇنداق بولۇپ تۇيۇلدى)، ئاندىن چىرايى تەبەسسۇم ۋە شادلىقتىن پارلىغان ھالدا يۇگۇرۇپ چىقتى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. غاپپار غەزەپتىن تىترەپ كەتتى: «ئىسم، ئىش چاتاق، بۇ بەتبەختلەر پۇتۇشۇۋالغانمۇ نىمە؟ بۇ قانجۇق ئەجەب خۇشال كۆرۈنىدۇيا... ياق، ئەمدى بۇنداق بوشاڭلىق قىلىپ يۇرۇۋەرمەي...» دەپ ئويـ لىدى ئۇ. شۇ تاپتا ئۇ ئىزىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنى سوئال ـ سوراققا تارتىشقا، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىشقىمۇ تەييار ئىدى ۋە شۇنداق قىلماقچىمۇ بولدى. ئەمما ئۇ بىر قەدەم ئېلىشىغا ھۇجرىدىن ئىزىز، ئارقىدىن مەنسۇر بەگ چىقىپ قالدى.

— تەييار بولدىڭىزمۇ، پالۋان، ئەمىسە ماڭايلى،— دېدى مەنسۇر بەگ ئىزىزغا، ئاندىن غاپپارغا بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى،— پالۋان، سىز دورغىلاردىن بىرىنى ھەمراھ قىلىپ جىگدىلىك كەنتىگە بېرىپ كېلىڭ. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۇستەڭ چېپىشقا تولۇق بارغانمۇ، يوق؟ سۇرۇشتۇرۇڭ، ھەرقانداق باھا-نىلەرگە قۇلاق سالماي ھەممىنى تولۇق ئەۋەتىڭ.

غاپپار ئىلاجسىز ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاندىن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىزىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

ئۇ جىگدىلىككە بېرىشتىن ئىلگىرى ئاشخانىغا كىردى. بۇ چاغدا گۇلسۇم سايىم ئۇستا بىلەن قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىرىشىگە سايىم ئۇستا بىر چېلەك يۇندىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

— گۇلسۇم، بايا ئاۋۇ توڭگۇزنىڭ ئالدىدا ئەجەب ھايالشىپ

كەتتىڭىزىيا؟— دەپ سورىدى غاپپار. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى قىسماق كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى.

گۈلسۇم بۇ ئادەمنى يامان كۆرەتتى، ئۇنىڭ قوپال، قاراملىقىدىن، باغرى تاش، ياۋۇزلۇقىدىن چۆچۈيتتى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا، تەتۈر پېشانىلىكىدىن بىر كېچە يىغلاپ چىققان، ئەتىسى ئادالەت ئالدىدا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ شىكايەت قىلغان.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، گۈلسۈم، تېخى تويۇڭلار بولغىنى يوق. ئۇ كەمگىچە يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ ئىلاھىم، ئۇنداق بولمايمۇ قالار،— دەپ تەسەللى بەرگەن ئادالەت. راستتىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭدىن باشقىسى كەلمەيتتى.

بىچارە گۈلسۈم سەۋر قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، ئەمما كېچىلىرى ھەممىشە خۇدادىن ئۆزىنى غاپپاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى. ئېزىز مۇشۇ ئائىلىدە تۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ غاپپارغا بولغان ئۆچلۈكى تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئەمدى ئىلتىجالىرى ئېچىگە ئېزىزمۇ قىستۇرۇلۇپ، خۇدادىن ئۆزىنى مۇشۇ پالۋاننىڭ جورىسى قىلىشنى تىلەيدىغان بولغانىدى.

— قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇردۇم شۇ، — گۈلسۇممۇ غاپپارغا قارىمايلا توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئۇ ئىشقا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كېتەمدىكەن؟

— گەپلىرى بولسا، بېگىمگە دېسىلە، مېنى بۇ ئىشقا شۇ كىشى بۇيرۇغان.

— بېگىمگىمۇ دەرمەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بىلىپ يۈرۈڭ. بولمىسا چوڭ ئىش چىقىپ كېتىدۇ جۇمۇ، — دېدى غاپپار تەھدىت سېلىپ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن ئەلىمىنى جىگدىلىكتىكىلەردىن ئالدى.

هاشارغا ۋاقتىدا بارمىغان بەش كىشى بىلەن ئوزۇق - تۈلۈك ئەكېلىش ئۈچۈن كەنتكە كەلگەن ئۈچ كىشىنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ تاكى ئىش ئورنىغا يەتكۈچە ئۈرۈپ ماڭدى.

## 2

شۇ كۈنى گۈلسۈم يەنە ئادالەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك ئۈن سېلىپ يىغلىدى. غاپپار بىلەن بولغان ھېلىقى ئىشنى ئېيتىپ بېرىپ:

— بۇ قارا كۆڭۈل لۈكچەك ئېزىز پالۋانغا بىرەر يامانلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدى.

بۇ خەۋەر ئادالەتنىڭ كۆڭلىگىمۇ قورقۇنچ سېلىپ قويدى. ئۇ ئېزىز بىلەن گۈلسۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر غەيرىي نورمال ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. بۇ بەلكىم، پاك سۆيگۈگە ئىگە ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلارغىلا خاس بولغان بىر خىل غايىبانە ئىشەنچ بولسا كېرەك. بىراق، غاپپار دېگەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى. مۇبادا ئۇنىڭ ئۆچلۈكى تۇتۇپ، ئېزىزغا بىرەر يامانلىق قىلىپ قويسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈپ زىيانكەشلىك قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ ئۇ لۈكچەك. ئۇ چاغدا ئادالەتكىمۇ بۇ دۇنيا ھارام بولىدۇ.

— غولى شۇنداق دېدىمۇ؟ — ئەندىكىپ سورىدى ئادالەت.

گۈلسۈم بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ خەۋەرنى ئانام ئارقىلىق دادامغا يەتكۈزەي، — دېدى ئادالەت سەل ئويلىنىپ، — دادام گەپ قىلسا، ئۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

گۈلسۈممۇ باشتا بۇ چارىنى ماقۇل كۆرگەنىدى. لېكىن كېيىن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى: «بېگىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنى ئېزىز پالۋاننىڭ خىزمىتىدىن توسۇپ قويسا، ئۇنىڭ بىلەن خالە-

غانچە كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ يۈرەلمەي قالارمەنمۇ؟ ياق، بولمىغۇدەك».

— خېنىم، هازىرچە بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە ئېيتماي تۇرسىلا، — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك قىلىپ، — بېگىم ئاڭلىسا، ئېزىز پالۋانغىمۇ، ماڭىمۇ گەپ كېلىپ قالارمىكىن، ئۆزۈم دىققەت قىلاي.

— بۇمۇ بار گەپ، — ئادالەت ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئوڭايلا ئىشەندى.

گۈلسۇم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئادالەت يەنە خىيالغا چۆكتى. ئۇ چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنىڭ مۇشۇ ئائىلىدە ياشاۋاتقىنىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بەزى كۈنلىرى ئۇنى نېرىسىدىن كۆرەتتى، بەزىدە ھەتتا ئايۋاندا ياكى تاشقىرىقى ھويلىدا ئۇچرىشىپمۇ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا گويا قانداقتۇر بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇشتۇمتۇت قاتۇرۇپ قويغاندەك، ھەر ئىككىلىسى ئورنىدا بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە بىرپەس تۇرۇپ قېلىشاتتى. ئادالەت يىگىتنىڭ كۆزلىرىنىڭ بۆلەكچە چاقناپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىدىكى ھودۇقۇش ئارىلاش تەبەسسۇمنى، ياراشقان بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرىنىڭ سۆزلەشكە تەمشەلگەندەك سەل - پەل ئېچىلغانلىقىنى، كەڭ پېشانىسى بىلەن قاڭشارلىق بۇرنى ئۈستىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغىنىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى، لېكىن ئۆزى ئۇنىڭغا شەھلا كۆزلىرىدىكى خۇمارلىق بېقىشىنىلا ھەدىيە قىلالايتتى. يىگىت ئۇنىڭغا بىرپەس مەستانىلەرچە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، گويا بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ قويۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ:

— ئوبدان تۇرۇۋاتامىلا، خېنىم؟ — دەپ ئەھۋال سورايتتى.

ئادالەتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل شېرىن سېزىم تارقىلىپ، جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۆزىدە جۈرئەت يوقتەك ھېسقا كېلىپ قالاتتى،

بەزىدە بولسا، ھاياجىنىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، ئۆزىگىلا ئاڭلانغۇ-دەك پەس ئاۋازدا:

— خۇداغا شۈكۈر، — دەپ قويااتتى.

ئۇنىڭمۇ ئەھۋال سورىغۇسى كېلەتتىيۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلىدىكىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. ناۋادا بىرەر شەپە ئاڭلان-غۇدەك بولسا، ھەر ئىككىلىسى شۇ ھامان ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى. بۇ نېمىدېگەن بەختىيار چاغلار - ھە! ئادالەت مەڭگۈ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇسكى، مۇنداق ۋاقىتلار كۆپىنچە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تامام بولاتتى. توغرىسى، ئادالەتكە شۇنداق تۇيۇلاتتى.

«ئۇمۇ ماڭا كۆيىسە كېرەك.» ئادالەت تۇنجى قېتىم مۇشۇن-داق ئويغا كەلگەندە، گويا دۇنيادىكى جىمى بەخت ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى - دە، چىرايىدىن كەچكىچە كۈلكە كەتمىدى. ئىشتىھاسىمۇ خېلى ئېچىلىپ قالدى، ھەتتا پەس ئا-ۋازدا غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىشۇەتتى.

— چوڭ ئانا، — دېدى ئۇ كەچتە خەدىچە خېنىمغا يېپىشىپ، — ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭا، ھېلىقى يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخا ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

خەدىچە خېنىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلەتتى:

— بۈگۈن بەك ئېچىلىپ كېتىپسەنغۇ، قوزام. يۇسۇپ - زۇلەيخا ھېكايىسىنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتىپ بەردىم. بۈگۈن باشقىسىنى — ئۇچار گىلەمنى ئېيتىپ بېرەي.

— ياق، ئۇنى ئاڭلىمايمەن. يۇسۇپ - زۇلەيخانى ئېيتىپ بېرىڭ.

— بۈگۈن نېمە بولغاندۇ بۇ بالىغا؟ — خەدىچە خېنىم سەل ھەيران بولدىيۇ، لېكىن يەنىلا نەۋرىسىنىڭ رايىنى قايتۇرماي، ئۇ تەلەپ قىلغان ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى.

# بەشىنچى باب

## 1

ئابدۇكېرىم قىشلىق تەتىلدە ئانىسىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇش ئۈچۈن چوڭكۆلگە كەلدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خېلى ئولتۇرۇپ قالدى. «قىش كۈنى — بىر تۈتام» دېگەن گەپ بار. ئابدۇكېرىم ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولغاندا، يېزا قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆككەنىدى. ئۇ يالغۇز كېتەلەيمەن دېسىمۇ، چوڭ ئۆيگە يەنە قايتىپ كەلگەن خەدىچە خېنىمنىڭ زورلىشى بىلەن مەنسۇر بەگ ئۇنىڭغا ئېزىزنى ھەمراھ قىلىپ قويدى.

يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى بولسىمۇ، ھاۋا ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئىككى يىگىت ئاتلىرىنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىپ، پاراڭلاشقاچ مېڭىشتى. كۆپرەك ئابدۇكېرىم سوئال سو-رايتتى، ئېزىز قىسقا - قىسقا جاۋابلارنى بېرىش بىلەنلا كۇپايىلى-نەتتى. «يالغۇز پالۋانلا ئەمەس، ئەقلى - ھوشىمۇ خېلى جايىدا يىگىت ئىكەن، — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئابدۇكېرىم، — ئانچە - مۇنچە گەپ ئېلىپ باقايمۇ يا؟ بىراق بەگ دادام ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدىكەن. ھازىرقى ئەھۋالغا نارازى يېرى بولسا... ياق، بۇنداق ئادەملەر ئەمەلدار - بەگلەرگە ياخشى كۆرۈ-نۈشنى، يالاقچىلىق قىلىشنىلا بىلىدۇ...» شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىمگە بۇ ھەمراھى نېمىشقىدۇر ياقماي قالدى.

— قايتىپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ بىردىنلا توختىلىق بىلەن، — ئۆزۈم كېتەلەيمەن.

— ياق، سىلىنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىمەن،
بولمىسا خەدىچە خېنىم بىلەن بېگىم خاپا بولىدۇ.

«ئەنە، دېمىدىممۇ، خوجايىنلىرىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن
بەكمۇ قورقىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئابدۇكېرىم ۋە ئېزىزغا مەس-
خىرىلىك قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلار جىمجىت مېڭىشتى. ئېزىزنىڭ كاللىسىنى بولسا چىگىش
خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ئادالەتنىڭ مۇشۇ يىگىتكە باغلاپ
قويۇلغانلىقىدىن، بۇ يىل كۈزدە ئۇلارنىڭ تويى بولىدىغانلىقىدىن
خەۋەر تاپقانىدى. دېمەك، ئۇ — كۈشەندە، ئارزۇ - ئارمانلىرى-
نى، شادلىقىنى ۋە بەختىنى يوق قىلغۇچى رەقىب. شۇڭا ئېزىز-
مۇ ئۇنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ئۆچ كۆرىدۇ. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ
ئامانلىقىنى قوغداپ كېتىۋاتىدۇ. مۇبادا شۇ تاپتا بىرەر يەردىن
ئۇنىڭغا قارشى بىرەرى ئېتىلىپ چىققۇدەك بولسا، ئېزىز دەرھال
سەكرەپ چىقىپ ئۇنى ھىمايە قىلىپ، خەۋپتىن ساقلاشقا تەييار.
شۇنداق بولغاندا، ئېزىزنىڭ رەقىبى ئامان قېلىپ، ئۇ ئارزۇ
قىلغان گۈلنى شۇ ئۈزىدۇ، ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان ۋىسالغا شۇ
ئېرىشىدۇ. ئېزىز بولسا ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، ھەسرەتكە
چۆكىدۇ. ئاھ، بۇنى ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ نەقەدەر ئازابلىق -
ھە! ...

ئۇشتۇمتۇت يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئەنسىز ئاۋاز ھەر
ئىككى يىگىتنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

— ياق، بەرمەيمەن، بەرمەيمەن! — دەيتتى قانداقتۇر بىر
ئايال يىغلامسىراپ، — ئانامدىن قالغان تەۋەررۇك ئۇ.

ئارقىدىنلا ئۇلاردىن بەش قەدەمچە ئالدىدىكى بىر ئىشىك
جالاقلاپ ئېچىلدى - دە، بىر ئادەم چىقىپ، ئوڭ تەرەپكە يۈگۈ-
رۈپ كەتتى.

— ئىلاھىم، بوينۇڭ ئۈزۈلۈپ ئۆلەرسەن قىمارۋاز! سېنى
مۇشۇ يولغا باشلىغان بارات قارىغۇنىڭ يەنە بىر كۆزىمۇ قۇيۇلۇپ

كېتەر! — دەپ قارغىدى ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان ئايال ۋە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئىككى يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانىدى. ھەر ئىككىسىلا ئېتىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى. ئابدۇكېرىم ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئېزىزغا تۇتقۇزۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاچا، نېمە ئىش بولدى، بايىقى ئادەم كىم؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

ئايال ئېسەدەپ تۇرۇپ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى، ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك ئالتۇن زىرىنى تارتىۋېلىپ، بارات قارىغۇ دېگەننىڭ ئۆيىگە قىمار ئويناشقا ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئاندىن بىردىنلا ئابدۇكېرىمنى تونۇپ قېلىپ، دەرھال تىزلاندى ـ دە، پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— بەگزادەم، رەھىم قىلىپ زىرەمنى ئېلىپ بەرسىلە.

— ماقۇل، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاچا، سىز ئۆيىڭىزدە ساقلاپ تۇرۇڭ، بىردەمدىن كېيىن زىرىڭىز قولىڭىزغا تېگىدۇ.

ئابدۇكېرىم گېپىنى تۈگىتىپلا ئېتىغا مىنىپ بايىقى ئادەم كەتكەن تەرەپكە ماڭدى.

— توختىسىلا، بېگىم، — ئېزىزمۇ دەرھال ئۇنىڭغا يېتىشتى، — سىلى ئۇ يەرگە بارسىلا بولماس. مۇنداق قىلايلى: سىلىنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن بۇ ئىشنى بېگىمگە خەۋەر قىلاي. ئۇ يەرگە دورغىلار بارسۇن.

— قىمارۋازلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتامسىز؟ ھىم، پالۋانمىش تېخى. ئەنسىرىمەڭ، سىزنى بىللە بارغىن دېمەيمەن.

بۇ گەپ ئېزىزنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، غۇززىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

— بېگىڭىزگە خەۋەر قىلغىلى بارمامسىز؟ — ئابدۇكېرىم

نىمشقىدۇر يەنە تەنە قىلدى.

ئېزىز چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئۈن چىقارمىدى. «بۇ بەگزادىنىڭ چوڭچىلىقىنى قارىمامدىغان، ھەي··· شۇ تاپتا···»

بارات قارىغۇ دېگەننىڭ ئۆيى ئابدۇكېرىمگە بۇرۇندىنلا تونۇش ئىدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشقا ئون بەش قەدەمچە قالغاندا ئابدۇكېرىم ئاتتىن چۈشتى، ئېزىزمۇ شۇنداق قىلدى.

— سىز ئاتلارنى تۇتۇپ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئابدۇكېرىم توڭلۇق بىلەن تىزگىننى ئېزىزغا تەڭلەپ.

ئېزىز گەپ قىلماستىن تىزگىننى ئېلىپ، ئاتلارنى بىر دەرەخقە باغلىدى ـ دە، ئابدۇكېرىمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بارات قارىغۇنىڭ ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىن تاقالغانىدى. ئابدۇكېرىم ئۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئارىلىقتا ئېزىزمۇ يېتىپ كەلدى.

— سىز···

— مەنمۇ كىرەي، — بۇ قېتىم ئالدىراپ ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئېزىز.

بۇ دورەم ئابدۇكېرىم باشقا گەپ قىلمىدى. ئاۋۋال ئۇ، ئاندىن ئېزىز شەپە چىقارماستىن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ شۇ ئۆينىڭ يېنىغا بېرىشتى ـ دە، تامغا چاپلىشىپ ئىچىگە قۇلاق سېلىشتى. ئۆي ئىچىدىن «يا پادىشاھى جەمشىت!.» «سىديا! » دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. كىملەردۇ خىرقىراپ كۈلدى، كىمدۇ: «ۋاي، شور پېشانەم! » دەپ ۋايسىدى. ئارقىدىنلا:

— ھەي بارات، گۆشۈڭ ئەجەب پىشماي كەتتىيا، بىر قاراپ باققىنا، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بىرەيلەن ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ھويلا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئادەم ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيگە قاراپ مېڭىشىغا ئېزىز ئۇنىڭ گېلىنى غىپپىدە بوغۇپ پىچىرلىدى:

— ئۇن چىقارما!

بۇ ئادەم — بارات قارىغۇ ئىدى. ئۇ دەسلەپتە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قالدى. كېيىن سەل ئېسىگە كېلىپ بەلبېغىغا ئېسىلغان پىچاقنى ئالماقچى بولۇۋېدى، ئۇ قولىمۇ ئامبۇردەك قىسىلىپ ئارقىغا قايرىلدى ـ دە، بارات بۇلجۇيالمايلا قالدى.

— ياۋاش بول! — يەنە پىچىرلىدى ئېزىز.

ئابدۇكېرىم ئېزىزغا پەس ئاۋازدا: «يارايسىز!» دېگىنىچە ئىشكىنىڭ يېنىغا كەلدى. بارات ئۆيدىن چىققاندا ئىشىكنى ھىم ياپمىغانىدى. شۇڭا ئابدۇكېرىم ئۆيگە تۇيدۇرماي كىرىۋېلىپ، ئىشكىنى يەنە ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە ـ يەتتە كىشى تاۋكا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ قىمار ئويىنىشىۋاتات-تى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان چىراغپايدىكى جىنچىراغ تاۋكانى ئارانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. قىمارۋازلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى تۆت ئوشۇققا مەركەزلەشكەچكە، ئابدۇكېرىمنىڭ كىرگىنىنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ ئۇنى بارات قارىغۇ دەپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭغا قاراشمىدى. بىرەيلەن ئوشۇقلارنى تاۋكاغا ئېتىشىغا، سىرتتىن ئۈزىتىلغان بىر قول ئۇلارنى يىغىپلا ئېلىۋالدى.

— ھەي قارىغۇ، نېمە···، — ھېلىقى قىمارۋاز غەزەپ بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدىيۇ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئابدۇ-كېرىمنى تونۇپ قالغانىدى.

ئاندىن باشقىلارمۇ بېشىنى بۇراپ قارىشىپلا شېرىكىگە ئوخ-شاش ھالغا چۈشۈپ قېلىشتى. ئاڭغىچە ئېزىزمۇ باراتنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ئەكىردى. ئابدۇكېرىم تاۋكادىكى تەڭگە ۋە قەغەز پۇللارنى يىغىشتۇردى. قىمارۋازلاردىن بىرى نېمىشقىدۇ يۈزىنى يوشۇرۇپ پەسكە قارىۋالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئابدۇكېرىم ئۇنى تونۇپ قالدى.

— ھە، بۇ سەنمىدىڭ، دورغا بېگى!؟ — دېدى ئابدۇكېرىم

ئۈنىڭغا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ، — سەن دورغىلىقنى مۇشۇنداق قىلىدىكەنسەن - دە.

غاپپار ھودۇقۇپ، تىترەپ دودۇقلىدى:

— بېگىم... ئەمدى... ئىنسانچىلىقتا...

— ھۇ دۆيۈز، قىمار ئويناشمۇ ئىنسانچىلىققا كىرەمدىكەن؟

غاپپارنىڭ ئەمدى زۇۋانى تۇتۇلدى. تاۋكادىن يىغىۋېلىنغان نەرسىلەر ئارىسىدا ئالتۇن زىرە يوق ئىدى. ئابدۇكېرىم بايىقى ئايالنىڭ ئېرىدىن سورىدى:

— زىرە قېنى؟

ئۇ زىرىنى چىقارماي، يېنىدىكى بۇرۇتلۇققا ئەيمەنگەن ھالدا قارىدى.

— كېلەر - كەلمەيلا ئۇتتۇرۇپ بوپتۇق - دە. ھەي شور پېشانە، خوتۇنىڭىزنىڭ تەۋەررۇكىنى ئەمەس، جېنىڭىزنى تىك-سىڭىز بوپتىكەن، — ئابدۇكېرىم ئاندىن بۇرۇتلۇققا بۇي-رۇدى، — قېنى، ئالتۇن زىرىنى چىقىرىڭ!

بۇرۇتلۇق يېنىدىكى شېرىكىگە بىر ئالىيىپ قويۇپ، ئىچ يانچۇقىدىن زىرىنى چىقىرىپ بەردى.

— ھەممىڭلار يانچۇقۇڭلاردىكىنىمۇ ئوتتۇرىغا تۆكۈڭلار!

قىمارۋاز دېگەن ناھايىتى قارام خەق. ئۇلار ھەتتا ھۆكۈمەت-نىڭ ساقچىلىرىغا ئۇچراپ قالغان تەقدىردىمۇ ئاسان بوي بەرمەي-دۇ. قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋېتىشكە ياكى ساقچىلارنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ قېچىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ. ھازىر مۇشۇ قىمارۋازلار-نىڭمۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ باققۇسى كەلدىيۇ، لېكىن جۈرئەت قىلىشالمىدى. مۇبادا بۇ ئىش باشقا جايدا يۈز بەرگەن، تۇتۇۋالغۇ-چىلارمۇ ناتونۇش كىشىلەر بولغان بولسىدى، بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەتسە ۋە بىرنەچچە كۈن مۆكۈنۈپ يۈرسە قۇتۇلۇپمۇ كېتەلەيتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چوڭكۆللۈك تۇر-

سا، قېچىپ نەگە بارالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ ئابدۇكېرىم بەگزادە ھەممىسىنى تونۇيدۇ. ئۇ چاغدا گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قوشۇلۇپ، مەنسۇر بەگدىن ئوڭاي قۇتۇلالامدۇ؟ شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، گۇناھىنى يەڭگىللەتكىنى تۈزۈك. كېيىن يالۋۇرۇپ كۆرسە، بەلكىم مەنسۇر بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماس.

قىمارۋازلار گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ، ھەممىسى كۆڭۈللىرىدە ئەنە شۇنداق ئويلاشتى ـ دە، يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاشتى. ئابدۇكېرىم ھەممە پۇلنى قولياغلىقىغا چەگدى.

— قېنى، ئەمدى ھەممەيلەن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، بېگىڭلارنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — ئاخىرقى بۇيرۇقنى بەردى ئابدۇكېرىم.

قىمارۋازلار دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئەمما تېپىرلاپ قېلىشتى.

— بەگزادەم، رەھىم قىلسىلا، — يالۋۇردى بۇرۇتلۇق قىمارۋاز، — توۋا قىلدۇق، بېگىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمىسىلا.

ئارقىدىنلا باشقىلىرىمۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، بەزىلىرى تىزلىنىپ ئابدۇكېرىمنىڭ پېشىگە ئېسىلدى. بەزىلىرى ئېزىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئارىغا چۈشۈپ گۇناھىنى تىلىۋېلىشىنى ئىلتىماس قىلىشتى.

— بەگزادەم، رەھمەتلىك دادىلىرىنىڭ ھەققىدە بىر قېتىم گۇناھىمىزدىن ئۆتسىلە، — دېدى بايىقى ئايالنىڭ ئېرى.

بۇ گەپ ئابدۇكېرىمنىڭ غەزىپىنى بىردىنلا پەسەيتىپ، سەل ئىككىلەندۈرۈپ قويدى.

— پالۋان، سىز نېمە دەيسىز؟ — سورىدى ئۇ ئېزىزدىن.

شۇ كەمگىچە ئېزىز ئىشىك تۈۋىدە باراتنى مەھكەم تۇتۇپ

گەپ قىلماي تۇرغانىدى.

— بېگىم، بۇلار ياۋاشلىق بىلەن بويسۇندى، بىر قېتىم گۇناھىدىن ئۆتسىلە، — دېدى ئۇ.

— ماقۇل، بۇ قېتىم گۇناھىڭلاردىن ئۆتەيلى، — دېدى ئابدۇكېرىممۇ ماقۇل بولۇپ، ئاندىن سىلىق تەلەپپۇزدا نەسىھەت قىلدى، — كۆپچىلىكىڭلار ماڭا ئوبدان تونۇشلۇق. مېنىڭچە، ھەممەيلەن ئۇنچىۋالا باي ئادەملەر ئەمەس. قىمار دېگەن بىر خىل ئاپەت، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانلار ئاخىرى بار ـ يوقىدىن ئايرىلىپ، قاق سەنەم بولۇپ قالىدۇ. سىلەر مۇشۇ ئاپەتنىڭ كەينىگە كىرىپ بالا ـ چاقاڭلارنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويساڭلار يۈرىكىڭلار ئېچىشمامدۇ! ؟ ئۇنىڭسىزمۇ غېمىڭلار ئازمۇ سىلەرنىڭ. بۇنى نېمىشقا ئويلىمايسىلەر! ؟

قىمارۋازلار گويا تىللىرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ لاپچىيىپ تۇرۇشتى.

— ھازىر يىغىۋېلىنغان پۇللار قولۇڭلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. ئالتۇن زىرىنى ھازىر ئۆز ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىمىز. باشقا پۇللارنى يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ ئورۇقلارغا تارقىتىپ بېرىدمەن، قانداق، بۇنىڭغا باشقا گېپىڭلار بارمۇ؟

قىمارۋازلار قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ «يوقسۇ، يوقسۇ» دېيىشىپ كەتتى. ئۇلار پۇللىرىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئېچىنىشسىمۇ، مەنسۇر بەگنىڭ جازاسىدىن ئوڭايلا قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشتى.

— ئەمىسە، گېپىمىز گەپ بولسۇن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇكېرىم، — يەنە قىمار ئوينىغىنىڭلارنى ئاڭلاپ قالماي. ئەمدى ھۆرمەتلىك دورغا بېگىم بىلەن باراتتىن باشقىلىرىڭلار كەتسەڭلار بولىدۇ. بۇ ئىككىيلەن بىز بىلەن بېگىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزلىرىنى

ئىشىككە ئېتىشتى. ئۆيدە ئەمدى تۆتلا ئادەم قالدى. غاپپار بايا
ئابدۇكېرىمنى كۆرگىنىدىلا ئۆزىنى نەس باسقانلىقىنى پەملىگەن-
دى. نېمىلا دېگەنبىلەن قىمار ئويناش چەكلەنگەن ئىش. دۇ-
رۇس، ئۇنى بەزى بەگزادىلەر، بايۋەچچىلەر، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ
بەزى خىزمەتچىلىرى، ئەسكەرلىرىمۇ ئوينايدۇ. ھۆكۈمەتمۇ ئا-
دەتتە ئۇنى بەك تەرگەپ كەتمەيدۇ، ئەمما نەق ئىش ئۈستىدە
تۇتۇلۇپ قالغانلارنى نەس باسىدۇ، بولۇپمۇ ئاددىي پۇقرالارنى
ھەرگىز بوش قويمايدۇ. يېقىندا شۇنداقلاردىن بىر تۇركۈمىنى
چەرچەن ئەتراپىغا يول ياساشقا ئەۋەتكەن، بۇ ئىشلار غاپپارغا بەش
قولدەك ئايان ئىدى، ھەتتا چەرچەنگە يالانغان بىرنەچچە قىمارۋاز-
نى ئۇ ئۆز قولى بىلەن تۇتقان. مانا ئەمدى بۇ ئىش ئۆز بېشىغا
كېلىپ قالدى. «مەنسۇر بەگ بىلسە نېمە دەر؟ ئۆز ئادىمىم دەپ
ئەپۇ قىلارمۇ ياكى...؟» شۇ ئويلاردىن كېيىن غاپپارنىڭ تېنى
شۈركىنىپ كەتتى. «ئاھ تەتۈر پېشانەم، ئەمدى تۈگىشىدىغان
بولدۇم» دەپ كۆڭلىدە نالە قىلدى ئۇ.
كۆڭلى قارا كىشىلەر ھەمىشە ئىشنى يامان تەرەپتىن ئويلاي-
دۇ. غاپپار ئۆزى بىلەن ئابدۇكېرىم ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر
ئاغرىق ـ ئاداۋەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇگۈنكى پېشكەل-
لىكنى پۈتۈنلەي ئېرىزدىن كۆردى. «بەگزادىنى بۇ يەرگە مۇشۇ
مەلئۇن باشلاپ كەلگەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بولمىسا،
سەھراغا نەچچە كۈندە بىر كېلىدىغان ئادەم بۇ ئۆيدە قىمار بولىدى-
غانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ خەپ، توختاپتۇر، ماڭىمۇ بىر نۆۋەتى
كېلەر...»
كېيىن باشقىلارنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن ئابدۇكېرىم يۇمشى-
غاندا غاپپاردىمۇ قۇتۇلۇش ئۈمىدى پەيدا بولۇپ، «خۇداغا شۇ-
كۈر، شەرمەندە بولمايدىغان بولدۇم» دەپ سەل خاتىرجەم بولغا-
نىدى. بىراق ئابدۇكېرىم باشقىلارنى قويۇۋېتىپ، غاپپار بىلەن
ئۆي ئىگىسىنى بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا،

ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە غەم چۈشتى: «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ بۇ ئەركە بايۋەچچىمۇ ماڭا ئۆچلۈك ساقلاپ يۈرگەندىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى قويۇۋېتىپ ئىككىمىزنى ئېلىپ قالىدۇ؟ كۆر-گۈلۈكنى ھەممىمىز تەڭ كۆرسەك يېنىكرەك بولاتتى، ئەمدى ھەممىسى ئۈچۈن بىزلا سوراققا تارتىلىمىزمۇ؟...»

— بەگزادەم، بىر قېتىم مېنىڭمۇ گۇناھىمدىن ئۆت-سىلە، — ئۇ خۇددى ئىگىسىدىن تاياق يېگەن ئىتقا ئوخشاش ئابدۇكېرىمگە يېلىنىپ قارىدى، — بۇ ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئۆ-مۈرۋايەت قۇللىرى بولۇپ كېتەي.

بارات قارىغۇمۇ دەرھال ئابدۇكېرىم ئالدىدا تىزلاندى:

— بېگىم، بىر قېتىم رەھمى قىلسىلا.

— ياق، — دېدى ئابدۇكېرىم ئۇلارغا ھومىيىپ، — بىرىڭلار مۇشۇنداق يامان ئىشنى توسۇيدىغان ئادەم، يەنە بىرىڭلار ئۆيدە تاۋكا قۇرۇپ باشقىلارنى يولدىن چىقىرىپسىلەر، ھەركىمگە ئۆز بويىغا لايىق تون پىچىلىدۇ.

— بېگىم، مەن تىلىۋالاي، بۇلارنىڭمۇ گۇناھىدىن ئۆتسىلە، دورغا بەگنىڭ يۈزىنى قىلسىلا، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئې-زىز.

ئابدۇكېرىم يەنىلا ئېرىمىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە قاراپ مې-ڭىشتى. ھېلىقى ئايال تېخىچە ئىشىكى ئالدىدا قاراپ تۇرغاند-كەن، زىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئابدۇكېرىمگە قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

— بەگ دادا، — دېدى ئابدۇكېرىم ئۇلار مەنسۇر بەگنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، — ئۆيلىرىنىڭ يېنىدا باش دورغىلىرى تاۋكا قۇرۇپتۇ، سىلى ھېچ نەرسىنى سەزمەي يۈرۈپلا، بەگلەر يۇرتنى مۇشۇنداق سورامدۇ؟

بۇ گەپ مەنسۇر بەگنىڭ جان - پېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— قېنى، قايسىڭ بار؟ — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى
ئۇ.

*　　*　　*

مەنسۇر بەگ غاپپارنىڭ قىمار ئويۇنىغىنىدىن كۆرە، جىيەند-
نىڭ تەنىسىدىن بەكرەك غەزەپلىنىپ، ھەممە ئاچچىقىنى غاپپار
بىلەن باراتتىن چىقاردى. ئۇلارنى ئېسىپ قويۇپ ئاۋۋال يىگىرمە
قامچىدىن ئۇرغۇزدى. ئاندىن باراتقا يىگىرمە سەر كۈمۈش جەرد-
مانە قويدى، غاپپارنى باش دورغىلىقتىن قالدۇرۇپ ئاددىي دورغا
قىلىپ قويدى.
— پالۋان، — دېدى مەنسۇر بەگ ئەتىسى ئېزىزنى ئالدىغا
چاقىرىپ، — ئەمدى باش دورغىلىقنى سىز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ.
بۇ ئېزىز ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ھە
دېگەندىلا گاڭگىراپ قالدى. «ھەي... چاتاق بولدى. بۇ ئىشتىن
قانداق قىلسام باش تارتقىلى بولار؟...»
— بېگىم، ماڭا ئىشەنچ قىلغانلىقلىرىغا ھەشقاللا، — دېدى
ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ، — ئەمما دورغىلىق دېگەن ھۆكۈمەت
ئىشى، مېنىڭ خەت ساۋاتىممۇ يوق، ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن.
مېنى...
مەنسۇر بەگ ئادىتى بويىچە دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەت-
تى:
— ھەي، شۇمۇ گەپمۇ؟ ئۇ ئىشقا ساۋاتلىق بولۇش كەتمەي-
دۇ. بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز بويىچە باشقا دورغىلارغا ئىش تاپشۇر-
سىڭىز، ئاندىن ئىجراسىنى بىزگە مەلۇم قىلىپ تۇرسىڭىزلا
بولىدۇ شۇ.
— بېگىم، غاپپار پالۋان ئۆزلىرىگە كۆپ خىزمەت قىلغان.
بىر قېتىملىق سەۋەنلىكنى دەپ...

— بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ! ئۇ ھارامزادە بۇ قېتىم يۈزۈمنى بەك چۈشۈرۈۋەتتى. ئەسلىدە، غاپپارنى ھويلامدىنمۇ، چوڭكۆلدىنمۇ قوغلىۋېتەي دېۋىدىم، يەنە ئاشۇ بۇرۇنقى خىزمەتلىرىنى ئويلاپ خەير دېدىم.

ئىبزىز تەڭلىكتە قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمەلنى ئەسلا قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق كۆرسەتكەن باھانىلىرى ئاقمىدى. ئەمدى راست گەپنى قىلىپ: «مەن پۇقراغا زۇلۇم سالىدىغان مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن» دېسۇنمۇ؟ ھەي، مۇنداق دېمەك تەس. ھېچبىر باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەيلا «ياق، قىلمايمەن!» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. دادىسى توغرا ئېيتىپتىكەن، بىراۋنىڭ ئۆيىدە ھەمىشەم مېھمانغا ئوخشاش يەپ ـ ئىچىپلا يۈرۈۋېرىشكە بولمىغۇدەك. ئەمىسە، ماقۇل دېسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسى نېمە بولىدۇ؟… ئۇنداق بولسا، پېشىنى قېقىپلا كېتىپ قالسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا… ئەستا، نېمىدېگەن تەڭقىسلىق بۇ!؟

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، پالۋان. ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشنى قولغا ئېلىڭ، — دېدى مەنسۇر بەگ بۇ ھەقتىكى گەپنى بولدى قىلىپ.

«بوپتۇلا، ‹ئات كەينىگە مىنگەشمەڭ، مىنگەشكەندىن كېيىن ۋاي دېمەڭ›، دېگەندەك، دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بۇ يەرگە كېلىپتىمەن، ئەمدى چىداي. ئادالەت ئۈچۈن، بۇنىڭغىمۇ چىداي! ئىشقىلىپ، غاپپارغا ئوخشاپ قالمىسام بولىدۇغۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ئىبزىز.

## 2

كىتابىمىزنىڭ بېشىدا كازىم بەگ دېگەن كىشى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى ئۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەش نۆۋىتى كەلدى.

كازىم بەگ ئەجدادلىرى زامان ـ زامانلاردىن بۇيان يۇرت سوراپ كەلگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن شۇ جەمەتكە مەنسۇپ ئىككى كىشى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

بۇنىڭدىن بىر ئەسىرچە ئىلگىرى قاراتاش دېگەن يېزىنىڭ بېگى بۇرهان ئاتلىق كىشى ئىدى. ئۇ يېزا بەگلىكى تەختىدە بىرنەچچە يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەنسەپكە قانائەت قىلماي، پۈتۈن ناهىيىنىڭ هاكىمبەگلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، هاكىمـ بەگلىك يۇقىرىدىن بەلگىلىنىدىغان، يەنە كېلىپ بۇرۇنقى هاـ كىمبەگلەر جەمەتىدىن ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان پەۋقۇلـ ئاددە مەنسەپ ئىدى. بۇرهان بەگ شۇنداق خام تەمەدە يۈرگەن كۈنلەردە يۇرتتا ئىككى چوڭ ۋەقە يۈز بەردى: بىرى، كونا هاكىمبەگ ئۆلدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭلىرى قىز، ئەڭ كىچىكى ئوغۇل بولۇپ، تېخى ئەمدىلا ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرگەـ نىدى. ئامبال بۇ ئەهۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. ئىككىنچىـ سى، قاراتاشقا قوشنا بولغان سىرىققۇم يېزىسىدا دېهقانلار قوزغىـ لىڭى پارتلاپ، ئارقىدىنلا باشقا يېزىلارغىمۇ كېڭىيىپ، يۇرتتا تىنچسىزلىق باشلاندى.

«يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بۇرهان بەگ باشتا شەهەرگە كىرىۋېلىپ قوزغىلاڭغا قارشى تەرەپتە تۇرغانىدى. كېيىن قوزغىلاڭنىڭ بارغانسېرى كۆـ چىيىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ هەممە بىردەك ئېتىراپ قىـ لىدىغان باشچىسى بولماي، هەرقايسى يېزىلار تارقاق هالەتتە ئىش تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مەقسىتىمگە يېتىدىغان پۇرسەت كېـ لىپتۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، بىر كېچىسى بىرنەچچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ شەهەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆيىگە بېرىپ ئېغىلدا بېقىلىۋاتقان بىرنەچچە ئات، كالا، قوي، نەچچە

تاغار ئاشلىق ۋە مىڭ سەر تەڭگىنى ئېلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېنىغا باردى.

— جامائەت، پېقىر بۇرۇن خاننىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىمەن دەپ كۆپ قېتىم پۇقرالارنىڭ دىلىنى ئاغرىتقان ئادەممەن، — دېدى ئۇ ھەرقايسى يېزىلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى يىغىپ، — مانا بۈگۈنگە كەلگەندە، مەنمۇ ئامبالغا ياخشى بولالمىدىم. ئۇ مېنى: «پۇقرالىرىڭنى قۇتراتتىڭ» دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولدى. ئويلاپ باقسام، خان، ئامبال دېگەنلەردە ۋاپا يوق ئىكەن. مەن ئۇلارغا ئالدىنىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىمغا زۇلۇم سالىمەن. ئەمدى شۇ گۇناھىمنى يۇياي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. مەنمۇ مۇشۇ يۇرتلۇق، سىلەر بىلەن ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولاي دەيمەن. مۇشۇ ئۇلۇغ غازات يولىدا شېھىت بولۇپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. شۇ مەقسەتتە شەھەردىن قېچىپ چىقتىم. جامائەتنىڭ غىزاسىنى ياخشىلاشقا ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە ئۆيۈمدە بار چارۋا -ماللىرىمنى، ئاشلىقلىرىمنى ئەكەلدىم، يايلاقتىكى ماللىرىمنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. بەنە نەيزە - قىلىچ ياسىتىشقا مىڭ سەر تەڭگە ئىئانام قىلماقچىمەن، مېنى ئۆز كۆرۈپ سېپىڭلارغا قوشۇۋالساڭلار.

ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ، قىلغان ئىئانىلىرىمۇ شۇ يەردە ھازىر بولغانلارغا ياغدەك ياقتى - دە، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇنى سەپكە قېتىپ، سەركەردىلەردىن بىرى قىلىپ كۆتۈردى. ئۇ شۇ مەجلىستىلا شەھەردىكى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەرنىڭ سانى، جايلىشىشى ۋە قوراللىنىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ شەھەرگە دەرھال ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. قېنى قىزىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار بۇ تەكلىپنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى. بۇ شەھەردىمۇ سېپىل بار ئىدى. ئەمما ئۇ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى قورشىغان بولماستىن، بەلكى ئامبال يامۇلى قاتارلىق ئىدارىلەر ۋە بىر قىسىم چوڭ سودىگەرلەرنىڭ قورۇ - جايى، دۇكان،

ئىسكىلاتلىرى جايلاشقان جايلارنىلا ئوراپ تۇراتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىنىپ، سېپىل ئىچىدىن باشقا جايلار ئوڭايلا ئىشغال قىلىندى. قالدۇق چېرىكلەر ۋە بىر قىسىم بەگ، بايلار، سودىگەرلەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى. بۇرھان بەگ بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆز يېنىدىن بىرنەچچە مىڭ سەر تەڭگە ئاجرىتىپ چوڭ - كىچىك كاتتىۋاشلارنىڭ ئالدىغا يۈز سەردىن، ئارقىسىغا ئون سەردىن، ئادەتتىكى قوزغىلاڭچىلارغا بىر سەردىن ئىنئام بەردى. قوزغىلاڭچىلار بولسا ئۇنى باش سەركەردە قىلىپ كۆتۈردى.

قوزغىلاڭچىلار سېپىلنى بىر ئاي قورشاپ ياتقان بولسىمۇ ئالالمىدى. بۇ ئارىدا باشقا جايلاردىن نۇرغۇن چېرىك ياردەمگە يېتىپ كەلدى - دە، قوزغىلاڭچىلار يېڭىلىپ شەھەرنى تاشلاپ چىقتى. كۆپچىلىكى تارقىلىپ كەتتى، بۇرھان بەگ بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ تاغ ئارقىسىغا چېكىندى. يول ئەپسىز بولغاچقا چېرىكلەر ئۇ يەرنى ئىشغال قىلالمىدى. بۇرھان بەگ بىر تەرەپتىن ئون - ئون بەش كىشىلىك چاققان ئەترەتلەرنى تەشكىللەپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا، ھەتتا شەھەرگىچە تويۇقسىز پارالەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا ئەۋەتىپ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇپىيانە ھالدا ئارىغا ئادەم قويۇپ، ئامبال بىلەن كېلىشىم تۈزۈش كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ شەرتى بىرلا — بوش قالغان ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ئېرىشىش ئىدى. بۇنىڭ ھېسابىغا قوزغىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋېتەتتى. ئامبالمۇ بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۇرت ئىچىدىكى تەسىرىنى خېلى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ئاي سەرپ قىلىپمۇ يۇرتنى تىنچىتالمىسا، ئۆزىمۇ خاننىڭ غەزىپىگە ئۇچرايتتى. يەنە كېلىپ يېڭى ھاكىمبەگ توغرىسىدا يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتى تېخىچە تەستىقلىنىپ كەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇرھان بەگنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى - دە، يۇقىرىغا «توپىلاڭ تىنچىتىلدى، بۇ ئىشتا بۇرھان بەگ

ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا ئالتە ياشلىق گۆدەكتىن كۆرە شۇ كىشى ھاكىمبەگ قىلىپ بەلگىلەنسە» دېگەن مەزمۇندا جىددىي مەكتۇپ ئەۋەتتى. بۇ تەكلىپ تېزلا تەستىقلىنىپ چۈشۈرۈلدى. بۇرھان بەگ ئادەملىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى. ئۆزى ناھىيىگە ھاكىمبەگ بولدى، ئەڭ يېقىن بىرنەچچە كىشىلا ھەر خىل ئەمەللەرگە ئېرىشتى، باشقىلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تارقىتىۋېتىلدى. ئۇلارغا باشتا «خان گۇناھكارلاردىن ئۆتتى» دەپ ئۇقتۇرۇلغانىدى، ئەمما ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ بىر - بىرلەپ جازالاندى: بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بەزىلىرى يىراق يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىندى. بۇرھان بەگ قۇلاقنى يوپۇرۇپ، ھاكىمبەگلىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرۈۋەردى.

كازىم بەگ — ئەنە شۇ كىشىنىڭ چەۋرىلىرىدىن بىرى ئىدى.

كازىم بەگنىڭ دادىسى ئەزەم بەگ ھاجى دەپ ئاتىلاتتى. يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە نەچچە ھۆكۈمەت ئالماشتىيۇ، لېكىن ئۇ يېزا بەگلىكى تەختىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ قالمىدى. مەنچىڭ دەۋرىدىمۇ، جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىمۇ، ھەتتا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردىمۇ ئوخشاشلا دەۋران سۈرۈۋەردى. ھازىر يەتمىش ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، يەنىلا بەگلىك تەختىدە مەھكەم ئولتۇرۇپ «پىرقە دۆلەت» ئۈچۈن يۇرت سوراۋاتاتتى. ھەر قېتىم يۇرتقا يېڭى ئامبال ۋە دوتەي كەلگەندە يەرلىك كىشىلەردىن ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈچى ئەزەم بەگ بولاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن سالامغا كىرەتتى، ئارقىدىن ئۆيىگە مېھمانغا چاقىراتتى. مېھمانلار ماڭىدىغان ئۆز تەۋەسىدىكى يولنى سۈپۈرگۈزۈپ، سۇ چاچقۇزۇپ ئىككى تەرىپىگە ئادەملەرنى تىزىپ، ئۆزى يېزىنىڭ بېشىغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى. كاتتا زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلاتتى. قايتىشىدا يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى،

گىلەم، يىپەك رەخت قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى.

ئەزەم بەگ هاجىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇنداق بىر ئىشنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق:

قايسى زامانلار ئىدىكىن، دەريا سۈيىنى قانداق تەقسىملەش هەققىدە توختام تۈزۈلگەندە، «قارا سۇ ئىچىدىغان يۇرتلارغا ئاق سۇ (دەريا سۈيى) بېرىلمەيدۇ» دېيىلگەنىكەن. يېڭىئاۋات دېگەن يېزا قارا سۇ ئىچىدىكەن. كېيىن ئۇلار بوز يەر ئېچىپ، ئورمان بىنا قىلغاندا سۇدىن قىسىلىپ، ئاق سۇ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان قاراتاش يېزىسىنىڭ بېگى ئەزەم بەگ هاجى: «توختامنى بۇزغىلى بولمايدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئاخىرى يېڭىئاۋاتلىقلار هاكىمغا ئەرز قىپتۇ. هاكىم يېڭى تەيىنلىنىپ كەلگەن كىشى بولۇپ، «يۇرت ئىچىدە ئادالەتپەرۋەر ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىشنى ئويلىغانمۇ نېمە، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئەمما ئەزەم بەگ هاجى يەنىلا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىپتۇ. هەتتا هاكىم ئۇنى چاقىرتىپ سۆزلەشسىمۇ كۆنمەپتۇ. هاكىم غەزەپلىنىپ ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ. ئەزەم بەگ هاجى دايى[①]غا ئەللىك سەر كۈمۈش پارا بېرىپ:

— خاتالىقىمنى تونۇدۇم. يېڭىئاۋاتلىقلارغا ئاق سۇ بېرىشكە قارشى تۇرمايمەن. هازىر كېسەل بولۇپ قالدىم، سىرتتا داۋالانسام، بۇنى ئامبال جانابلىرىغا يەتكۈزسىلە، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

هاكىم ئۇنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كۆنمىگەن بولسىمۇ، شەهەر ئىچىدىكى بىر باغدا تۇرۇپ داۋالىنىشقا رۇخسەت قىپتۇ

---

① دايى — شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مەھكىمىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

ۋە بەش نەپەر يايىنى نازارەت قىلىشقا قويۇپتۇ. ئەزەم بەگ باغدا تۆت - بەش كۈن ياتقاندىن كېيىن، خىزمەتكارلىرىغا يايلارغا كاتتا زىياپەت بېرىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئۆزىگە ئەڭ سادىق بىر كىشىگە ئوتتۇز سەر ئالتۇن، ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش، ئون نەچچە كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئۈچ ئات تەييارلاپ ھېلىقى باغقا يېقىن يەردە ئۇنى مەخپىي كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. يايلار قانغۇچە يەپ - ئىچىپ، تازا مەست بولۇپ يېتىپ قېلىشقاندىن كېيىن، ئەزەم بەگ ھېلىقى كىشىسى بىلەن بىردىن ئاتقا مىنىپ، بىر ئاتقا نەرسە - كېرەكلەرنى يۈكلەپ تەكلىماكان ئىچىدىكى يول بىلەن كۇچا تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ھاكىم ئەتىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ يايلارنى تۈرمىگە سولاپتۇ ۋە باشقا تۆت يايىنىڭ قولىغا خەت تۇتقۇزۇپ، بەگنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇپتۇ. قاچ-قۇنلارمۇ، قوغلىغۇچىلارمۇ كۇچا ناھىيىسىگە بىر كۈندە يېتىپ بېرىپتۇ. يايلار خەتنى شۇ يەرنىڭ ھاكىمىغا كۆرسىتىپتىكەن، ئۇ شۇ ھامان ئەزەم بەگنى تاپتۇرۇپ كېلىپ تۈرمىگە سولاپتۇ. ئەزەم بەگ بۇرۇنلا خىزمەتچىسىگە: «مۇبادا كۇچادا تۇتۇلۇپ قالسام، ھاكىمغا ئىككى سەر، خوتۇنىغا بىر سەر ئالتۇن، دايىغا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش بېرىپ، مېنى قوبۇل قىلىپ سۆزلى-شىشنى ئىلتىماس قىل» دەپ تاپىلاپ قويغانىكەن. خىزمەتچىسى مۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن قاقۋاش بولغاچقا، بۇ ئىشنى شۇ كۈنىلا بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئەتىسى كۇچا ھاكىمى ئەزەم بەگنى قوبۇل قىپتۇ.

— مېنى ھازىرلا قويۇۋەتسىلە، دەپ جانابلىرىنى تەڭلىكتە قويالمايمەن، — دەپتۇ ئەزەم بەگ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — ئەمما ئۆزلىرىدىن ئىلتىماسىم جياڭجۈن مەھكىمىسىگە پالانى يۇرتلۇق بىر سادىق پۇقرا بىر مۇھىم ئىش خۇسۇسىدا جياڭجۈن جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېڭىپتىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ ھاكىمى تۆت يايى ئەۋەتىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئارقىغا قايتۇرۇشقا ياردەملىشىشنى

تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنى تۇتۇپ سولاپ قويدۇم. «ئۆز يۇرتىغا قايتۇرايمۇ ياكى ھۆزۈرلىرىغا ئەۋەتەيمۇ؟» دەپ مەلۇم قىلغان بولسىلا.

كۇچا ھاكىمى ئۈرۈمچىگە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تېلېگراممىا بەرگەنىكەن، ئۇ يەردىن «بىزگە ئەۋەتىڭ» دېگەن جاۋاب كېلىپ-تۇ. ھاكىم ھېلىقى تۆت يايىنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ئەزەم بەگنى ئۈرۈمچىگە يولغا ساپتۇ. ئەزەم بەگ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن جياڭجۈننىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەمەلدارلارنىمۇ ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. جياڭجۈن جۇ فامىلىلىك بىر ئەمەل-دارنى ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئەزەم بەگ بىلەن بىللە يۇرتىغا ئەۋەتىپتۇ. ئەزەم بەگ ئۇنىمۇ بۇرۇنلا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ بولغانىكەن. شۇڭا ئۇ يۇرتقا كېلىپلا ئەزەم بەگنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ھاكىمنى قارىلايدىغان يالغان مەلۇمات يوللاپتۇ. نەتىجىدە ھاكىم مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ھېلىقى جۇ فامىلىلىك ئولتۇرۇپتۇ. ئەزەم بەگنىڭ نوخلىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر «ئامبالنىمۇ ئۆرۈۋېتەلىگەن» بۇ قۇدرەتلىك زاتتىن تېخىمۇ قورقىدىغان بوپتۇ. ئەزەم بەگ يۇرتتا ئۆزى خان - ئۆزى بەگ بولۇپ، خالىغانچە دەۋران سۈرۈپتۇ. ئۇ دورغىلىرىدىن تاش-قىرى يەنە بىرنەچچە قارام لۈكچەكنى ئەتراپىغا توپلاپ، بېقىپ سەمرىتىپ، ئۆزىگە ياقمىغان كىشىلەرنى جازالايدىكەن، مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭدىن باشقا بەگ، بايلارمۇ تەپ تارتىدىكەن.

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرۇللا بەگ بۇرۇن ئۈرۈمچىدىكى «ئا-لىي شۆتاڭ»دا ئوقۇغانىدى، ئۆتكەن يىلى ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەمەتنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازى ۋە سۈر - ھەيۋىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

كازىم بەگ — ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. ئەمدى ئوقۇغۇچىلىرىمىز بىرىنچى بابتا بايان قىلىنغان چېلىشىش

مەيداندىكى غوۋغادا ئۇ ئارىلاشقان ھامان سابىر ئاتلىق پالۋان تەرەپدارلىرىنىڭ دەرھال بېسىقىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

كازىم بەگ يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز ياشلارغا كىرگەندى. ئۆزىمۇ خېلى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ناھايىتى پۈزۈر كىيىنىپ يۈرەتتى، كۆزلىرىدىن ھەمىشە شەھۋانىيەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئون يىل ئىچىدە تۆت خوتۇن ئېلىپ، ئىككى بالىغا ئاتا بولدى، ھازىر قولىدا بىر خوتۇن بار بولۇپ، يەنە بىرنى ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. ئۇنىڭ رەسمىي مەنسىپى يوق ئىدى، لېكىن بەزىدە دادىسىنىڭ ئورنىدا بەگلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تالىپ بەگ دېگەن كىشى بىلەن يېقىن ئاغىنىلەردىن بولغانلىقتىن، بەزىدە دېلو ۋە سوراق ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشالايتتى. ئۇمۇ دادىسىنى دوراپ ئەتراپىغا تۆت - بەش لۈكچەكنى توپلىۋالغانىدى. شۇلار بىلەن بىللە كەيپ - ساپا سۈرەتتى، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن - قىزلارنى يا ئالداپ، ياكى زورلۇق بىلەن مەجبۇرلاپ بۇزۇقچىلىق قىلاتتى. يۇرت ئىچىدە بولىدىغان چوڭراق مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش ۋە ئات تالاشتۇرۇش دېگەندەك ئويۇنلارنىڭ بىرىدىنمۇ قالمايتتى. مۇنداق سورۇنلاردا دىتىگە ياقمايدىغان كىچىككىنە ئىش يۈز بەرسىلا غوۋغا چىقىراتتى.

«قارىغۇلار قاراڭغۇدا تېپىشار» دېگەندەك، بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىر كېچىسى كازىم بەگ بىلەن غاپپار شەھەرنىڭ خىلۋەت كوچىلىرىنىڭ بىرىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ تونۇشۇپ قالغانىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى كازىم بەگ شەھەردىكى بىر ئاشنىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا قوشنا ناھىيىگە كەتكەن ئۆي ئىگىسى ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىپ، ئىككىسى تۇتۇشۇپ قالدى. كازىم بەگنىڭ ئورنى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، خەقنىڭ ئۆيىدە مۇنداق

ئىش ئۇستىدە تۇتۇلۇپ قالسا، تۈرمىگە سولانمىغاندىمۇ، شەرمەندە بولاتتى. يەنە كېلىپ، ئۆي ئىگىسى شەھەردىكى ئابرۇيلۇق سودىگەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ خىل جېدەل كۆپىنچە ئادەم ئۆلۈش بىلەن نەتىجىلىنەتتى. شۇڭا، كازىم بەگ تۇتۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن ئىلىشتى. ئۆيدىن ساق قېچىپ كېتەلىسىلا، ئۇ ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايتتى. چۈنكى، يا ئايالنىڭ ئېرى ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئەتراپقا يايماي، بىرەر باھانە بىلەن خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپلا بولدى قىلاتتى، ياكى بولمىسا، ئەرز قىلغان تەقدىردىمۇ كازىم بەگ تېنىۋالاتتى، باشقا گۇۋاھچىلار بولمىغاچقا، دائىرىلەرمۇ ئامالسىز قالاتتى. كازىم بەگ تۆت - بەش مۇشت ئاتقاندىن كېيىن قارشى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ بەدەر قاچتى. ئۆي ئىگىسى ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭدى. ئەتراپ قاراڭغۇ، يول ئەگرى - توقاي ئىدى. ئۆي ئىگىسى بىردەمدىلا كازىم بەگكە يېتىشىۋالدى - دە، پۇتلاپ يىقىتىپ، دەسسەشكە باشلىدى. ئەھۋال مۇشۇ پېتى داۋام قىلسا ھە دېمەيلا كازىم بەگ ئۆلمىگەندىمۇ، بىرەر يېرى ناكار بولۇپ، قانغا مىلىنىپ يېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بەختىگە دەل شۇ پەيتتە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى - دە:

— ھوي خۇمسى، بوزەكنى شۇنچىۋالا ئانىي تاپامسەن؟ ! — دېگىنىچە سودىگەرنى بىر مۇشت قويۇپ يىقىتىۋەتتى، ئاندىن قالايمىقان دەسسەپ چەيلەشكە باشلىدى.

— ئاغىنە، مېنى بۇ يەردىن تېزرەك ئەكەتىڭ، نېمە دېسىڭىز شۇنى بېرىمەن،— دېدى كازىم بەگ ئىڭراپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەم سودىگەرنى ئۇرۇشنى توختىتىپ كازىم بەگنى يۆلىدى.

— تېز، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى،— دېدى كازىم بەگ

يەنە ئىنجىقلاپ.

سودىگەر ھالىدىن كەتكەنمۇ ياكى ئەمدى ئىككى ئادەمگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئورنىدىن تۇرمىدى. ھېلىقى كىشى بولسا، كازىم بەگنى يۆلەپ ئۇنىڭ شەھەردىكى ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

بۇ نامەلۇم قۇتقۇلدۇرغۇچى — غاپپار ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاشۇ مەھەللىدىكى بىر ئۆيدە قىمار ئويناپ قاق سەنەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ باشقىلار نېسىگە ئوينىمايمىز دەپ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ ئۆيدىن ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كەتكەن ۋە غەزىپىنى نەگە چېچىشنى بىلەلمەي تازا قۇتراپ كېلىۋاتقانىدى. شۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئىشقا دۇچ كېلىپ، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا سودىگەرنى ئۇردى، كېيىن كازىم بەگنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، ئۆيىگە يۆلەپ ئەكەلدى.

— پالۋان، سىزنى ئىلگىرىدىن تونۇساممۇ ھەمسۆھبەت بولالماپتىكەنمىز، — دېدى كازىم بەگ غاپپارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — بۈگۈن تازا لازىم چاغدا ئەسقاتتىڭىز، ئاغىنىدارچىلىقتا يارايدىكەنسىز. مەنمۇ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى يەردە قويمايمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غاپپارغا ئون سەر تەڭگە ئىنئام قىلدى ۋە ئۆز يېنىدا تۇرۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. بۇ غاپپارنىڭ مەنسۇر بەگ يېنىدا تازا ئامىتى كېلىۋاتقان چاغلار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۈلسۈمگە كۆيۈپ يۈرەتتى. كازىم بەگنىڭ يېنىدا قالسا ئۇنىڭ بىرنەچچە يىگىتلىرىنىڭ بىرىلا بولاتتى، خالاس. شۇڭا تەڭگىلەرنى قوبۇل قىلدىيۇ، لېكىن تەلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى.

— بوپتۇ، مەنسۇر بەگمۇ بىزگە يېقىن ئادەملەردىن بىرى، ئۇنى رەنجىتىپ قويمايلى، — دېدى كازىم بەگ سەل ئەپسۇسلان-

غاندەك بولۇپ، — ئەمما، مانا ئەمدى تونۇشۇپ قالدۇق، پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرايلى.
غاپپار بۇ تەكلىپكە جان دەپ رازى بولدى ۋە كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم كازىم بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە ئويناپ كۈلدى.

*　*　*

باھارنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كازىم بەگ بىلەن غاپپار شەھەردىكى بىر مۇسەللەسخانىدا ئۇچرىشىپ قالدى.
— ھوي، پالۋان ئاغىنىمىز كېلىپ قاپتۇغۇ! — دېدى كازىم بەگ ئۇنى ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندىلا تونۇپ ۋە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ. ئاندىن ئۇ ئۆي ئىگىسىگە داستىخاننى يېڭىۋاشتىن راسلاشنى بۇيرۇدى.
— پالۋان بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىرەر ئايدىن ئېشىپتۇ، بۈگۈن تازا بىر بەزمى جەمشىت قىلايلى، — دېدى ئۇ يەنە مەمەدانلارچە كۈلۈپ.
داستىخان توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، پىشۇرۇلغان تۇخۇم، گۆشگىردە، سامسا ۋە ھەر خىل ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر بىلەن توشتۇرۇلدى، زىخ كاۋاپ، قىيما كاۋاپلارمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. پىيالىلەر سۈپسۈزۈك مۇسەللەس بىلەن ئارقا - ئارقىدىن تولدۇرۇلدى. كازىم بەگ مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتقان تەمبۇرچى يىگىتكە بۇيرۇدى:
— ھەي ئاغىنە، شوخراق پەدىلەرگە چالساڭچۇ، «ئايەي»، «ۋايەي»لىرىڭ ئەجەبمۇ تۈگىمەي كەتتىيا.
تەمبۇرچى يىگىت «خوش، بېگىم» دېگىنىچە پەدىنى يېنىك، شوخ ناخشىغا يۆتكىدى:

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ.
......

— ھەببەللى، ناخشا دېگەن مانا مۇنداق بولمامدۇ، ئېيت ئاغىنە، ئېيتە! — دېدى كازىم بەگ ۋە ناخشىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن تىزىغا يېنىك ئۇرۇپ ئولتۇردى.

يىگىتلەر ئىچىشەتتى، يېيىشەتتى، سۆزلىشەتتى، كۈلۈشەتتى، ئارىلاپ - ئارىلاپ تەمبۇرچىنى ماختاپ «ياشاپ كەت!»، «كۆز تەگمىسۇن!» دەپ چۇقان سېلىشاتتى. بىراق، غاپپار بۇگۈن نېمىشقىدۇ ئانچە ئېچىلىپ كەتمىدى. ئالدىدىكى پىيالىنىغۇ ھەر قېتىم بىر كۆتۈرۈشتە بوشىتىپ تۇردى، لېكىن باشقا تائاملارغا ئانچە ئۆزىنى ئۇرمىدى، گەپ - سۆز، كۈلكە - چاقچاقلارغىمۇ بەك قېتىلماي، ناگان - ناگاندا بىر كۈلۈمسىرەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.

شۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. مەنسۇر بەگنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، باش دورغىلىقتىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. «ئەمدى بۇ يەردە تۇرىدىغان يېرىم قالمىدى، كېتىمەن، جەزمەن كېتىمەن! — غاپپار شۇ كېچىسى ئۇخلىيالماي، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلگەچ شۇنداق قارارغا كەلدى، — ئۇدۇل كازىم بەگنىڭ ئالدىغا بارىمەن، ئۇ جەزمەن يېنىدا ئېلىپ قالىدۇ... لېكىنزە، گۇلسۇمدىن ئايرىلىپ قالسام چىدىيالارمەنمۇ؟ كاساپەتكە كۆيۈپ قاپتىكەنمەن... زادى قانداق قىلسام بولار؟... ھە، راست، ئاۋۋال ئۆزۈم كېتىپ تۇرۇپ، كېيىن ئۇنى ئېلىپ قاچمامدىمەن؟! كازىم بەگنىڭ يېنىغىلا ئاپىرىۋالسام مەنسۇر بەگ نېمە دېيەلەيتتى. شۇنداق قىلاي، بۇ يەردە دۈشمەنلىرىمگە خار بولۇپ ياشىغۇچە، مۇشۇنداق قىلسام

ھېچنېمىدىن زىيان تارتمايدىكەنمەن…»
ئۇ يەنە خىيالىدا مەنسۇر بەگنى، ئابدۇكېرىمنى ۋە ئېرىنى يەتمىش پۇشتىنى قويماي تىللاپ چىقتى. «ئالدىراپ خۇشال بولۇشما، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — تېخى غاپپارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىپ قېلىشىسەن. ۋاقتى كەلگەندە ماڭا قىلغانلىرىڭ ئۇچۇن پۇشايمانىدىن ئالىدىغانغا قاچا تېپىلماي قالىدۇ…»
غاپپار كېچىچە قامچا تەگكەن يەرلىرى ئاغرىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان بولسىمۇ، ئەتىسى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاخشامقى قارارىنى بۈگۈنلا ئەمەلگە ئاشۇرماقچىدى. بىراق، بىردەمدىن كېيىن گۈلسۈمنى كۆرۈپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. قارام ۋە كاج ئادەمنىڭ مۇھەببىتىمۇ بىر خىل قوپال، ئەمما كۈچلۈك بولىدىغان ئوخشايدۇ. «ھەي… بۇ كاساپەتنى بىر كۈن كۆرمىسەم چىدىيالمىغۇدەكمەن. بۇ يەردىن كېتىپ قالسام مۇناپىق بەگ ئاچچىقىدا ئۇنى ئاۋۇ ئېرىغا چېتىپ قويسىچۇ؟ گۈلسۈم دېگەن بىرنېمىمۇ ماڭا ئانچە چىراي ئاچمىغىنى بىلەن ئۇ توڭگۇزغا باشقىچە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدىكەن، بەگ مۇشۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپلا قالسا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ چايلىرى چېچەكلەپ، بارىكاللا ئېيتىشىپ كېتەر ھەرقاچان. چېلىشىشتىغۇ ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، دورغا بەگلىكتىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. ئەمدى ئالىدىغان قىزنىمۇ ئۇتتۇرۇپ بېرەمدىمەن؟ ياق، ياق! جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، گۈلسۈمنى ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن! بۇ ئىشتا جېنىمنى تىكىپ قويىدۇم. ئەمىسە، زادى قانداق قىلسام بولار؟…» مۇشۇنداق خىياللار بىلەن كۈن يەنە تۈنگە ئۇلاندى، ھەتتا تۆت ـ بەش كۈن ۋاقىت بىقارارلىق ئىلكىدە ئۆتۈپ كەتتى. «ئاۋۋال كازىم بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ دەردىمىنى ئېيتىپ باقاي، — دېگەن يەرگە كەلدى ئۇ ئاخىر، — گۈلسۈمگە ئۆيلىنىشىمگە ماقۇل بولسا، شۇ يەردە قالاي، بولمىسا، قايتىپ

كېلەي. بىر پۇرسەتنى تېپىپ، گۇلسۇمنى زورلاپ بولسىمۇ
ئېلىپ قېچىپ، يىراق يۇرتلارغا باش ئېلىپ كېتەرمەن.»
غاپپار گۇلسۇمنى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەت-
تى. چىن مۇھەببەت بىر خىل سىرلىق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە.
ئۇ ئاشىق - مەشۇقلارنى ھەرقانداق چوڭ قۇربان بېرىشلەرگە
مەجبۇر قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان قەھر-
لىك، باغرى تاش ئادەملەرمۇ بەزىدە شۇنداق مۇلايىم، سەۋرچان
بولۇپ قالىدۇ. غاپپار رەھىمسىز ۋە مەنمەنچى ئادەم ئىدى،
رەقىبىم دەپ قارىغان كىشىلەرنى ھەممىشە شەپقەتسىز جازالاش
بىلەن راھەتلىنەتتى. لېكىن مۇشۇ قىرىق - ئەللىك كۈن ئىچىدە
سادىر بولغان ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيىتىدە، پەقەت گۇلسۇمگە
بولغان مۇھەببىتىنى دەپلا ھاقارەتكە چىداشقا مەجبۇر بولدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەنسۇر بەگنىڭ ئائىلىسىدە يەنە ۋاقىت-
لىق تۇرۇپ قالدى. مەنسۇر بەگمۇ ھېلىقى ئىشنى قايتا تەرگىمى-
دى. شۇنداقتىمۇ غاپپارنىڭ كۈن بويى قاپىقى ئېچىلماي يۈرەت-
تى.
— شەھەرگە بېرىپ ئاتا - ئانامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ
كېلەيمىكىن دېۋىدىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مەنسۇر بەگنىڭ
ئالدىغا كىرىپ.
— بېرىڭ، — دېدى مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ تەلىپىگە دەرھال
ماقۇل بولۇپ، ئاندىن سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ
قويدى، — باھانىدە شەھەرنى ئايلىنىپ، كۆڭلىڭىزنىمۇ ئېچىپ
كېلەرسىز.
بۇ — ئەپۇ قىلغانلىقىنىڭ، ياراشقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىد-
دى. ئەمما غاپپار باشقا گەپ قىلمايلا ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ
كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بەگنى ئۇنچىۋالا تېز ئەپۇ قىلغۇسى يوق
ئىدى. ئىگىسىدىن ئازار يېگەن ئىت چېغىدا ئوڭايلىقچە قۇيرۇق
شىپپاڭلاتمايدۇ - دە.

غاپپار شەھەرگە چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلگەندى، ئۇ
ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بېرىپ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قەبرىلىرى-
گە دۇئا قىلدى، ئاندىن بىر ئاشپۇزۇلدا قورسىقىنى تويدۇرۇپ،
كوچىلارنى مەقسەتسىز ھالدا بىرئاز ئارىلىغاندىن كېيىن، كازىم
بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىۋىدى، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ شەھەر-
دە تونەيدىغان يېرىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى، شۇڭا كېچىنى ئىچكۇ-
لۇك بىلەن ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە مۇسەللەسخانىغا باردى ـ دە،
ئويلىمىغان يەردىن كازىم بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

كازىم بەگ ئۇنىڭ پەرىشانلىقىنى بايقىغان بولسا كېرەك،
نۆۋەتتىكى قىيقاس ـ چۇقاندىن كېيىن كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ
سورىدى:

— پالۋان، ھېچ ئېچىلالمايۋاتىسىزيا، تاۋىڭىز يوقمۇ نېمە؟
ياكى ئولتۇرۇشىمىز كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولمايۋاتامدۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم، ھاكىمبېگىملەرنىڭ بەزمىلىرىمۇ بۇنىڭ-
دىن ئارتۇق بولماس،— ئالدىراپ جاۋاب بەردى غاپپار.

— ئەمىسە، نېمىشقا خامۇش ئولتۇرىسىز؟

— كۆڭلۇمنىڭ دېگۇدەك ئارامى يوق.

— نېمە بولدى، بىرەر نائەھلىي دىلىڭىزغا ئازار بەردىمۇيا؟

غاپپار «ئېيىتايمۇ، ئېيتمايمۇ؟» دەپ جىددەك ئوي-
لىنىۋالدى ـ دە، ئاخىر قىسقىلا قىلىپ:

— مەنسۇر بەگدىن كۆڭلۇم قالدى،— دېدى.

باشقىلار ئويۇن ـ كۇلكە بىلەن ھەلەك ئىدى، يەنە كېلىپ،
ئۇلار خوجايىنى بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا ئىختىيارىي ئارى-
لاشماسلىققا كۆنۈككەندى، شۇڭا كازىم بەگ بىلەن غاپپارنىڭ
سۆھبىتىگە ھېچكىم دەخلى قىلمىدى.

— مۇنداق دەڭ،— دېدى كازىم بەگ ئارقىسىغا قىرلاپ
قويۇلغان قوش ياستۇققا يۆلىنىپ، — ئۇ ھېلىقى ئېزىز دېگەن
پالۋاننى كۆرۈپ، سىزنى ئۇنتۇپتۇ ـ دە، بەزى ئادەملەر شۇنداق

ۋاپاسىز كېلىدۇ.

بۇ سۆز غاپپارنىڭ نازۇك يېرىگە تەگكەندى. ئۇنىڭ گېلىغا ئەلەملىك يىغا قاپلىشىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىچىشتى.

— ئىشقىلىپ، ياخشىلىقنى ئوڭايلا ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادەم ئىكەن ئۇ.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، پالۋان. ھېلىقى چاغدا شۇ ئادەمنى دەپ مېنىڭ يېنىمدا قالغىنىڭىز كەلمىگەن. ھېلىمۇ مەن شۇ ئويۇمدىن كەچمىدىم، مېنىڭ يېنىمدا قېلىڭ. ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمدىن بىرى بولىسىز، ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئويناپ كۈلىمىز، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرىمىز.

— رەھمەت، بېگىم، — دېدى غاپپار ھاياجاندىن ئاۋازى تىترىگەن ھالدا، ئاندىن سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — مۇشۇ خۇسۇستا بىر نازۇك ئىش بار ئىدى، ئۆزلىرىگە دېسەم بولارمىكىن ياكى…

— قېنى دەڭ، نېمە ئىش ئۇ؟

— ئۇ ئۆيدە گۇلسۇم ئاتلىق بىر چاكار قىز بار ئىدى. شۇنى…

— مۇنداق دەڭ، — سۆزنى بۆلۈپ خىر - خىر كۈلدى كازىم بەگ، — ھوي ئاغىنە، سىزمۇ ئەخمەق ئىكەنسىز، جاھاندا قىز دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى، خالىسىڭىز ئەتىلا ئۆيلەپ قويىمىز سىزنى، بۇ گېپىمگە ئىشىنىدىغانسىز؟

— ئىشەنمەمدىغان، بېگىم… لېكىن… ئەمدى… ئاشۇ گۇلسۇم قىز… بېگىم، كۆڭۈل دېگەن بۇ ساراڭنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنىلا…

— ھا، ھا، ھا! — ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ كۈلدى كازىم بەگ، — ئەمدى چۈشەندىم. كۆيۈپ قاپتىكەنسىز - دە. راست، كۆيۈك ئوتى يامان نېمە، بىزنىڭمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكەن. ئەمىسە نېمىشقا غاپچىدىلا نىكاھىڭىزغا ئالمىغانتىڭىز؟ يا مەنسۇر بەگ

بۇ ئىشقا قوشۇلماستى؟

— يوقسۇ، ئۇمۇ قوشۇلغان، ئادالەت خېنىمنىڭ تويىدىن كېيىن ئاندىن بىزنىڭ بېشىمىزنى قوشۇپ قويىماقچى بولغان.

— ئادالەت خېنىم دېگىنىڭىز كىم؟

— مەنسۇر بەگنىڭ قىزى.

— مۇنداق دەڭ، — بۇ خەۋەر بىردىنلا كازىم بەگنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، — بويىغا يەتكەنمۇ ئۇ؟

— ئون بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەندۇ.

— چىرايلىقمۇ ئۆزى؟ سىز ئۇنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن، چىراي جەھەتتە ئۇنى تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، بېگىم. ئىشقىلىپ، ھۆسن - جامالدا بۇ ئىقلىمدا ئۇنىڭغا تەڭلەشكۈدەك يەنە بىر قىز يوقمىكىن دەيمەن. چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان پەرىزاتنىڭ ئۆزى دېسە بولىدۇ ئۇنى.

— ۋاھ، مۇنداق دەڭ، ئەجەب ئۇقماي يۈرۈپتۇقيا، — كازىم بەگ ياستۇقتىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، — ئۇنى كىمگە بەرگۈدەك؟

— مەنسۇر بەگنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلىغا.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا غاپپارنىڭ ئېسىگە ئابدۇكېرىمدىن ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى چۈشتى - دە، ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. «پۇرسەت دېگەن مانا شۇ» دېدى ئۇ كۆڭلىدە خۇشاللىقتىن ئەندىكىپ، ئاندىن ئابدۇكېرىم توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى:

— سېزىشىمچە، مەنسۇر بەگ ھازىر ئۇنىڭدىن سەل نارازىدەك تۇرىدۇ. بىر قېتىم «بۇ ھارامزادە بىزنى دورىماپتۇ، ئۇ رۇمچىدىن ئاينىپ كېلىپتۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئەپەندى خەقلەر ئارىسىدا بۇزۇقلار كۆپمىش، ئۇمۇ شۇلارنىڭ بىرسىدۇ، تايىنلىق! ؟ بۇ تەرىپى تېخىمۇ ياخشى.

— مۇبادا ئۆزلىرىنىڭ شۇ قىزنى قولغا كەلتۇرۇش نىيەتلە-
رى بولسا...

— بولمامدىغان، — كۆلۈمسىرىدى كازىم بەگ، — سىز ئۇ-
نى داڭلاۋېرىپ كۆڭلۈمگە بىر ئوتنى سېلىپ قويدىڭىز. ئۇ گۈلنى
كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ هازىرلا ئۆزۈپ پۇرىغىم كېلىپ قال-
دى.

غاپپارنىڭ ئوتنى يەنىمۇ ئۇلغايتقۇسى كەلدى.

— ئۇنى كۆرگەندە راست دەپتىكەن دەلا، نى - نى ئۇز
خېنىملارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكە يارىمايدۇ. ئەمما،
نېمىلا دېگەنبىلەن هېلىقى ئابدۇكېرىم دېگىنى بەگنىڭ يېقىن
تۇغقىنى - دە....

— بۇ تەرىپىدىن غەم قىلماڭ، پالۋان، ئۇ ئەپەندى ئەمدى
مەنسۇر بەگكە كۈيئوغۇل بولالمايدۇ.

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراپ ئاۋۋال سىرلىق كۈلۈمسى-
رەشتى، ئاندىن خىر - خىر قىلىپ كۈلۈشتى.

— پالۋان، ئويلاپ باقسام، سىز يەنە بىر مەزگىل مەنسۇر
بەگنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرمىسىڭىز بولمىغۇدەك، — دېدى كازىم
بەگ بىرئازدىن كېيىن ۋە غاپپارنىڭ چىرايى سەل - پەل تۇرۇل-
گەنلىكىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى، — مەن ئۇچۇن ئەمدى ئۇ
يەردە تۇرىدىغان بىر ئىشەنچلىك كۆز - قۇلاق لازىم بولۇپ قالدى.
ئۇزاققا بارماي ئىككى قىزنى بىر يولى كۆچۈرۈپ كېلەرمىز.
ئاندىن دورغا بەگلىكمۇ پات ئارىدا يەنە ئۆزىڭىزگە قايتىپ قالار.

— هە، بىلدىم، بىلدىم، — دېدى غاپپار دەرهال هىجى-
يىپ.

# ئالتىنچى باب

## 1

ئېزىز دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن قوشتۇگمەنگە باردى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇ يەردە ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى بولماقچىدى. ئابدۇجېلىل «بىللە بارايلى» دەپ ئاكىسىنى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن قارا ئاتقا مىنىپ ئۆزى كەتتى.

— ئوغلاقغا چۈشمە ـ ھە! — ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى سىدىقئاخۇن ۋە ئېزىزغا قارىمايلا غودۇڭشىدى، — ئاتنى ئۇنىڭغا بەرمىگۈلۈكتى.

— ياش بالا ئەمەسمۇ، بىرەر قېتىم ئاتقا مىنىپ كۆڭلىنى ئېچىۋالسۇن، — دېدى ئېزىز كۈلۈمسىرەپ.

— ھەممە گەپ شۇ ياش باللىقىدا. ئالدى ـ ئارقىسىنى ئويلىماي ئوغلاق تارتىشىشقا چۈشۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مۇبادا ئاتتىن… ، — سىدىقئاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— ئەنسىرىمەڭ، ئابدۇجېلىل بەڭۋاش بالا ئەمەس، گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى قوناق مەدىكى كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئالدىدا بىرپەس سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئاندىن كېيىن ئېزىز ھويلىغا چىقتى. ئېغىلنىڭ يېنىدا ئاپتاپقا تاشلاپ قويۇلغان ئىككى دانە جىگدە كۆتىكى تۇراتتى. ئېزىز ئۇلارنى يېرىپ پارچىلاشقا تۇتۇندى. كۈزدە كولاپ چىقىرىلغان بۇ كۆتەكلەر ھۆلمۇ ئەمەس،

قۇرۇقمۇ ئەمەس، تازا شىرشىم ـ بەز ھالەتكە كېلىپ قېلىشقاندى. شۇنداقتىمۇ ئېزىز ئۇلارنى بىرەر سائەتكە قالماي يېرىپ، تارىشا گۇڭگۇرتتەك ئۇششاقلىدى، ئاندىن ئۇگزىگە ئېتىپ، ئاردىسدىن شامال ئۆتكۇدەك قىلىپ تىزىپ قويدى. سىدىقئاخۇن بۇ ئارىدا سېغىن كالىسى بىلەن قوزىلىق قويىغا ھەلەپ ئېتىپ بەردى. كۆن ئولتۇرۇۋاتقاندا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا كەتكەنلەر قايتىشتى. مەھەللىنى بالىلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بېسىغا كىيدى.

سىدىقئاخۇن ئۆيدە سەۋزە قەلەمچە قىلىۋاتقان، ئېزىز ھويلىدا توخۇنىڭ ئىچ ـ قارنىنى ئېلىۋاتقاندا، قارا ئاتقا مىنگىشىپ كەلگەن مەتقاسىم بىلەن ئابدۇجېلىل دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشتى. ئىككى دوست قەدىردانلارچە مۇرە قېقىشىپ كۆرۈشتى. سىدىقئاخۇنمۇ مەتقاسىم بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— ئاداش، چوڭكۆلگە بېرىۋېلىپ، بىزنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭيا، — دېدى مەتقاسىم ئېزىزغا چاقچاق قىلىپ.

ئېزىز سەل خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

— ئەمدى، يېڭى يەرگە بارغاندىن كېيىن... ئارىلىقمۇ ئانچە يېقىن ئەمەس. بولمىسىغۇ سېنى، بۇ يەردىكى ئاغىنىلەرنى ھەمىشەم ئەسلەپ تۇرىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئاغىنە تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەشكىلى تۇردى. سىدىق ئاكا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، نان ۋە مېۋە ـ چېۋە كەلتۈرۈپ قويدى ـ دە، ئوچاققا قازاننى ئېسىپ پولۇغا تۇتۇش قىلدى.

— سىدىقكا، مۇشۇ قازاننى ئاسمىساق قانداق؟ — مەتقاسىم ئېزىز بىلەن قىلىشىۋاتقان سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويۇپ سىدىق ئاكىغا مۇراجىئەت قىلدى، — بۈگۈن كېچە بىزنىڭ مەھەللىدە مەشرەپ بولىدۇ. مەن سىلەرنى شۇ يەرگە چىللاپ كېلىۋىدىم.

پولۇنى شۇ يەردە يېسەك بولماسمۇ؟

— ئۇ يەرگە ئېزىز بارسۇن، بالام، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن هازىر مەشرەپكە بېرىش يېشىدىن ئۆتكەن، ئابدۇجېلىلغا تېخى بالدۇر، — دېدى سىدىقئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزدە «تويغا بارساڭ تويۇپ بار» دېگەن گەپ بار. بۇ ئاشنى يەپ بولۇپ ئاندىن مېڭىڭلار.

ئۆي ئىچىنى توخۇ گۆشى ۋە سەۋزە، پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاپلىدى. ئابدۇجېلىل بۈگۈن بەكمۇ شادلىنىپ كەتكەندى. ئۇ دادىسىنىڭ قازان بىلەن هەپىلىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاكىسىغا ئۆز خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشكە ئالدىرىدى.

— ئاكا، ئېتىڭ بەك چاپىدىكەن، — دېدى ئۇ ئېزىزنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ.

— ئوغلاقتا سالدىڭمۇ؟ — ئېزىزمۇ پىچىرلاپ سورىدى.

ئابدۇجېلىل «هەئە» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. سىدىقئاخۇننىڭ كۆزلىرى قازان بېشىدا بولسىمۇ، تۇيغۇن قۇلاقلىرى ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى «مەخپىي» سۆهبەتنى ئاڭلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئابدۇجېلىلغا قاراپ ئاچچىقلانغان هالدا سورىدى:

— سەن بەڭۋاش، گېپىمنى قۇلىقىڭدا تۇتماپسەن ـ هە؟!

— ياق، دادا، گېپىڭىزنى ئۇنتۇمىدىم، ئوغلاققىمۇ چۈشمىدىم. ئىشەنمىسىڭىز، ئەينا مەتقاسىمكامدىن سوراڭ، — ئابدۇجېلىل هەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— يولدا كەلگۈچە مەتقاسىمكاڭنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغانسەن، تايىنلىق.

مەتقاسىم كۈلۈپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

توخۇ گۆشى ۋە بېهى بېسىلىپ، زىرە سېلىنغان پولۇ بەكمۇ ئوخشىغانىدى. هەممەيلەن زور ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. ئىككى

دوست قارا ئاتقا مىنگىشىپ مەتقاسىمنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭغاندا ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەنىدى.

* * *

بۇ يۇرتنىڭ ئادىتى بويىچە ئوغلاق كىمنىڭ ئۆيىگە تاشلانسا، شۇ كىشى بىر كېچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈشكە، ئۇنىڭ ھەممە چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. مەشرەپ ئۈچۈن باغاق تارقىتىلمايتتى. شۇ مەھەللىدىن بولامدۇ، باشقا مەھەللىدىن بولامدۇ، ھەتتا قوشنا يېزىلار ۋە شەھەردىن بولامدۇ، كىم خالىسا، شۇ كېلىۋېرەتتى. بەگ، بايلار، ياشانغان كىشىلەر ئايرىم ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇلاتتى. ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ئايۋاننىڭ سۇپىلىرىدىن ئورۇن ئىگىلىشەتتى. بۇ تەرەپلەردە قىش كۈنلىرىمۇ سوغۇق ئانچە قاتتىق بولمىغاچقا، ئايۋانغا ئوت قالانمىسىمۇ كىشىلەر توڭلىمايتتى. ئايرىم ئۆيدىكى ئەتىۋارلىق مېھمانلار بىلەن سازەندىلەرگە نان - توقاچ، قەنت - گېزەكتىن تاشقىرى شورپا ۋە پولۇ تارتىلاتتى. ئايۋاندىكىلەرگە بولسا گۆلە - قاق بىلەن پولۇلا قويۇلاتتى. ناۋادا مېھمانلار بەك كۆپ بولۇپ قالسا، پولۇمۇ بىر - ئىككى كاپامدىنلا تېگەتتى. لېكىن كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئويۇن - تاماشا ئۈچۈن بولغاچقا، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئارتۇق - كەملىككە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى. بۇنداق سورۇنلارغا موللا - ئۆلىمالار، ئىمام - مەزىنلەر داخىل بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە قۇرۇق ئۈزۈمدىن سېلىنغان مۇسەللەسمۇ داستىخاندىن ئورۇن ئالاتتى. ئويۇن - تاماشىمۇ خىلمۇخىل ئىدى: سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر ۋە ساتارغا تەڭكەش قىلىپ مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى؛ داستانچىلار «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «تاھىر - زۆھرە»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» قاتارلىق قىسسەلەرنى سۆزلىشەتتى؛ قىزىقچىلار «قىرىق بىر

يالغان» ، «ئەمەت بىلەن نەمەت» ، «ئوغۇل بالا چاققان» ، «پوتا ئۇسسۇلى» ، «تۇغۇت ئۇسسۇلى» ، «بوۋا ئۇسسۇلى» ، «چىراغ ئۇسسۇلى» ، «توكۇر باخشىم ئۇسسۇلى» ۋە «داستىخان ئۇستىدىكى ھۆكۈم»[1] قاتارلىق ئويۇنلارنى ئورۇنداپ مەشرەپنى تازا قىزىتىۋېتەتتى.

مۇنداق ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەشرەپ ئۈچۈن خېلى كۆپ چىقىم كېتىدىغان بولغاچقا، ئېلىپ قېچىلغان ئوغلاق ئاساسەن باي ئائىلىلەرگە تاشلىناتتى. ئوغلاق تاشلانغان ئائىلە ئۆزىگە كەلگەن مۇنداق «ئامەت»تىن ئىنتايىن بىزار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتالمايتتى. چۈنكى باش تارتسا، ئۇنداق ئائىلە پۈتۈن يۇرتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى بولغاندا تېخى ئۆيىگە ئوغلاق تاشلانمىغان بايلارنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولۇپ كېتەتتى ۋە كىمدە كىم شۇ قېتىمقى ئوغلاقتا «ئېرىشىپ» قالسا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ سېخىيلىق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇڭا تولا چاغلاردا ئوغلاقچىلار ئالدىن كېلىشىۋېلىپ، ئېلىپ قاچقان ئوغلاقنى بايلار ئارىسىدىكى تېخىمۇ پىخسىقراقىنىڭ ئۆيىگە تاشلىشاتتى.

بۇ قېتىمقى ئوغلاقمۇ مەتقاسىمنىڭ مەھەللىسىدىكى خېلى پىخسىق بىر باينىڭ ھويلىسىغا تاشلانغانىدى. ئۇ دەسلەپتە: «ئوغلاق يول بىلەن ھويلا ئارىسىدىكى تامغا ئارتىلىپ قالدى. يول ئاۋامنىڭ، شۇڭا ئوغلاق ماڭا ھېساب ئەمەس» دەپ تىرەجەپ بېقىۋېدى، لېكىن كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن سۆزلەپ: «تام سىلىنىڭ بولغاچقا، ئەلۋەتتە سىلىگە ھېساب» دەپ تۇرۇۋالدى. باي ئامال قىلالماي ئاخىرى مەشرەپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئېزىز بىلەن مەتقاسىم ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە مەشرەپ ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. ھويلىدا كىيىمنىڭ ئىچىگە

---

① خوتەندە خەلق ئارىسىدا تارقالغان يەرلىك ئويۇنلار.

پاختا تىقىلىپ، كۆكرىكى ۋە غولى «دوك» قىلىنغان بىر قىزىق-
چى ئادەم ئۆزىنى قەستەن توكۇر هالىتىگە كەلتۈرۈپ، دۇتار
بىلەن داپقا تەڭكەش قىلىپ دىڭگۈكلاپ، «توكۇر باخشىم ئۇسسۇ-
لى» نى ئويناۋاتاتتى. قارىشىپ تۇرغان كىشىلەر پات - پات قاقاق-
لاپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئېزىز بىلەن مەتقاسىم مۇشۇ ئۇسسۇلنى
كۆرۈۋاتقاندا، سورۇن باشقۇرۇپ يۈرگەنلەردىن بىرى ئۇلارنى
تونۇپ قېلىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئايۋانغا باشلاپ كىردى.
هېلىقى چېلىشىش سورۇنىدا غاپپار قاۋاننى يىقىتقاندىن كېيىن
يۇرتتا ئېزىزنىڭ داڭقى بىردىنلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايۋانغا
كىرگەندە كىشىلەر «گۇررىدە» ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنى قارشى
ئېلىشتى. باشلاپ كىرگەن كىشى ئېزىزنى ئۇدۇلدىكى مېهمانخا-
نىغا ئەكىرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئايۋاندىكىلەر تەرەپ - تەرەپ-
تىن ئۇنى ئۆز يانلىرىغا تەكلىپ قىلىشتى. ئېزىزنىڭمۇ مۇشۇ
يەردە — ئەل - ئاغىنىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغۇسى بار ئىدى.
شۇڭا باشلىغۇچىدىن ئۆزرە سوراپ، ئايۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى
سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى. هېلىقى كىشى مەتقاسىمنى «ئىشلارغا
قارىشىپ بېرىڭ» دەپ بىللە ئەكەتتى.

ئايۋاندىمۇ قىزىقچىلار ئويۇن كۆرسىتىۋاتقانىكەن. ئېزىزنىڭ
كىرىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان «ئەمەت بىلەن نەمەت» دېگەن
ئويۇن داۋاملاشتى. ئۇنىڭدا بىر كىشى ئىككى كىشىنىڭ شەكلىدە
كىيىم كىيىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى چېلىشاتتى. ئەمما ئۇ قارىماققا
بەئەينى ئىككى كىشىدەك كۆرۈنۈپ، تاماشىبىنلاردا كۈلكىلىك
تەسىرات پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى كىشىلىك
«ئوغۇل بالا چاققان» دېگەن ئويۇن ئوينالدى. بۇ تېخىمۇ قىزىق
ئىدى. ئويۇنچىلارنىڭ ئېگىزرەكى ئالدىدا، پاكارراقى ئارقىسىدا
بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئالدىدىكىسى قوللىرىنى
ئارقىسىغا قىلىۋالاتتى، ئارقىسىدىكىنىڭ قوللىرى بولسا ئالدىغا
سوزۇلاتتى. ئالدىدىكىسى سۆزلەيتتى، ئارقىدىكىسىنىڭ قوللى-

ـرى گەپكە ماسلاشقان ھالدا تىنىماي ھەرىكەت قىلاتتى. مەسىلەن،
ئالدىدىكىسى «مەن دېگەن ئوغۇل بالا چاققان» دېسە، ئارقىدىكىـ
ـسىنىڭ ئوڭ قولى ئالدىدىكىسىنىڭ كۆكرىكىگە گۇپپىدە ئۇرۇلاتـ
ـتى. ئالدىدىكىسى «مىلتىقنى نىشانلاپ تۇرۇپ ئاتقان» دېسە،
ئارقىدىكىسىنىڭ ئىككىلا قولى مىلتىق ئېتىش ھەرىكىتىنى كۆرـ
ـسىتەتتى. ئالدى تەرەپتىن قارىغان كىشىگە گويا سۆزنىمۇ، ھەرىـ
ـكەتنىمۇ بىرلا ئادەم ئورۇنداۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئارقىدىن يەنە «پوتا ئۇسسۇلى»، «بوۋا ئۇسسۇلى»، «چىـ
ـراغ ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار ئوينالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر
خىل چاققانلىق ۋە كۈلكىلىك ھەرىكەت بەكمۇ ماھارەت بىلەن
ئورۇندىلىپ، تاماشىبىنلارغا زوق ۋە خۇشاللىق بېغىشلىدى. بىر
چاغدا سورۇننى باشقۇرۇپ يۈرگەنلەردىن بىرى ئوتتۇرىغا كېـ
ـلىپ:

— جامائەت، ئەمدى ھۆرمەتلىك توختاخۇن قالۇنچى بىلەن
تۇرسۇنئاخۇن ساتارچىنىڭ مۇقاملىرىنى ئاڭلايمىز، — دەپ ئېـ
ـلان قىلدى.

ھويلىدىكىلەر ئايۋانغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ قىستىلىشىپ ئولـ
ـتۇرۇشتى، پاتمىغانلار ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرنىڭ
يېرىمىنى ئىگىلەشتى. كۈلكە - چاقچاق، گەپ - سۆزلەر چىپپىدـ
ـدە توختىدى. سۇپىنىڭ مېھمانخانىغا يېقىنراق يېرىدە ئولتۇرۇشـ
ـقان مۇقامچىلار سازلىرىنى ئازراق تەڭشىۋالغاندىن كېيىن
بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىۋېلىپ «ناۋا» مۇقامىنى باشلىدى:

ئاي جامالىڭدىن خىجىل خۇرشىد ماھى - ئەنۋەرى،
بۇ سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭگە خەلقىئالەم مۇشتەرى.
مەن ھىرات① شەھىرىدە كۆردۈم بىر ئاجايىپ مەنزەرى،

---

① ھىرات — تېمۇرىلەر سۇلالىسى ۋاقتىدا خۇراساننىڭ پايتەختى بولغان شەھەر، ھازىر ئافغانىستان تەۋەسىدە.

مەنزەر ئىچرە ئۇلتۇرادۇر ھۆر يەڭلىغ بىر پەرى.
باردىم، ئولتۇردۇم قېشىدا بوينىغا سۇندۇم قولۇم،
شىۋەئى نازۇكەرەشمە بىرلە ئېيتۇر: «كەت نېرى.»
دېدىم: ئى سۇلتانى ئالەم قىلمىغىل جانىمغا قەست،
ئەرزىمەسمۇ مىڭ تۈمەنگە بىر يىگىتنىڭ خاتىرى.
......

مۇقامچىلارنىڭ ئاۋازلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ باراتتى. ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا بولسا گويا ھەممە ئېغىزلار بىراقلا يەملەپ قويۇلغاندەك، تەنىنىڭ جىمى ئەزاسى قۇلاققا ئايلانغاندەك ئىدى. بۈيۈك نەۋائى ھەزرەتنىڭ يار ئىشقىدا مەستخۇش بولۇپ كۈيلىگەن سۆزلىرى مۇقامنىڭ سېھىرلىك ئاھاڭى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ يۈرەكلەرنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ، كۆڭۈللەرنى مەستخۇش قىلاتتى. تېكىستتىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى سەل ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئېزىز ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندى. نەۋائى ھىرات دېگەن شەھەردىكى قايسىبىر گۈزەل ھەققىدە كۈيلەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا بۇ كۈيلەر ئېزىزغا گويا ئۆز قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك بىلىندى. مۇقامچىلار:

سەندىن ئالىپ بۇ كۆڭۈلنى، كىمگە بارىپ خار ئېتەي،
ھۆسنى ئىقلىمدا يوق سەندەك كىشىنىڭ دىلبەرى.—

دېگەندە ئېزىز ئىختىيارسىز ھالدا «ئۇھ!» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتتى. يېقىن ئولتۇرۇشقانلار ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىشىۋىدى، ئۇ خىجىل بولۇپ پەسكە قارىۋالدى.

ئارقىدىن «ناۋا» نىڭ «تەزە»، «مەرغۇل»، چوڭ ـ كىچىك «سەلىقە»، «جۇلا»، «داستان» ۋە مەشرەپلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتتى. مۇقام ھەر قېتىم شوخ پەدىلەرگە كۆچكەندە

بەزى يىگىتلەر بىر - بىرىنى تارتىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن پۇل ۋە تەڭگىلەرنى ئۆرۈشۈپ، مۇقامچىلارنىڭ ئالدىدىكى پەتنۇسقا تاشلاشتى. ئېزىزمۇ ئىككى قېتىم پۇل ئۆرۈدى، لېكىن يىگىتلەرنىڭ تەكلىپىگە ئۆزرە ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشمىدى.

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا مەتقاسىم ئېزىزنى كۆزلىرى بىلەن ئىملاپ سىرتقا چىقىشقا شەرەت قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. «هەي··· مېنى ئايرىم مېهمان قىلغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ، نېمە قىلار ئىدى زورۇقۇپ» دېدى ئۇ كۆڭلىدە، شۇنداقتىمۇ سانجاق - سانجاق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ هويلىغا چىقتى.

— نېمىگە چاقىردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئېزىز.

— يۈر، هېلى بىلىسەن، — مەتقاسىم شۇنداق دەپلا ئۇنى باشلاپ ماڭدى.

دەرۋازىدىن ئون قەدەمچە نېرىدا بىر ئاتلىق كىشى تۇراتتى.

— ئۇ — ئەخمەت، — دېدى مەتقاسىم ئېزىزنى ئاشۇ كىشى تەرەپكە باشلاپ كېتىۋېتىپ، — قۇدرەت بىلەن سادىقنىڭ يېنىدىن كېلىپتۇ.

— قۇدرەتلەرگە بىر ئىش بوپتۇما؟ ئۆزلىرى نەدىكەن؟ — ئالدىراپ سورىدى ئېزىز.

— پەستىكى جىگدىلىكتە ساقلاپ قاپتۇ. مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەخمەتنى ئەۋەتىپتىكەن. سېنىمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەرمىكىن دەپ باشلاپ چىقتىم.

شۇ ئارىدا ئۇلار ئەخمەتنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىشتى. ئېزىز ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىراپ سورىدى:

— ئاغىنىلەر تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق.

— ئەمىسە، ئۆزلىرى نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىشمى

دى؟— ئېزىز بۇ سوئالنى ئاغزىدىن چىقارديۇ، لېكىن شۇ
هامان ئۇنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى هېس قىلىپ سەل ئو-
ڭايسىزلاندى.

— پالۋان، ئۆزىڭىزمۇ...، — دېدى ئەخمەت سەل قىسىل-
غاندەك بولۇپ، — قالدىسىنى بارغاندا بىلەرسىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىگىت قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆككەن
كوچا بويلاپ جىگدىلىك تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

## 2

قۇدرەت بىلەن سادىق — يۇرتتىكى بەگ، بايلار ئاغزىدا
«ئوغرى» دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان قارام يىگىتلەر ئىدى.
ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش يەتتە - سەككىز يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ
كېچىلىرى بەزى بايلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرەت-
تى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ياۋاشلىق بىلەن كۆنۈپ،
سورىغان نەرسىلەرنى دەرهال ۋە تولۇق هازىرلاپ بەرسە، ئۆزىگە
ۋە باشقا نەرسىلىرىگە چېقىلمايتتى. مۇبادا قارشىلىق قىلغۇدەك
بولسا ئەر خوجايىن تۇۋرۇككە باغلىنىپ، قىيىن - قىستاققا
ئېلىناتتى ۋە تېخىمۇ كۆپرەك مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالات-
تى. ئەمما بۇ «ئوغرىلار» خوتۇن - قىزلارغا هەرگىز چېقىلمايت-
تى. پەقەت بىر قېتىملا بىر باينىڭ بىشەم خوتۇنى قۇدرەتنىڭ
ياقىسىغا ئېسىلىۋېلىپ، يۈزىنى مورلاۋەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى
بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى.

— يا هەزرەت، بۇ خوتۇن ئادەم بالىسى ئەمەس، ئازازۇلنىڭ
ئۆزى ئىكەنىيا! — دېگەنىدى قۇدرەت شۇ چاغدا.

ئۇلار بايلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئەكەتكەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرى
بىلگەن نامرات دېهقانلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. شۇڭا دېهقانلار
ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، هىمايە قىلاتتى. بەگلەر بىلەن بايلار

هۆكۈمەتكە ئەرز قىلىشقان بولسىمۇ، ھە دېگەندىلا ئۈنۈمگە ئېرد-
شەلمىدى. چۈنكى قۇدرەتلەر ھەرىكەت باشلىغان مەزگىل يۇرتتا
هۆكۈمەت يېڭىلا ئالماشقان چاغلار بولۇپ، ناھىيىدىكى دائىرىلەر
ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، يېڭى مۇئەسسەسە-
لەرنى قۇرۇش، يېڭى قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىش بىلەن
ھەلەك بولغاچقا، بۇ «ئوغرىلار» نىڭ «ئاۋارىگەرچىلىكلىرى» نى
يېزىلاردىكى بەگ - تۆرىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ،
بىۋاسىتە ئارىلاشمىغانىدى. لېكىن بەگ - تۆرىلەرنىڭ ئۇلارنى
بېسىقتۇرۇشقا چامىسى يەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بايلار يەنىلا
هۆكۈمەتكە ئەرز - شىكايەت قىلىشتى. ھەتتا بەزى يۈرەكلىكرەك
بايلار:

— ياڭ جياڭجۈن بىلەن شېڭ دۇبەننىڭ زامانلىرىدا يۇرت
ئىچى مۇنچىلىك پاراكەندە بولمىغان. قوڭالتاقلار زەردار①لارغا
تېگىلىپمۇ قارىيالمايتتى، ھازىر بىزگە غەم - ئەندىشە دەستىدىن
كېچىلىرى ئۇيقۇمۇ ھارام بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت بىزگە ئىگە
بولامدۇ، يوق؟ — دەپ سوئال قويۇشتى.

ئەمدى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى سەل سەگەكلىشىپ
«ئوغرىلار» نى تۇتۇش ئۈچۈن تالىپ بەگ باشچىلىقىدا قۇدرەتنىڭ
يۇرتىغا ساقچىلارنى ئەۋەتتى. بىراق، ساقچىلار ئۇ يەرگە يېقىن-
لاشماي تۇرۇپلا، قۇدرەتلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولدى -
دە، نەگىدۇر غايىب بولۇشتى. تالىپ بەگ ئۇ يەردە ئۈچ كۈن
پايلاپ تۇرغان بولسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ ئارىدا ناھى-
يىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر باينىڭ ئۆيى بۇلاڭ - تالاڭغا
ئۇچرىدى. تالىپ بەگ ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا «ئوغرىلار»
مىنگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىنىلا تاپالىدى. شۇ قېتىم تالىپ
بەگ يېزىلارنى ئىككى ھەپتىدەك ئايلاندى. بەزىدە ئۇ «ئوغرىلار
پالانى يېزىدا» ياكى «بۆگۈن پۈستانى باينىڭ ئۆيىگە بېسىپ

① زەردار — باي، ئاقسۆڭەك.

كىرەر ئىمىش» دېگەندەك مەخپىي ئاخباراتلارغا ئېرىشىپمۇ قالات-
تى. لېكىن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، يا «ئوغرىلار» نىڭ قارد-
ىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياكى بولمىسا، ساقچىلار يېزىغا كۈنچىقىش-
تىن كىرىپ كەلگەندە، «ئوغرىلار» كۈنپېتىشتىن چىقىپ كەت-
كەن بولاتتى ۋە ياكى تالىپ بەگلەر «بۈگۈن ئوغرىلار بېسىپ
كىرگۈدەك» دېگەن ئۆينىڭ ئەتراپىدا پايلاپ يۈرگەن كېچىسى
باشقا بىر جايدىكى باينىڭ ئۆيى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرايتتى. تالىپ
بەگ ئاخىرى شەھەرگە سالپىيىپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ھۆكۈ-
مەت شۇنىڭدىن كېيىن «كىمىكى ئوغرىلاردىن بىرەرىنى تۇتۇپ
بەرسە ياكى يوشۇرۇنۇۋالغان جايىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلسا، يۈز
سەر تەڭگە مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا جاي - جايلارغا
ئېلان چىقاردى. بۇ ئىشنىڭ ھەر ھالدا ئۈنۈمى كۆرۈلدى: قۇد-
رەتنىڭ بىر ئاچىسى شەھەردىكى بىر باققالغا ياتلىق قىلىنغانىدى.
بىر كۈنى قۇدرەت ئاچىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خە-
ۋەر تاپتى - دە، سادىق ۋە باشقا ھەمراھلىرىنىڭ توسۇغىنىغا
قارىماي، كەچتە ئۆزىگە يالغان ساقال - بۇرۇت چاپلاپ ئاچىسىنى
كۆرگىلى ماڭدى، ھەمراھلىرىنىڭ بىللە بېرىشىغىمۇ قوشۇلمى-
دى. ئۇ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ساق - سالامەت يېتىپ باردى.
بىراق، باققالنىڭ مەھەللە مەسچىتىدە مەزىنلىك قىلىدىغان تاغى-
سى مۇكاپات تەمەسىدە شۇ ھامان ساقچىغا خەۋەر قىلىپ قويدى.
قۇدرەت ئوڭايلا قولغا چۈشۈپ قالدى.
— سېنىڭمۇ توقسۇنىڭ تولىدىغان[1] كۈن كېلىدىكەن -
ھە! — دېدى تالىپ بەگ ئۇنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىۋېتىپ
چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا، — ئەمدى مېنىڭ كارامىتىمنى
كۆرۈپ قوي!
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — قۇدرەت ئۇنىڭغا غەزەپ
بىلەن ئالايدى.

① توقسۇنى تولۇش — كارامىتىنى كۆرسىتىپ بولۇش، تۈگىشىش.

تۇرمە بىلەن ساقچى ئىدارىسى بىر قورۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. تالىپ بەگ قۇدرەتنى تازا قىيناپ سوراق قىلغاندىن كېيىن يالغۇز كىشىلىك كامېرغا سولاپ قويدى. بىراق، ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن كېچىسى تۇرمىدىن قېچىپ كەتتى. ئۇ ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقاندا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان قاراۋۇل سېزىپ قېلىپ ئوق چىقاردى. ئوق قۇدرەتنىڭ سول بىلىكىنى ئازراق زەخىملەندۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. باشقىلار ئويغىنىپ قوغلاشقا كىرىشكەندە، ئۇ تۇرمىدىن ئازراقلا يىراقلىغانىدى. ساقچىلار تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ قوغلىدى. ئىككى ساقچىنىڭ ماڭغان يولى قۇدرەت قاچقان تەرەپكە تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار شەھەرگە تۇتاش مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە قۇدرەتنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە: «توختا!» دەپ ئىككى پاي ئوق ئېتىشتى. بىراق تەگكۈزەلمىدى ۋە دوقمۇشتىن ئەگىگەندە كۆزدىن يوقىتىپ قويدى. قۇلاقلىرىغا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلاندى، خالاس.

— شېرىكلىرى مۇشۇ يەردە ئاتلىق ساقلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، — دېيىشتى ساقچىلار ۋە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى.

تالىپ بەگ ئون نەچچە ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ قۇدرەتنىڭ مەھەللىسىگە باردى. ئۇلار ئۇ يەردە بەش كۈنگىچە پايلىدى. لېكىن يا قۇدرەتنى، ياكى ئۇنىڭ بىرەر شېرىكىنى تۇتالماي يەنە قۇرۇق قول قايتتى.

بىر ئايدىن كېيىن بايلارنىڭ «بۇلاڭ - تالاڭ»غا ئۇچرىشى يەنە داۋام قىلىپ تۇردى. تالىپ بەگنىڭ «ئوغرىلار»نى ئىزدەشلىرى ئوخشاشلا نەتىجىسىز قېلىۋەردى. كېيىن شەھەردە ھۆكۈمەتنىڭ تېخىمۇ بېشىنى ئاغرىتىدىغان سىياسىي دېلولار كۆپەيگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن دائىرىلەر دىققەت نەزىرىنى «قىزىل پاچاقلار»نى تۇتۇشقا قارىتىپ، يېزىدىكى «ئوغرىلار»نىڭ ئىشى-

نى يەنە بەگ - تۆرىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ قويۇشتى.

خەلق ئارىسىدا قۇدرەتلەر توغرىسىدا رىۋايەت تۇسىنى ئالغان خىلمۇخىل گەپ - سۆزلەر تارقالغانىدى:

«قۇدرەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسمىش.»

«قۇدرەت گۇندىخانىغا①چۈشۈپ قالغاندا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ، سولاقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ بېرىپتۇمىش.»

«ساقچىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى بىلەن قۇدرەت بۇرۇن ئاشنا ئويناپتىكەن، ھېلىقى كېچىسى ئۇنى شۇ خوتۇن قاچۇرۇۋېتىپتۇمىش.»

«قۇدرەت ناخشا ئېيتىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىكەن. ئۇ گۇندىخانىدا زېرىكىپ غېرىبجانىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپتىكەن، ساقچى باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىپتۇمىش».

«بىر كۈنى قۇدرەتلەرنى ئاقتام يولىدا ئون ساقچى تۇسۇپ يېتىپتىكەن، قۇدرەتلەر كېلىۋېتىپ ساقچىلارنى كۆرۈپتۇ - دە، تاپانچىلىرىنى بەتلەپ، ئۇلارغا قاراپ ئات ساپتۇ ۋە بىر پايدىن ئوق ئېتىپتۇ. شۇ ھامان ساقچىلار قورقۇپ، تىترەپ دۈم يېتىۋېلىشىپتۇ. قۇدرەتلەر بوراندەك ھەيۋە بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇمىش…»

ئېزىز قۇدرەت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى سوراپ كۆرۈۋىدى، قۇدرەت كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي… خەق دېگەن نېمىلەرنى دېمەيدۇ دەيسەن، — دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى.

① گۇندىخانا — تۈرمە.

ئۇلار تاسادىپىي ھالدا، ئەمما قۇدرەت ئۈچۈن تازا زۆرۈر بولۇۋاتقاندا تونۇشقانىدى:

قۇدرەت تۈرمىدىن قاچقان كېچىسى ئېزىزمۇ شەھەردىن مە-ھەللىسىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئۇ بىر قوشنىسىنىڭ ئېتىنى مىنىپ شەھەرگە كەلگەن ۋە ئۇ يەردە ئۈچ - تۆت ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ زورى بىلەن بىر مۇسەل-لەسخانىدا يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ قېلىشقانىدى. ئېزىز ئا-دەتتە ئىچىملىككە ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيتتى. بۇ قېتىممۇ كۆپ ئىچمەي، تەمبۇرچىنىڭ ناخشىلىرى بىلەن قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. گەپ ئارىسىدا قۇدرەتنىڭ تۈرمى-گە چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى سۆز بولۇندى. ئۇلپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىپ، تالىپ بەگنى قارغاشتى. ئېزىز ئۇ يەردىن چىققاندا مېڭىسى تامامەن سەگەك ئىدى. ئۇ شەھەرلىك ئاغىنىلىرىنىڭ قونۇپ قېلىش ھەققىدىكى تەكلىپلىرد-نى رەت قىلىپ، يېزىغا قايتتى. ئېزىز شەھەرگە تۇتاشقان مە-ھەللىنىڭ تار كوچىسىدا ئاتنى ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا ئارقا تەرىپىدىن ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. دەل شۇ چاغدا بۇرۇلۇشتىن بىر ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئېزىزنىڭ مېڭىسىدىن «قاچقۇن» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكى-دە ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، دەماللىققا ئاتنى چاپتۇرۇپ بۇ يەردىن يىراقلاپ كېتىشنى ياكى «قاچقۇن»غا ياردەملىشىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بۇ ئارىدا ھېلىقى ئادەم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— مېنى ساقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ... بىلىكىمگە ئوق تەگكەن، — دېدى ئۇ ئادەم نېرى - بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا ئېزىزغا «ياردەم قىلىسىڭىز» دېگەندەك تەلمۈرۈپ.

قويۇق دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يول قاپقاراڭغۇ ئىدى.

ئېزىز ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ساقچىلار بىلەن بىرەر قېتىممۇ دوقۇرۇشۇپ قالغان ئەمەس، ئەمما ئۇلارنى «پۇقرالارنى بوزەك قىلىدۇ» دەپ يامان كۆرەتتى. شۇڭا ھازىر ئارتۇقچە ئويلاپ تۇرمىدى ـ دە، بىر قولىنى ھېلىقى ئادەمگە ئۇزاتتى:

— قېنى، تېز مىنگىشىڭ!

قاچقۇن ئۇنىڭ قولىنى تۇتمايلا ئاتقا لىككىدە مىنگەشتى. ئېزىز «چۇ!» دەپ ئاتقا قامچا ئۇردى. بۇ قاچقۇن — قۇدرەت ئىدى. ئۇلار مەھەللىدىن خېلىلا ئۇزاپ بىر سايلىققا چىققاندا ئاندىن تونۇشتى. ھەر ئىككىلىسى ئاتتىن چۈشتى. ئېزىز قۇدرەتنىڭ يارىسىنى تاڭدى. ئوق بىلەك گۆشىنى شىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئەمما سۆڭەككە زەخمە يەتكۈزەلمىگەنىدى.

— ساقچىلار ھە دېمەيلا مەھەللىڭىزگە ئاختۇرۇپ بارىدۇ. ئۆيىڭىزگە بارماڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى ئېزىز ئۇنىڭ بىلىكىنى تېڭىپ بولۇپ.

قۇدرەت بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولۇپ، ئېزىز بىلەن بىللە كەتتى. سىدىقئاخۇن ئوغلىنىڭ بىمەزگىل چاغدا كۈتۈلمىگەن مېھماننى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە سەل نارازى بولغان بولسىمۇ، مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. قۇدرەت ئۇ يەردە بىر ھەپتىدىن ئارتۇق مۆكۈنۈپ ياتتى. بۇ ئارىدا مەتقاسىم بىلەنمۇ تونۇشتى ۋە مەتقاسىم ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە بىر كېچىسى سادىقنى باشلاپ كەلدى.

ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. شۇ چاغدا قۇدرەت بۇ يېڭى دوستلىرىنى ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلغۇندى، لېكىن ئۇلار رەت قىلدى.

— ئاداش، مېنىڭچە، سىلەرمۇ ئەمدى بۇ ئىشتىن قول تارتساڭلار ياخشى بولاتتى، — دېدى ئېزىز ئەكسىچە ئۇنىڭغا

نەسىھەت قىلىپ.

— خەتىرى كۆپ دېمەكچىمۇ سەن؟ — سورىدى قۇدرەت سەل كۈلۈمسىرەپ. ئۇلار ئەمدى بىر - بىرىنى «سەن» لىشىدىغان بولۇشقانىدى.

— بۇمۇ بار گەپ. ئەمما مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئۇلار ئەمەس. ئاداش، «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دەپتىكەن. گەپنى ئوچۇقلا ئېيتاي: باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىش، مېنىڭچە، ھەرگىز ئوبدان ئىش ئەمەس...

— بۇلاڭچىلىق دېگىنە، — سۆزنى بۆلدى قۇدرەت.

ئېزىز سەل قىسىلغاندەك بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى:

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. سىلەر بۇلاپ - تالىغان كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئازاب - ئوقۇبەتكە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسەڭلار بولاتتى.

بۇ قېتىم قۇدرەت سەل جىمىپ قالدى، چىرايىدىكى خۇشخۇيلۇق ئورنىغا ئاۋۋال بىر خىل غەمكىنلىك، ئاندىن سۇرلۇك جىددىيلىك ئالماشتى.

— بىر ھېسابتا دېگەنلىرىڭمۇ راست، ئاداش، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن، — بىز راستتىنلا بەزى ئادەملەرنى بۇلاپ - تالاۋاتىمىز. چۆچەكلەردە مۇنداق ئىشلارنى قاراقچىلارنىڭ قىلىدىغانلىقىنى مەنمۇ كۆپ ئاڭلىغان. شۇڭا بىزنى «ئوغرى» دېسىمۇ، «بۇلاڭچى، قاراقچى» دېسىمۇ بولىدۇ. لېكىن يۇرت ئىچىدە ئۈمۈلاقمان[1]جاپا چېكىپ ئىشلىسىمۇ، زاغرا نانغىمۇ قورسىقى تويمايدىغان، بىرەر قېتىممۇ يېڭى ئۇستۋاش كىيەلمەيدىغان قاشچىلىك بىچارىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن. ئۇلارنىڭ نارەسىدە باللىرىنىڭ ئاچ - زارلىقتا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى سەن ئويلاپ

① ئۈمۈلاقمان — دائىم، ھەمىشە، ئىزچىل.

كۆردۈڭمۇ؟! بىز بۇلاپ - تالىغان ئاشۇ ساناقلىقلا زەردارلار قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرەر قېتىم كەتمەن تۇتۇپ باققىنىنى، ئورمىلىقتا بىرەر تۇپ بۇغداينى يۇلۇپ باققىنىنى كۆرگەنمۇ سەن؟ ئۇلار ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن گۆش بىلەن ياغ چاينايدۇ، كىيگىنى تاۋار - دۇردۇن. پۇل دېگەننى غازاڭدەك بۇزۇپ - چاچىدۇ. «ئەزەلدىن تەقدىر - قىسمەت شۇنداق» دېيىشىدۇ. قانداق تەقدىر - قىسمەت ئىكەن ئۇ!؟ — سۆزلىگەنسېرى قۇدرەتنىڭ پىغانى ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋالماقچى بولغاندەك بىرپەس سۆزدىن توختاپ ئېغىر نەپەس ئالدى - دە، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاداش، بىزنى بۇ ئىشقا ئوڭايلا بەل باغلىغان دەپ ئويلامسەن؟ مەن ئون ياشتىن ئاشقاندا دادام بىلەن ئانام ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن لالما ئىتتەك خارلىنىپ چوڭ بولدۇم، بەزىدە تىلەمچىلىكمۇ قىلدىم. «يۈك ئېغىر بولسا، تۆگىمۇ ھۆركىرەيدۇ» دېگەن گەپ بار. بايلارغا قارىتا مېنىڭ يۈرىكىممۇ تاش بولۇپ قاتتى. ساڭا دېسەم، ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىم ئۆلۈپ كەتكۈچە تۈگىمەيدۇ. «كىشىنىڭ ھەققىنى تارتىۋالغانلار ئاخىرەتتە دوزاختا كۆيىدۇ» دەيدىكەن. ئاشۇ بايلار باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىۋالماپتىكەنمۇ؟! مېنىڭچە، ئۇلارمۇ بۇلاڭچى، تېخىمۇ چوڭ بۇلاڭچىلار! دوزاختا كۆيىدىغان ئىش بولسا ئۇلار ئاۋۋالراق كۆيەر.

قۇدرەت ھاياجاندىن تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ سۆزدىن توختاپ يېڭى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى. بۇ چاغدا ئېزىزمۇ ئويلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى قۇدرەتنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىشقا ئاساس تاپالمىدى، ئەمما نېمىشقىدۇ يەنىلا «دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي يوللۇق، ھەرىكىتىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر» دېگىسىمۇ كەلمىدى.

— ئاداش، شۇنداقتىمۇ، ھۆكۈمەت بۇ ئىشلارغا قاراپ تۇرۇۋەرمەيدۇ. ھامىنى بىر كۈنى تۇتۇلۇپ قالىسىلەر. مەن

مۇشۇنىڭدىن بەكرەك ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر يەنە ئېغىز ئېچىپ.

قۇدرەتنىڭ بۇنىڭغىمۇ جاۋابى تەييار ئىكەن:

— ئاداش، هالا بۇ كۇنگە كەلگەندە «ئوغرى» دەپ ئاتالدۇق. ئەمدى قولىمىزنى يىغساقمۇ، بۇ نام پېشانىمىزدىن ئېردەمەيدۇ، هۆكۈمەتمۇ قىلىدىغىنىنى قىلماي قويمايدۇ. «سۇغا كىرسەڭ بېلىڭگىچە» دەپتىكەن، قىلىدىغىنىمىزنى قىلىۋېرەيلى. مۇبادا تۇتۇلۇپ قالساق، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمىز. ئادەم دېگەن هامىنى بىر كۇنى ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ، ئوغۇل بالىدەك ياشاپ، ئوغۇل بالىدەك ئۆلۈپ كەتسەك ئارمانىمىز يوق.

ئېزىز ئەمدى باشقا گەپ قىلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار ئىككى - ئۈچ ئايدا بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇردى. هېلىقى چاغدا ئايرىلىپ بىر ئايدىن كېيىن يەنە كۆرۈشكەندە قۇدرەت ئېزىزغا ئوتتۇز سەر كۇمۇش، ئىككى دانە تىللا تەڭلىۋىدى، ئېزىز ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— هارام پۇل دەپ قورقتۇڭمۇ؟ — دېدى قۇدرەت كۇلۇپ كېتىپ.

ئېزىز جاۋاب بەرمەي بىر خىل پەرىشان هالدا كۇلۇمسىرەپلا قويدى.

— بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا هېچ نەرسە تەڭلىمەيمەن، — دېدى قۇدرەت ئوچۇق كۆڭۇللۇك بىلەن، — ئەمما سەن مېنى قىل ئۇستىدە قالغان چېغىمدا مۇشكۇلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ، بۇنى ئۆمرۇم بويى ئۇنتۇمايمەن. قاچانكى ساڭا بىرەر هاجىتىڭ چۇشۇپ قالغۇدەك بولسا، ئالدىمغا تارتىنماي كېلىۋەر. جاننى تىكىدىغان ئىش بولسىمۇ، قىلچە تارتىنىشماي ئاغىنىدارچىلىقىمنى كۆرسىتىمەن.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۇپ كەتتى. ئېزىزنىڭ ئۇنىڭغا هاجىتى چۇشمىدى. قۇدرەتنىڭ هەرىكىتىمۇ داۋاملىشىۋەردى. ساقچىلار

بەزى ـ بەزىدە ئۇلارنى ئاختۇرۇپ يۇرت ئىچىنى كېزىپ چىقاتتى، ئەمما زادى قولغا چۈشۈرەلمەيتتى. مۇنداق چاغلاردا ئېزىز ئۇلار-نىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەنسىرىدى. ئاندىن تېز-رەك كۆرۈشكۈسى كەلدى.

*   *   *

— هوي، بۇ پالۋان ئاغىنىمىزغۇ! ؟ — قۇدرەت ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەكلا خۇشخۇي كۈتۈۋېلىپ، مۇرە قېقىپ كۆرۈش-تى، — ئاداش، سەنمۇ مەشرەپتىمىدىڭ؟ چوڭكۆلدىن قاچان كەل-گەن؟

ئېزىز ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەچ باشقا يىگىتلەر بىلەن سالاملاشتى.

— بۈگۈن سېنى ئۇچرىتارمىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، كۆ-رۈشكىنىمىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى قۇدرەت يەنە گەپ ئېچىپ، — سېنى مەنسۇر بەگنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتۇ دەپ ئاڭلى-دۇق. يەنە تېخى يېقىندا دورغا بەگمۇ بولغانمىشسەن، راستمۇ؟ هەي، نېمىشقا مۇنداق قىلغانسەن؟ خاپا بولساڭمۇ، يۈزۈڭگە ئېيتاي: سەندىن ئىخلاسىم قايتىپ قالدى جۇمۇ، ئاداش.

— پالۋان، بۇ ئىشلىرىڭىز غولى قاملاشماپتۇ، — سادىقمۇ سۆز قىستۇردى.

— شۇنداق بولۇپ قالدى، — ئېزىز سەل ئوڭايسىزلانغان هالدا كۈلۈمسىرىدى، — تەقدىر ـ قىسمىتىم ـ دە...

— قوي، ئۇنداق تەقدىر ـ قىسمىتىڭنى! — گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى قۇدرەت، — هەي، سەنزە، بىر زالىم بەگكە... يانتاياق بولۇۋالغىنىڭنى قارىغىنا! — ئۇ ئەسلىدە «يالاقچى» دېمەكچى-دى، لېكىن ئۇ سۆز تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە «يانتاياق» قا

ئۆزگەرتمۇەتتى.
— ئاداش، ئۇنداق دېمە، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، —
دېدى ئېزىز سەل رەنجىگەندەك بولۇپ.
— مەنغۇ سېنىڭ ياخشى ئادەملىكىڭنى بىلىمەن، —
قۇدرەتمۇ دەرھال ھورىدىن يېنىپ كۈلۈمسىرىدى، — لېكىنزە،
قانچە ئويلىسامىۇ، بۇ ئىشىڭنى چۈشىنەلمىدىم. مەتقاسىمدىن
سورىسام، ئۇمۇ تۈزۈك بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى.
— كېيىن ۋاقتى كەلگەندە چۈشىنىپ قالارسەن. ھازىرچە
بۇ گەپنى قويايلى. قېنى، ئېيتقىنا، تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتامسى-
لەر؟
— مانا كۆرۈۋاتىسەنغۇ، سوقا - سەندەلدەك تۇرۇۋاتىمىز-
مۇ.
— خۇداغا شۈكۈر، تىنچ - ئامان دىدارلىشىپ خۇشال
بولدۇم.
— ئەنسىرىمە، ئاداش، ھازىرچە تالىپ بەگنىڭ چىشى تېخى
بىزگە ئۆتمەيدۇ، — دەپ كۈلۈۋەتتى قۇدرەت، — ئەمدىكى گەپكە
كەلسەك، بىزنى بۇ يەردە كۆرۈپ ھەيران بولغانسىلەر، ھەرقا-
چان. بىز ساڭا ئوخشاش گەپ يوشۇرىدىغانلاردىن ئەمەس. پوس-
كاللىسىنى ئېيتسام، بۈگۈن بىز ھازىر مەشرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان
ئاشۇ كۈننۇس[1] باينى ئوڭدا قويماقچىدۇق. بۇ يەرگە كېلىپ ئاڭ-
لىساق، ئۇ جامائەتكە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىپتۇ. بۇ كۈن-
نۇسنىڭ ئارتۇق مال - دۇنياسىنى بىر يىغىشتۇرىدىغان گەپ
ئىدى. بىراق، جامائەتنىڭ ئويۇن - تاماشىسىنى بۇزمايلى دې-
دۇق. خەپ، يەنە بىر مۆرىتى كېلەر. ئەمما مۇشۇنداقلا قايتىپ
كەتكۈمىز كەلمەي قالدى. مەتقاسىم ئاغىنىمىز بىلەن كۆرۈشمى-
گەنگىمۇ ئۇن بەش - يىگىرمە كۈندىن ئېشىپتۇ. بىر دىدارلى-
شىشنى ئويلىدۇق. يەنە...، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قۇدرەت

① كۈننۇس — پىخسىق، بېخىل، خەسىس.

نېمىشقىدۇر ئۇشتۇمتۇت توختىۋالدى.
— قېنى، ئايغىنىمۇ ئېيتىۋەت ئەمدى، — دېدى ئېزىز ئۇنىڭ نېمىنىدۇر يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ.
— قۇرۇق قول قايتىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، — قۇدرەتنىڭ ئورنىغا سادىق جاۋاب بەردى.
— بوپتۇ، ھەممە گەپنى قالدۇرماي ئېيتىۋېرەيلى، — دېدى قۇدرەت گەپنى يەنە ئۆزى ئېلىپ، — بۇ يەرگە ئالايىتەن نىيەت قىلىپ كېلىپتۇق. سادىق ئېيتقاندەك، قۇرۇق قول قايتقۇمىز كەلمەي قالدى. ئۇ بولمىسا باشقا بىر زەردارنى سەگىتىپ قويساقمۇ بولىۋېرىدۇغۇ. بۇ يېزىدا بايلاردىن يەنە بەش - ئالتىسى بار ئەمەسمۇ، ئەمما بىز ئۇدۇل كەلگەنگە قارىقويۇق چېپىلىۋەرمەيمىز. شۇڭا مەتقاسىم ئاغىنىمىزدىن مۇشۇ ھەقتە بىر مەسلىھەت ئالايلىمىكىن دېۋىدۇق.
ئېزىز مەتقاسىمغا لەپپىدە قارىدى. مەتقاسىم بۇ قاراشتىن «سەنمۇ شۇلارنىڭ شېرىكىمۇ؟» دېگەن مەنىنى چۈشىنىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.
— ئېزىز، — قۇدرەتمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ئۇڭ قولىنى مۇرىسىگە قويدى، — مەتقاسىمنى بىز بىلەن شېرىكمىكىن دەپ قالما. ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا بىزدىن يىگىنە چاغلىق نەرسە ياكى بىر ياماق پۇل ئالغىنى يوق. بىزگە ھەمۇ دېيىشمىدى. بۇگۇن كېچە بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىنمۇ غولى خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ يەردىكى باشقا بايلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇرۇن ئوبدان ئۇقۇشماپتىكەنمىز. ھازىر ئالدىراپ قالدۇق. شۇڭا مۇشۇ بىر قېتىملا مەتقاسىمدىن بەزى ئەھۋاللارنى سوراپ باقايلىمىكىن دېۋىدۇق.
راستىنى ئېيتقاندا، مەتقاسىم ئۇلارغا ياردەملىشىشنى خالايتتى. ئۇنىڭ: «شۇ تاپتا نىياز بەگنىڭ ئۆيىنى باسساڭلار تازا ياخشى بولاتتى» دېگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن ئېزىزدىن تارتىنىپ لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولدى. «ھەي... بايا بۇنىڭغا بىكار خەۋەر قىپتىمەن، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇنداق ئىشلىقنى

بىلگەن بولسام...»

— ئاغىنىلەر، — ئېزىزنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — بۇگۈنچە بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلىپ، خاپا بولماي قايتىپ تۇرساڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ بىلىپسىلەر، شۇ تاپتا بۇ يېزىنىڭ بېيىمۇ، كەمبەغىلىمۇ خۇشال - خۇرام مەشرەپ ئويناۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولمىسا. قانداق دېدىم، مەتقاسىم؟

ماتقاسىم سەل تۇرۇپ قېلىپ:

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. كۆڭلىدە بولسا ئېزىزدىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ رەنجىدى.

— باشقا بايلارمۇ مەشرەپتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ بېرىشنىڭ تازا ئوبدان پەيتى ئىكەن، — دېدى بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ.

ئېزىز بۇ گەپكە ئىپادە بىلدۈرمەي، «سىلەر نېمە دەيسىلەر؟» دېگەن مەنىدە قۇدرەت بىلەن سادىققا قارىدى.

— بولدى، ئاغىنىلەر، — قۇدرەت بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شېرىكلىرىگە قاراپ دېدى، — خەير، بۇگۈن تەلىيىمىز تەتۈر كېلىپ قالدى. مەيلى، پۇرسەت دېگەن يەنە كېلىدۇ، — ئاندىن ئۇ ئېزىزغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن ئاغىنە، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم يولىمىزدا توغرا تۇرۇۋالدىڭ. مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە بېسىپ بارايلى دەپ تۇرساق، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋاپتىكەنسەن، سېنى دەپ پەيلىمىزدىن ياندۇق. بۇ قېتىم يەنە ئاسماندىن چۈشكەندەك ئالدىمىزغا ئۇنۇپ، يولىمىزنى توسۇپ قويدۇڭ. شۇنداقتىمۇ سەن كاساپەتنى كۆڭلىمىزگە ئەڭ يېقىن تۇتىمىز.

— بايا ئەخمەتنى ئەۋەتىپ يامان قىپتىكەنمىز. ئۇدۇل كەلگەن بىرەر باينىڭ ئۆيىگە بېرىۋېرىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى سادىقمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە بىرئاز ۋاقىت باشقا ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشتى - دە، ئاندىن خوشلاشتى.

— ئاغىنە، سېنىڭ بىزگە بىر ھاجىتىڭ چۈشسىكەن، دەپ بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى قۇدرەت ئايرىلىش ئالدىدا، — ياخشىلىقىڭنى بىر قايتۇرسام بولاتتى. بولمىسا، ئالدىڭدا تىلىم تۇتۇلۇپلا تۇرىدىكەن.

— بۇ گەپچە، سېنىڭ ئاغىنىدارچىلىقىڭ ماڭا بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىش بىلەنلا تۈگەيدىكەن - دە! ؟ — دېدى ئېزىز تەنە قىلىپ.

— ياقەي، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ بىز دېگەن مۇدەممەتلىك[①] ئاغىنىلەر تۇرساق. ئەمدى مەنمۇ ئوغۇل بالىلىقىمنى بىر كۆرسەتسەم بولاتتى دەيمىنا.

— مانا ھازىر كۆرسەتتىڭغۇ. گېپىمىزنى ئىلىك ئېلىپ، يېزىمىزنى پاتىپاراق قىلمىدىڭ. شۇ تاپتا مەن بەك خۇشال بولدۇم، ئاداش.

— سەن بىلەن يەنە بىر ئاز گەپلىشىپ تۇرسام، مۇللا بولۇپ كەتكۇدەكمەن. تېزرەك كېتىۋالاي. قېنى، يىگىتلەر، قايتايلى. خوش ئەمىسە، ئاغىنىلەر.

ئاۋۋال قۇدرەت، ئاندىن ھەمراھلىرى ئاتلىرىنى دېۋىتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ «ھەي بۇ ئېزىز دېگەن كاساپەتنى… ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېزىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر شېرىن تۇيغۇ سىرغىپ ئۆتكەندەك بولدى.

— ھەي… ، — دېدى مەتقاسىم، ئەسلىدە ئۇ «ئۇلارنى توسۇۋېلىپ ئوبدان قىلمىدىڭ» دېمەكچىدى، لېكىن دېمىدى. ئېزىز بولسا، ئۇنىڭ خۇرسىنىشىنى باشقىچە چۈشىنىپ:

— شۇنداق، قۇدرەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان مەردانە يىگىتلەر. لېكىن ئۇلارنىڭ مېڭىۋاتقان يولى بەكمۇ خەتەرلىك. ھۆكۈمەت ھامىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا چىقارمىغىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

مەتقاسىم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

---

① مۇدەممەتلىك — مەڭگۈلۈك.

# يەتتىنچى باب

## 1

باھار — پەسىللەرنىڭ باشلىنىشى. لېكىن كىشىلەر ئادەتتە ھاياتنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، بارچە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ باشلىنىشىنىمۇ باھارغا ئوخشىتىدۇ. دېمىسىمۇ، باھار — تۇغۇلۇش، ئويغىنىش ۋە تەلپۈنۈش دېمەكتۇر! باھاردا كوكاتلار، مايسىلار تۇپراقنى يېرىپ چىقىدۇ؛ نوتىلار بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقىرىدۇ؛ گۈللەر غۇنچىلاپ، پورەكلەپ ئېچىلىدۇ؛ جىمى جانىۋارلار ئۆچەكلىرىدىن چىقىدۇ؛ قۇشلار نەغمىسىنى باشلايدۇ؛ ۋادىلار يېشىللىققا، باغلار گۈل - چېچەكلەرگە، ھاۋا خۇش پۇراققا تولىدۇ؛ كۆڭۈللەردە مۇھەببەت ئويغىنىدۇ... ئېھ باھار، ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتى ھەمىشە سەندەك ياش، جۇشقۇن ۋە گۈزەل بولسىدى، بارچە قەلبلەر سەندەك پاك، ئىللىق ۋە مۇلايىم بولسىدى، كىشىلىك ھايات نەقەدەر سۆيۈملۈك بولار ئىدى - ھە!

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، سەنمۇ بەزىدە جۇدۇنلاردىن خالىي بولالمىغىنىڭدەك، ئىنسان ئۆمرىمۇ قېرىش، ھالسىراشتىن، قەلبلەر بولسا، ئەگرىلىك، ساختىلىق ۋە باغرى تاشلىقتىن زەخمەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن باھارمۇ، ئۆمۈرمۇ، قەلبلەرمۇ يەنىلا سۆيۈملۈك!

يورۇڭقاش ۋادىسىدا قىش پەسلى شۇنچە كېچىكىپ كەلگىنىگە قارىماي، باھارغا بۇرۇنلا ئورنىنى بوشىتىدۇ. جۇڭغارىيە دالاسى تېخى ئاق لىباس يېپىپ ئاخىرقى چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، بۇ ۋادىدا ئىللىق شاماللار غۇيۇلداپ، ئېتىز - ئېرىقلار

يېشىل مەخمەلگە ئورىنىدۇ؛ باغلار رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن بېزىلىدۇ.
بۇ يىل باھار بۇ ۋادىغا تېخىمۇ بۇرۇن كەلگەندەك بولدى، توغرىسى ئېزىز بىلەن ئادالەتكە شۇنداق تۇيۇلدى. ئادالەت بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا چىقتى. باغدا باش باھار مەنزىرىسى چىراي ئاچقانىدى: ئۆرۈك، ئالۇچا، جىنەستە ۋە گىلاسلار ھۆپپىدە چېچەكلىگەن؛ ئالما، ئامۇت، نەشپۈت ۋە شاپتۇللارمۇ ھەر خىل رەڭدىكى ئۇنچە ـ مارجانلار بىلەن بېزەلگەنىدى. كۆن نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان چېچەكلەر بەئەينى گۆھەر ـ ياقۇتلاردەك جۇلالىنىپ، ئەجەب بىر جەلپكارلىق ئىلكىدە كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئەتراپ ئادەمنى مەست قىلغۇدەك خۇش پۇراققا تولغانىدى. ئادالەتنىڭ قەلبى كۆچلۈك زوق ۋە شادلىققا تولدى. چىرايىدا يېقىملىق تەبەسسۇم ئويناپ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ پات ـ پات يە ئۇ، يە بۇ شاخلارنى ئاۋايلاپ ئېگىپ چېچەكلەرنى ھىدلايتتى. چېچەكلەر بەجايىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك يۇمران، مەخمەلدەك يۇمشاق ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر تۈپ جېنەستىنىڭ يېنىدا توختىدى، بىر شاخنى ئاۋايلاپ ئېگىپ، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان چېچەكلەرنى خۇددى بالىسىنى سىلاپ ئەركىلىتىۋاتقان ئانىلاردەك چوڭقۇر مېھرى بىلەن سىلىدى، ۋۇجۇدىغا تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بىر خىل شادلىق سېزىمى تارقىدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۆزىمۇ ئاشۇ يۇمران، گۈزەل ۋە خۇش پۇراق چېچەككە ئايلىنىپ قالغانىدى...
بىر چاغدا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، كەينىگە چۆچۈپ قارىدى. ئون قەدەمچە يىراقتا ئېزىز ئۇنىڭغا زوقلىنىش ۋە ئەيمىنىش ئىلكىدە مەستانىلەرچە قاراپ تۇراتتى. ئادالەتنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايى گىلاستەك قىزىرىپ، دەرھال رومىلىنى

يۈزىگە دالدا قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، چىرايى دەم تاتىرىپ، دەم قىزىراتتى؛ ئاجايىپ شېرىن ۋە ئۆزگىچە بىر ھېسسىيات قەلبىدە ئوت بولۇپ يېنىپ، ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ئۇنى بىر ئىللىقلىق دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتكەندى؛ چولپان يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ھاياجان ۋە ئۇياتچان قىزلارغىلا خاس خىجىللىق ئارىلاشقان بىر خىل ساراسىمە ئىلكىدە يەرگە باقتى. ناۋادا شۇ تاپتا ئېزىزغا ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈش نېسىپ بولغان بولسىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن ئالەم بەجايىكى شادلىققا تولغاندەك بولاتتى.

ئېزىزمۇ لام - جىم دېمەستىن ئۇنىڭغا مەستانىلەرچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ساھىبجامال قىز شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ ئارتۇق مۇقەددەس ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىنى بەخت ۋە ئۈمىد دېڭىزىغا چۆمۈلدۈردى. شۇ تاپتا ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى — بىر جۈپ يۈرەكنىڭ بىر - بىرىگە مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بولۇپ باغلىنىشىنى، ياق، توغرىسى، ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىنىلا تىلەيتتى.

ئاخىرى، ئۇ يەنە ئاۋۋال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كۆزلىرىنى قىزنىڭ مەجنۇنتالدەك خۇش پىچىم قامىتىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ تارتىنغان ھالدا سورىدى:

— خېنىم، گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتاملا؟

«گەپ قىلدى، مۇڭداشقۇسى بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئادالەت ۋە كۆڭلى تېخىمۇ يايراپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. كېيىن ھاياجىنىنى تەستە بېسىۋېلىپ، سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

— پالۋان، سىزمۇ گۈللەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟

بۇ گەپ پەس ئاۋازدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باغنىڭ جىمجىتلىقىدا كۈمۈش قوڭغۇراقتەك سۈزۈك سادا بىلەن ياڭرىدى.

— گۈل دېگەننى ياخشى كۆرمەيدىغان كىم بار دەيدىلا، خېنىم، — دېدى ئېزىز ھاياجان بىلەن، — بولۇپمۇ مۇشۇنداق باھار پەسلىدە ئېچىلغان گۈللەر ئادەمنى ئۆزىگە بەكمۇ مەھلىيا قىلىدۇ.

— ھەۋەسىمىز ئوخشايدىكەن، — ئادالەت بۇ گەپنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە يەنە بىر قېتىم ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئېزىزغا باغ ئىچى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، چېچەكلەرنىڭ پۇرىقى تېخىمۇ خۇشبۇي بولۇپ كەتكەندەك، باغدىكى جىمى نەرسە ئۇنىڭغا كۈلۈپ باققاندەك تۇيۇلدى.

ئاھ، نېمىدېگەن شېرىن گەپ بۇ؟! شۇ تاپتا ئېزىزغا مۇنۇ پارلاپ تۇرغان چېچەكلەر گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار، قىز بولسا، شۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشاش كۆرۈندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلغۇسى، مۇشۇ قىزنىڭ ئوتىدا كاۋاپ بولغان يۈرىكىنى ئېچىپ كۆرسەتكۈسى بار ئىدى. بىراق دەماللىققا گەپنى قانداق باشلاشنىمۇ بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

ئادالەتمۇ گويا يىگىتنىڭ يەنە سۆزلىشىنى كۈتكەندەك، بۇ قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن دەررۇ كېتىشكە ئالدىرىماي، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يوشۇرغان ھالدا ئالدىدىكى جىنەستە چېچىكىگە قاراپ تۇرىۋەردى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. مۇنداق پۇرسەتنى تاپماق ئوڭايمۇ؟

— خېنىم، ئۆزلىرىمۇ خۇددى باھاردا ئېچىلغان...

دەل شۇ پەيتتە ئاڭلانغان گۈلسۈمنىڭ «ئادالەت خېنىم!» دەپ چاقىرغىنى ئېزىزنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ھەر ئىككىلىسى چۆچۈپ تېزلا بىر - بىرىدىن يىراقلاشتى. ئېزىز ئىككى چامداپلا شىپاڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئادالەت تېز قەدەملەر بىلەن ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇنى ئۇ يەردە بىر كۆڭۈلسىز خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى.

## 2

مەنسۇر بەگ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى: ساقچىلار
ئابدۇكېرىمنى شەھەردىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كەتتى. بۇ ئىش —
بۇ يىلقى باھارنى قوغلىشىپ كەلگەن جۇدۇنلارنىڭ تۇنجىسى ئى-
دى.

بۇ خەۋەر مەنسۇر بەگ ئائىلىسىنى ئوپۇر - توپۇر قىلىۋەت-
تى. خەدىچە خېنىم شۇ زامان ھوشىدىن كەتتى. زۆھرە خېنىم
چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى مورلاپ يىغلىدى. پاتىمە خېنىم،
ئادالەت ۋە گۈلسۈملەر بىر تەرەپتىن يىغلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن
خەدىچە خېنىم بىلەن زۆھرە خېنىمنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇ-
شۇپ، بىرىنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشسا، يەنە بىرىگە تەسەل-
لى بېرىشەتتى. باشقا خىزمەتكارلارمۇ پۈتى كۆيگەن توخۇلاردەك
پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىشكەنىدى. مەنسۇر بەگ تېۋىپقا ئادەم
ئەۋەتتى - دە، مېھمانخانىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەي، ئۇ-
ياندىن - بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. «بۇ بەڭۋاش بەك ھەددىدىن
ئېشىپ كېتىپتىكەن، — دەپ چېچىلغان ھالدا ئۆز - ئۆزى بىلەن
سۆزلىشەتتى ئۇ، — بىرەر پالاكەتكە يولۇقمىسىدى دەپ ئەنسى-
رەپلا يۈرەتتىم. ئاخىرى ئويلىغىنىمدەك بولدى. ئۇنىڭغا ھۆكۈ-
مەتكە قارشى چىقىشنى كىم قويۇپتۇ؟...» ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن
پۈتۈن ئەجدادلىرىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەت بىلەن
ياخشى ئۆتكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا سازاۋەر
بولغانلىقىنى ئەسلىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەت بى-
لەن چىقىشالماسلىقىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى چۈشىنەلمەي گاڭگى-
رىدى. شۇنداق، ئۇ بۇ ئىشتىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئوڭايلىقچە
چۈشىنەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمەتكە قارشى
تۇرغۇچىلار ھېچنېمىسى يوق يالاڭ تۆشلەر، نامراتلار بولۇشى
لازىم ئىدى. ئۆز جەمەتىدىكى بارلىق كىشىلەر پەقەت ھۆكۈمەت-

تىن مىننەتدار بولۇشى، ئۇنى جان پىدالىق بىلەن قوغدىشى لازىم ئىدى. «بىر ھېسابتا بىزنىڭ جەمەتىمىزمۇ ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسمى. ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلىق — ئۆزىمىزگە قارشى تۇرغانلىق بولمامدۇ! ؟ ئابدۇكېرىم نېمىدېگەن ئەخمەق - ھە! ؟» دەيتتى ئۇ غودۇڭشىپ. ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى ھەممە ئەيىبنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۇرۇمچىدە مۇئەللىمچىلىكتە ئوقۇغانلى-قىغا، شۇ يەردە كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئاپى-رىپ تاقىدى. «ياپىر، ئامبال جانابلىرى دېگەندەك بۇ كومنۇس دېگەنلەر غولى بەك يامان تائىپ ئىكەن جۇمىسۇ. يالاڭ تۆشىلەرنى-لا ئەمەس، مۇشۇنىداق بەگزادا - بايۋەچچىلەرنىمۇ ئالداپ كې-تىدىكەن ئەمەسمۇ! » دېدى ئۇ چۆچۈگەن ھالدا. بىراق ئارقىدىنلا يەنە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، ئەسكەرلىرى بىلەن ساقچى-لىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى تەسكىن تاپتى: «موزاي-نىڭ يۇگۈرۈشى سامانلىققىچە دېگەندەك، ئۇنداق بىرنەچچە يۇرت بۇزۇقلىرىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بىر تال تۈكىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. ئاخىر ئۆزلىرىنى نەس باسىدۇ شۇ،— دېدى ئۇ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈر-كەپ،— بىزنىڭ ماۋۇ ئەخمەق بەڭۋاشىمۇ شۇنداق بولدى. ئەينا، ھاي دېگەنگە ئۇنىماي كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى تۇرار جايى گۇندىخانا بوپتۇ. ئەمدى سوئال - سوراق، تاياق - توقماق بىلەن... ، — خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە بىر قورقۇنچ چۈشتى، — ئەستا، چاتاق بولدى، بەك چاتاق بولدى. ئۇنىڭ شالتىقىغا مەنمۇ تېيىلىپ كېتەرمەنمۇ؟ جەمەتىڭ-دىن بىر كومنۇس چىقتى، سەنمۇ ئەسلىدە يەڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت-كە قارشى پىچاق ساقلاپ يۈرگەنلەردىن ئوخشايسەن، دەپ قالسا نېمە دەرمەن؟ ھەر ھالدا مېنىغۇ گۇندىخانىغا سولىماس، ئەمما لېكىنزە، بەگلىكتىن ئېلىپ تاشلىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھوقۇقتىنمۇ، نام - ئاتاقتىنمۇ قۇرۇق قالىمەن. يەنە تېخى دۇشمەنلىرىم ئېشەك

قىلىپ مىنىدۇ... ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلسام بولار...»
دەل شۇ پەيتتە خەدىچە خېنىم ھوشىغا كەلگەنىدى. ئۇ كۆزد-
نى ئېچىپلا:
— مەنسۇرنى چاقىرىڭلار! — دېدى.
ئۇنىڭ بۇيرۇقى دەرھال بەجا كەلتۈرۈلدى.
— نەۋرەمنى، جىگەر پارەمنى تېپىپ بەر! — خەدىچە خېنىم
زەئىپ، ئەمما كەسكىن تەلەپپۇزدا مەنسۇر بەگكە بۇيرۇق قىلدى.
مەنسۇر بەگ بالاغەتكە يەتكەندىن بۇيان خەدىچە خېنىم ئۇنىڭغا
ھېچقاچان مۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ باقمىغان، ئادەتتە باش-
قىلار ئالدىدا ئۇنى «بەگ بالام»، «سىلى» دەيتتى، ھەرگىزمۇ
«سەن» لىمەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئادىتىنى بۇزۇپ، خۇددى چاكار-
لىرىغا بۇيرۇق قىلغاندەك سۆزلىدى.
مەنسۇر بەگ سەل خىجىل بولدىيۇ، لېكىن كۆڭلىگە ئېلىپ
كەتمىدى. بۇ چاغدا ئۇ قانداق قىلىش لازىملىقىنى ھەر ھالدا
ئويلاپ ئۈلگۈرگەنىدى.
— ماقۇل، ئانا، سەۋر قىلسىلا. مەن مۇشتۇرقەتتە شەھەر-
گە بېرىپ ھاكىمبېگىم بىلەن كۆرۈشەي. ئۇ كىشى لەۋزىمنى
ئىلىك ئالار.
— شۇنداق قىل! مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتار دېمىسەك، ئۇ
سامان قۇرساقا شۇنچە دۇنيا - ئوقەتنى بىكارغا بېرەرمىد-
دۇق! ؟ بۇ دورەممۇ بېرەيلى، قانچىلىك دېسە، شۇنچىلىك بېرەي-
لى. ئىشقىلىپ، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى نەۋرەمنى كەچقۇرۇنلۇقى
ئالدىمغا ھازىر قىل، بولمىسا ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن!
مەنسۇر بەگ ئابدۇكېرىمنى مۇنداق تېز قۇتۇلدۇرالايد-
غانلىقىغا كۆزى يەتمىسىمۇ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي، «ماقۇل،
ئانا» دېدى - دە، ئېزىزنى ھەمراھ قىلىپ شەھەرگە يۈرۈپ
كەتتى.
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خادىملار مەنسۇر بەگنى ئوبدان

تونۆيتتى. شۇڭا ئۇ نۇرۇللا بەگنىڭ ئىشخانىسىغا توسالغۇسىز كىرەلىدى.
نۇرۇللا بەگ ئۇنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قىزغىن كۈتۈۋال- دى، ھەتتا خەدىچە خېنىم، پاتىمە خېنىملارنىڭ ئەھۋالىنى سو- راشنىمۇ ئۇنتۇمىدى، ئاندىن خىزمەتچىسىگە بۇيرۇپ چاي كەل- تۈردى. «خۇداغا شۈكۈر،— يېنىك تىن ئالدى مەنسۇر بەگ،— ھاكىمبېگىمنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەرمەپتۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى.»
مەنسۇر بەگ يولغا چىقىش ۋاقتىدا بەش سەر ئالتۇننى ئۈچكە بۆلۈپ، ئايرىم - ئايرىم قىزىل تاۋار ياغلىقلارغا تۈگۈۋالغانىدى.
— بۇزرۇكۋار ئانام ئۆزلىرىگە، چوڭ - كىچىك خېنىملارغا كۆپتىن - كۆپ دۇئايى - سالام يوللىدى،— دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن ئىككى سەر ئالتۇن تۈگۈلگەن ياغلىقنى يانچۇقى- دىن چىقىرىپ نۇرۇللا بەگنىڭ ئالدىغا ئېھتىرام بىلەن قويدى،— ئانامنىڭ بۇۋىئايشەم خېنىمغا يوللىغان ئەرزىمەس سوۋغىسى ئىدى، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلارلىمىكىن؟
— ھەي… بۇ…،— دۇدۇقلىغان ھالدا تەكەللۇپ قىلدى نۇرۇللا بەگ،— كېلىشەرمەي… ئۆز ئادەملەر تۇرساق، خەدىچە خېنىم بەك جۇۋاپتۇ، ئولتۇرسىلا، قېنى، چايغا ئىلتىپات قىل- سىلا.
مەنسۇر بەگ سوۋغىنىڭ رەت قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم يېنىك تىنىۋالدى - دە، جايىغا ئولتۇردى. نۇرۇللا بەگ سوۋغىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسا كې- رەك، تۈگۈنچەكنى يەشمەيلا يانچۇقىغا سالدى. مەنسۇر بەگ مەق- سەتنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، نۇرۇللا بەگ ئۇ- نىڭغا ئىلھام بەرگەندەك ئۆزى گەپ ئېچىپ قالدى:
— بېگىم، مەھكىمىگە بىرەر ۋەجىدىن كەلگەنمىدىلە؟
مەنسۇر بەگ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ھاكىم جانابلىرى، ئالدىلىرىغا بىر تەڭقىسچىلىق بىلەن كېلىپ قالدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئابدۇكېرىمنىڭ ساقچىلار تەرد. پىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانام بىچارە ھوشىدىن كەتتى...

— قايسى ئابدۇكېرىمنىڭ گېپىنى قىلىلا؟ — نۇرۇللا بەگ گويا ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوقتەك ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى.

— ئاچام زۆھرە خېنىمنىڭ ئوغلى، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كېلىپ ھازىر شەھەردە ئەپەندىچىلىك قىلاتتى.

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئۇنىماي، ئەپەندىچىلىكتە ئوقۇغان ھېلىقى جىيەنلىرىمۇ؟

— ھەئە، شۇ.

— شۇنداق ئىش بوپتۇمۇ؟ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، ھەي... يامان بوپتۇ، — نۇرۇللا بەگ تاماكا چېكەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن تاماكا قۇتىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئېچىپ ئاۋۋال مەنسۇر بەگكە ئۇزاتتى. مەنسۇر بەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ چەكمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىر تال پاپىروس ئېلىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، قاتتىق شوراپ ئىسىنى تورۇسقا قارىتىپ پۈۋلىدى، — نېمە گۇناھ سادىر قىلغان بولغىيدى ئۇ يىگىت؟ ھازىر ئەپەندى خەقلەر ئارىسىدا كوممۇنىستلار ۋە ئىلى ئوغرىلىرىنى ياقلايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. بۇ بايۋەچچىمۇ ئەخمەقلىق قىلىپ شۇلارغا قېتىلىپ كەتكەن بولمىغىدىيا؟

— نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئۇقالمىدۇق؟ — دېدى مەنسۇر بەگ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى ئېيتىشنى خالىماي.

— ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرىلى، بىردەمدە بىلىمىز، — نۇرۇللا بەگ تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرغان خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ تالىپ بەگنى دەرھال تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

ساقچى ئىدارىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن يانداش قورۇدا ئىدى. شۇڭا تالىپ بەگ ھايالشىمايلا يېتىپ كەلدى. ئۇمۇ مەن-سۇر بەگ بىلەن قەدىردانلارچە كۆرۈشتى.

نۇرۇللا بەگ ئەھۋالنى قىسقىچە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، تالىپ بەگمۇ گويا مەنسۇر بەگ بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ مۇناسىۋى-تىنى مۇتلەق بىلمەيدىغان كىشىدەك ھەيران بولغان ھالدا سورى-دى:

— بېگىم، ئابدۇكېرىم ئەپەندى سىلىنىڭ تۇغقانلىرىمىدى؟ ھەي، نېمىشقا بۇرۇن بىلمەي يۈرگەن بولغىيدۇق؟

مەنسۇر بەگ بۇ ئىككى مەنسەپدارنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقان-لىقىنى ئەمدى چۈشەندى. چۈنكى ئابدۇكېرىم ئۈرۈمچىدىن قاي-تىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتكە بۇ ئىك-كى بەگنىڭمۇ ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. «خەير، بوپتۇ، خىجىل بولۇشقان ئوخشايدۇ، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ئۇ سەل خاتىرجەم بو-لۇپ.

— بېگىم، ئۇ يىگىتنى نېمە ۋەجىدىن قولغا ئالدىڭلار؟— سورىدى نۇرۇللا بەگ.

تالىپ بەگنىڭ چىرايىدا سەل ئۆكۈنۈش ئالامىتى كۆرۈلدى.

— ھەي··· بۇ بەگزادىمۇ ئۈرۈمچىدىن ئاينىپ كېلىپتىكەن. مەكتەپتىكى بۇزۇقلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەتكە قارشى پىتنە - پاسات تارقىتىشقا ئارىلىشىپ قاپتۇ.

— گۇناھى ئېغىرمۇ؟— ئالدىراپ سورىدى مەنسۇر بەگ.

— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس، تېخى رەسمىي سوراق قىلمىدۇق. ھەر ھالدا ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان دېگەن جىنايەت كىچىك ئىش ئەمەس.

— راست، بۇ بەك نازۇك مەسىلە، كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ. بۇ بايۋەچچىمۇزە، نېمىشقا جىم يۈرمىگەن بول-

غىيدى؟ !— دېدى نۇرۇللا بەگمۇ گويا ئىچ ئاغرىتقاندەك بولۇپ،
ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ـ ئۈچ
قېتىم ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ
ئولتۇردى، — تېخى سوراق قىلىنمىدى، دەڭ. بۇ تەرىپى ئىشنى
ئوڭايلاشتۇرىدىكەن. ماڭا قاراڭ، بېگىم، مەنسۇر بېگىمنىڭ جە-
مەتى ئەلمىساقتىن بېرى ھەرقانداق ھۆكۈمەتكە ساداقەتمەنلىك
بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەر. بېگىممۇ ھازىر پىرقە
دۆلەتنىڭ ئۆز ئادىمى. ئاۋۇ بايۋەچچىگە كەلسەك، تېخى ياش،
ئىش كۆرمىگەن يىگىت. مەنسۇر بېگىم گەپ قىلسا، خاتالىقىنى
تونار. بۇ قېتىم بېگىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن
ئۆتەيلى. تېخى سوراق قىلىنمىغان بولسا دېلومۇ تۇرغۇزۇلمىدى
دېگەن گەپ. مۇشۇ پۇرسەتتە قويۇۋېتەيلى ـ ھە؟!

ئابدۇكېرىمنى قولغا ئېلىش ئىشى تۈنۈگۈن ئاخشام دەل
مۇشۇ ئىككى مەنسەپدار ۋە كازىم بەگ ئوتتۇرىسىدا بېكىتىلگەن-
دى. ئۇلاردىن ئۆزگە ھېچكىم، ھەتتا ئابدۇكېرىمنى تۇتۇپ كەل-
گەن ئۈچ ساقچىمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيتتى.
ئابدۇكېرىممۇ باشقا مەھبۇسلارغا قوشۇۋېتىلمەي، ئايرىم كامېرغا
سولاپ قويۇلغانىدى. بىراق، ھازىر تالىپ بەگ خوجايىنىنىڭ
مۇددىئاسى بويىچە يەنە خۇپسەنلىك قىلدى:

— جانابلىرىنىڭ خاھىشىغا بويۇن تولغاش ھەددىم ئەمەس.
لېكىن مەكتەپتىكى قۇلاقلار①نىڭ مەلۇماتى ۋە بۇرۇن قولغا ئې-
لىنغانلارنىڭ پاش قىلىشى بويىچە بۇ بەگزادە ھەققىدە بەزى
ماتېرىياللار رەتلەنگەن. ئۇنىڭدىن ۋاڭ جۇيجاڭنىڭمۇ خەۋىرى بار
ئىدى. ئۆزۈملا قويۇۋەتسەم...

— راست، بۇ تەرىپىمۇ سەل نازۇك ئىكەن، — نۇرۇللا بەگ
تەڭلىكتە قالغاندەك يەنە بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قال-
دى، — بۇنىڭمۇ يولى تېپىلدى. تەكشۈرۈشتە يالغانلىقى ئىسپات-

① قۇلاق — بۇ يەردە مەخپىي ئىشپىيونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

لاندى دەرمىز. خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاڭ جۇيجاڭ قەشقەردىن قايـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ قوياي.
ئۇمۇ گەپ يەيدىغان ئادەم. بۇ قېتىم مەنسۇر بېگىمنىڭ يۈزىنى
قىلمىساق بولماس. ئاڭلىسام، خەدىچە خېنىممۇ ھوشىدىن كېـ
تىپ قاپتۇ. ئۇ بىچارە مەزلۇمنى دەرد ـ ھەسرەتكە قويمايلى.
— خوپ، بۇيرۇقلىرىنى دەرھال ئىجرا قىلاي، — دېدى
تالىپ بەگ ئاخىرى ئىلاجسىز قالغان قىياپەتتە.
مەنسۇر بەگ جىيەنىنى قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىـ
سىمۇ، ئۇنىڭ مۇنداق تېز ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزى يەتمەيتتى.
شۇڭا ئۇ ھەم خۇشال بولدى، ھەم سەل ھەيران قالدى. بۇ بايقۇش
چوڭكۆلدە ئۆزىنى ئەۋلىيا ساناپ يۈرگىنى بىلەن، مەنسەپدارلىق
قازىنىدا تالاي قېتىم پىشىپ چىققان مەھكىمە بەگلىرىنىڭ قور-
ساقلىرىدا قانچىلىك سىرلىق ئويۇنلارنىڭ بارلىقىنى تېخى بىلـ
مەيتتى.
— ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ ئاتىدارچىلىقلىرىنى ئىككىلا ئالەمـ
دە ئۇنتۇمايمەن! — مەنسۇر بەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياـ
جان بىلەن قۇللۇق بىلدۈردى. ئاندىن يانچۇقىدىن يەنە بىر تۇگۈنـ
چەكنى چىقىرىپ تالىپ بەگكە ئۇزاتتى، — ئۆزلىرىگە ئازراق
كۆڭلىمىز بار ئىدى، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلغايلا.
تالىپ بەگ بىر نۇرۇللا بەگكە، بىر تۇگۈنچەككە قاراپ سەل
تەكەللۇپ قىلغان بولدى:
— بۇ... بۇ... قانداق بولار؟
— ئېلىڭ، بېگىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماڭ، — دېدى نۇـ
رۇللا بەگ.
تالىپ بەگ تۇگۈنچەكنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى.
مەنسۇر بەگ يەنە تەشەككۇر ياغدۇرۇشقا باشلىۋىدى، نۇرۇللا
بەگ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— ھەممىمىز ئۆز ئادەملەر ئەمەسمۇ، بىر ـ بىرىمىزنى

قوللىمىساق بولامدۇ! ؟ بۇگۈن سىلىنىڭ ئېھتىياجلىرى بىزگە چۈشۈپتۇ، بىزئۈنى بەجا كەلتۈردۇق. ئېھتىمال، ئەتە - ئۆگۈن بىرەر ئىش تۇپەيلى بىزمۇ سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىلىمۇ بىزنى قۇرۇق قايتۇرمايلا، شۇنداق ئەمەسمۇ! ...

مەنسۇر بەگ بۇ گەپلەرنىڭ تېگىدە قانداق مەنە بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، دەرھال ئىپادە بىلدۈردى:

— ھەرقايسىلىرى ئۇچۇن جېنىمىز تەسەددۇق.

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، ھازىر تالىپ بەگ بىلەن بىللە بېرىپ بەگزادىنى ئەكەتسىلە بولىدۇ، — دېدى نۇرۇللا بەگ ئەمدى بۇ ھەقتىكى گەپلەر تۈگىسۇن دېگەندەك ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىپ، ئەمما ئۇلارنى ئۇزىتىپ ئىشىككە يېقىنلاشقاندا يەنە مەنسۇر بەگكە قاراپ قوشۇپ قويدى، — يەنە بىر گەپ، بەگزادە ئەمدى ئەپەندىچىلىك قىلماي، يېزىغا قايتىپ بەش - ئون كۈن ئائىلىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىنچە ئوبدانىراق بىرەر ئىشقا قويارمىز. بۇنىڭغا رەنجىشمىسىلە - ھە! ؟

— يوقسۇ، ھەددىمىز ئەمەس! — دېدى مەنسۇر بەگ قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ ئېگىلىپ، — ئۇنى ئەمدى ھەرگىز ئەپەندىچىلىك قىلدۇرمايمەن، ئۆز يېنىمدا تۇتۇپ ھەمىشە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرىمەن.

## 3

ئابدۇكېرىمنىڭ شۇ كۈنلا تۈرمىدىن ساق - سالامەت قايتىپ چىققانلىقى مەنسۇر بەگ جەمەتىدىكىلەرنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. ئۇلار مېھمانخانىغا توپلىشىپ يېرىم كېچىگىچە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. ھەممەيلەن بۇ ئىشنى مەنسۇر بەگنىڭ ئەل ئىچىدىكى ۋە ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئابرۇيى - ئىناۋى-

تىنىڭ چوڭلۇقىدىن دەپ بىلىشتى. سۆز ئارىسىدا يەنە نۇرۇللا بەگ ۋە تالىپ بەگكە ئوخشاش ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ئادىللىقى توغرىسىدىمۇ بەزى گەپلەر بولۇندى. خەدىچە خېنىم ئابدۇكېرىمنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغانىدى. ئۇ ھەدەپ بۇ ئەتىۋارلىق نەۋرىسىنىڭ باش - كۆزلىرىنى، غوللىرىنى سىلايتتى. «خوندىكەم، ئۇلار سېنى غولى ئۇرمىدىمۇ؟» دەپ تەكرار سورايتتى. ئابدۇكېرىممۇ ئېرىنمەي: «ياق، ئۇرمىدى» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

— شېڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا گۇندىخانىغا كىرىپ كەتكەنلەر ھوددەسى قايتىپ چىقمايتتى، — دېدى خەدىچە خېنىم بىر چاغدا ئومۇمىي پاراڭغا ئارىلىشىپ، — ئۇلار شىرئەلىخان غوجامدەك پەيغەمبەر ئەۋلادىنىمۇ يەپ كەتكەن. تالىپ بېگىملەر نەۋرەمنى تاك قىلىپ چەكمەپتۇ، سوئال - سوراقىمۇ تارتماپتۇ، ھەممىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن بەش ۋاخ نامىزىڭلاردا ئاشۇ بەگلىرىمىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، باللىرىم.

مەنسۇر بەگ ئابدۇكېرىمگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى:

— ھەممىدىن مۇھىمى، ھازىرقى پىرقە ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە ئوخشاش زەردارلارغا قارىتا مېھرىبانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى، بىز بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم تاغىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ رەددىيە بېرىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يەنە «بوپتۇلا، بىر قېتىم سۈكۈت قىلاي» دەپ ئۆزىنى باستى.

— بەگزادەم، ئۇلار سىزنى نېمە ۋەجىدىن تۇتۇپتىكەن؟ — ئۈشتۈمتۈت سوراپ قالدى مەنسۇر بەگنىڭ تاغىسى.

— بىلمىدىم، ھاجىم دادا، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئابدۇكېرىم.

— قىزىق ئىش، ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق…

بۇ يەردە ئۇلتۇرۇشقانلار يىقىن تۇغقانلار بولسىمۇ، مەنسۇر بەگ يەنىلا ئابدۇكېرىمنىڭ قولغا ئېلىنىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئېيتىشنى خالىماي تاغىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھاجىكا، مۇنداق سەۋەنلىكلەر بەزى ـ بەزىدە بولۇپ تۇرىدۇ. تالىپ بېگىم ئەۋەتكەن ساقچىلار خاتالىشىپ باشقا ئادەمنىڭ ئورنىغا بەگزادىنى تۇتۇپ قويۇپتۇ.

خەدىچە خېنىممۇ دەرھال لوقما سالدى.

— شۇ، مېنىڭ نەۋرەم ئۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلمايدۇ غولى. شۇنداقمۇ، قوزام؟

ئابدۇكېرىم جاۋاب بەرمەي تەنە ئارىلاش سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى باشتىلا توغرا پەرەز قىلىپ بولغانىدى. بۇنى كېيىن مەنسۇر بەگ بىلەن مەكتەپ مۇدىرىمۇ تەستىقلىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى گەپ ـ سۆز تارقاتقان دېگەن سەۋەب بىلەن قولغا ئېلىنغانىكەن. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق تېز قويۇۋېتىلگەنلىكىدىن ھەيران قالدى. تالىپ بەگ ئۇنىڭغا: «بەگزادە، بۇ دورەم سىزنى مەنسۇر بېگىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ قويۇپ بەردۇق» دېگەنىدى. ئابدۇكېرىم بۇ گەپنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىپمۇ كەتمىدى. دۇرۇس، ھازىرقى كۈنلەردە چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلارنىڭ زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ نۇرۇللا بەگ بىلەن تالىپ بەگكە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنىمۇ خېلى ئوبدان بىلەتتى. بۇ بەگلەر ھازىرقى ھاكىمىيەت بىلەن خۇددى گۆش بىلەن ياغدەك يېقىن ئىدى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ يۇرتتىكى ھۆكۈمەت دېگەن مانا بىز ئۆزىمىز، دەپ ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلىق — ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىگە قارشى چىققانلىق بولۇپ، ئۇنداق «جىنايەت-

كار»نى ھەرگىزمۇ ئوڭايلىقچە ئەپۇ قىلمايتتى. بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ئىككى ئوقۇتقۇچىنى ئاشۇ تالىپ بەگ شەخسەن ئۆزى قولغا ئالغان، ئۇلار ھازىر تۈرمىدە يېتىۋاتىدۇ. يەنە ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاشۇ بەگلەر مەكتەپكە بېرىپ پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىدى. كوممۇنىستىك پارتىيىنى، ئىدىلىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى يەتكۈچە قارىلىدى. ھېلىقى ئىككى ئوقۇتقۇچى ۋەقەسىنى مىسالغا كەلتۈرۈپ: «كىمىكى ھۆكۈمەت ئۈستىدە غېلىم قوپۇدىكەن،①باندىتلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ھەرگىز كەڭچىللىك قىلىنمايدۇ» دېگەنىدى. ئەجەبا، ئابدۇكېرىمنىڭ مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇلار بىردىنلا رەھىمدىل ئەۋلىيالارغا ئايلىنىپ، بىرەر ئېغىز سوئال - سوراقمۇ قىلماي، پەقەت «ۋاقتىنچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن چارە بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىشىۋېتەرمۇ؟! ئۇلار ئۈچۈن بىر - ئىككى سەر ئالتۇن پارا ئېلىش دېگەن نېمىستى. مەنسۇر بەگمۇ ناھايىتى كەتسە، بىر يېزىنىڭ باشلىقى، خالاس. ئۇنىڭ يۈزى بىر سىياسىي جىنايەتچىنى دەرھال تۈرمىدىن قويدۇرۇۋېتەلىگۇدەك چوڭمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ كەينىدە چوقۇم بىر گەپ بار، لېكىن ئۇ زادى نېمە؟...

بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەنسۇر بەگنىڭ ئائىلىسىگە ئۈچ كىشى تۇيۇقسىز مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى قاراتاشتىكى يەنە بىر مەشھۇر زات — خوجا جامالىدىن ئىشان، يەنە بىرى تالىپ بەگ، ئۈچىنچىسى ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يۇنۇس بەگ ئىدى. مەنسۇر بەگ بۇ ئەتىۋارلىق مېھمانلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن، يەنە كېلىپ، ھەممىسى ئەزەم بەگ ھاجىغا يېقىن ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن كۆڭلىگە ئاللىقانداق گۇمانلار چۈشۈپ، ھە دېگەندىلا ھودۇقۇپ قالدى. مېھمانلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى دوستانە تۇتۇشتى. ئەزەم بەگ ھاجى، نۇرۇللا بەگ

① غېلىم قوپۇش — ئۆكتە قوپۇش، قارشى چىقىش.

ۋە باشقا چوڭ - كىچىك خېنىملارنىڭ قىزغىن سالاملىرىنى يەتكۈزۈشتى. چاي ئىچكۈچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىيەت خاراكتېرلىك سوئال - جاۋابلار بولۇپ ئۆتتى. ئاندىن ئىشان گېپىنى قىرىپ قويۇپ بىردىنلا ئاساسىي مەقسەتتىن گەپ ئاچتى: مۆھتەرەم مەنسۇر بەگنىڭ خانىدانىدا جەننەت ھۆرلىرىدەك گۈزەل، پاك ۋە پەزىلەتلىك بىر ئاجىزە بالىغلىق يېشىغا يېتىپتۇ. ھۆرمەتلىك ئەزەم بەگ ھاجىم جانابلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ كۆپ سۆيۈنۈپتۇ ۋە شۇ ئاجىزەنى كىچىك ئوغلى كازىم بېگىمگە لايىق كۆرۈپ، مەنسۇر بەگ بىلەن قۇدا - تۇغقان بولۇش نىيىتىگە كېلىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، مۇشۇ ئۈچ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر ئۇ زاتنىڭ بۇ مۇبارەك خاھىشىغا مەنسۇر بەگنىڭ خۇشاللىق بىلەن تەشەككۇر ئىزھار قىلىدىغانلىقىغا كامىل ئىشىنىدىكەن.

ئىشان گېپىنى شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ: «قېنى، نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك ساھىبخانغا تىكىلىپ قارىدى.

مەنسۇر بەگ ئىشان گېپىنى باشلىغاندىلا مۇددىئانى چۈشىنىپ تەڭلىكتە قالغانىدى. «ئەسلىدىغۇ ئەزەم بەگ ھاجى بىلەن قۇدا بولۇش — تىلەپمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئامەت، — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى ئۇ، — لېكىن ئۇ چاغدا ئابدۇكېرىمنى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ ئەھدىنى بۇزۇشقا ئانام ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئاندىن يەنە كازىم بەگنىڭ ھازىرمۇ بىر خوتۇنى بار، قىزىمنى توقاللىققا بەرسەك...»

— ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇملۇق، — يۇنۇس بەگنىڭ ئاۋازى مەنسۇر بەگنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — كازىم بېگىم ھەممە كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك كېلىشكەن ۋە ئەقىللىق، پەزىلىتى ئەخلاقلىق يىگىت بولۇپ ئۆستى. بەگ ھاجىم جانابلىرى ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋارلايدۇ.

«داڭلاپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ئەسلى بىر سۆلەتۋاز

بەگزادىغۇ ئۇ، — مەنسۇر بەگ كۆڭلىدە ئۇنى مەسخىرە قىلدى، — ئەمما قانداق «ياق» دېگىلى بولىدۇ؟ ئۇنداق دېيىشتىن ئاۋۋال پۈتۈن جەددى - جەمەتىمنى بۇ يۇرتتىن كەتكۈزۈۋەتسەم بولىدۇ.»

— مۆھتەرەم بەگ ھاجىم جانابلىرىنىڭ مۇبارەك خاھىشىنى ئاڭلاپ بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى، — مەنسۇر بەگ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، — ئۇ ھۆرمەتلىك زات بىزدىن ھېلىغۇ بىر ئاجىزەنى سوراپتۇ، ئۇنىڭدىن قىممەتلىك نەرسىمىزنى سورىسىمۇ قوش قوللاپ تۇتۇشقا ھەرقاچان تەييارمىز. ئۇ زات بىلەن قۇدا - تۇغقان بولۇش — بىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپ ۋە ئامەت...

— ھەپ بارىكاللا، كۆڭلىمىزدىكىدەك گەپنى قىلدىلا، — دېدى ئىشان گەپنى بۆلۈپ.

ئارقىدىن يۇنۇس بەگمۇ سۆز قىستۇرۇشقا ئالدىرىدى:

— بىزمۇ ئۆزلىرىدىن مۇشۇنداق جاۋاب ئاڭلايمىزغۇ دەپ ئويلاشقان غولى.

ھازىرغىچە سۈكۈت ساقلاپ يېتىنى بۇزماي ئولتۇرغان تالىپ بەگمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەنسۇر بەگ بىرھازا جىم تۇرۇپ قېلىپ، تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە دۇدۇقلاپ:

— ئەمما... لېكىنزە... بىر نازۇك ئىش بار ئىدى...، — دېدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.

— نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئىشان.

— باللار كۆدەك چېغىدىلا دادام رەھمەتلى ئىككى نەۋرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇشنى قارار قىلىپ، ھەر ئىككى ئۆيدىكى چوڭلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قويغانىدى، ۋاپات بولۇش ئالدىدىمۇ شۇ ھەقتە ئالاھىدە ۋەسىيەت قالدۇرغان. مۇشۇ ئىش...

— ئىككى نەۋرە دېگەنلىرى؟— ئىشان يەنە گەپنى بۆلدى.

— بىرى بىزنىڭ ئاجىزەمىز، يەنە بىرى ئاچامنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم بەگ.

— مۇنداق دېسىلە،— ئىشان ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ يەنە گەپنى تارتىۋالدى، — ئەمما مەن ئويلايمەنكى، مەرھۇم ئابدۇرە-ھىم بېگىم بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەندە، كۈنلەردىن بىر كۈنى قىز نەۋرىسى تۈپەيلىدىن ئەزەم بەگ ھاجىمدەك ئۇلۇغزات بىلەن قۇدا بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ئەمەس. مۇبادا مەر-ھۇم ھازىر ھايات بولغان بولسا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەلۋەتتە خۇرسەن بولغان ۋە بۇرۇنقى قاراردىن يېنىپ، بەگ ھاجىم جانابلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگەن بولاتتى. مېنىڭچە، بۇ ئىش ئۇچۇن بەك باش قاتۇرۇپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ.

— مەنسۇر بېگىم،— يەنە سۆز قىستۇردى يۇنۇس بەگ،— ئاشۇ ئابدۇكېرىم بەگ ئاتلىق جىيەنلىرىنى شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەت ئۈستىدە پىتنە - پاسات تارقىتىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئى-كەن دەپ ئاڭلىدىم. بۇ ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى بارمىكىن؟

مەنسۇر بەگ ئەڭ قورققان گەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. ئۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ئىختىيارسىز ھالدا يەر ئاستىدىن تالىپ بەگكە قارىدى.

— مەنسۇر بېگىمنىڭ تېخى بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق بولسا كېرەك،— دېدى تالىپ بەگ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، — بۇ گەپ بۇ يەردە ئېچىلىپ قالدى، ئەمدى ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي: قولىمىزغا ئۇ يىگىت توغرۇلۇق بىر دەستە ماتېرىيال چۈشكەن، ھاكىم جانابلىرى بىلەن ئىككىمىز سىلىنىڭ يۈز - خاتىرلىرىنى قىلىپ بۇ ئىشنى ھازىرچە بېسىپ قويدۇق. لېكىن ئۇ يىگىت ھوشىنى تاپماي مۇشۇنداق كېتىۋەر-سە، بىزمۇ ئامالسىز قالىمىز.

— يا ھەزرەت!— ساقىلىنى سىلىدى ئىشان،— ھۆكۈمەتكە

پۇت ئېتىشقا پېتىنغىنىنى بۇ بالىنىڭ، بېگىم، ئۆزلىرىمۇ بۇ بالىدىن ھېزى بولسىلا بولغۇدەك.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — ئىشانىنى قۇۋۋەتلىدى يۇنۇس بەگ.

— ھەق گەپ، ھەق گەپ، — ئىشان چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ يەنە سۆزنى تارتىۋالدى، — ھۆكۈمەت دېگەن بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، شىڭ دۇبەننىڭ ۋاقتىدا چارسۇلۇق ھېلىم سودىگەر دېگەن بايۋەچچە ھۆكۈمەتكە قارشى بىرنەچچە كەلىمە گەپ قىلىپ قويغىنى ۋەجىدىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ دادىسى، ئاكىسى ۋە بىر ئىنىسى تەڭلا گۇندىخانىغا سولانغانچە يوق بولۇپ كەتمىدىمۇ... يەنە تېخى بارلىق تەئەللۇقاتى خەزىنىگە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، بىچارە مەزلۇملار كوچىغا چىقىپ قېلىشتى. مەنسۇر بېگىم، ھېلىغۇ سىلىنىڭ ھاكىمبېگىم بىلەن تالىپ بېگىملەردەك يۆلەنچۈكلىرى بار، مانا ئەمدى ئىنشائاللا، بەگ ھاجىم جانابلىرى بىلەن قۇدا بولۇش ئالدىدا تۇرىلا، شۇنداق بولسىمۇ، ھېلىقى بەڭۋاش تۇغقانلىرىدىن يىراقراق تۇرسىلا بولغۇدەك، بولمىسا، سىلىمۇ يېمىگەن ماتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قالمىسىلا يەنە.

بۇ تازا نىشانلاپ ئېتىلغان ئوق ئىدى. مەنسۇر بەگنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن ئابدۇكېرىمنىڭ «بەڭۋاشلىقى» كەلتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ توغرىسىدا ئويلىغاندا، پەقەت «ھۆكۈمەتكە يامان كۆرۈنۈپ قېلىپ، بەگلىكتىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن» دەپ قورققان. بىراق، ھازىر گەپ تېخىمۇ خەتەرلىك ئىش توغرىسىدا — قولغا ئېلىنىپ كېتىش ۋە پۈتۈن مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. جاھاننىڭ كارى — بارىغا نېمە دېگۈلۈك، دۇرۇس، مەنسۇر بەگ چوڭكۆلنىڭ يېگانە ھۆكۈمرانى، ئۇ يەردە ھەممە ئىش شۇنىڭ خاھىشى بويىچىلا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. لېكىن، جاھان دېگەن

يالغۇز چوڭكۆللا ئەمەس ئىكەن. «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چام-
غۇرنىڭ ئورىسى» دېگەندەك، يۇرتتا مەنسۇر بەگدىنمۇ قۇدرەتلىك
ئادەملەر بار ئىكەن. مانا مۇشۇ ئەزەم بەگ ھاجىنىلا ئالساق، شۇ
كۈنلەردە ئۇنىڭ جەمەتى پۈتۈن يۇرتنى سوراۋاتىدۇ. توغرىسى،
ئۇلار مۇشۇ يۇرتنىڭ ھۆكۈمىتى. ئۇنىڭ دېگىنىگە ياق دېدىمۇ،
ئەتىگە قالمايلا، بىر باھانە بىلەن مەنسۇر بەگنى توغرىلاپ قويى-
دۇ. تالىپ بەگ بۈگۈن بۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەن بولسا،
ئەتە قولغا ئېلىشقا كېلىدۇ. مەنسۇر بەگنى تۈرمىگە سولاپ،
ئانىسى ۋە بالا - چاقىلىرىنى مۇشۇ قورۇ - جايدىن ھەيدەپ
چىقىرىدۇ. يا ھەزرەت، مۇنداق شەرمەندىچىلىكنى خۇدايىم كۆر-
سەتمىسۇن. مۇبادا ئەزەم بەگ ھاجى بىلەن قۇدا بولۇش مەنسۇر
بەگنى مۇشۇنداق قىسمەتتىن ساقلاپ قالالايدىغانلا بولسا، ئۇ
ھېلىغۇ دادىسىنىڭ بىر ۋەسىيىتى ئىكەن، يۈز ۋەسىيىتى بولسى-
مۇ، ئۇنى بۇزۇشقا تەييار.
— مۆھتەرەم بەگ ھاجىم جانابلىرىنىڭ بىزنى پەس كۆرمەي
قۇدىلىششقا نىيەت قىلغانلىقىغا مىڭ مەررە رەھمەت. ئۇ جاناب-
نىڭ قارارىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، — دېدى مەنسۇر
بەگ ئاخىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ.
ئەلچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى،
ئاندىن ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى داستىخانغا قويۇشتى. ئارقىدىن
تاماق كەلتۈرۈلدى. زىياپەت شۇنچە مول ئىدىكى، داستىخاندىن
توخۇ سۈتىدىن ئۆزگە جىمى نەرسە تېپىلاتتى. ئەلچىلەر چوڭ
ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشتى. بۇ ئارىدا مەنسۇر بەگ ئىككى قېتىم
سىرتقا چىققان بولسىمۇ، ئەلچىلەرنىڭ مۇددىئاسى توغرىسىدا
ھېچكىمگە تىنمىدى. ئادەتتىمۇ مۇنداق ئىشلاردا مەسىلە دادا
بولغۇچىنىڭ خاھىشى بويىچىلا بىر تەرەپ قىلىناتتى. مەنسۇر
بەگكە ئوخشاش بىر يېزىنى سوراۋاتقان ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى
ئىشتا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىراق، ئادا-

لەتنىڭ تەقدىرى بۆرۈنلا باشقا بىرىگە، يەنە كېلىپ بىر نەۋرە
ئاكىسىغا باغلاپ قويۇلغان، ھەر ئىككىلىسىگە موما بولغۇچى
ھازىرمۇ ھايات تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ خىل باغلىنىشنى ئۈزۈپ،
كۆيئوغۇلنى ئالماشتۇرۇش ئىشى ئادەتتىكى رازىلىق بېرىشكە
ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىرەك بىر ئىش ئىدى. مەنسۇر بەگ كې-
يىنكى تۈگمەس تاپا ـ تەنە، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىدىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن ئانىسى بىلەن خوتۇنىغا بۇ ئىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ،
ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلىغان
بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ قەتئىي قوشۇلماي، غوۋغا كۆتۈرۈشىدىن
قورقۇپ جۈرئەت قىلالمىدى. «بۇگۈنچە سەۋر قىلىپ تۇراي،
ئەتە ـ ئۆگۈن ئاستا ـ ئاستا چۈشەندۈرەرمەن» دەپ ئۆزىگە
تەسەللى بەردى ئۇ.
داستىخان يىغىلىپ، ئارقىدىن توي ۋاقتى ۋە تويلۇق ھەققى-
دە گەپ بولدى. تويلۇققا كەلگەندە كۆيئوغۇل تەرەپ خېلىلا
مەردلىك قىلغانىدى. مەنسۇر بەگ ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشال-
لىق ئىلكىدە دەرھال رازى بولدى. توي ۋاقتى توغرىسىدا ئارزاق
دەتالاش قىلىشىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلۈشكە كېلى-
شىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلچىلەر يەنە بىر قېتىملىق غىزا
تارتىلىشنى رەت قىلىپ، مەنسۇر بەگ تەرىپىدىن قىلىنغان سوۋ-
غاتلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشۈپ قايتماقچى بولۇشتى. دەل شۇ
چاغدا ئىش ئاشكارىلىنىپ قالدى. مەنسۇر بەگ دەرۋازىنىڭ سىر-
تىدا مېھمانلارنى ئۇزىتىۋاتقاندا، دېمىسىمۇ بولىدىغان بىر
گەپنى — مېھمانلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق غىزانى رەت قىلغانلى-
قىدىن كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى دەپ تاشلىدى.
— رەنجىمىسىلە، بېگىم، — دېدى گەپدان ئىشان ئات
ئۈستىدە كۈلۈپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا، ئىككى ھەپتىدىن
كېيىن ئادالەت خېنىمنى كۆچۈرۈپ كېتىشكە كەلگەندە زىياپەتلى-
رىگە يەتكۈچە داخىل بولارمىز.

بەگىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشقانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە پىچىرلىشىشتى. مېھمانلار ئۈزاشتى، بىراق ئۇلار مىنگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى بېسىلماي تۇرۇپلا بايىقى پىچىر- لىشىش ئىچكەركى خانىغا — خېنىملارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. ئارقىدىن خەدىچە خېنىم باشلىغان داد ـ پەرياد قىيامەت ـ قايۇمغا ئايلاندى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

خەدىچە خېنىمنىڭ بۇرۇندىن يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بار ئىدى. بولغۇسى كۈيئوغۇلىنىڭ ئالماشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ھامان:

— ۋاي، بۇ نېمە گەپ؟ قېنى ئۇ قارا يۈز مەنسۇر؟ — دەپ بىرلا ۋارقىرىدى - دە، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئارقىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى شۇ بولدى، ئەتىسى تاڭغا يېقىن نەپەس ئېلىشتىنمۇ توختىدى.

خەدىچە خېنىمنىڭ ۋاپاتى توي ئىشىنى مۇددەتسىز ئارقىغا سۈرۈۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئورنىغا كازىم بەگنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقى ئابدۇكېرىمگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ مەنسۇر بەگكە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، روبىرومۇ بولمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رەنجىشى ئادالەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق چوڭ ئىشتا مەنسۇر بەگنىڭ ھېچكىمگە مەسلىھەت سالماي ئۆزىلا قارار قىلغانلىقى، بىر تۇغقان ئاچىسى زۆھرە خېنىم بىلەن ئابدۇكېرىمنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. مومىسىنىڭ ۋاپاتى بۇ ئاغرىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ مومىسىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتىن ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە كەتتى. كۈندۈزى شۇ يەردە بولۇپ، نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن يەنە قەبرىستانلىققا چىقتى. كېچىنى شۇ يەردە — مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قۇرئان - تىلاۋەت قىلىۋاتقانلار

بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. شۇ يەردە ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە بىر گۇمان چۈشتى. «ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىشىم ۋە شۇنچە تېز قويۇۋېتىلىشىم بىلەن كازىم بەگنىڭ مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆتۈشى ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش بارمۇ نېمە؟— دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ،— ئۇنداقتا بۇ ئىش بۇرۇنلا پىلانلانغان بولىدۇ. بەگ دادامنىڭمۇ بۇ ئىشتىن باشتىلا خەۋىرى بار بولغىيمىدى؟...» ئۇ غەزىپىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، سۈكۈتكە چۆمگەن قەبرىلەر ئارىسىدا خېلىغىچە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تاغىسىنىڭ مۇنداق سۇيىقەستلىك پىلانغا قاتناشقانلىقىنى ئىنكار قىلىشنى خالايتتى، لېكىن قانداقتۇر بىر غايىب ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە: «ئەخمەق بولما، تاغاڭدەك بەگلەر ئەمەل-مەنسەپ، نام-ئاتاق ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ» دەپ جاراڭلىغاندەك ئاڭلىنىپ، دىلىنى غەش قىلاتتى، غەزىپىنى ئۆرلىتەتتى. ئۇ تاكى تاڭ ئاتقۇچە بۇ ھەقتە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى، لېكىن كۆڭلىگە ئېغىر بىر تۈگۈن ئورنىشىپ قالدى.

قائىدە بويىچە زۆھرە خېنىم قىرىق كۈنگىچە، ھېچبولمىغاندا يەتتە كۈنگىچە مېيىت چىققان ئۆيدە تۇرۇشى لازىم ئىدى. بىراق ئىنىسىنىڭ يۈزسىزلىكىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى-دە، مېيىت ئۈزىتىپ بولۇنغاندىن كېيىنلا ئۇمۇ ئۆز ئۆيىگە كېتىپ ھازىنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇردى. مەنسۇر بەگ ئارقا-ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئانا-بالا ئىككىسىلا ئېرىمىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى رەت قىلىپ، ئۈچ نەزىر ۋە يەتتە نەزىرلەرنى ئۆز ئالدىغا ئۆتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ بىر دادا، بىر ئانىدىن بولغان ئىككى قېرىنداشنىڭ تۇغقانلىق رىشتىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندەك بولدى.

بىلگەنلەر «كۆڭۈل دېگەن ساراڭ نېمە» دەپ بىكارغا ئېيتماپتىكەن. ئابدۇكېرىم ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا

كەلگۈسىدە ئادالەت بىلەن ئەر - خوتۇن بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا، ھەممە بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەرگە ئوخشاش، كۆڭلىدە بىر شادلىق سېزىمى ئويغىناتتى. لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، بۇ خىل سېزىم ئاشىقلارغا خاس ھاياجانغا، چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى تەلپۈنۈشكە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئادالەت بىلەن ئەركىن - ئازادە ئۇچرىشىپ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا ھېچبىر ئازابلانمىدى. دادىسى ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىپ، توينىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكىگە ئانچە ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، كېيىنكى چاغلاردا مۇشۇ توي ئىشى توغرىسىدا ئويلىسىلا بىر خىل پەرىشانلىق، تەڭقىسلىق ۋە غەمكىنلىك ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ كەملەردە ئۇنىڭ قەلبىنى شېرىنئاي ئىسىملىك باشقا بىر قىز ئىگىلەپ كەتكەنىدى.

شېرىنئاي — ئابدۇكېرىم بىللە ئىشلەيدىغان نىزام ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. مەكتەپتە ياش ئوقۇتقۇچىلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. ئابدۇكېرىم خىزمەتكە چۈشۈپ بىر ئايغا قالمايلا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ نىزام ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بىلەن يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدى. نىزامنىڭ دادىسى شەمشىدىن ئاكا سودىگەر كىشى بولۇپ، ما خۇسەننىڭ ۋاقتىدا بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنچە ئۆتكەن يىلى قايتىپ كەلگەنىكەن. شۇ يىللاردا ئۇ سودا ئىشى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە شەھەرلىرىنى ئايلىنىپتۇ، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى لەنجۇ، شىئەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالمۇتا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ بېرىپ كېلىپتۇ. ئۈرۈمچىدە نىزام تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى، شېرىنئاي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتۇ. شەمشىدىن ئاكىنىڭ نىزامنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش سودىگەر قىلىش نىيىتى بار ئىكەن، لېكىن نىزام ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلى-

غان يىگىت بولغاچقا، «مۇئەللىم بولىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ، مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇ ئابدۇكېرىمنى ئۆيىگە بىر-نەچچە قېتىم ئېلىپ باردى. ئۇ يەردىكىلەر ئۇنى ھەمىشە قىزغىن كۈتۈۋالاتتى، دادىسىلا ئەمەس، ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ سالام-لىشىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشاتتى. شەمشىدىن ئاكا ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئىشلار ئۈستىدە قىزغىن سۆھبەتلىشەتتى. ئاب-دۇكېرىم بۇ ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ خېلى كەڭلىكىنى، بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە بۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئالاھى-دە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

شېرىنئاي بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ قىز ئابدۇ-كېرىم بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىدا يۈزىنى ياپمايتتى، ئەرلەر ئولتۇرغان مېھمانخانىغا بىمالال كىرىپ - چىقاتتى، ھەتتا بەزىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىستۇرۇپمۇ قوياتتى. بۇ ئىشقا دادىسى-مۇ، نىزاممۇ باشقىچە قاراشتا بولمايتتى. ئابدۇكېرىم ئۇنىڭمۇ ئادالەتتىن قېلىشمىغۇدەك گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى كۆردى ياكى توغرىسى ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىدىمۇ بەزى زىيالىيلار، سودىگەرلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يۈزى ئوچۇق يۈرىدى-غان مۇشۇنداق قىزلارنى كۆپ ئۇچراتقان، ھەتتا بەزىلىرى بىلەن ئەركىن - ئازادە پاراڭلاشقان. لېكىن، ئۇنىڭ نادانلىق ۋە خۇرا-پاتلىق تۇمانلىرى بەكمۇ قويۇق بولغان بۇ يۇرتتا مۇنداق ئەركىن - ھۆر قىزنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم ئىدى. بۇ ھال ئابدۇكېرىمنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى، بېرىپ - بېرىپ قەلبىدە ئۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك ئىشقى - مۇھەببەت تۇيغۇسى بىخ سۈر-دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى، كۈندۈزلىرى ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇنىڭ شې-رىنئاينى ھەمىشە كۆرگۈسى، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇسى كېلەتتى، ئۆمۈرلۈك جورىسىنىڭ مۇشۇ قىز بولۇشىنى بەكمۇ

ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا كۆزى يەتمەي ئازابلىناتتى. كېيىن ئۇ تاسادىپىي مۇنداقچە سورىغاندەك بولۇپ، شېرىنئاينىڭ بېشى باغلاقلىق ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەسلىدە، ئۇلار يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن ئىككى يەردىن ئەلچى كەلگەنىكەن، لېكىن بىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى، يەنە بىرىنىڭ ئۆزى بۇ ئائىلىدىكىلەرگە يارىماي، نائۇمىد قايتۇرۇلۇپتۇ. بولۇپمۇ شېرىنئاينىڭ ئوقۇمىغان نادان يىگىتلەرگە ياتلىق بولغۇسى يوق ئىكەن، ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكىسىمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقىدىكەن.

بۇ خەۋەر ئابدۇكېرىمنى چوڭ مۇشكۇلچىلىكتىن خالاس قىلدى. بىراق ئۇنىڭ ئالدىنى تېخىمۇ چوڭ بىر تاغ توسۇپ تۇراتتى. «مېنى ئادالەت بىلەن باغلاپ تۇرغان تۇگۇننى يېشىۋەتكىلى بولارمۇ؟— دەپ غەمكىنلىك بىلەن خىيال سۈرەتتى ئۇ،— تەس، بەك تەس. ئۇ چاغدا بەگ داداملا ئەمەس، موماملا ئانامۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ، بەلكىم پۈتۈنلەي ئادا - جۇدا بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن. ئاندىن شېرىنئاي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ماڭا قانداق قارايدۇ؟ ‹ئۆيىمىزگە چاقىرىپ ئىززىتىڭنى قىلىپ قويساق ھەددىڭدىن ئاشقىلى تۇردۇڭمۇ؟›، دەپ قالسا نېمە دەيمەن؟ ...»

ئۇ ئەنە شۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن بىرەر ئايدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى ئىشلار — ئاۋۋال ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىنىش، ئارقىدىن كازىم بەگنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى ۋە ئاخىرىدا مومىسىنىڭ ۋاپاتى يۈز بەردى.

— ئىنىم ئەجەبمۇ يۈزسىزلىك قىلدى،— دېدى زۆھرە خېنىم بىر كۈنى ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغاندا ھەسرەت چېكىپ،— مەرھۇم دادامنىڭ ۋەسىيىتىگىمۇ ئەمەل قىلمىدى. بۇ ئىشنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئوغلۇم، سىزگە ئادالەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان قىز ئېلىپ بېرىمەن. مەنمۇ ئابدۇرەھىم بەگنىڭ قىزى، بۇ يۇرتتا قايسىبىر

زەردارنىڭ ئۆيىگە قىز سوراپ بارسام، ھېچكىم مەيدەمدىن ئىت-
تەرمەيدۇ.

خەدىچە خېنىم ۋاپات بولغاندىن بۇيان، بۇ توغرۇلۇق ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم گەپ ئېچىلغانىدى. شۇ ھامان ئابدۇكېرىمنىڭ كۆز ئالدىدا شېرىنئاي پەيدا بولدى.

— خۇدايىم تىلىگىنىڭىزنى بېرەر، ئانا، — دېدى ئۇ ئانى-سىغا تەسەللى بېرىپ، — مەن تېخى ياش، بۇ ئىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىسەممۇ بولىدۇ.

— ئادالەتنى ئۆز قىزىمدەك كۆرەتتىم، ئىنىم دېگەن يۈز-سىز بەكمۇ ئەسكىلىك قىلدى.

— بەگ دادام قىلغۇلۇقنى ئۆز قىزىغا قىلدى، ئانا. ئاڭلى-سام، كازىم بەگ دېگەن تازا ئۇچىغا چىققان لۈكچەكمىش، ھازىر-غىچە نەچچە قېتىم ئۆيلىنىپ بولغان دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمرىدە ئادالەتنىڭ كۈنلىرى قانداق ئۆتەركىنتاڭ؟

— ئاھ، بىچارە ئادالەت!

* * *

بۇ كۈنلەردە ئادالەتنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى. ئىك-كى ھەپتىدىن كېيىن تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا بېشى پىر-قىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزىگە گويا يۈرىكى سوقۇش-تىن توختاپ قالغاندەك بىلىنگەن، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلغان. كۆڭلىدە: «ئۆلىمەن، ماڭا بۇ لەنىتني ئالەمدە ياشاش نېمىگە ھاجەت؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلغان. توۋا، ئادەمنىڭ كۆزى دېگەن راستتىنلا قۇرۇماس بۇلاققا ئوخشايدى-كەن. ئادالەتنىڭ شۇ چاغدا باشلانغان يىغىسى بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈ-لۈپ قالماي، ھازا يېشىغا ئۇلىنىپ كەتتى. مانا بۈگۈن يەتتە نەزىرمۇ بېرىلىپ بولۇندى، ئۇ يەنىلا يىغلاۋاتىدۇ. كېچىلىرى

ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك ئۇخلىغان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا كۆز يېشى ئۇنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى، ئەڭ يېقىن سىردىشى بولۇپ قالدى. ئىشتىھاسى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ كەتتى. پاتىمە خېنىمنىڭ قاتتىق يېلىنىشى ۋە زورلىشى نەتىجىسىدە ئاغزىغا بىر ـ ئىككى كاپام ئاش ياكى بىرەر بۇردا نان سالىدۇ، بىرنەچچە يۇتۇم چاي ئىچىدۇ، خالاس.

— ئوبدان قىزىم، ئۆزۈڭنى مۇنداق بېيدي ـ بېيدا[1] قىلىۋەتمىگىن، — دەيدۇ پاتىمە خېنىم پات ـ پات ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — قارىغىنا، قاپاقلىرىڭ تۇخۇمدەك ئىششىپ، كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسەڭ يىقىلىپ قالىسەن.

ئادالەت ئېغىز ئېچىپ بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايدۇ، يىغىدىنمۇ توختىمايدۇ. ئامالسىز قالغان بىچارە ئانا ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ ياش تۆكىدۇ.

خەدىچە خېنىم ۋاپات بولغان كۈندىن تارتىپ پاتىمە خېنىم كېچە ـ كۈندۈز ئادالەتكە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن نەزىر ـ چىراغ ئىشى بىلەن بەكمۇ ھېرىپ كەتكەچكە، ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇرۇنلا يېتىپ قالماقچى بولۇشقان. لېكىن، كۈتمىگەندە مەنسۇر بەگ پاتىمە خېنىمنى مېھمانخانىغا چاقىرتىپ قالدى. ئادالەت بايا ئانىسىنىڭ بىرھازا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاران دېگەندە يىغىدىن توختىغانىدى، ھۇجرىدا يالغۇز قالغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن يەنە ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنسۇر بەگنىڭ پاتىمە خېنىمنى ئۇشتۇمتۇت چاقىرتىپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈردى ـ دە، ئىختىيارسىز باشلانغان ئېسەدەش قاتتىق يىغىغا ئايلىنىپ كەتتى.

— قىزىم، بۇ يەنە نېمە ئىش؟ — ھايالشىمايلا قايتىپ كىر-

① بېيدي ـ بېيدا — ئازابلىنىش، قىينىلىش مەنىسىدە.

گەن پاتىمە خېنىم ھەيرانلىق ۋە رەنجىش ئىلكىدە سورىدى، — بىلىپ قوي، قىزىم، مۇنداق تۇگىمەس يىغىنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ.

— خۇدايىمنىڭ ماڭا رەھمى كەلمىگەندىكىن جېنىمنى ئال-سۇن! — ئادالەت بۇرۇن زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل جاسارەت بىلەن ئۈنلۈك سۆزلىۋەتتى، — مېنىڭ مۇنداق ياشىغى-نىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك.

پاتىمە خېنىم قىزىنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى چۈشىنەتتى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇزۇلمەي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنىڭ يالغۇز مومىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشتىنلا ئەمەسلى-كىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

— جېنىم بالام، ئۇنداق كۆپۈرلۈق قىلما، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ، قولىياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈر-تۈپ، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي: توي ئىشى قەرەلسىز ئارقىغا سۈرۈلۈپتۇ.

— راستمۇ؟ — ئادالەت ئېسەدەشنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا سورىدى.

— راست، داداڭ بايا شۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتىپتىكەن. بۈگۈن ئۇ قۇدا تەرەپتىن كەلگەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ شۇنداق كېلىشىپتۇ.

ئادالەتنىڭ كۆزلىرىگە يەنە لۆممىدە ياش كەلدى: «ئاھ، قەدىرلىك موما، سەن ئۆلۈمۈڭ ئارقىلىقمۇ نەۋرەڭگە مېھرىبانلىق كۆرسەتتىڭ!...»

— جېنىم بالام، ئەمدى يىغاڭنى توختات! گېپىمنى ئاڭلى-ماي مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، مەن غەم - ئەندىشىدە ئۆلۈپ كېتىمەن.

— ماقۇل، ئانا، ئەمدى يىغلىماي، راست يىغلىماي، — دېدى ئادالەت ئوپۇل - توپۇل ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

# 2

كۈيئوغۇل ئالمىشىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئادالەتنىڭ تويى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئېزىز ئۈچۈن ئوچۇق ھاۋادا بىردىنلا چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما پەيدا بولغاندەك تەسىر قىلدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. «مەنسۇر بەگ ھەرقانچە بولسىمۇ، ئاچىسىنىڭ يۈزىگە ئاياغ باسماس» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ھەر ھالدا مەنسۇر بەگدىن سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق، بۇ چاغدا خەدىچە خېنىم ھوشىدىن كېتىپ قېلىپ قورۇدىكى جىمى ئادەم ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. مەنسۇر بەگ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى، ئېزىز ئۇ يەرگە كىرەلمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭسىزمۇ بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقى تولۇق ئىسپاتلاندى. ئەمدى بۇ ھەقتە يەنە بىراۋلاردىن سوراشقا ھاجەت قالمىغانىدى. ئېزىزنىڭ بىردىنلا ئادالەتنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى: «بىچارە قىز شۇ تاپتا قانداق قىلىۋاتىدىكىن؟...» ئۇنى كۈچلۈك بىئاراملىق، تىت - تىتلىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇ گاڭگىرىغان ھالدا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىردى. ئەمدى باغدىكى جىمى مېۋىلىك دەرەخلەر تولۇق چېچەكلىگەن، قىزىلگۈللەرمۇ ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. باغنىڭ ھاۋاسى ئەتىر پۇرايتتى. لېكىن، ئېزىز ھازىر تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن قىلچە ھۇزۇر ھېس قىلمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئاستا - ئاستا مېڭىپ، ھېلىقى كۈنى ئادالەت بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلەشكەن يەرگە كەلدى - دە، يوغان ئۆرۈك دەرىخىگە يۆلەندى. كۆز ئالدىدا گويا بىردىنلا ئادالەت پەيدا بولغاندەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى: «جېنىم ئادالەت، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن راستتىنلا سىزدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ جىمى ئارزۇ - ئارمانلىرىم يوققا چىقارمۇ؟

ئىشقى - پىراقىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنارمۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ يورۇق دۇنيا ماڭا دوزاخ بولىدۇ.» ئېزىز ئەقلىنى تاپقاندىن بۇيان، مەرھۇم ئانىسى ۋاپات بولغاندىن باشقا چاغدا بىرەر قېتىم يىغلىغىنىنى، كۆزىدىن بىرەر تامچە ياش تۆككىنىنى بىلمەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا بىردىنلا ئىككى - ئۈچ تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشتى. مۇبادا مۇشۇ ھالەت يەنە ئازراق داۋاملاشقان بولسا، ئۇ كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان يىغىنى زورىغا بېسىپ، ئۆزىنى ئاران دېگەندەك تۇتۇۋالدى. «مەنمۇ ئوغۇل بالا بولدۇممۇ؟— دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى ئۇ،— بۇ يەرگە قانداق مەقسەت بىلەن كەلگەنىدىم؟ دورغا بەگ بولۇش ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ئۇنداق بولسا، شۇ كەمگىچە نېمىشقا ئادالەتكە كۆڭلۈمنى بىلدۈرمىدىم؟ بۇرۇنقىلار: ‹سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار› دەپتىكەن. مەن بۇ ئىش ئۈچۈن قانچىلىك سەۋەب قىلىپ باقتىم غولى؟ كېچىلەرنى خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزگىنىم بىلەن ئۇنى كۆرگەن چېغىمدا تىلىمغا گەپ كەلمەي قالدى. ھېلىقى كۈنىمۇ كۆڭلۈمنى ئوچۇق بىلدۈرىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمىدىم. ئۇنىڭمۇ ماڭا مەيلى بولمىسا، ئاشۇنداق خالىي يەردە مەن بىلەن يالغۇز سۆزلىشىپ تۇرارمىدى!؟ لېكىن مەن پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن ئەيمەندىم، قورقتۇم، ئىشەنمىدىم. ھەي... شۇ ھالىمغا ئوغۇل بالىمەن، ئاشىق يىگىتمەن دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەسلىدە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان تازا بىر لەقۋا ئىكەنمەن...» ئېزىزنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ، بىردىنلا قېنى قىزىدى، ۋۇجۇدى بىر سىلكىنىپ، قەلبىدە بىر جاسارەت ئويغاندى. «ياق، ئىككى ھەپتە دېگەن ئون بەش كۈن. تېخى پۇرسەت بار. بىر ئىشقا بەل باغلىغان ئادەم ئۈچۈن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقمۇ غەنىيمەت پۇرسەت. ئەمدى مۇنداق ئۆز - ئۆزۈمدىن ئازابلىنىپ

يۇرۇۋەرمەي، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلە-
شەي، يۈرەك ـ باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتەي. ناۋادا ئۇنىڭمۇ ماڭا
مەيلى بولسا بەخت ـ تەلىيىم شۇ. ماقۇل دېسە ئېلىپ قاچىمەن.
كازىم بەگ بولامدۇ، مەنسۇر بەگ بولامدۇ، يەنە باشقىسى بولام-
دۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرلەرگە ئەكېتى-
مەن! ...»

لېكىن خەدىچە خېنىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىشى بىلەن
توي ۋاقتىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى ئېزىزنىڭ پىلانىنىمۇ ئۆز-
گەرتىۋەتتى. هازا ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، يەنە كېلىپ ئامراق موما-
سىنىڭ دەردىدە قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقان كۆڭلى سۇنۇق قىزغا
«مەن ساڭا ئاشىق، بىللە قېچىپ كېتىشنى خالامسەن؟» دېگىلى
بولاتتىمۇ! ؟

شۇ ئارىدا چوڭكۆلدە يەنە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ
ئېزىزمۇ ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى سانايىنە-
فىسە①نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەخسۇس تەشۋىقات گۇرۇپپىسى
تەشكىللەپ، «يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى» ناملىق بىر ئىشنى
باشلىۋەتكەنىدى. ئەنە شۇ گۇرۇپپىلاردىن بىرى خەدىچە خېنىم-
نىڭ يەتتە نەزىرسى بېرىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭكۆلگە يېتىپ
كەلدى. مەنسۇر بەگ هازىدار بولسىمۇ، ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن
كۈتۈۋالدى. كېيىنكى نەزىرلەرنىڭ②تەييارلىق ئىشلىرىنى تاغى-
سى ۋە پاتىمە خېنىمغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئېزىز بىلەن غاپپار-
نى يېنىغا ئېلىپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشىغا ھەمكارلاشتى.
تەشۋىقات گۇرۇپپىسى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىردىنبىر
باشلانغۇچ مەكتەپكە (بۇ مەكتەپمۇ ئۆتكەن يىلى كۈزدە تۇنجى
ئوقۇش باشلىغان) ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار قەرەلسىز

① سانايىنەفىسە — سەنئەت ئۆمىكى.
② خوتەندە يەتتە نەزىر، قىرىق نەزىرلەردىن باشقا، يەنە «يىگىرمە نەزىر»مۇ بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ھەممىدىن چوڭراق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تەتىلگە قويۇۋېتىلدى. مەيدانغا بىر سەھنە ياسالدى. تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىجاڭى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك باشلىقى يېتەكچىلىك قىلغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەيۋىسىمۇ، ئىش تەرتىپىمۇ ئالاھىدە قاتتىق بولدى.

تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ھەر كۈنى كەچتە يېزا تەۋەسىدىكى قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ مەجلىس ئاچاتتى. مەجلىستە بەزىدە ۋاڭ فامىلىلىك باشلىق، بەزىدە باشقىلار نامدا «ئۈچ مەسلەك» ھەققىدە سۆزلەيتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا، جياڭ جيېشىنىڭ بەزى «يولىيۇرۇق»لىرىنى يەتكۈزۈپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، كوممۇنىستىك پارتىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنى تىللاپ - قارغاپ چىقاتتى. «ئۇلارنىڭ يۇرتىمىزدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنى شەپقەتسىز جازالايمىز!» دەپ تەھدىت سالاتتى. ئارقىدىن سانايىنەفىسەدىكىلەر ئويۇن كۆرسىتەتتى.

كۈندۈزى ھەرقايسى تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللار شۇ يەرگە يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى، ئۆز تەۋەسىدە «باندىتلار»نى ياقىلايدىغانلارنىڭ بار - يوقلۇقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ مەنسۇر بەگ ۋە ئاشۇ تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللار ئۆتكەن يىلى كۈزدىن بۇيان دېھقانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، جازالاپ تۇرغاچقا، ئۇلار دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقانىدى. شۇنداقتىمۇ بەزى تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللار ئۆز تەۋەلىكىدە بەزى پىتنە - پاساتچىلارنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كىشىلەر ئاشۇ ئەمەلدارلار بىلەن ھەر خىل ئىشلار تۈپەيلى ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار ئىدى. باشلىق ۋاڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى - دە، ئاۋۋال سولاپ قويۇپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ سوراق قىلدى، ئۇرۇپ قىيىندى. سوراقخانا قىلىنغان ئۆيدە ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان، ئاق، قىزىل، كۆك رەڭلەردە بويالغان ئون نەچچە كالتەك تامغا يۆلەپ قويۇلغانىدى. جازالىنىدىغانلارنى يەردە دۈم ياتقۇزۇپ شۇ كالتەكلەر بىلەن ئۇراتتى.

كەچتە يىغىن ئاچقاندا تەرتىپ ساقلىغۇچىلار يەنە شۇ كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، يىغىن مەيدانىنى كۆزەت قىلاتتى. شۇڭا كىشىلەر بۇ كالتەكلەرنى «ئۈچ مەسلەك كالتىكى» دەپ ئاتاشتى.

ئېزىز ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى. شۇڭا «گۇناھكار»لارنى تۇتۇپ كېلىشكىمۇ، جازالاشقىمۇ قاتناشمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇشال بولدى. لېكىن جازالانغۇچىلارنىڭ ئې-چىنىشلىق داد - پەريادىنى ئاڭلىغان، يىرتىلىپ قانغا بويالغان كىيىملىرىنى ۋە كالتەك زەربىسىدىن يارىلىنىپ قانغا بويالغان بەدەنلىرىنى كۆرگەن چېغىدا يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئوتتۇز ياش ئۆپچۈرىسىدىكى قەددى - قامەتلىك بىر يىگىت جازالىنىش ئۆيىدىن كىيىملىرى قانغا بويالغان ھالدا قايتىپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنى چېقىشتۇرغان تۇتۇنبېشى مەيداندا بىر نەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇراتتى. يىگىت شۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ھېلىقى تۇتۇنبېشىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ:

— ھۇ نامەرد خۇمسى، ساڭا خوش - خوش قىلمىغانلىقىم ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلىقىم بولامدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— سەن... سەن، يەنە...، — گېپىنى تېپىپ قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدى تۇتۇنبېشى.

— ئالدىرىماي تۇر، جاھان تېخى ئۇزۇن، — دېدى ھېلىقى يىگىت ۋە بۇرۇلۇپلا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

تۇتۇنبېشى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي ئابدۇۋەلى، سەنمۇ ئالدىرىماي تۇر، بۇ دورەم گۇن-دىخانىغا سولاتقۇزۇۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ قويدى - دە، مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ھارامزادە قىلچە ياۋاشلىماپتۇ، خەپ، بەگلىرىمگە دېمەيدىغان بولسام، — تۇتۇنبېشى ئىشخانا تەرەپكە مېڭىۋىدى،

باشقىلار ئاللىنىمىلەرنى دەپ توختىتىپ قالدى.
بۇ چاغدا ئېزىز ئۇن قەدەمچە نېرىدا بىر كىشى بىلەن پاراڭ-لىشىپ تۇرغانىدى. ئۇ ئابدۇۋەلى بىلەن تۇتۇنبېشى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان ھەممە گەپنى ئاڭلىدى.
— بېگىم، تۇتۇپ كېلىنىپ جازالانغۇچىلار تۆھمەتكە يولۇق-قانمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئۇ كەچتە مەنسۇر بەگكە ۋە ھېلىقى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدى، — بېگىم، مۇشۇ ھەقتە شەھەردىن كەلگەن باشلىققا گەپ قىلىپ باققان بولسىلا.
مەنسۇر بەگ چىرايى تۇتۇلغان ھالدا:
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىزمۇ قۇلاق يوپۇرۇپلا يۇرمىگەن تۇرساق، نەدىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ كى-شىلەر ھۆكۇمەتكە قارشى چىقىشقا پېتىنالىسۇن! ؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ باقتىم. ئەمما ۋاڭ جۇيجاڭ گېپىمگە ئىشەنمىدى. تېخى «پۇقرالىرىڭىزنى بوش قويۇۋېتىپسىز» دەپ ماڭىمۇ كايىدى. مەيلى، بۇ ھەقتە بەك ئىنچىكىلەپ ئولتۇرمايلى. بىر ھېسابتا مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى، گەدەنكەشلەر ياۋاشلاپ يۇرت ئىچى تىنچىپ قالىدۇ، — دېدى.
— لېكىن بىچارە بىگۇناھ دېھقانلار...
— پالۋان، بولدى. بۇ ھەقتە ئەمدى سۆزلەشمەيلى، بۇگۇن كۆڭلۇمنىڭ ھېچ ئارامى يوق تۇرىدۇ. بىردەم سوزۇلۇپ يېتىۋا-لاي.
ئېزىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.
تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئارتىسلار بىلەن قوشۇلۇپ يە-گىرمە نەچچە كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ياتاق، تاماق ۋە قاتناش ئىشلىرىغا پۇتۇنلەي يەرلىك مەسئۇل بولغانىدى. يوتقان - كۆر-پىلەر ھاللىقراق ئائىلىلەردىن يىغىپ كېلىنىدى. بىرنەچچە مەذ-

سەپدارغا كارىۋاتمۇ قويۇپ بېرىلدى. ھەربىر كىشىنىڭ ئەتىگەن-
لىك تامىقى ئۈچۈن ھازىرلا تونۇردىن قومۇرۇلغان ئىسسىق نان-
دىن باشقا بىر چىنە سۈت، ئىككىدىن تۇخۇم ۋە ھەسەل، گۇل-
قەنتكە ئوخشاش نەرسىلەر تەييارلىناتتى، چۈشلۈككە بىر كۈنى
ئۈستىگە گۆش بېسىلغان پولۇ، بىر كۈنى پېتىر مانتا، يەنە بىر
كۈنى لەغمەن ئېتىلەتتى. كەچتە توخۇ گۆشى ياكى شورپا ھازىر-
لىناتتى. بۇ نەرسىلەر تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللار ئارقىلىق يىغىپ
كېلىنەتتى. ئېزىز ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلاتتى، بەزىدە
تۆۋەنگە بېرىپ سۈيلەيتتى. بىر كۈنى ئۇ قۇمئېرىق مەھەللىسىگە
بارغاندا مۇنداق بىر ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى: بىر ئۆينىڭ
ئالدىدا ئىككى ئەر كىشى بىر قارا باش پاقلاننى تالىشىپ قالغان-
دى. ياشراقى پاقلاننىڭ بوينىغا باغلانغان ئارغامچىنى قاتتىق
تارتىپ مېڭىشقا تەمشىلەتتى، چاچ - ساقاللىرىنىڭ تەگدىن تولى-
سى ئاقارغان، ئورۇقلۇقىدىن بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ
قالغان يەنە بىرى تىزلىنىپ پاقلاننىڭ بوينىغا ئىككى قوللاپ
گىرە سېلىۋالغانىدى. يەنە بىر ياشانغان ئايال ياش ئادەمنىڭ
ئالدىدا تىزلىنىپ ھەدەپ يالۋۇراتتى. بىرنەچچە ئەر - ئايال
نېرىدا قارىشىپ تۇراتتى. ئېزىز ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، ئايالنىڭ:
— ئوبدان تۇتۇنبېشى بېگىم، ھەر ۋاخلىق نامىزىمىزدا
ھەققىلىرىدە دۇئا قىلايلى. بىزگە رەھىم قىلسىلا، مۇشۇ بىرلا
پاقلىنىمىز بار، ئۇنى ئەكەتمىسىلە، — دېگىنىنى ئاڭلىدى.
ئارقىدىن ياشانغان كىشى بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى:
— بەرمەيمەن، جېنىمنى ئالساڭمۇ بەرمەيمەن!
— نېمە، سەن ھۆكۈمەتكە قارشى چىقماقچىمۇ؟ —
تۇتۇنبېشى بىر قولى بىلەن بوۋاينىڭ پوكىنىدىن ئالدى.
ئېزىز غەزىپىنى باسالماي قاتتىق ۋارقىرىدى:
— قولۇڭنى تارت!
تۇتۇنبېشى چۆچۈپ قولىنى بوۋاينىڭ گېلىدىن بوشاتتى -

دە، ئارقىغا بۇرۇلدى. ئېزىز ئۇنى تونۇدى. ئۇ تونۇگۇن ئابدۇۋە-لى بىلەن ئېيتىشىپ قالغان ھېلىقى تۇتۇنبېشى ئىدى.

— ھى... ھى... ھۆرمەتلىك دورغا بېگىم، — ئۇ ئېزىزغا تەزىم قىلىپ ھىجايدى، — مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنا-ئەن شەھەردىن كەلگەن بەگلىرىمىنىڭ غىزاسى ئۈچۈن...

ئايال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئېزىزنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— ھۆرمەتلىك دورغا بېگىم، — دېدى ئۇ تۇتۇنبېشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىزنىڭ مۇشۇ بىر پاقلاندىن ئۆزگە ھېچقانداق مال مىركىتىمىز[1]يوق. ئاشلىقىمىز تۈگەپ كەتكەن، مۇشۇنى سېتىپ پۇلغا قوناق ئېلىپ يازغا ئۇلىشىۋالايلى دېۋېدۇق، دورغا بېگىم...

— جېنىمنى ئېلىشساڭ ئېلىش، ئەمما پاقلىنىمنى بەرمەي-مەن! — غەزەپ بىلەن سۆز قىستۇردى بوۋاي.

تۇتۇنبېشى ئۇنىڭغا ھۆرپەيدى:

— ھەي پوق ساقال، ئالدىڭدا...

— ئاغزىڭىزنى بۇزماڭ! — ئۇنىڭ سۆزىنى قېقىۋەتتى ئېزىز ۋە ئېڭىشىپ ئايالنى يۆلىدى، — ئانا، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

ئايال گويا قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك بىر دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن بىردىنلا ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى، يىغلىمىسىلا، ئانا، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، — دېدى ئېزىز يەنە ئۇنى يۆلەپ.

بۇ ھال ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلارنى، جۈملىدىن تۇتۇنبې-شىنىمۇ ھەيران قالدۇردى: «ھوي، بەگلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇن-داقلىرى بار ئىكەنيا! ؟»

چەتتە قارىشىپ تۇرغان ئىككى ئايال ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، ئاندىن ئالدىراپ كېلىشتى - دە، موماينى يۆلىدى.

— خۇدايىم، كۆزۈڭ كۆرۈپتۇ، دەرد - ئەھۋالىمىزغا يې-

---

① مال مىركەت — مال - چارۋا.

تىپسەن! — دېدى موماي ئورنىدىن تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرت-
كەچ، — بىزنى غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادىل
بېگىمنى ئالدىمىزغا ئەۋەتىپسەن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېزىزنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كەت-
تى. تۇتۇنبېشى ھېلىمۇ پاقلاننىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— پاقلاننى قويۇۋېتىڭ! — دەپ بۇيرۇدى ئېزىز ۋە بوۋايغا
قارىدى، — ئاتا، قويلىرىنى ئېغىللىرىغا سولىۋەتسىلە.

بوۋاي گەپ قىلمىدى، ئەمما ئېزىزغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق
نەزىرى بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئارغامچىنى يېشىپ
تۇتۇنبېشىغا تاشلاپ بەردى - دە، پاقلاننى ھويلىسىغا كىرگۈزۈ-
ۋەتتى.

— ئىككى توخۇيۇمىز بار ئىدى، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇلۇشكۇن مۇشۇ تۇتۇنبېشىمىز كېلىپ:
«بەگلىرىمىزنىڭ غىزاسىغا لازىم، بىر توخۇيۇڭنى بەر» دېدى،
گەپ قىلماي بەردىم. بۈگۈن يەنە پاقلىنىمغا كېلىپتۇ. شۇنچە
يالۋۇرساممۇ ئۇنىمىدى، بېگىم، دەپباقسىلا، بىز پۇقرالار جان
باقامدۇق، يوق؟

ئېزىز تۇتۇنبېشىدىن سورىدى:

— بۇ گەپ راستمۇ؟

— ئەمــدى... ھۆكۈمــەت ئىــشى ئىــكەن... مەنــمۇ تەڭ-
قىسلىقتا...

— بۈگۈن تەۋەلىكىڭىزدىن قانچىلىك نەرسە يىغماقچىدى-
ڭىز؟

— بىر قوي، بەش توخۇ، بەش سەر تەڭگە.

— مېنى ئۆيىڭىزگە باشلاڭ! — ئۇشتۇمتۇت گەپنى يۆتكى-
دى ئېزىز.

بۇ گەپ تۇتۇنبېشىنى ھە دېگەندىلا خۇشال قىلدى. چوڭراق
مەنسەپتىكىلەر تۆۋەنگە بارغاندا ھەمىشە ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ

ئۆيىگىلا باراتتى. بۇ ئادەتتە كۆڭۈل يېقىنلىقىنى بىلدۈرگەنلىك بولۇپ، نەتىجىدە شۇ ئائىلىگە بىرەر پايدىسى تەگمەي قالمايتتى. شۇڭا، تۇتۇنبېشى ھە دېگەندىلا خۇشال بولدى. «بايا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ يۈزۈمنى تۆكۈۋىدى، شۇ سەۋەنلىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۆيۈمگە بېرىپ ماڭا بولغان يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلدى بولغاي، بۇ ئىشى بەك جايىدا بولدى، رەنجىشىمنى چىقىرىۋېتىپ تازا مېھمان قىلاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. ئەمما ئېزىزنى باشلاپ ماڭغاندا بىردىنلا كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپ قالدى: «ئۇ نېمىلەرنى يىغىش لازىملىقىنى سورىدىيۇ، ئىجراسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۆيۈمگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قالدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا بىر گەپ بارمۇ نېمە؟»

تۇتۇنبېشىنىڭ ئۆيى باشقا ئۆيلەردىن چوڭ، دەرۋازىسىمۇ يوغان ۋە قوش قاناتلىق ئىدى، ھويلىسىدا ئالاھىدە ياسالغان ئۈزۈم بارىڭى، ئۆدۈلىدە ئايۋىنى، يان تەرەپتە خېلى چوڭ ئېغىل - ئاتخانىسى بار ئىدى. ھويلىدا يىرتالاي توخۇلار ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىشاتتى. تۇتۇنبېشى ئېزىزنى ئايۋىنىغا باشلىۋىدى، لېكىن ئۇ ئېغىل تەرەپكە ماڭدى. ئاتخانىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر ئات، تاشقىرىسىدا ئىككى ئېشەك، ئېغىلنىڭ تاشقىرىسىدا بىر ئۆكۈز ۋە بىر موزايلىق سىيىر، ئىچكىرىسىدە يىگىرمە - ئوتتۇزدەك قوي تۇراتتى.

بۇ چاغدا بايىقى ئىشقا گۇۋاھ بولغان كىشىلەرمۇ قىزىقىسىنىپ تۇتۇنبېشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى ئابدۇۋەلى ئاتلىق يىگىتمۇ بار ئىدى.

— دورغا بېگىم، مېھمانخانىغا ئىلتىپات قىلسىلا، — تۇتۇنبېشى قوللىرىنى كېرىپ، ھىجايغىنىچە ئېزىزنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ئېزىز گويا ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىمىغاندەك، كۈتمىگەن بىر سوئال قويۇپ قالدى:

— مەھەللىدە ھال - ئوقىتى سىزگە تەڭلەشكۈدەك كىشىلەر بارمۇ؟

تۇتۇنبېشى ماختىنىشقا كەلگەندە كىچىككىنە پۇرسەتنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغانلاردىن ئىدى.

— يەنە ئىككى ئائىلە بار، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ، — تەئەللۇقاتى بىزگە يەتمىسىمۇ، ھال - ئوقىتى ھەر ھالدا ياخشى.

— بۇ گەپچە، مەھەللىدىكى ئەڭ چوڭ باي سىز ئىكەندە سىز - دە؟

— ھى... ھى... شۇنداق. خۇدانىڭ بەرگىنى...

ئېزىزنىڭ چىرايىدىكى سوغۇق كۈلكە ئورنىنى بىر خىل نەپرەتلىنىش ئىپادىسى ئىگىلىدى.

— سىز «ئىنساپ - ئادالەتنى ئۇنتۇغان كىشى مەھشەر كۈنى يۈزى قارا قوپىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئېغىلىڭىزدا شۇنچە قوي، ھويلىڭىزدا شۇنچە توخۇلىرىڭىز تۇرۇقلۇق، كۆزىڭىز ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ئىككى توخۇسى بىلەن بىر قوزىسىغا چۈشۈپتۇ، قىيامەتتە يۈزىڭىز قارا قوپۇشتىن قورقمىدىڭىزمۇ؟ ھازىر سىزگە بۇيرۇيمەن: بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا بايا دېگەن نەرسىلەرنى ئالدىمدا ھازىر قىلىسىز. قوي بىلەن توخۇلارنى ئۆزىڭىزدىن چىقىرىسىز. تەڭگىلەرنى ھېلىقى ئىككى ئائىلىدىن ئالىسىز، قېنى، ئەمىسە ئىشقا كىرىشىڭ!

ئېزىز سۆزىنى تۈگىتىپلا ھويلىدىن يولغا قايتىپ چىقتى. ئۇ يەردە توپلىنىپ تۇرۇشقان كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىغانىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قۇلاق قېقىشىپ پىچىرلىشىشتى، باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

تۇتۇنبېشى ئېزىزنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئەمدىلا چۈشىنىپ يەتتى. «ئەجەبمۇ يامان نېمىكەن بۇ، — ئۇ ئېزىزغا يەر ئاستىدىن گۆلىيىپ قاراپ قويدى، — غاپپار قاۋانغا ھەرگىز

ئوخشاشمايدىكەن. ئۇ باج ـ سېلىق يىغىش دەمدۇ، هاشار ـ
مەدىكار ماڭدۇرۇش دەمدۇ، هەممە ئىشتا بىزنىڭ ئاغزىمىزغا
قارايتتى، يېڭنە چاغلىق نەرسىمىزگىمۇ چېقىلمايتتى. تېخى بىر-
نى ئىككى قىلىپ يىغىپ، ئارتۇقىنى تەڭ بۆلۈشەتتۇق. ماۋۇ
نېمە قوڭالتاقلارغا يان بېسىپ، بىزدەك زەردارلارنىڭلا كۆزىنى
چوقۇيدىغان ئوخشىمامدۇ! ؟ مەنسۇر بېگىم قانداق بولۇپ مۇنداق
نېمىنى دورغا بەگ قىلىپ قويدىكىنە؟ هە، راست، شۇ تاپتا
يۇگۈرۈپ بېرىپ مەنسۇر بېگىمگە دادلايمۇ يا؟… لېكىن ئاڭلى-
سام، مەنسۇر بېگىم بۇ نىجىسنى بەك ئەتىۋارلايمىش. يەنىلا
ئۇنىڭغا يان بېسىپ كېتەرمىكىن؟… بۇ نىجىس ئۆيۈمنىڭ ئالدى-
دىن نېرى كەتمەي تۇرۇۋالدى. بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى دەرهال
هازىر قىلمىسام، هۆكۈمەتكە قارشى چىقتى دېگەن گۇناهنى ئار-
تىپ، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ بارسا… ياق، هازىرچە ئاچچىقىمنى
ئىچىمگە يۇتۇپ، باهانە كۆرسىتىپ باقاي…»
— مەهەللىگە چۈشكەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى بىز-
نىڭ ئۆيدىن…
— گەپىنى سوزماڭ! — ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋەتتى
ئېزىز، — مەن دېگەندەك قىلمىسىڭىز سېلىق تاپشۇرۇشتىن باش
تارتتى دېگەن گۇناهقا يولۇقىسىز.
تۇتۇنبېشى ئەمدى ئۇجۇقۇپلا كەتتى. «ئۇچ مەسلەك كالتى-
كى» ۋە جازالانغان كىشىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پېشانى-
سىدىن غۇژژىدە سوغۇق تەر چىقتى.
— خوش، بېگىم، مانا هازىرلا تەييار قىلاي، — دېدى ئۇ
تىترەپ تۇرۇپ.
ئاردىن ئون بەش مىنۇتچە ئۆتۈپ ئېزىز مەهەللىدىن كەت-
مەكچى بولغاندا، ئۇنى بىر توپ كىشىلەر هاياجان ئىلكىدە ئۇزات-
تى.
— هۆرمەتلىك دورغا بېگىم، — دېدى ئابدۇۋەلى ئېزىزنىڭ

ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — راستىنىمنى ئېيتسام، ئەمەلدار، دورغا دېگەنلەر ئىچىدە ياخشى ئادەم يوق دەپ ئويلايت-تىم، ئەمما ئۆزلىرى ئادالەتنى ياقلايدىغان كىشى ئىكەنلا، سىلى-گە قول قويدۇم.

— خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلار، — ئۇنىڭ گېپىنى ئۇلىدى پاقلىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بوۋاي.

باشقىلارمۇ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئېزىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتقاندا، كۆڭلىدە بىر خىل خۇشاللىق ھېس قىلغانىدى، لېكىن كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتقاندا مەنسۇر بەگدىن تۇنجى قېتىم تەنبىھ ئاڭلىدى:

— پالۋان، بۈگۈن ھۆشۈر تۇتۇنبېشىغا قىلغان ئىشىڭىز دۇرۇس بولماپتۇ، — دېدى بەگ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— بېگىم، ئۇمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئېزىز ۋە بولۇنغان جىمى ئىشنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

بەگنىڭ قاپىقى سەل ئېچىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن يەنىلا ئاساسي پىكرىدىن يانمىدى:

— لېكىن، ئۇ دېگەن شۇ مەھەللىدىكى بىزنىڭ قول - قانىتىمىز. بەگلىكىمىزنى يۆلەپ تۇرىدىغانلار شۇنداق كىشىلەر. بىر قوڭالتاقنى دەپ ئۆز كىشىلىرىمىزگە ئازار بەرسەك بولماي-دۇ، خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى سۆكۈپ، يەنە تېخى سىلىقىنى شۇ-نىڭدىن ئۇندۇرۇپ ئوبدان قىلماپسىز.

ئېزىزنىڭ مۇنازىرىلەشكۈسى كەلدىيۇ، لېكىن بەگ بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشنى خالىماي پەقەت:

— مەن ناھەق ئىشنى كۆرسەم چىدىيالمايدىكەنمەن، — دېدى.

مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ كەيپىياتى ۋە تەلەپپۇزىدىكى قېيداش ۋە نارازىلىق ئىپادىسىنى بايقاپ سەل مۇرەسسەگە كۆچتى:

— مەنغۇ ئۇنىڭ ئالدىدا سىزنى ھەرگىز چۆكتۈرمىدىم.

ئەمما، پالۋان، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ. ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ قويمايلى - ھە!

ئېزىزنىڭ «يۇقىرىلار كىمنىڭ ئادىمى؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىساق مەيلىمۇ؟» دېگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن يەنىلا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋېتىپ:

— ماقۇل، — دەپ قىسقىلا ئىپادە بىلدۈردى.

## 3

باھار چۆچكۆلنى يېشىللىققا پۈركىدى، باغلار قاراڭغۇلاشتى، ئىسسىق جايلارغا كەتكەن قۇشلار بەس - بەستە قايتىپ كېلىشتى. ئەتىگەندە بۇلبۇل بىلەن تورغاي، چۈشتە كاككۇك بىلەن تۇرۇلغا، كەچتە قارلىغاچ بىلەن قۇشقاچلارنىڭ سايراشلىرى يېزا ھاياتىنىڭ ئۆزىگە خاس سىمفونىيىسىنى تەشكىل قىلىپ، تۇرمۇشقا بىر خىل شادىيانىلىق بەخش ئەتكەنىدى.

تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قايتقاندىن كېيىن، ئېزىز ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئۆز مەھەللىسىگە كەتكەنىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئاخشىمى مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى:

شۇ كۈنى نامازدىگەردىن ئۆتكەندە مەنسۇر بەگ بىلەن بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆمەر قاغا دېگەن كىشى بەگنىڭ ئالدىغا كىردى.

— بېگىم، ئۆزلىرىدىگە بىر ئىشنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ سالام - سەھەتتىن كېيىن، — بۈگۈن بازاردىن يانغۇچە تورغاي مەھەللىسىدىكى ئوسمان خارەت① بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالدىم. ئىككىمىز ئاۋۋال تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ ماڭدۇق. ئاندىن ئوسمان خارەت گەپنى ھۆ-

① خارەت — ياغاچچى.

كۆمەت ئۈستىگە يۆتكەپ: «بازاردا ئاڭلىشىمچە، تاغ ئارقىسىدا[1] غازات بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۆرۈلگەنمىش. غازاتچىلار پات ئارىدا بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلگۈدەك. ئۇ چاغدا بىزنىڭ بەگلىرىمىزنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ. بىزمۇ ھازىرقى بەگلەرنى ئۆرۈۋېتىپ، ئۆزىمىز خالىغان كىشىلەرنى بەگلىككە كۆتۈرسەك بولىدۇ» دېگەندەك ناشايان گەپلەرنى قىلدى. مەن: «ئاداش، ئۇنداق دېمەڭلە» دەپ نەسىھەت قىلسام، مېنى يالاقچىدىن - يالاقچىغا سېلىپ تىللىدى، ھەتتا مۇشت ئېتىپ چېكەمنى يېرىۋەتتى.

راستتىنلا ئۇنىڭ پېشانىسى كىرلەشكەن داكىدا تېڭىلغانىدى.

— ئۇ ھارامزادە ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ چىشلەپ تارتتى…

— مېنىڭ توغرامدا نېمە دېدى ئۇ دۆيۈز؟ — ئالدىراپ سورىدى مەنسۇر بەگ.

— ئۆزلىرىنى… ئۆزلىرىنى…، — گويا تەڭلىكتە قالغاندەك دۇدۇقلىدى ئۆمەر قاغا.

مەنسۇر بەگ تىت - تىت بولۇپ ھۆركىرىدى:

— تىلىڭنى چاينىماي تېز ئېيتساڭچۇ!

ئۆمەر قاغا ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قورقۇپ قاراپ قويدى.

— ئۆزلىرىنى زالىم، باغرى تاش دېدى، مەرھۇم خەدىچە خېنىمنىڭ ۋاپاتىنىمۇ…

— بەس! — دەھشەت بىلەن ۋارقىرىدى مەنسۇر بەگ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى يوغىناپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ كەتكەنىدى، — ھاي، قايسىڭ بار؟

— خوش، بېگىم، — شۇ ھامان مېھمانخانىدا ھازىر بولدى غاپپار.

— ئېزىز پالۋان قېنى؟ ئۇنى چاقىر!

مەنسۇر بەگ غاپپارنى ھېلىقى چاغدا - ئابدۇكېرىم قىمار

[1] تاغ ئارقىسى — ئىلى تەرەپنى دېمەكچى.

ئۇستىدە تۇتۇپ كەلگەندە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق «سەن» لىگەندى. بۇگۇن ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنداق ئاتىدى. غاپپار بۇنىڭدىن بەگنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغانلىقىنى بىلدى، ئاندىن خىزمەت كۆرستىشنىڭ بىر پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى پەملەپ دەررۇ ئېزىزنى چاقىرىشقا ماڭدى.

ئېزىز بۇ چاغدا ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئىدى. غاپپار پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەرگە بارماي دەرھال مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى.

— دورغا بېگىمنى تاپالمىدىم، — دېدى ئۇ ئىشىك تۇۋىدە قول باغلاپ تۇرۇپ، — ھۇجرىسىدىمۇ، ھويلا - ئارامدىمۇ يوق، قەيەرگە كەتكەنلىكىنى باشقىلارمۇ بىلمەيدىكەن.

— ئەستاغپۇرۇللا، قەيەرگە كەتكەندۇ بۇ ئاداش؟ — مەنسۇر بەگ تىت - تىت بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىلى تۇردى، — مۇشۇنداق كېرەكلىك چاغدا يوقىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان بۇنىڭ.

غاپپار كۆڭلىدىكى خۇشلۇقىنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ ئېھتىيات بىلەن:

— بېگىم، پېقىر بېجىرسىمۇ بولىدىغان ئىش بولسا...، — دېدى.

مەنسۇر بەگ «شاققىدە» توختاپ غاپپارغا قارىدى. «سەن» نى يەنە «سىز» گە ئۆزگەرتىپ بۇيرۇق قىلدى:

— پالۋان، دورغىلاردىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ ھازىرلا تورغاي مەھەللىسىگە بېرىڭ، ئوسمان خارەت دېگەن دۆيۈزنى پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئالدىمغا ئەكېلىڭ!

غاپپار تويغا ئالدىرىغان يىگىتتەك تېزلىك بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر چۈگۈن سۇ قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەي ئوسمان خارەت ئەكېلىندى. بۇ چاغدا ئېزىزمۇ ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەنىدى.

— ھەي يۇرت بۇزۇقى دۆيۈز! — غەزەپ بىلەن سوراقنى باشلىدى مەنسۇر بەگ، — بايا بازاردىن يانغۇچە ھۆكۈمەت ئۈستىدە نېمىدەپ ئىغۋا تارقاتتىڭ؟

ئوسمان خارەت ئۆيگە كىرىپلا ئۆمەر قاغىنىڭ بەگنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىدىن تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشەنگەندى، لېكىن ھازىرقى سوئالنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ ھەس قالدى. ئاندىن ئۆمەر قاغىغا يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويۇپ خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى:

— بېگىم، مەن ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئۈستىدە ناشايان گەپ قىلغان ئەمەس، بۈگۈنمۇ ھېچ نەرسە دېمىدىم.

مەنسۇر بەگ ئەمدى ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، خۇددى ھەقىقىي سوراقچىلاردەك ساختا قىياپەتكە كىردى:

— بۈگۈن بازارغا باردىڭمۇ؟

— خوش، باردىم، بېگىم.

— ياناشىڭدا ماۋۇ قاغا بىلەن ھەمراھ بولدۇڭمۇ؟

— خوش، شۇنداق، بېگىم.

— ناھايىتى ئوبدان، بۇلارغىمۇ ئىقرار ئىكەنسەن. لېكىن يولدا كەلگۈچە ئۆمەرگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭ، ئۇنى نېمىشقا ئۇرغانلىقىڭ توغرىسىدا تېنىۋالاي دەمسەن؟ كۆزۈڭنى يوغانراق ئېچىپ قاراپ باق، گۇۋاھچى ئۆمەر قاغا مۇشۇ يەردە ھازىر تۇرۇپتۇ. تېنىۋالىمەن دەپ خام خىيال قىلما!

— يا سۇبھانالللا! — ئوسمان خارەت ئاۋۋال ياقىسىنى چىشلىدى، ئاندىن ئۆمەر قاغىغا راسا بىر ئالىيىپ قارا قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھۆرمەتلىك بېگىم، مۇنداقمۇ تۆھمەت بولامدۇ؟ يولدا كەلگۈچە بۇ نىجىس قاغا بىلەن سۆزلەشكىنىمۇ، كېيىن تاكاللىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالغىنىممۇ راست، ئەمما سەۋەبى ھۆكۈمەت توغرىسىدىكى گەپ تۈپەيلى ئەمەس.

بۇلتۇر ئۇنىڭ ئۆيىنى سېلىپ بەرگەندە مانجۇ[1]سىنىڭ يېرىمى بوينىدا قېلىۋىدى، ھەر قېتىم سورىسام، ئەتە بېرەي، ئۆگۈن بېرەي دەپ ئارقىغا تارتىپ كەلدى. بۈگۈن بازاردا ئىككى تاغار گۈرۈچنى پۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا ئارقىسىدىن ئالدىراپ يېتىپ كېلىپ، ئاشۇ ئېلىشىمنى سورىدىم. ئۇ «پۇلۇم يوق» دەپ تۇرۇۋالدى. گۈرۈچ ساتقانلىقىدىنمۇ تاندى. ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، مەن ھۈنەر بىلەن ئاران جان بېقىۋاتقان ئادەم، ئاش - ئوزۇقىنىڭ تولىسىنى نەق پۇلغا سېتىۋالىمەن. ھازىر سېرىقتال مەزگىل بولغاچقا، پۇلغا قاتتىق ھاجىتىم چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئاچچىقىم كېلىپ «ھەققىمنى ھازىر بېرىسەن! » دەپ ئالدىنى توسۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالدۇق، كېيىن ئۇرۇشتۇق. زورلاپ تۇرۇپ ھەققىمنى ئۈندۈرۈۋالدىم. بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى شۇ. ھۆكۈمەت ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ سۆز بولغىنى يوق.

مەنسۇر بەگ «سەن نېمە دەيسەن؟ » دېگەندەك ئۆمەر قاغىغا ھومىيىپ قارىدى.

بۇ چاغدا ئۆمەر ئاچچىقىدا بۇ ئىشنى ئوبدانراق ئويلانماي باشلاپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. «بەگنىڭ مۇنچە زىغىرلاپ سوراپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — تۇتۇپ كەلگەن ھامان ئۇرۇپ - سوقۇپ كېتەر دەپتىمەن. ئاڭلىسام، ئۆتكەندە شەھەردىن كەلگەن بەگ شۇنداق قىپتىكەن. لېكىن بۇ ئىنجىق بەگ... ئەستا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟... سۇغا كىرسەڭ بېلىڭگىچە دەپتىكەن، يېنىۋالسام، تاياق ئۆزۈمگە تېگىدۇ، ئاخىرىغىچە چىڭ تۇراي. »

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان! — بىردىنلا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ئۆمەر قاغا، — ئۇنىڭ مەندە ھېچقانداق پۇلى يوقتى. ئۆيىنىڭ مانجۇسىنى شۇ چاغدىلا بېرىپ تۈگەتكەن. بۈگۈنكى ماجىرا ئۇنىڭ

---

① مانجۇ — سىمكار، ئىش ھەققى.

هۆكۈمىتىمىز بىلەن بەگلىرىمىز ئۈستىدە ناشايان گەپلەرنى قىلى-
غانلىقىدىن يۈز بەردى. ھەي، تانغاق ئوغرى، مەنسۇر بېگىمنى
ئېتىنى ئاتاپ تۇرۇپ زالىم دېگىنىڭمۇ يالغانمۇ، ھەتتا مەرھۇم
خەدىچە...

ئانىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى
توغرىسىدىكى ھەرقانداق گەپ - سۆز مەنسۇر بەگنىڭ تىتاڭ
تومۇرىغا تېگىپ كېتەتتى. بۇنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆمەر قاغا يەنە
بىر قېتىم قەستەن شۇ سۆزنى تىلغا ئالدى. دېگەندەك، مەنسۇر
بەگنىڭ سەل پەسكويغا چۈشكەن غەزىپى يەنە يۈز گەز ئۆرلىدى،
ئەقلى خىرەلەشتى:

— بولدى قىل! — ئۇ ئاۋۋال ئۆمەر قاغىغا ۋارقىرىدى،
ئاندىن ئوسمان خارەتكە زەھىرىنى چاچتى، — ھەي لالما ئىت،
سىڭگەن نېنىڭنى يېمەي ماڭا تىل تەگكۈزگۈچى بولدۇڭمۇ؟ بۇ-
گۈن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام، — ئاندىن ئۇ
دورغىلىرىغا بۇيرۇدى، — بۇ دۆيۈزنى ئاسماققا چىقىرىپ ئەللىك
قامچا ئۇرۇڭلار!

غاپپار بىلەن يەنە بىر دورغا ئوسمان خارەتكە تاشلىنىپ
قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلىدى. ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئايۋان-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توغرا ياغاچقا قېقىلغان ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ
قاتتىق تارتىپ ياندىكى تۈۋرۈككە باغلىدى. ئوسمان خارەتنىڭ
پۇتلىرى يەردىن ئىككى غېرىچچە كۆتۈرۈلدى.

ئېزىز باياتىن بېرى بەگنىڭ يېنىدا سۈكۈت ساقلاپ تۇرغان-
دى. ئەمدى ئارىلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەنسۇر
بەگنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— بېگىم، سەل سەۋر قىلغان بولسىلا، مېنىڭچە، بۇ...

— بولدى، سىز ئارىلاشماڭ! — قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ
سۆزىنى قېقىۋەتتى مەنسۇر بەگ.

ئېزىز بۇ خاندانغا كەلگەندىن بۇيان مەنسۇر بەگ ئۇنى ھېچ-

قاچان مۇنداق سىلكىنمىگەنىدى. ئېرىنى بۇنىڭدىن مەنسۇر بەگنىڭ شۇ تاپتىكى غەزىپىنى قايتۇرۇش ئوڭاي ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ئۇنداق بولسا نېمە قىلساق ـ قىلمامسەن، دەپ قاراپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ بىراق، هازىر كىمنىڭ گېپى توغرا، كىمنىڭ گېپى خاتا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. بەلكىم ئوسمان خارەت ئېيتقاندەك، ئۆمەر قاغا ئاداۋەت تۇپەيلى تۆهمەت قىلغاندۇ. ئۆتكەندە بەزى تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللارمۇ شۇنداق قىلىشتى ئەمەسمۇ. بۇ ئىشمۇ شۇنداق بولسا ئوسمان خارەتكە ئۇۋال بولىدۇ ـ دە.

— بېگىم، سىلىنىڭ خاھىشلىرىنى قايتۇرۇشقا هەددىم ئەمەس، — ئېرىنى ئىمكانقەدەر سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ يەنە گەپ ئاچتى، — لېكىن بىلگەنلەر: «ئاچچىق — ئەقىلنى كېسەر» دەپتىكەن. هازىر ئوسمان خارەتنى سولاپ قويۇپ ئاۋۋال بۇ ئىشنى بىر ئۇقۇشۇپ كۆرسەك، ئىش راستتىنلا ئۆمەر ئاكا ئېيتقاندەك بولۇپ چىقسا، ئاندىن جازالىساق ئوسمان خارەتمۇ غىڭ ـ پىڭ قىلالمايتتى، بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ يورۇق بولاتتى.

مەنسۇر بەگ بۇ قېتىم بايىقىدەك سىلكىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پەيلىدىن يانمىدى.

— هەي پالۋان، ئىش ئېنىق تۇرمامدۇ. مېنىڭچە، بۇ مۇتتەهەمنىڭ ئاشۇنداق ناشايان سۆزلەرنى قىلغانلىقى راست. بولمىسا، ئۆمەر قاغا يانپىشىغا ئۇرۇپلا توقۇپ چىقىرارمىدى.

ئېرىنىڭ گېپىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىغان ئۆمەر قاغىغا قايتىدىن جان كىردى.

— شۇ... شۇنداق، بېگىم، — دېدى ئۇ كۈچۈكلىنىپ، — مەن شۇ ياشقا كەلگۈچە بىرەر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلىپ باققان ئەمەس، ئىشەنمىسىلە، هازىرلا قەسەم قىلىپ بېرەي.

ئەسىرلەردىن بېرى ئەجدادلىرىمىز قەسەمنى راست ـ يالغانغا هۆكۈم قىلىشنىڭ مۇقەددەس ئۆلچىمى قىلىپ كېلىشكەن. ئۇنىڭ بۇ جەهەتتە ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، بەزى پەسكەش، مۇتتەھەم ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۇنىڭدىن ئەڭ ئە-شەنچلىك قالقان سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىشتى. ئادەتلەنگەن روھىي ھالەت تۈپەيلىدىن كىشىلەر كۆپىنچە ئۇنىڭ ئالدىنقى رو-لىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، بەزىدە، مەلۇم كونكرېت شارائىتتا ئۇنىڭدىن گۇمانلانسىمۇ، ئىنكار قىلىشقا بىرەر ئاساس تاپالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، پالۋان، — مەنسۇر بەگ گويا ئۆز ھۆكۈ-مىنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن كاتتا ئاساسقا ئېرىشكەندەك مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى، — يالغاننى راست دەپ قەسەم ئىچسە ئاللانىڭ جازاسىغا يولۇقىدىغانلىقىنى بۇ قاغىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئوسمان خارەت قېنى قىزىققاق ئادەم ئىدى. شۇنداقتىمۇ باياتىن بېرى مەنسۇر بەگدىن ئادالەت تەمە قىلىپ ئۆزىنى تەستە بېسىپ تۇرغانىدى. بىراق ئەمدى جازادىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي ياراتقان ئىگەم، بۇ ناھەقچىلىكنى كۆزۈڭ كۆرۈپ، قۇلىقىڭ ئاڭلاۋاتامدۇ؟ ھەي بەگ، سوراقچى بولساڭ، دەۋانى ئادىل سورا!

مۇبادا ئۇ كېيىنكى جۈملىنى ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسى-دى، ئېھتىمال مەنسۇر بەگنى ئېھتىمال پەيلىدىن ياندۇرغانمۇ بولاتتى. بىراق شۇ سۆز بىلەن لىككىدە تۇرغان تۇغان ئۆرۈلۈپ، سۇ شىددەت بىلەن ئېتىلدى.

— ئۇر، بۇ دۆيۈزنى! — دەپ ۋارقىرىدى مەنسۇر بەگ غە-زەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تىترەپ.

ئادەم ئۇرۇش بىلەن لەززەتلىنىشتىن تاشقىرى، بەگكە سادا-قەتمەنلىك كۆرسىتىشكە پىتاقەت بولۇپ تۇرغان غاپپار ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ، قولىدىكى ھەم توم، ھەم قاتتىق زەي قامچىنى دەرھال ئىشقا سالدى. قامچا ھەربىر قېتىم تارىسلداپ تەگكەندە ئوسمان

خارەتنىڭ يالىڭاچلانغان دۈمبىسىدە قىپقىزىل ئىز قالدۇرۇپ تۇردى. ئۇ باشتا ئاغرىققا چىدىماي، «ۋايجان!» دەپ زارلانغاندى، بىراق ساناق ئوندىن ئاشقاندا لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئاۋاز چىقارمىدى. پەقەت قامچا ھەربىر قېتىم تەگكەندە چىرايى قاتتىق پۈرۈشەتتى...

ئېزىز بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، ئايۋاندىن ھويلىغا چىقىپ، ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. ئۇ كۆڭلىدە ئوسمان خارەتكە ئۇۋال قىلىنغاندەك ھېس قىلاتتى، بەگنى بۇ جازالاشتىن توسۇپ قالالمىغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنەتتى. بۇ ھەقتە ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى ئاجىزلاپ، نەپرىتى ئۇلغىيىپ باراتتى. قامچىنىڭ تارسىلداپ تېگىۋاتقان ئاۋازى ھويلىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئېزىز بۇ ئاۋازنى ھەربىر قېتىم ئاڭلىغىنىدا يۈرىكى بىر قېتىم جىغىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرى بولالماي تېز قەدەملەر بىلەن ئايۋانغا قايتىپ كىردى، بۇ چاغدا ساناق يىگىرمە يەتتىگە بېرىپ، ئوسمان خارەتنىڭ بەدىنى قىزىل رەڭگە بويالغانىدى. ئېزىز ئىتتىك بېرىپ، ئوسمان خارەتنى گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى.

— ھۆرمەتلىك بېگىم، مەن زادى چىدىيالمىدىم. يەنە ئۇرىدىغان ئىش بولسا، غاپپار ئەمدى مېنى ئۇرسۇن! — دېدى ئۇ بەگكە قاراپ.

غاپپار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بەگكە قارىدى. مەنسۇر بەگ مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى. شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ خاھىشىغا مۇنداق كەسكىنلىك بىلەن قارشى چىققان ئادەم بولغان ئەمەس، شۇڭا ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— پالۋان، نېرى تۇرۇڭ!

لېكىن ئېزىز مىدىرلىمىدى.

— سىزمۇ مېنىڭ پەرمانىمغا بويۇن تولغىماقچىمۇ؟

— يوقسۇ، — دېدى ئېزىز مەنسۇر بەگكە توپتوغرا

قاراپ، — بۇ ئادەمنىڭ راستتىنلا گۇناھى بار دېيىلگەندىمۇ، ئەمدى مەن ئۇنىڭ قالغان گۇناھىنى تىلىمەكچى. مۇبادا مەندەك بىر ئەرزىمەس چاكارلىرىنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ لەۋزىنى ئىلىك ئېلىشنى راۋا كۆرسىلە، ئەمدى بۇ ئادەمنى ئۇرۇشنى توختاتسىلا.

مەنسۇر بەگ ھە دېگەندىلا «توختاتمىسام قانداق قىلىسەن؟» دېمەكچى، ھەتتا ئۇنىمۇ قوشۇپ ئۇرۇشنى بۇيرۇماقچى بولدى، لېكىن ئارقىدىنلا ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ يېقىندىن بۇيان كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار ئاز بولدىمۇ؟ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى، بىر تۇغقان ئاچىسى بىلەن ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغان جىيەنى ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولدى. تاغىسى، خوتۇنى ۋە قىزىمۇ ئۇنىڭدىن يامانلاپ، ئۆزلىرىنى ئەپقېچىپ يۇرۇۋاتىدۇ. كازىم بەگنىڭ ئەلچىلىرىگە قاتتىق تەڭقىسلىق ئاستىدا ماقۇل جاۋاب بەرگەنلىكىنى ھېچقايسىسى چۈشىنىشنى خالىمىدى. ئۇ ھازىر ھەممە يېقىن كىشىلىرى بىلەن ئازارلىشىپ سويغان پىيازدەك بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق چاغدا يات بولسىمۇ، ئۆزىگە يېقىن ھېسابلايدىغان ماۋۇ ئادىمىنى نارازى قىلىپ قويسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالامدۇ! ؟ «خوش ئەمىسە» دەپ كېتىپ قالسا، توپتوپ قالالمايدۇ ئۇنى. خەير، بوپتۇ. ئوسمان خارەت ھېلىمۇ خېلى جازالاندى، ئەمدى بولدى قىلسىمۇ پۇشايمان قىلىدىغان ئىش يوق.

— بوپتۇ، بۇ قېتىم سىزنىڭ يۈز - خاتىرىڭىزنى قىلاي، پالۋان، — دېدى مەنسۇر بەگ چىرايىنى تۈرۈپ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

غاپپار: «بېگىم ئېزىزنىمۇ ئۇرۇشنى بۇيرۇسىكەن، تازا بىر پۇخادىن چىقىۋالاتتىم» دەپ كۈتكەنىدى. لېكىن نەتىجە ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ چىقتى. ئەمدى ئېزىز تۇرماق، ئوسمان خارەتنىمۇ ئۇرالمايدىغان بولدى. ئۇ خۇددى ئالدىدىكى ئۇستىخاننىڭ

تارتىۋېلىنغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن، ئەمما ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن لالما ئىتقا ئوخشاش ئېزىز بىلەن ئوسمان خارەتكە تازا بىر ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، ئايۋاندىن تېزلا چىقىپ كەتتى. ئېزىز بىلەن يەنە بىر دورغا ئوسمان خارەتنى ئاسماقتىن چۈشۈردى.

* * *

شۇ ئىشتىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ خەدىچە خېنىمنىڭ قىرىق نەزىرىسى بېرىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەممە ئاتاقلىق بەگ - ئەمەلدارلار ۋە ئەزەم بەگ ھاجى جەمەتىدىكى ئاساسلىق كىشىلەرگە تەكلىپنامە ئەۋەتىلگەنىدى. ئەزەم بەگ ھاجى بىلەن نۇرۇللا بەگدىن باشقىلىرى كەلدى. كازىم بەگ كۆڭلىدە ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ھازىدارلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە بېلىگە ئاق باغلاپ مەنسۇر بەگنىڭ يېنىدا تۇردى. زۆھرە خېنىم بىلەن ئابدۇكېرىم بۇ قېتىممۇ بۇ يەرگە كەلمەي ئۆز ئالدىغا نەزىر بەردى. ئەسلىدە نەزىر - چىراغ خالىنىس ئىش ئىدى. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا بايلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ئۇمۇ بايلىق توپلاشنىڭ بىر ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ قېتىممۇ ھېچكىم قۇرۇق كەلمىگەنىدى. نان - توقاچ، قۇيماق، كۆمەچ دېگەنلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قولۇم - قوشنا، يېقىن - يورۇقلارغا تارقىتىپ بېرىلدى؛ يەنە بىر قىسمى يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارغا زەللە قىلىپ تۇتۇلدى، قالغىنى بالىخانىغا ئاچىقىپ دۆۋىلەپ قويۇلدى. ئالتۇن - كۈمۈش، قەغەز پۇل، ھەر خىل رەخت، قەنت، گېزەكلەر ۋە مال - چارۋا دېگەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار ساندۇقلارغا قاچىلاندى، ئېغىللارغا سولاندى. شۇنداق قىلىپ، ئازغىنا كەم سەكسەن يىل ئۆمۈر كۆرگەن خەدىچە خېنىم ئۆلگەن-

ىدىن كېيىنمۇ مەنسۇر بەگ ئائىلىسىگە ئۆزىگە قىلىنغان چىقىم-
ىدىن نەچچە باراۋەر كۆپ بايلىق تۆلەپ بەردى.
مەنسۇر بەگ ناماز پېشىندىن كېيىن ئەزەم بەگ ھاجى تەرەپ-
تىن كەلگەنلەرنى مېھمانخانىدا يەنە ئايرىم داستىخان ھازىرلاپ
كۈتۈۋالدى. كازىم بەگ بۇرۇندىنلا تالىپ بەگ بىلەن يېقىن ئاغىنە
ئىدى. شۇڭا بىللە قايتايلى دەپ ئۇنىمۇ ئېلىپ قالدى. ئېزىز
مەنسۇر بەگنىڭ تاغىسى بىلەن ئومۇمىي مېھمانلارنى كۈتۈشكە
مەسئۇل قىلىنغاچقا، مېھمانخانىدا مەنسۇر بەگكە غاپپار يارده-
لەشتى. بۇ يەردىكى سۆھبەتتە ئۇنىڭ توغرىسىدىمۇ خېلى گەپلەر
بولۇندى. كازىم بەگ ئۇنى ئالاھىدە ماختىدى، ئاددىي دورغىلىققا
چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ، ئۇنى ئەسلىدىكى ۋەزى-
پىسىگە قويۇشنى تەكلىپ قىلدى.
تالىپ بەگمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ياقلاپ، غاپپارنىڭ پىرقە دۆلەت-
كە سادىقلىقىنى، «بۇزۇقلار»غا قارىتا قاتتىق قول ئىكەنلىكىنى
ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئاندىن ئېزىزنىڭ ھېلىقى كۈنى
ئوسمان خارەتنى جازالاش ۋاقتىدىكى پوزىتسىيىسى ئۈستىدە توخ-
تىلىپ:
— ھازىرقىدەك تىنچسىز زاماندا بىزگە ئۇنداق يۇمشاق
باشلارنىڭ لازىمى يوق. بۇزۇقلارغا ھەرگىز رەھىمدىللىق قىلىش-
قا بولمايدۇ. خاتا جازالىنىپ قالسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، بەلكى
ئۇمۇ بىر خىل ساۋاق بولىدۇ. شۇڭا مېنىڭچىمۇ باش دورغىلىق-
تەك مۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى يەنە غاپپار پالۋانغا تۇتقۇزغانلىرى
تۈزۈك، ھېلىقى ئېزىز دېگىنى ئۆزىنىڭ چېلىشچىلىقىنى قىل-
سۇن، — دېدى.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مەسلىھەت ـ تەكلىپتىن كۆرە، بۇيرۇق-
قا بەكرەك ئوخشايتتى. مەنسۇر بەگ يۇقىرىقى ئىشنىڭ ئۇلارغا
غاپپار ئارقىلىق يەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن
قاراپ قويدى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ باشقىلار
ئارقىلىق سىرتقا يېيىلىشىنى، خۇسۇسەن ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ

قۇلىقىغا يەتكۈزۈلۈشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ هازىر بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەردىن بۇ بەگلەرنىڭ غاپپارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. «غاپپار دېگەن بۇ ناكەس بۇ بەگلىرىم بىلەن خېلى يېقىن ئوخشايدۇ، بەلكىم ئۇنى ئەزەم بەگ هاجىم بىلەن نۇرۇللا بېگىملەرمۇ تونۇمدۇ تېخى. ئۇنىڭ دىلىنى چىگىپ قويۇشتىن هەزەر قىلسام بولغۇدەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ۋە ئەتىلا بەگلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەردى.

ئەتىسى كەچتە مەنسۇر بەگ ئېزىزنى ئالدىغا چاقىرتتى، بىردەم تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى.

— دورغا بەگلىك مەنسىپىڭىزگە خېلى كۆنۈپ قالغانسىز، پالۋان؟— بىر چاغدا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى مەنسۇر بەگ.

— ئەمدى، نېمە دېسەم بولاركىن، بېگىم. هېچ كۆنەلمەيۋاتىمەن. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇ ئىشنى زادى قىلغۇم يوق، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى شۇ بولغاندىكىن...، — ئېزىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرمەي تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى.

— مۇنداق دەڭ، ئەمىسە، مۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ مەنمۇ سىزنىڭ بۇ ئىشقا رايىڭىز يوقلۇقىنى بىلەتتىم، لېكىن غاپپار يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ قويغاچقا، سەل پۇشايمان قىلدۇرمىسام بولمايتتى. هازىر قارىسام، ئۇمۇ خېلى توۋا قىلغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغام روزىغارىمىزغا تەئەللۇق ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىپ تۇرۇشقا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا سىز بۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس شۇ ئىشلارنى قولغا ئالسىڭىز، باش دورغىلىقنى يەنە غاپپار پالۋانغا تۇتقۇزساق، قانداق؟

ئېزىز غاپپاردەك زالىمنى مۇنداق ئىشقا قويۇشقا قوشۇلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بىر چوڭ تەڭلىكتىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، بەگنىڭ تەكلىپىگە قارشى چىقمىدى. شۇنداق

قىلىپ، ئېزىزنىڭ دورغا بەگلىكى خۇددى لەتىپىلەردە ئېيتىلغاندەك، پەقەت «تۆت كۇنلۇك ئەمەل»لا بولدى، خالاس. ئۇنىڭ تېزلا ئاخىرلاشقانلىقىغا ئۆزىمۇ، رەقىبلىرىمۇ ۋە مەنسۇر بەگمۇ قانائەت ھاسىل قىلىشتى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ تۇنۇگۇن مۇشۇ مېھمانخانىدا قارار قىلىنغانلىقى ئېزىزنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى.

# توققۇزىنچى باب

## 1

«كۆڭۈل — كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېگەن سۆز بەكمۇ توغرا ئېيتىلغانىكەن. ئىنسان بالىسىنىڭ ھەربىر قىلمىش - ئەتمىشى تۇرمۇشتا ئۆز جورىسىنى، ھەمراھىنى تاپالايدۇ. ھۇۋقۇشلار قاراڭغۇدا تېپىشىپ نۇرلۇق كۈندۈزنى قارغىسا، بۇلبۇللار تاڭ ئاتار پەيتىدە تەڭ ئويغىنىپ، قۇياش نۇرىنى ناخشا - قوشاقلار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. غاپپار بىلەن كازىم بەگنىڭ، ئېزىز بىلەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنداق شەكىللەندى. بىز يۇقىرىدا ئالدىنقى ئىككىسى توغرىسىدا قىسمەن توختىلىپ ئۆتكەندۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۆرىتى كەلگەندە يەنە سىياھىنى ئايىماسمىز. ئەمدى كېيىنكى ئىككىسى توغرىسىدا ئىچكىرىلەپ سۆزلەش پۇرسىتى كەلدى. بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى.

ئېزىز ئابدۇكېرىمنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى رەقىبى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا، ئابدۇكېرىم دۇنيادا ئېزىز ئاتلىق بىر چېلىشچى يىگىتنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە رەقىب بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ھازىرمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئەمما ئۇنى مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، كىملىكى ھەققىدە خەۋەر تاپقان چاغدا، «نام - ئابرۇي ۋە مال - دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە يۈرگەن تەمەخورلاردىن بىرى ئىكەن» دەپ ياقتۇرمىغان. كېيىن يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزقاراشلىرىدا قىسمەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان قىمارۋاز

تونۇش ۋە ئابدۇكېرىمنىڭ تويۇقسىز قاماققا ئېلىنىپ، خىزمەتتىن ھەيدىلىشى ئېزىزدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. گەرچە ئۇ تېخى سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ جازاسىغا يولۇققان كىشىلەرنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچىلار، دەپ تونۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئابدۇكېرىمنى تېخى ھېچقانچە چۈشەنمىسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. كازىم بەگنىڭ ئارىغا قىستۇرۇلۇشى بىلەن ئېزىز ئۈچۈن ئابدۇكېرىمنىڭ «رەقىب»لىق سالاھىيىتى ئۆزلۈكىدىن يوققا چىقتى ـ دە، ئەمدى ئېزىزنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا پەقەت ياخشى ھېسسىياتلا قېپقالدى.

ئابدۇكېرىمگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئېزىزغا بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە قۇمئېرىق مەھەللىسىدە سادىر بولغان ۋەقە بىلەن ئوسمان خارەتنى جازالاش ۋاقتىدىكى ئىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە كەسكىن بۇرۇلۇش ياساپ ياقتۇرماسلىق ئورنىنى دوستانىلىك ئىگىلەپ كەتتى. «ئېزىز ھەققانىيەتچى يىگىت ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشسام بولغۇدەك» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكتى ئۇ. شۇنداق قىلىپ، دەسلەپكى بىر ـ بىرىنى ياقتۇرماسلىق ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە بىخلىنالماي، دوستانىلىك تەرىپىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئارىدا ھېچكىم ۋاستىچىلىك قىلمىدى، ئۆزلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە يېقىش ئۈچۈن زورلاپ ھەرىكەت قىلىشمىدى. پەقەت خىل ـ خىلىنى تاپتى، كۆڭۈل ـ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچتى. بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىمۇ، مال ـ دۇنياسىدىكى پەرقلەرمۇ توسقۇن بولالمىدى.

ئېزىز يازلىق ئورما باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆۋەن تەرەپتىكى ئورما ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتاشىدا ئابدۇكېرىمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە ئابدۇكېرىم دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈچ ـ تۆت كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ

تۇراتتى. ئېزىز ئون قەدەمچە نېرىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئاۋۋال سالام بەردى. ئۇلارمۇ ئېزىز تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ جاۋاب سالام قايتۇرۇشتى. بىرەيلەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

— هارماڭ، پالۋان، — دېدى ئابدۇكېرىم كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى ۋە تەلەپپۇزىدىن سەممىيلىك ۋە دوستانىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— تىنچ - ئامان تۇرۇۋاتاملا، بېگىم؟ — دېدى ئېزىزمۇ كۈلۈمسىرەپ، — زۆهرە خېنىمنىڭ تەنلىرىمۇ سالامەتتۇ؟

ئابدۇكېرىم تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن پەقەت پاتىمە خېنىمنىڭلا ئەھۋالىنى سوراپ قويدى، ئاندىن ئېزىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئېزىز ئاز - تولا تەكەللۇپ قىلغان بولدىيۇ، ئاخىر يەنىلا تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ دەرۋازىدىن كىردى.

زۆهرە خېنىم تاشقىرىقى هويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىغا قويۇلغان كارىۋات ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ چاي ئىچىۋاتاتتى، ئېزىزنى كۆرۈپ دەرهال يۈزىنى ياپتى، ئەمما ئىتتىك پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سوراشتى.

— چوڭ ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمۇ؟ پاتىمە خېنىم بىلەن ئادالەت خېنىم ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاندىن، ئەمما ئىنىسىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالمىدى.

ئېزىز جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن مېهمانخانىغا باشلاندى. ئالدىغا دەرهال داستىخان سېلىنىپ، چاي، قەنت - گېزەك ۋە نان - توقاچ كەلتۈرۈلدى. ئىككى يىگىت چاي ئىچكەچ تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— پالۋان، دورغا بەگلىكنى يەنە غاپپار قاۋانغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئوخشايسىز؟ — بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى ئابدۇكېرىم.

— شۇنداق بولدى، — ئېزىز كۈلۈمسىرىدى، لېكىن بۇ خىل كۈلۈمسىرەش شادىيانىلىقتىن كۆرە، ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان چاغدىكى تەنىلىك ھىجىيىشقا تولىراق ئوخشاپ قالدى، — ئەسلىدىغۇ، بۇ ئىشقا بېگىمنىڭ رايىنى قايتۇرالماي ماقۇل بولغانىدىم. «قۇشقاچ سويىسمۇ، قاساپ سويسۇن» دېگەندەك ئۇ ئىشنى زادى قاملاشتۇرالمىدىم. بېگىم ئاخىرى مېنى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇردى، ئۇھ دەپ ئارام تاپتىم!

ئابدۇكېرىم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— دورغا بەگلىكتىن قۇتۇلغىنىڭىز ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دەپتىكەن. بەزى گەپلەرنى ئوچۇق دېگەنلىكىمدىن رەنجىمەسسىز دەپ قارايمەن. راستىنى ئېيتسام، سىزنى مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىمدىلا ماڭا ياقمىغانتىڭىز. كېيىن دورغا بەگ بولغان چېغىڭىزدا سىز توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىم ئىسپاتلانغاندەك بولۇپ، سىزنى ھەتتا يامان كۆرۈپ قېلىۋېدىم...

— ئەمەل - مەنسەپ تەمە قىلىپ كەلگەنلەردىن بىرى ئىدەكەن، دەپ ئويلىغان بولغىيدىلە ھەرقاچان، — ئېزىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— توغرا، پۈتۈنلەي توغرا! — ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىدىن خۇددى كىچىك بالىلاردەك سۆيۈنۈپ كەتتى، — پالۋان، سىز كۈچتۈڭگۈرلا بولۇپ قالماي، يەنە ئەقىللىق يىگىت ئىكەنسىز، شۇ چاغدا ئويلىغانلىرىمنى خۇددى بىرى قۇلىقىڭىزغا قويۇپ قويغاندەك ئەينەن تاپتىڭىز. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئەمەل - مەنسەپ توغرىسىدا ھەر ئىككىمىزنىڭ قاراشلىرىمىز ئوخشاش ئىكەن.

ئېزىز گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويدى.

— ئەمەلدار - بەگ، دورغا دېگەنلەردىن پۇقراغا ياخشىلىق

كەلمەيدۇ، — ئابدۇكېرىم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —
چۈنكى، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭلا كەتمىنىنى چاپىدىغان كىشىلەر.
سىز ھېس قىلالىدىڭىزمۇ، يوق؟ ھازىرقى ھۆكۈمەت بىلەن
خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى. سىزگە
بولغان تونۇشۇمغا كەلسەك، كېيىن سىز قىلغان بەزى ئىشلار
بۇرۇنقى قارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. قۇمئېرىقتىكى نامرات بو-
ۋاينى قوللاپ تۈتۈنبېشىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان-
دا دەسلەپتە ئىشەنمىدىم، ئاندىن ھەيران بولدۇم، كېيىن ھەيران-
لىقىم خۇشاللىققا ئۆزگەردى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ يەنە
ئوسمان خارەتنى ناھەق جازالاش ۋاقتىدىكى ئىشىڭىزنى ئاڭلى-
دىم. بەگنى گەپكە كىرگۈزەلمەي ئۆز بەدىنىڭىز بىلەن ئوسمان
خارەتنى ھىمايە قىلغانلىقىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. مۇن-
داق ئىش ئاغزىدا ئۆزىنى خەلقپەرۋەر دەپ يۈرگەن خېلى ـ خېلى
ئادەملەرنىڭ قولىدىنمۇ كېلىۋەرمەيدۇ. پالۋان، سىزگە راستىنى-
لا قول قويدۇم.
— بېگىم، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، — دېدى ئېزىز ئوڭايسىز-
لىنىپ.
— ياق، ئاشۇرۇۋەتمىدىم، ھەق سۆزنى دەۋاتىمەن. ئارد-
مىزدا ھەققانىيەتنى ئەنە شۇنداق كۆكرەك كېرىپ قوغداشقا جۇر-
ئەت قىلالايدىغان باتۇر ـ ئەزىمەتلەر كۆپ ئەمەس. ئەسلىدە كۆپ
بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن مەنىۋى قاششاڭلىق، تەقدىرگە تەن
بېرىش روھىي ھالىتى توسقۇن بولۇۋاتىدۇ، — ئابدۇكېرىم سۆز-
نى يەنە ئېزىزنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى، — كېيىن يەنە دورغا
بەگلىكتىن ئۆزلۈكىڭىزدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. بۇ
گەپ راست شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئىشقىلىپ، دېھقانلار شۇنداق
دېيىشىۋاتىدۇ. بىراق، بىر ئىش ماڭا ھازىرمۇ ئانچە ئېنىق
ئەمەس. «سىزنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ياشانغان دادىسى
بىلەن نارەسىدە ئىنىسىنى تاشلاپ مەنسۇر بەگنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا

نېمە مەجبۇر قىلغاندۇ؟» دەپ ھەيرانمەن.

ئۇ گويا: «قېنى، بۇ سوئالغا نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ ئېزىزغا تىكىلىپ قارىدى. ئېزىز ئۇچۇن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ قوشتۇگمەندىن چوڭكۆلگە يۆتكىلىپ كېلىشتىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئابدۇكېرىمگە ھەرگىز ئېيتالمايتتى. لېكىن بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە دېمەي، ئاغزى يەملىشىپ قالغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ.

— تەقدىر - قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ، بېگىم، — ئېزىز بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈنگەن مۇشۇ باھانىنى كۆرسەتتى، — چېلىشىش سورۇنىدا غاپپارنى يىقىتقاندىن كېيىن بەك ياراپ قالغان چاغۇا، يېنىمغا كەلسىڭىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، گېپىنى يىرالمىدىم. ئىشقىلىپ، بۇ دەرگاھدا يەيدىغان رىزقىم بار ئوخشايدۇ.

ئابدۇكېرىم بۇ گەپكە ئىشەندىمۇ، يوق؟ ئەيتاۋۇر، ئۇ ھەقتە قايتا كوچىلىمىدى.

— دورغا بەگلىكتىن قۇتۇلغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، — ئۇ گەپنى يەنە باشتىكى تېمىغا يۆتكىدى، — بىراق بۇ مەنسەپنىڭ يەنە غاپپارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى يامان بوپتۇ. ئاڭلىسام، ئۇ تولىمۇ زالىم، باغرى تاش ئادەممىش، خەقلەر يەنە ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشىپتۇ.

— بېگىم مەسلىھەت سورىغاندا بۇ ھەقتە مەنمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۇنى بولمايدۇ دېسەم، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتمىدىم.

— بوپتۇ، ئەمەلدار - بەگلەرنى سايلاش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا بولمىغاندىكىن، نېمە قىلالايتتۇق. بىراق ئۇلارنىڭ دەۋران سۈرىدىغان ۋاقتىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. «ئۇششۇك ھەرە بەك چاقىدۇ» دېگەندەك ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمى بارغانسېرى كۈ-

چىيىۋاتىدۇ. ئەمەلدار ـ بەگلەرنىڭ پارىخورلۇقى، زالىملىقى، ئەسكەر، ساقچىلىرىنىڭ باشباشتاقلىقى، بۇلاڭچىلىقى ھەدەپ ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن شەھەرگە بېرىۋىدىم، بىر ئىشنى ئاڭلاپ غەزىپىم تېخىمۇ ئۆرلىدى. مەكتەپتە بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان نىزام ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بولىدىغان، ئۇنىڭ دادى-سى شەھەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاڭلىق، ئاق كۆ-ڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ ئادەم ئىنىسىنى قەشقەرگە مال ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتىكەن، ئىنىسى مالنى ئېلىپ زاۋىغا كەلگەندە چېرىكلەر ئالدىنى توسۇپ، ماللارنى ئاختۇرۇپتۇ ۋە «چەكلەنگەن نەرسىلەر-نى توشۇپسەن» دېگەن باھانە بىلەن ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتى-ۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئەكەلگىنى قەشقەر بازارلىرىدا ئاشكا-را سېتىلىۋاتقان گەزمال ۋە باشقا تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەر ئىكەن. نىزامنىڭ دادىسى سوتقا ئەرز قىلغانىكەن، ئۇ يەردىكىلەر نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ «ئۇقۇشساق مۇنداق ئىش يوق ئىكەن، سەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە تۆھمەت چاپلاپسەن» دەپتۇ، ھەتتا قولغا ئالىمىز دەپ قورقۇتۇپتۇ. ئويلاپ بېقىڭا، بۇ ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ! ؟

— چېرىكلىرى خەقنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالسا، سو-راقچىسى ئۇنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىغا يەتمەك تۈگۈل، تېخى ئۇنى گۇندىخانىغا سولايمىز دەپ قورقۇتسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى زادى! ؟ — دېدى ئېزىزمۇ غەزەپلىنىپ.

— «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەن شۇ ـ دە. بۇ پەقەت بىرلا مىسال، — دېدى ئابدۇكېرىم، ئاندىن كۆڭلىدە: «بۇ ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەن، ئەمما ئوقۇمىغان، جاھان كۆرمى-گەن بولغاچقا، ۋەزىيەت ھەققىدە كۆپ ئىشلارنى بىلمىسە كې-رەك. مېنىڭچە، سانقۇنلۇق قىلمايدۇ. بەزى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەم، تېزرەك ئويغىنىشقا پايدىسى بولار» دېگەنلەرنى ئويلىۋالدى ـ دە، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق

سۆزلەپ، گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى، — ئىشقىلىپ، بۇ ھۆكۈمەت زالىملىقتا چېكىگە يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. خەلقنىڭ غەزىپى كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. كەلكۈن تاشقىنلىغاندا ئۆز يولىدىكى جىمى توسۇقلارنى يۇلۇپ ئېقىتىپ كېتىدۇ. ھەتتا يۈز يىللاپ بىر ئورۇندا تۇرغان دەريا قىنىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. ھازىر ئىلىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ. پات ئارىدا ئىنقىلاب دولقۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. سىزگە، ماڭا ئوخشاش كىشىلەر بۇنىڭغا تەييار تۇرۇشىمىز، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىمىز كېرەك.

ئېزىز بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. دادىسىمۇ ئىلگىرى ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك ھەققىدە كۆپ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن. سىدىقئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى 1932 - يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا[1] قاتناشقانىكەن. قوزغىلاڭچىلار دەسلەپتە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىپ يېڭىسارغىچە بېرىپتۇ. لېكىن ئۇ يەردە ما جۇڭيىڭ[2] قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا چۈشۈپ قاپتۇ. قوزغىلاڭچىلار قانچە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەي مىڭغا يېقىن كىشى شۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. سىدىقئاخۇن ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، بىرنەچچە سەپدىشى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ مىڭبىر جاپادا يەكەنگە كېلىۋاپتۇ، ئەمما يەنىلا ئارام تاپالماپتۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ما خۇسەن[3] نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن ئىز

---

① بۇ يەردە گەپ 1932 - يىلى خوتەندە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۈستىدە بارىدۇ.

② ما جۇڭيىڭ — گەنسۇلۇق مىلىتارىست، 1930 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى غالجىرلىق بىلەن باستۇرغان جاللات.

③ ما خۇسەن — مىلىتارىست، 1934 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1937 - يىلىنىڭ 10 - ئېيىغىچە خوتەن رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا خوتەن خەلقى تارىختىكى ئەڭ پاجىئەلىك بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن.

بېسىپ قوغلاپ كېلىپتۇ. يۇرتقا كەلگۈچە يەنە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى سايلاردا قاپتۇ. ما خۇسەن خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن سىدىقئاخۇن يېرىم يىلغىچە «توشقانلىق» دېگەن جاڭگالدا يوشۇرۇنۇپ ياشاپ، يۇرت ئىچى تىنچىغاندا ئاندىن ئۆيىگە قايتىپتۇ.

— بالام، ھۆكۈمەتنىڭمۇ، ئەمەلدار - بەگلەرنىڭمۇ زالىملىقىدا گەپ يوق، — دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم شۇ ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەرگەندە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — لېكىنزە ئۇلارغا قارشى چىقىپ تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مىلتىق، پولوموت،①تەيپو②دېگەندەك خىل ياراغلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كالتەك، توقماق، نەيزە - قىلىچ ۋە قارا مىلتىق دېگەنلەر ھېچنېمىگە دال بولالمايدىكەن. ئاندىن غازاتچىلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەي، بىرى ئۇيان، بىرى بۇيان تارتىدىكەن، بەزىلىرى بۇرۇن ئۆزى قارشى تۇرغان تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ ئەمەلدار بولۇۋېلىپ، بۇرۇنقى قېرىنداشلىرىغا ئوق ئاتىدىكەن. مەن بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ راسا موللا بولغانمەن. مەندىن نەسىھەت: ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلار ئۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز ئارىلاشماڭلار. زالىملارنى خۇدايىمنىڭ جازاسىغا قويۇپ، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى ئارتۇقراق كۆرۈڭلار!

ئېزىزغا بۇ گەپلەر ئەلۋەتتە تەسىرىنى ئۆتكۈزگەندى. شۇڭا چېرىكلەرنىڭ، بەگ - دورغىلارنىڭ پۇقرالارنى بوزەك قىلغانلىقىنى كۆرگەندە ناھەقچىلىككە چىدىماي غەزىپى ئۆرلىسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئەسلەپ ئۆزىنى بېسىۋالاتتى. ئەمما ھازىر ئابدۇكېرىمدىن باشقىچە سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ: «بۇ ھۆكۈمەت چوقۇم يوقىلىدۇ، خەلق غەلىبە قى-

---

① پولوموت — پىلىموت.
② تەيپو — زەمبىرەك.

لىپ، ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكۈمىتىنى تىكلەيدۇ» دەۋاتىدۇ. ئېزىز شۇ تاپتا ئابدۇكېرىمنى يېڭىۋاشتىن چۈشەنگەندەك بولدى. «تۇۋا، بەگلەر ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق پۇقراغا كۆيۈنىدىغان، ئەمەلدار ـ بەگلەرنى يامان كۆرىدىغان ئادىل كىشىلەر بار ئىكەن ـ ھە! ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستتىنلا ئىشقا ئاشارمۇ؟ شۇنداق بولسا، بەكمۇ ياخشى بولاتتى. جىمى ناھەقچىلىكلەر يوقىلىپ ھەممە ئادەم تەڭ ـ باراۋەر ياشار ئىدى. ئۇ چاغدا كازىم بەگكە ئوخشاشلارمۇ زوتالىق قىلالمايتتى. مەنمۇ ئادالەت بىلەن...»

بىر يىگىتنىڭ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىشى ئېزىزنىڭ خىيالىنىمۇ، سۆھبىتىنىمۇ ئۈزۈپ قويدى. غىزا ۋاقتىدا: «ئېلىڭ، بېقىڭ» دېگەندىن ئۆزگە سۆز بولمىدى. دۇئا قىلىنىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئۇشتۇمتۇت ئېزىز ھېچ كۈتمىگەن بىر سوئالنى قويۇپ قالدى:

— ئۇقۇشۇمچە، ئۆزىڭىز بىلەن بىر يۇرتلۇق مەتقاسىم دېگەن يىگىت بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىكەنسىز، يەنە تېخى باي غوجاملارنى قورقۇتۇپ، جېنىنى ئېلىپ، جەھەننەمدە قويۇۋاتقان قۇدرەت، سادىقلار بىلەنمۇ تونۇشىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

ئېزىز ھەيران قالدى. «كىمدىن ئاڭلىغاندۇ؟ ئەجەب قۇلىقى ئۇزۇنكىنا بۇ بەگزادىنىڭ.»

— شۇنداق، مەتقاسىم يېقىن ئاغىنەم، قۇدرەتلەر بىلەنمۇ تونۇشىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ سۆزىنىڭ ئۆرانى بويىچە سۆزلەپ، — بېگىم، ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىمۇ تونۇشاملا؟

— تونۇشقىنىمغا تېخى ئۇزاق بولمىدى. سېزىشىمچە، ئۇلار ناھايىتى ۋىجدانلىق، جەسۇر يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن تونۇشقىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن. يېقىندىن بۇيان ئۇلار بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— ياق، بىر - ئىككى ئاي بولدى كۆرۈشەلمىدۇق.

— قۇدرەتلەرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشنى تامامەن يوللۇق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، — ھاياجانلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇكېرىم، — خەلق ئۇستىدىكى زۇلۇمنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاش كېرەك. بۇ يىلتىز مۇستەبىت تۈزۈم، چىرىك ھاكىمىيەت! ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان يىگىتلەر ئىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇلار توغرا يولغا باشلانسىلا، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. سىزنىڭمۇ ئۇلار بىلەن يېقىنلىقىڭىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇرۇڭ.

ئېزىز بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتتىن ناھايىتى رازى بولدى. ئۇ يەنە پاراڭلىششنى، ئابدۇكېرىمدىن يەنىمۇ كۆپ گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالايتتى. لېكىن بىردەمدىلا كەچ كىرىپ، مەزىننىڭ نامازشامغا ئەزان ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بېگىم، ئەمدى مەن قايتاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئۇ، — مېھمان قىلغانلىرىڭغا رەھمەت.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى «بېگىم» دېمەي، ئىسمىمنىلا ئاتاڭ، بولامدۇ؟

— ئۇنداقتا... بىئەدەپلىك بولارمىكىن؟ — خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى ئېزىز.

— سىزگىمۇ مەلۇم، مەن ياكى بەگ ئەمەس، ياكى دادامۇ بەگ بولۇپ باقمىغان. شۇڭا مېنى «بەگ»، «بەگزادە» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۆزۈممۇ بۇنداق ئاتاشلارنى ياقتۇرمايمەن. يەنە كېلىپ، بۈگۈن ئىككىمىز يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدۇق. شۇڭا ئىسمىمنىلا ئاتاڭ، بولمىسا خاپا بولىمەن.

ئېزىز سەل تۇرۇپ قېلىپ يەنە:

— ھەي... قاملاشمايدىكەن، كۆنەلمىگۈدەكمەن، — دېدى.

— ئەمسە، مەنمۇ سىزنى «پالۋان» دېگەنگە ئوخشاش، سىز-مۇ مېنى «مۇئەللىم» ياكى «ئەپەندىم» دەپ ئاتاڭ، قانداق، بولامدۇ؟

— ئەستا... ماقۇل، بۇ بولغۇدەك.

دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ئىككىيلەن مەھكەم قول سىقىشىپ خوشلاشتى. بۇ قول سىقىششتىن بىر - بىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدى-كى تېخى دېيىلمىگەن، ئەمما ھەر ئىككىسىگىلا ئايان بولغان مەنىلەرنى چۈشىنىۋېلىشتى.

*　　*　　*

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئېزىز مەتقاسىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئاغىنىسىنىڭ قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالماي تۇرالمىدى. ئۇ نېمە ھەقتە سۆزلىمىسۇن، گەپنى ھە دېگەندىلا ھۆكۈمەت ۋە ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ زالىملىقىغا بۇراپ ئۇلارنى غەزەپ بىلەن سۆكەتتى.

— ئاڭلىشىمچە، ھازىر تاغ ئارقىسىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇمچى تەرەپكە ئاتلىنىپتۇ، — دېدى ئۇ ئېزىزنى تېخىمۇ ھەي-ران قالدۇرۇپ، — قەشقەر تاغلىرىدىمۇ كىشىلەر توپلىنىۋاتقاندى-مىش. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ پۇقرالار ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەر-مەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ پىچاق سۆڭەككە يەتتى.

— ئاداش، قارىسام سەن ھازىر ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىسەن. راست، ئىككىمىز بۇرۇن-مۇ ھۆكۈمەتكە، زالىم ئەمەلدارلارغا قورسىقىمىزدا غۇم ساقلاپ يۈرەتتۇق. لېكىن شۇ چاغلاردىمۇ سېنىڭ مۇنداق گەپلەرنى قىل-غىنىڭنى ئاڭلاپ باقمىغان. بۇ گەپلەرنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

— ئۇقۇپ، بىلگەن كىشىلەر ئۆگەتتى، ئاداش.

ئېزىز ئابدۇكېرىم بىلەن قىلىشقان ھېلىقى سۆھبەتنى ئەس-

لىدى ـ دە:
— ھە، راست، ئابدۇكېرىم بەگزادە بىلەن قانداق تونۇشۇ-
ۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— مەنسۇر بەگنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم بەگنى
دەمسەن؟ — دەپ كۈلدى مەتقاسىم، — مەكتەپتە بالا ئوقۇتىدى-
غان بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە تونۇشۇپ قالغان. سەنمۇ ئۇنىڭ
بىلەن كۆپ ئۇچراشقانسەن ھەقىچان، ئۇ ئادەمگە قانداق قاراي-
سەن؟
— نېمە دېسەم بولار؟ ئۆزى بىر باي ئائىلىنىڭ بەگزادىسى،
لېكىن گەپ ـ سۆزلىرى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە قارىساڭ ھەر-
گىزمۇ باشقا بەگ، بايلارغا ئوخشاشمايدىكەن، پۇقرانىڭلا غېمىنى
يەيدىكەن. ھۆكۈمەتكە بەكمۇ ئۆچ ئىكەن.
— راست، بەك ياخشى يىگىت ئىكەن ئۇ. بايا ساڭا سۆزلەپ
بەرگەن بىرمۇنچە گەپلەرنى شۇنىڭدىن ئاڭلىدىم. ئۇ ساڭىمۇ
ناھايىتى ياخشى قارايدىكەن. ئىككىمىزنىڭ ئاغىنە ئىكەنلىكىمىز-
نى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدى، «ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئەڭ ياخشىسى
بەگنىڭ يېنىدىن كەتسۇن» دېدى. بۈگۈن كەلمىگەن بولساڭ
ئۆزۈم ئىزدەپ باراتتىم سېنى.
بۇ گەپكە قارىتا ئېزىز دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمىدى.
— ئاداش، قايتىپ كەلگىنە، — يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى مەتقاسىم، — ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھۆكۈ-
مەتنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدىكەن. بەگنىڭ يېنىدا يۈرۈپ
ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ
يۈرمىگىن يەنە.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — رەنجىگەندەك سورىدى ئېزىز.
— نېمە دېگىنىم بولاتتى، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇ-
قار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن گەپ بار. خەلق ئەمدى
قوزغىلىپ زالىم بەگلەردىن ئىنتىقامىنى ئالماي قالمايدۇ. شۇڭا

بۇرۇنراق مەنسۇر بەگدىن ئۆزۈڭنى يىراقلاشتۇرغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ. مېنىڭچە، سەن بىز بىلەن بىللە بەگلەرنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدىغان ئادەم ئىدىڭ.

— «بىز» دېگىنىڭ كىملەر؟

— كىم بولاتتى، پىغانى تاشقان خەلق.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يەنە خېلىغىچە سۆزلەشتى. بىراق ئېزىز مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدىن كېتىش مەسىلىسىگە كەلگەندە يەنە ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋالدى.

— سېنى ئۇ يەردە زادى قانداق ئىش باغلاپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەتقاسىم جىلە بولۇپ.

— ئۇ يەردىن كېتىشنىڭغۇ ھامىنى كېتىمەن، — دېدى ئېزىز يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا، — لېكىن مېنى ئالدىراتما، ئاداش، ۋاقتى كەلگەندە ئالدىڭغا ئەسسالام دەپ كېلىمەن.

## 2

باش دورغىلىقنى قايتا قولغا ئالغاندىن كېيىن غاپپار يېڭە-ۋاشتىن جانلىنىپ كەتتى. ئۇ چاكارلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خوجا-يىندەك كۆرسىتىپ خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇيتتى، پەقەت ئېزىزغىلا ئۇنداق قىلالمايتتى. چۈنكى، ئېزىزنىڭ بۇ خانىداندىكى ئورنى ۋە ئابرۇي - ئىناۋىتى ھازىرمۇ غاپپاردىن چوڭ ئىدى. بەگمۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ ھال غاپپارنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە چارىسىزلىقىنى ئويلاپ پۇرسەت كۈتەتتى. ئۇ يەنە ھەپتىدە بىر قېتىم پۈتۈن كەنتلەرنى ئايلىنىپ تۇتۇنبې-شى، ئاقساقاللاردىن «ھۆكۈمەتكە قارشى پىتنە - پاسات تارقاتقان يۇرت بۇزۇقلىرى»نىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرەتتى، بۇ ھەقتە ئازراق يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپلا قالسا «گۇناھكار»نى تۇتۇپ

كەلتۈرۈپ جازالايتتى. ئۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلماي «گۈندىخا-نىغا سولاتقۇزۇۋېتىمەن» دەپ قورقۇتاتتى. «گۈناھكار» — ئالتۇن - كۈمۈش ياكى قەغەز پۇللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئاران قۇتۇلاتتى.
غاپپار يەنە گۈلسۈمگە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى كۈچەيتتى. ئۇ قورۇدا بولسىلا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئېرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئۇ يەردىن چىققانلىقىنى كۆرسە غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى. بەزىدە گۈلسۈمنى چاقىرىۋېلىپ:
— ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ - ھە، مۇبادا بىرەر ئىش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ھەر ئىككىڭلارنى بوغۇزلىۋېتىمەن! — دەپ تەھدىت سالاتتى.
ئەگەر شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىرەر ئەندىشىسى بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت گۈلسۈمنىڭ ئېرى بىلەن تېپىشىۋېلىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى. «ماۋۇ ئادالەت دېگەن بىرنېمىنىڭ تويىمۇ ئەجەب بولماي كەتتى، — دەپ تېرىكەتتى ئۇ بەزىدە، — ھېلىقى ئابدۇكېرىمنىڭ دادىسى بىلەن ماۋۇ خەدىچەكمۇ خۇددى مەن بىلەن قېرىشقاندەك توي بولۇش ئالدىدا ئۆلۈشۈۋالغىنىنى دېمەمدىغان. بولمىسا بۇ كەمگىچە گۈلسۈمقىز قورسىقىدا تۇنجى بالامنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولاتتى. مانا ئەمدى كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك ما-ۋۇ ئېرىز دېگەن دۆيۈز پەيدا بولۇپ قالدى. گۈلسۈممۇ ئۇنى كۆرسە نايناقشىپ كېتىدىكەن، ھەر ئىككىسىنىڭ تازا بۇرنى كۆپكەن چاغلىرى تۇرسا، خالىي ھۇجرىدا مۇشۇنداق ئۇچرىشى-ۋەرسە، بىرەر ئىش چىقماي قالامدۇ، ئېچىرقاپ تۇرغان مۈشۈك-نىڭ ئالدىغا بەز تاشلاپ بەرگەندەك ئىشيا بۇ. ماۋۇ بېگىم دېگەن ھاماقەتمۇ ئەجەب ئويلاپ باقمايدىكىنا...»
ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا بىر كۈنى غاپپار بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شەھەرگە باردى، ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە بارسا ئۇ يەردە

بىر كېچىنى ئۆتكۈزمەي قايتمايتتى، بۈگۈنمۇ كۆز باغلىنىپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندا، ئۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى دۆڭمەھەللە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ئىدارە، جەمئىيەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا يېرىم مەخپىي، يېرىم ئاشكارا مەيخانىلارمۇ بار ئىدى، غاپپار كۆلۈبقا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ئىككى ئادەمنىڭ تامغا ئاللىقانداق قەغەزنى يېپىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى ئادەملەر ئىشنى تۈگىتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا غاپپار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى - دە، ھودۇقۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ قېلىشتى. غاپپار ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىسىمۇ بىرىنىڭ «غېرىب - سەنەم» دېگەن ئويۇندا غېرىبنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى. غاپپار خەت تونۇمايتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدە «ئەتە قويۇلىدىغان ئويۇننىڭ ئېلانى ئوخشايدۇ، قىزىقمىدۇ، ئەتە يەنە بىر كۈن تۇرۇپ شۇ ئويۇننى كۆرسەممىكىن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. ئۇ كېچىنى جۇ جاڭگۈيدى دېگەننىڭ مەيخانىسىدا ئۆتكۈزدى، ئەتىگىنى قايتىپ ھېلىقى دوقمۇشقا كەلگەندە بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئاخشام چاپلانغان ھېلىقى قەغەزدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆردي. ئۇ: «قايسى ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقمايمۇ؟» دېگەن قىزىقىش بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ئەمدىلا سوراي دەپ تۇرۇشىغا مىلتىق ئاسقان ئىككى ساقچى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىشتى - دە، كىشىلەرنى تىللاپ، مىلتىقنىڭ پاينەكلىرى بىلەن نوقۇپ ھەيدىۋەتتى. ئاددىن تامدىن ھېلىقى قەغەزنى سويۇۋېلىپ يۇقىرى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

— نېمە قەغەز ئىكەن ئۇ؟ — بىر خىل قىزىقىش ئىلكىدە سورىدى غاپپار بىرەيلەندىن.

ئۇ كىشى كېتىۋېتىپ پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— ھۆكۈمەت ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەر ئىكەن.

غاپپار ئۇنىڭ قانداق گەپ - سۆزلەر ئىكەنلىكىنى سورىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتلەنگەن تۈيغۇ بويىچە ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانىدى. «ما ئىشنى قاراڭ. مەن تېخى···، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ھازىرلا ساقچىغا مەلۇم قىلاي، بەلكىم ئوبدانراق ئىنئامغا ئېرىشىپ قالارمەن···» ئۇ دەرھال ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ماڭدىيۇ، ئون بەش - يىگىرمە قەدەمدىن كېيىن توختاپ قالدى، چۈنكى دەل شۇ چاغدا تۈنۈگۈن تالىپ بەگنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ تاغ تەرەپكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەردە تۆت - بەش كۈن ھايالشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. «ئۇ يەردە تالىپ بېگىمدىن ئۆزگىلەرنى تونۇمايمەن، باشقىلار گېپىمگە ئىشىنەرمۇ، يەنە تېخى ئىنئامنى ماڭا بەرمەي ئۆزلىرى ئېلىۋېلىشسا قانداق قىلغۇلۇق؟ توختا، ئاۋۋال كازىم بېگىمنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي، ئۇ يېزىدىن كەلگەن بولسا ھازىر ئۆيىدە باردۇ، مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلارمىز. ئاۋۇ ‹غېرىبجان›، مۇ بىر يەرگە قېچىپ كەتمەس.»

غاپپار ئەمدى يولنى كازىم بەگنىڭ ئۆيىگە سالدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە كازىم بەگ ئۆيىدە بار ئىكەن، ئىككىيلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن غاپپار ئاخشام ۋە بايا دوقمۇشتا ئۇچراتقان ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بۇزۇقنى تونۇيمەن، ئۇمۇ ئەپەندىچىلىك قىلىدۇ. بۇ قىزىل پاچاقلار ئەجەبمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىيا! — دېدى كازىم بەگ غەزەپلىنىپ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ غاپپارنى ئالدىراتتى، — يۈرۈڭ، دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلايلى. سەل كېچىكسەك، ئۇ بۇزۇقلار قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. سىزگە تېگىشلىك ئىنئامنى جەزمەن ئېلىپ بېرىمەن.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىدە تاكى ئۆزلىرى مەلۇم قىلغان «گۇناھكارلار» تۇتۇپ كېلىنگىچە ساقلاپ تۇرۇشتى.

— پىرقە دۆلەت نامىدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، دورغا

بەگ، سىزگە ئوخشاش ساداقەتمەن كىشىلىرىمىز بولغانلىقى ئۈ-
چۈنلا ھۆكۈمىتىمىز گۈللەپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ساقچى ئىدا-
رىسىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك باشلىقى غاپپارنىڭ مۈرىسىگە يېنىك
شاپىلاقلاپ قويۇپ ۋە بىر توقماق قەغەز پۇل ئىنئام قىلدى.

كازىم بەگمۇ، غاپپارمۇ تېخى ناشتا قىلىشقا ئۈلگۈرۈشمىگە-
نىدى. شۇڭا ئۇلار ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل بازاردىكى
ئاشخانىلاردىن بىرىگە كىرىشتى. خوجايىن كازىم بەگنى تونۇغاچ-
قا، ئۇلارنى ئىچكىرىسىدىكى ئايرىم خانىغا باشلىدى. قاراڭغۇدا
تېپىشىپ دوستلاشقان بۇ ئۆلپەتلەر ھازىرمۇ بۇلۇڭدىكى كۈن
نۇرى تولۇق چۈشمەيدىغان بۇ خىرە ئۆيدە ئالدىرىماي پاراڭلاشقاچ
غىزالىنىشتى. خوجايىننىڭ مۇشۇنداق مېھمانلار ئۈچۈن ساقلا-
ۋاتقان ھاراقلىرىدىن شىركەيىپ بولغۇچە ئىچىشتى.

غاپپارنىڭ كەيپى كەچتە چوڭكۆلگە قايتقاندىمۇ تېخى تولۇق
تارقىمىغانىدى.

— بىزنىڭ تويىمىزغىمۇ ئۇزاق قالمىدى، — دېدى ئۇ
ئۆزىگە تاماق ئەكىرگەن گۈلسۇمنى توختىتىۋېلىپ، — بۈگۈن
كازىم بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئادالەت
خېنىمنىڭ تويى پات ئارىدا بولىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىنلا خۇدا-
يىم بۇيرۇسا، بىزمۇ ئەر - خوتۇن بولۇپ قالىمىز. ھەي… شۇ
كۈنلەر تېزرەك كەلسىدى.

گۈلسۇم ئاۋۋال داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن گويا ئوق-
تىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك چۆچۈپ ھۇجرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
كەتتى.

# ئونىنچى باب

## 1

گۈلسۇم كىرگەندە ئادالەت شام يورۇقىدا ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «لەيلە ـ مەجنۇن» داستانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. گۈلسۇم پىيالىنى پەتنۇستىن ئېلىپ تۆت بۇرجەك ئۈستەل ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويدى. ئادالەت كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ گۈلسۇمگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— رەھمەت، — دېدى ـ دە يەنە كىتابنى ئوقۇۋەردى.

گۈلسۇم يا چىقىپ كەتمەي، يا ئولتۇرماي پەتنۇسنى تۇتقان پېتى بىرپەس جىمجىت تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن ئىختىيارسىز ئېغىر ئۇھ تارتتى. بۇ ئۇھ تارتىش چۈۋن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھۇجرىدا ئادالەتكە قاتتىق تەسىر قىلدى.

— گۈلسۇم، — دېدى ئۇ چۆچۈپ قاراپ، — نېمە بولدى، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

شۇ ھامان گۈلسۇمنىڭ كىرپىكلىرى نەملىشىپ بىرنەچچە تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلدى. ئادالەت لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ گۈلسۇم، — دېدى ئۇ گۈلسۇمنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ، — بىرەرى كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتتىمۇ؟

گۈلسۇمنىڭ قولىدىكى پەتنۇس سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ دەرھال ئادالەتنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قو-يۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئادالەت بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ گۈلسۇمگە قاتتىق ئىچى ئاغرى-دى. ئاندىن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گۈلسۇمنى ئاران دېگەندە يىغىدىن توختاتتى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەمدى ئېيتىڭا، نېمە ئىش بولدى زادى؟— سورىدى ئۇ گۈلسۇمنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— مەن بىر تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن، — دېدى گۈلسۇم ئېسە-دەپ تۇرۇپ، — كىچىك تۇرۇپ ئاتا ـ ئانامدىن يېتىم قالدىم، بىر قورساقتىن چۈشكەن بىرەر تۇغقىنىممۇ يوق، ئەمدى يەنە… ، — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي يەنە يىغلىۋەتتى.

— بولدى، سەۋر قىلىڭ، — دېدى ئادالەت تەقەززا بولغان ھالدا، — ئېيتىڭا، ئەمدى يەنە نېمە بولدى؟

كۆز يېشىمۇ شېرىن سۆزگە ئوخشاشلا كۈچلۈك تەسەللى بېرىش قۇدرىتىگە ئىگە. ئۇ كۆڭلىدىكى ئاچچىق ئەلەمنى ئېقى-تىپ كېتىدۇ، جىددىيلەشكەن نېرۋىلارنى بوشىتىدۇ. ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ شىددەتلىك ئۆركەشلىرىنى پەسلىتىپ، ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ ۋەزمىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

— قىز بالا دېگەن بالىغ بولغاندا ئەرگە تەگمەي، يات بىر كىشىنىڭ خوتۇنى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، — گۈلسۇم ئەمدى ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ گەپنى يىراقتىن باشلىدى، — مەن خۇدايىمدىن ھەمىشە مۇشۇ جەھەتتىن بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلسىكەن دەپ تىلەيتتىم. لېكىن نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈۋېدىم-كىن، تەلىپىم ئىجاۋەت بولماي، تەقدىر ماڭا غاپپار قاۋاندەك زالىم ئادەمنى تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. مۇشۇ گەپنى تۈنجى قېتىم ئاڭلىغان چېغىمدا ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم، كېچە ـ كېچىلەپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، كۈندۈزى گېلىمدىن تائام ئۆتمىدى، ئاققۇزغان كۆز ياشلىرىمنى يىغسا بىر كۆل توشۇرما-

دىكىن دەيمەن. بەزىدە ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم. ئەمما يەنە مۇ-
شۇ يورۇق دۇنياغا تارتىشىپ پەيلىمدىن ياندىم. يەنە ئاللاغا ئىل-
تىجا قىلدىم، مېنى ئۇ زالىمغا تاشلاپ بەرمەي نامرات بولسىمۇ،
ھېچ نەرسىسى بولمىسىمۇ ئوبدانراق بىر ئەرگە جورا قىلىشنى
تىلىدىم. شۇنداق ئادەمگە ئېرىشسەم ئۆيى بولمىسا گەمىدە بولسى-
مۇ ياشاپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مىڭ مەرتە رازى ئىدىم. كېيىن
تىلىكىم ئىجاۋەت بولغاندەك بولدى. خۇدايىم مەن ئارزۇ قىلغان-
دىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان بىر ئادەمنىڭ ئىشقىنى كۆڭ-
لۈمگە سالدى. خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى.
خۇدايىمنىڭ شەپقىتىگە مىڭ قەتلى شۇكۇر قىلدىم، — گۈلسۇم
سەل دەم ئېلىۋالماقچى بولغاندەك بىرپەس سۆزدىن توختىدى،
ئادالەت ئۇنىڭ پىكرىنى بۆلمەي دېگەندەك جىمجىت قۇلاق سال-
دى. گۈلسۇم ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى، — لېكىن خۇشاللىقىم يەنىلا كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قېلى-
ۋەردى. يا ئۇ ئادەم مېنىڭ ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت - كاۋاپ بولۇپ
كۆيۈۋاتقىنىمنى بىلمىدى، يا مەن يۈرىكىمنى ئۇنىڭغا ئېچىپ
كۆرسىتەلمىدىم. قىز بالا دېگەننىڭ بۇ ئىشتىمۇ تىلى گاچا ئى-
كەن. مۇبادا ئوغۇل بالا بولغان بولسام ئۆزۈم كۆيۈپ قالغان
قىزغا ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ كۆڭلۈمنى بىلدۈرگەن بولاتتىم.
شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم كۆيۈپ، ئۆزۈم پۇچىلاندىم… ، — گۈلسۇم
يۈرىكى ئېزىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئادالەتكە ئۇ ئېيتقان ئەھۋال-
لارنىڭ بىر قىسمى بۇرۇندىنلا ئايان ئىدى ۋە گۈلسۇمگە ئىچ
ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىلاتتى. ئېزىز بۇ ئائىلىدە پەيدا بولغاندىن
بېرى، گۈلسۇم ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدى،
گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ماختاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. گۈلسۇم
شۇ ھەقتە سۆزلەۋاتقاندا ئادالەت ئۇنىڭ كەيپىياتىدا زاھىر بولۇۋات-
قان ھەربىر ئۆزگىرىشنى زۇلەيخادەك سەگەكلىك بىلەن كۆزى-
تىپ كۆڭلىگە ئالىلىقاندەك گۇمانلارنى كەلتۈرەتتى. «بۇمۇ ئېزىز

پالۋانغا ئاشىقمىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە مۇنداق چاغلاردا
كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ كېتەتتى. باشتا ئۇ يوشۇرۇن كۆيۈك
ئازابىدا پۇچىلىنىپ زادى بولالماي قالغان چاغلاردا ئىچىنى سەل
بوشىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئىچ ـ باغرىنى گۈلسۇمگە يېرىپ
كۆرسىتىشنى ئويلىغان (ئۇ گۈلسۇمنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز ئاسىي-
لىق قىلمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى). بىراق، ئەنە شۇ
گۇمان تۇپەيلىدىن بۇ نىيىتىدىن يانغان. شۇنداقتىمۇ، بارچە ئاق
كۆڭۈل كىشىلەرگە ئوخشاش گۈلسۇمدىن ئاغرىنماي، بەلكى ئۇنى
ئۆزىگە تەقدىرداش بىلىپ بۇرۇنقىدەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ
كېلىۋەرگەن. گۈلسۇم ھازىر كۆڭلىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئاشكارى-
لىدى. گەرچە ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنىڭ ئىسمىنى
ئاتىمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشقىدا خۇددى ئۆزىدەك كۆيۈپ
يېنىۋاتقانلىقىنى يوشۇرماي ئېيتتى. «ئۇ كۆزلىگەن يىگىت ئې-
زىز پالۋانمىدۇ؟ ئاھ، خۇدا! بۇ نېمىدېگەن تەتۈر پەلەك!» دەپ
ئويلىدى ئادالەت ساراسىمىگە چۈشۈپ ۋە قاپساپ كەلگەن كۈچلۈك
ۋەسۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىختىيارسىز سورىدى:

— سىزنى كۆيدۈرگەن قايسى يىگىت ئۇ؟

— ئېزىز پالۋان، — بېشىنى كۆتۈرمەي، گويا ئۆز ـ ئۆزىگە
دېگەندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى گۈلسۇم.

«ئاھ، راست ئىكەن!» ئادالەت بۇرۇنلا مۇشۇنداق جاۋاب
ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قويغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا يەنىلا
گويا بىرى تۇيۇقسىز مۇرىسىدىن مۇز پارچىسىنى كىرگۈزۈۋەت-
كەندەك قاتتىق شۈركۈنۈپ كەتتى، يۈرەكنىڭ سوقۇشى تېزلى-
شىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئادالەت ئىلگىرى پەقەت كازىم
بەگنىلا كۈشەندەم دەپ بىلەتتى، مانا يېنىدىلا يەنە بىرى بار ئىكەن
ئەمەسمۇ!... ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دەرد ـ ئەلەمدىن لەرزىگە كەلدى.
ھەي... تۇرمۇش نېمىدېگەن مۇرەككەپ ـ ھە! مۇھەببەت ئادەمگە
بەخت ۋە شادلىقلا ئەمەس، يەنە بەزىدە ئازاب ۋە ئەنسىزلىكمۇ

ئەكېلىدىكەن!
گۈلسۈمنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خورتۇلداپ قويۇشىنى دېمە-گەندە ئۆي ئىچى يەنە چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمدى.
— مەن راستىنلا شور پېشانە ئىكەنمەن، — ئازراق يىغلى-ۋېلىپ ئىچىنى سەل بوشاتقان گۈلسۈم يەنە جىمجىتلىقنى بۇزدى، — مۇرادىمغا ھەرگىز يېتەلمەيدىكەنمەن.
— نېمە، ئېرىڭىز پالۋان بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ — دەرھال سورىدى ئادالەت سەگەكلىشىپ، — كۆڭلىڭىزنى قايتۇردىمۇ ئۇ؟
— ياق، ئۇنىڭ بىلەنغۇ سۆزلەشمىدىم. ئەمما بايا ئاۋۇ قاۋان توڭگۇز پات ئارىدا تويىمىز بولىدۇ، دېدى.
قاتتىق تارتىلغان نېرۋا تالالىرى سەل بوشىشىپ، ئادالەت بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالدى. گۈلسۈم ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— غاپپار قاۋان بۈگۈن شەھەردە كازىم بېگىم بىلەن كۆرۈ-شۈپتۇدەك. ئۇ كىشى يېقىندا سىلى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانمىش. قاۋان: «ئادالەت خېنىمنىڭ تويىدىن كېيىنلا بىز-مۇ توي قىلىمىز» دېدى.
گويا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغاندەك بول-دى. ئادالەتنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.
بىز بەزىدە ئۆزىمىزنى مەلۇم بىر مەشغۇلات تەقدىر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلسەكمۇ، ئىشقىلىپ، بىرەر خاسىيەت-لىك مۆجىزە يۈز بېرىپ يامانلىقنىڭ ياخشىلىققا ئۆزگىرىپ قېلى-شىنى ئۈمىد قىلماي تۇرالمايمىز. ئەمما كۆپ ھاللاردا بىز ئارزۇ قىلغان مۆجىزە يۈز بەرمەيدۇ، بەختسىزلىك تىمساھتەك ئاغزىنى ئېچىپ ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە بىز ئىلگىرى مۇشۇن-داق ھالنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم كۆز ئالدىمىز-

غا كەلتۈرگىنىمىزگە قارىماي، يەنە ھەدېگەندىلا ئۆزىمىزنى يوقى-
تىپ قويىمىز. ئادالەتمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمى-
دى. ئالدىدا ئىچقىلىق تۇرغان كىتاب بېتىگە بۇتتەك قاراپ
تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئايۋاندا پاتىمە خېنىمنىڭ گۈلسۇم-
نى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلسۇم دەرھال ئورنىدىن تۇ-
رۇپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئادالەتنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلى-
غان كۆز ياشلىرىنى كۆرمەي قالدى.

«ئاھ، خۇدا! — دەپ نىدا قىلدى ئادالەت خېلىدىن كېيىن
گويا بەدىنىگە قايتا جان كىرگەندەك بولۇپ، — مېنى نېمە ئۈچۈن
ياراتقانسەن؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار
قىلغانسەن؟ مەن ئۈچۈن بىرەر نىجاتلىق يولى يوقمىدۇ؟...»

## 2

گۈلسۇم ناشتىلىق ئەكىرگەندە، ئېزىز ئۇنىڭ قاپاقلىرى
ئىششىپ، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ قالغانلىقىنى، دا-
ئىم شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايىدىن بىر خىل پەرى-
شانلىق، سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ قىزغا
نېمە بولدىكىن؟ بىرەرى دىلىغا ئازار بەرگەندىمۇ؟» دەپ ئويلى-
دى. ئۇ بۇرۇنلا گۈلسۇم ئۇنىمىسىمۇ چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئاخشى-
مى، ئەتىگەنلىكى ئورۇن سېلىش - يىغىش ۋەزىپىسىدىن ئازاد
قىلىۋەتكەنىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن غىزانى بۇ يەرگە ئەكىرمەڭ، ئۆزۈم
ئاشخانىغا چىقىپ يەيمەن، — دېدى ئېزىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

گۈلسۇم ئۇنىڭغا قېيىدىغاندەك بىر خىل قىياپەتتە لەپپىدە
قاراپ قويدى.

— ئۇ يەردە سىلى غىزالانغۇدەك جاي يوق.

— ئۇنداق بولسا غىزانى ئۆزۈم ئەكىرەي.

شۇ هامان گۇلسۇمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش مەڭ-
ـزىگە دومىلىدى. ئۇ ئېزىزغا يەنە بىر قېتىم تېزلا قاراپ قويۇپ،
ھېچنېمە دېمەستىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھال ئېزىزنى
تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. «ئۇنىڭغا جەزمەن بىر ئىش بوپتۇ.
بېگىم ياكى خېنىم دەشنەم بەردىمىكىن؟ يا بولمىسا غاپپار…»
ئۇ ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ چۈشتە قايتىپ كەلگەندە سوئالىغا
جاۋاب تاپتى. بۇ چاغدا خانىداندىكى كۆپچىلىك كىشىلەر غاپپار
ئاخشام گۇلسۇمگە ئېيتقان ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى.
«ھە، شۇنىڭغا خاپا بولۇپتىكەن ـ دە» دېدى ئۇ كۆڭلىدە
گۇلسۇمگە ئېچىنىپ. شۇنداقلا بۇ خەۋەر ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ خۇددى
قۇلاقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ گۇلسۇم-
ـدىنمۇ بەكرەك ئازابقا مۇپتىلا قىلدى. شۇڭا، ئۇ گۇلسۇمگە
تەسەللى بېرىشنى ئۇنتۇپ، ئۆز قايغۇسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى.
چۈشتە تاماقمۇ يېمەي، يەنە ئېتىنى يېتىلەپ ھويلىدىن چىقىپ
كەتتى. ئۇ تا گۇگۇم ۋاقتىغىچە مەقسەتسىز ھالدا چوڭكۆلنىڭ
كوچىلىرىنى، ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىپ يۈردى. ھاۋا ئوچۇق ئى-
ـدى، ئەمما ئېزىزنىڭ قەلبىدە بوران گۈركىرەيتتى، خىيالىدا
ھېسابسىز ئويلار كېزەتتى. مانا ئۇنىڭ چوڭكۆلگە كەلگىنىگە
يېرىم يىلدەك بوپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەن؟
نېمىنى كۆڭلىگە پۈككەن؟ چېلىشىش مەيدانىدا تېخىمۇ چوڭ
داڭق چىقىرىشنىمۇ؟ بىراق ئۇ مەنسۇر بەگنىڭ چېلىشچىسىغا
ئايلانغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن بەل تۇتۇشقا ھېچكىم چىقمىدى.
دېمەك، ئۇنىڭ داڭقى بۇ يەرگە كەلمەستىنلا — غاپپار قاۋاننى
يىقىتقان ئاشۇ چاغدىلا چىقىپ بولغان ئوخشايدۇ. ئەمەل ـ مەن-
ـسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلار
ئۈچۈن ئاقساقاللىقمۇ نېسىپ بولمايدىغان بۇ زاماندا ئۇ ئوڭايلا
دورغا بەگلىك مەنسىپىگە مىنەلىدى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
ئازراقمۇ خۇشال بولغىنى يوق. ئەكسىچە، بىرەر گۇناھ ئۆتكۈ-

زۇپ قويغان كىشىدەك ھەمىشە بىر خىل خىجىلچىلىق، تەڭقىس-
لىق ئىلكىدە ياشىدى، دېھقانلارنىڭ چىرايىغا بۇرۇنقىدەك تىك
قارىيالمىدى. كېيىن بۇ مەنسەپنى يەنە غاپپارغا قايتۇرۇپ بەرگەن-
دە گويا يەلكىسىدىن چوڭ بىر تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك ئازادىلىك
ھېس قىلدى. دېمەك، ئۇمۇ ئەمەس ئىكەن. راھەت تۇرمۇش
كەچۈرۈش، پۇل - مالغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟ راست، بۇ چوڭ
خانىدانىكى ياتلار ئارىسىدا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن غاپپارلا خوجايىن-
لارغا ئەتكەن ئېسىل تاماقلاردىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.
يەنە مەنسۇر بەگە ئۇنىڭغا ھەر ئايلىقى ئۈچۈن غاپپارنىڭكىدىنمۇ
كۆپرەك ئىش ھەققى توختىتىپ بەردى. بىراق، بۇلاردىن نېمە
چىقتى؟ بېشىغا بىرەر مۇڭگۈز چىققىنى يوق. بۇرۇن ئۇ ئۆز
ئۆيىدە زاغرا يەپ، ئۇماچ ئىچىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆز ئەمگىكى
بەدىلىگە ئېرىشكەن ئاشۇ ھالال نېمەتكە شۈكۈر قىلىپ، ئۆزىنى
ئەركىن - ئازادە ھېس قىلاتتى. ھازىر بولسا ھەر لوقما گۆشنى
خۇددى تاسادىپىي ئامەتكە ئېرىشىپ قالغان ياكى مەجبۇرىيەت
تۈپەيلى ئوغرىلىق قىلغان كىشىدەك بىر خىل تەڭقىسلىق، خىد-
جىللىق ئىلكىدە يۇتىدۇ. ئېزىزغۇ ھېچكىمنى بۇلىغىنى - تالى-
غىنى يوق. ئەمىسە نېمىشقا قىزىرىدۇ، ئازابلىنىدۇ؟ بۇنىڭغا
ئۆزىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ۋىجدانى قاتتىق قىستاپ تۇرۇ-
ۋالغان چاغلاردا: «تەقدىر - قىسمەت شۇنداق بولسا كېرەك.
خۇدا ماڭا ئاتىغان رىزقى - نېسىۋە شۇ بولسا، مەن نېمە دېيەلەيت-
تىم!؟» دەپ ئۆزىگە مۇجمەل تەسەللى بېرەلەيدۇ، خالاس.
خوش، ئەمىسە نېمە قالدى؟ بۇنىسى ئېزىزغا خۇددى قۇياشنىڭ
ھەر كۈنى ئەتىگەن شەرقتىن چىقىپ، كەچتە غەربتە پاتىدىغانلى-
قىدەك ئايان — ئاشۇ جان ئالغۇچى خۇمار كۆزلەر، ئاشۇ باھار
چېچەكلىرىدەك ئوماق، جەلپكار ساھىبجامالنىڭ ۋەسلىگە ئېرى-
شىش! ئۇ بۇ يەرگە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن، بۇ يەردە
پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتىدۇ. ئۇ بۇرۇن بىرەرى:

«ئىشقى ـ پىراق ئادەملەرنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، باشقا جىمىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، بارلىقىنى شۇ ئىشقىلا بېغىشلايدۇ» دېسە ئانچە ئىشەنمەيتتى. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدىكى ئولتۇرۇشلاردا سۆزلەنگەن داستان، چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان چېغىدا مۇھەببەت سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان ئاشىق يىگىتلەرنىڭ بارچە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، ھەتتا پادىشاھلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ چۆل ـ جەزىرىلەردە سەرگەردان بولغانلىقىغا، بىر نانغا زار بولۇپ ئاشپەزلەرنىڭ ئوچاقلىرىغا ئوت قالاپ، كېچىنى ھاممامنىڭ① گۈلەخلىرىدە ئۆتكۈزگەنلىكىگە، ئۆلۈمىنى پېشانىسىگە ئېلىپ قويۇپ جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن، نەچچە باشلىق يالماۋۇزلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقىغا ھەيرانۇھەس قالاتتى. مانا شۇ ئالتە ـ يەتتە ئايدىن بۇيان ئەنە شۇنداق سەۋدا ئۇنىمۇ بىئارام قىلىۋاتىدۇ. راست، ئۇمۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىنى، ياشانغان دادىسى بىلەن نارەسىدە ئىنىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە — ئۆزى كۆيگەن قىزنىڭ يېنىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر خانىداندا ياشاۋاتىدۇ. بۇ يولدا ئۇ دادىسىنىڭ نارازىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق قىيىنچىلىققا يولۇقمىدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشتى؟ ئېرىشكىنى كۈن ئارىلاپ بولسىمۇ ئاشۇ ساھىبجامالنى كۆرۈپ، بەزىدە شۇنداقلا سالاملىشىپ ۋە بەزىدە ھودۇقۇش، ئەنسىرەش ئىلكىدە بىر ـ ئىككى ئېغىز ئەھۋاللىشىپ تۇرۇشلا بولدى، خالاس. ئۆزى شۇنچە كۆيۈپ ـ پىشسىۋاتقىنى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇنداق ئوت ـ پىراقنىڭ بار ـ يوقلۇقىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ. راست، ھېلىقى كۈنى — باغ باھار چېچەكلىرى بىلەن ياشنىغان كۈنى باغدا ئۇچراشقان چاغدا قىز ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ سۆزلەشتى. بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ دادىسى ۋە تاغىسىدىن ئۆزگە جىمى ئەر زاتىدىن، ھەتتا بۇرۇنقى بولغۇسى ئېرى بولمىش بىر نەۋرە ئاكى-

① ھاممام — مۇنچا.

سىدىنمۇ ئۆزىنى پىنھان تۇتىدىغان مۇشۇنداق سەبىي، شەرم -
ھايالىق قىزنىڭ — ئاتاقلىق بەگنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ دادى-
سىغا خىزمەتكار بولغان بىر يات يىگىت بىلەن ئاشۇنداق خالىي
يەردە ئۇچرىشىش (تاسادىپىي بولغاندىمۇ) ۋە سۆزلىشىشتىن قاچ-
ماسلىقى ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە ئاشۇ يىگىتكە قارىتا بىر خىل يېقىن-
لىق، بىر خىل ئىنتىلىشنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ! ؟ ئېزىز
شۇ چاغدا بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى، بىراق
ئېرىشەلىگىنى ئەنە شۇلا بولدى، خالاس. راست، ئۇ بۇ يەرگە
كېلىش ۋاقتىدا قىزنىڭ كۆڭلى بىلەن ئانچە ھېسابلاشمىغان،
«پەقەت ئۇنى پات - پات كۆرۈپ تۇرالىسام بولدى» دەپ ئويلى-
غان. بۇنىڭغىمۇ نائىل بولدى. بىراق يۈرەكتىكى ئارزۇ - ئارمان
ئۇنداق ئاددىي تەسەللىلەر بىلەن قانائەت تاپمايدىكەن. ئېزىز بۇ
يەردە تۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ھېلىقى كۈنى باغدا
ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ سۆزلەشكەندىن كېيىن كۆڭلىدىكى تەش-
نالىقىنىڭ يالغۇز ئادالەتنى كۆرۈپ تۇرۇش بىلەنلا قانمايدىغانلى-
قىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئەسلىدە ئاشىقلىق ئىستىكى
بۇرۇنلا — مۇشۇ ئىستەك ئۇنىڭ قەلبىگە ئورناشقان چاغدىلا يەنە
ۋىسالغا ئېرىشىش ئارزۇسىمۇ بىللە قوشۇلۇپ ئورناشقانلىقىنى
بىلدى. يەنە يىگىتلىك غۇرۇرى ئاشۇ ئارزۇغا يېتىش يولىدا
ھەرقانداق مۈشكۈللۈكلەرنى يېڭىش جاسارىتى بىلەن ئۇنى ئىلھام-
لاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك مۇشۇ يولدا
ھەرقانداق جىن - ئالۋاستىلار بىلەنمۇ، يالماۋۇزلار بىلەنمۇ ئېلى-
شىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق، رېئال ھايات
يەنىلا چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاشمايدىكەن. ئېزىز ھېسسىياتى سەل
پەسىيىپ، ئەقىل - ئىدراكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن چاغلاردا
ئالدىدا تۇرغان مۈشكۈللۈكلەرنىڭ ئانچە ئاز ئەمەسلىكىنى، يالغۇز
كۈشەندىسى ھېسابلانغان ئابدۇكېرىم ياكى كازىم بەگنى يېڭىش
بىلەنلا ئىشنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئەڭ مۇھىمى،

ئۇ تېخىچە ئادالەتنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى توغرىسىدا ئېنىق
مەلۇماتقىمۇ، ۋەدىگىمۇ ئىگە بولالمىدى. مۇبادا ھېلىقى چاغدا
ئادالەتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشكەنلىكى، ئادەم-
گەرچىلىكتىنلا ئىبارەت بولۇپ، كۆڭلىدە ئىشقى - مۇھەببەتكە
ئائىت ھېچ نەرسە بولمىسا، ئېزىزنىڭ ئارزۇلىرى خۇددى «سەۋ-
زىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك خام خىيال
بولۇپ قالامدۇ! ؟

ئېزىز ئادالەتنىڭ خاھىشىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تالاي ۋاقىت-
لىرىنى ئوي - خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى، نۇرغۇن پىلانلارنى
قۇردى، چارە - ئامال ئىزدىدى. ئەمما ئۇلارنى ئەمەلدە كۆرسى-
تەلمىدى. «ھەي... مېنىڭ قەيسىرىمۇ چۆچەكلەردىكى باتۇر -
ئەزىمەتلەرگە ئوخشىسۇن؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ھۆددىلەل-
مىسەم...» دەپ ھەسرەتلەندى ئۇ.

خەدىچە خېنىمنىڭ ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇپ، توي ۋاقتى-
نىڭ كېچىككەنلىكى ئېزىزغا يەنە ئازراق تەسەللى بولغانىدى.
بىراق، كۆرۈنگەن تاغ ھامان يىراق ئەمەس ئىكەن. ئۇ بۈگۈن
چۈشتە ئاڭلىغان خەۋەردىن تەڭلىنىپ تۇرغان پىچاقنىڭ ئاخىر
تەنگە سانجىلاي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى قانداق
قىلغۇلۇق؟ پىچاقنىڭ تەنگە سانجىلىپ، سۆڭەككە يېتىپ بېرى-
شىنى ۋە ئۇنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرەكنى پارە - پارە قىلىشىنى
جىمجىت كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياق! بۇ — ئوغۇل بالىنىڭ
ئىشى ئەمەس، جەزمەن ھەرىكەت قىلىش، ئېلىشىش كېرەك!
لېكىن قانداق قىلىپ...

ئېزىز كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قاراڭغۇلۇق يېيىلغاندا مە-
ھەللىگە قايتتى، شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا كونكرېت بىر
پىلان پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. ئۇ ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيى ئالدىغا
كەلگەندە، ئۇ ئادەمنىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— بەك كەچ قالدىڭىزغۇ، پالۋان؟ — دېدى ساۋۇتئاخۇن

ئۇنى تونۇپ.

ئېزىز دەرھال ئاتتىن چۈشتى.

— يېڭىئاۋات تەرەپكە بېرىۋىدىم.

— بالىنىڭ ئانىسى ئاشنى دۈملەپ قويۇپ بىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، سىزنى ئىزدەپ تاپالماي، مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قالارمىكىن دەپ ساقلاپ تۇرۇشۇم، — ساۋۇتئاخۇن ئېزىزنىڭ قولىدىن تىزگىننى ئېلىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. زۇپتۇمخان ئېزىزنى بۇرۇنقىدەك قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ بەكمۇ ئوخشىغانىدى. بىراق ئېزىز ساھىبخانىنىڭ قايتا - قايتا زورلىشى بىلەن بىرنەچچە كاپاملا يەپ بولدى قىلدى.

— يېڭىئاۋاتتا گۆشگىردە يەۋاپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ كۆڭلىنىڭ غىزا تارتمىغانلىقىنى يوشۇرۇپ.

ئۇ توختىۋالغاندىن كېيىن ساۋۇتئاخۇنمۇ قولىنى يىغدى. زۇپتۇمخان يېرىمىمۇ بوشىمىغان لېگەننى ئېلىۋېتىپ، چاي كەلتۈردى.

بىردەمگىچە ئۇلار تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. كۆپرەك ساۋۇتئاخۇن گەپ قىلدى، ئېزىز بولسا ناگان - ناگاندا «ھە»، «ياق» دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك جىمجىت ئولتۇردى. «بۇ بالىغا بۈگۈن بىر ئىش بولغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ ئويلىدى ساۋۇتئاخۇن، — ھازىر ئۇ ئىش ھەققىدە سۆزلىشىش پەيتى ئەمەسمۇ نېمە؟ يا ئەتىگە قالدۇرساقمىكىن؟...» ئۇ گويا مەسلىھەت سورىغاندەك خوتۇنىغا قارىدى. زۇپتۇمخان «گەپ قىلىڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى. ساۋۇتئاخۇن يەنە بىرپەس جىم تۇرۇپ قالدى، قۇرۇقتىن - قۇرۇق يۆتەلدى، ئاندىن خۇددى تەڭلىكتە قالغاندەك خوتۇنىغا بىر قاراپ قويۇپ، گېلىنى بىر قىرىۋالدى - دە، ئۇشتۇمتۇت:

— بابا گۇلسۇمقىز كېلىپتىكەن...، — دېدىيۇ، يەنە توختاپ

قالدى.

ئېزىز بېشىنى كۆتۈرۈپ سەل ھەيران بولغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى، بىراق ھېچنېمە دېمىدى.

— ئۇ قىزغا ئادەمنىڭ بەكمۇ ئىچى ئاغرىيدۇ، — ئېرىگە مەدەت بەرگەندەك سۆز قىستۇردى زۇپتۇمخان.

— شۇنداق، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، — ساۋۇتئاخۇن سەل جانلىنىپ خوتۇنىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئېزىز يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— نېمە، گۈلسۈمگە بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟

— يات ئارىدا قاۋان بىلەن تويى بولغۇدەك، — ساۋۇتئاخۇن ئاخىر گەپنىڭ پوسكاللىسىنى چىقاردى، — ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قىلچىمۇ رازىلىقى يوق ئىكەن. «ئۇنىڭ خوتۇنى بولغۇچە ئۆلۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن» دەپ زار - زار يىغلايدۇ بىچارە. ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز ئېزىلىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، غاپپار قاۋان بەك باغرى تاش نېمە...

— ئۇنداق زالىم توڭگۇزغا قايسى قىز تېگىشنى خالايتتى، — ئېرىنىڭ سۆزىنى ئەكەتتى زۇپتۇمخان، — بىچارىنىڭ ئاتا - ئانىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ تويغا ھەرگىز رازى بولماستى.

— بۇ ئىشنى مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدى ئېزىز ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ، — گۈلسۈم ناھايىتى ياخشى قىز. ئۇنىڭ غاپپاردەك زالىم ئادەمگە خوتۇن بولۇشىنى مەنمۇ راۋا كۆرمەيتتىم. لېكىن مۇنداق نىكاھ ئىشىغا يات كىشىنىڭ ئارىلاشمىقى...

ئېزىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. ساۋۇتئاخۇن خوتۇنى بىلەن يەنە بىر كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ، سۆھبەتنى ئۇلىدى:

— ئىنىم، شۇ قىزنى بۇ مالامەتتىن[1] پەقەت سىزلا قۇتۇلدۇرالايسىز.

---

① مالامەت — قىيىنچىلىق، پېشكەللىك.

— مەن؟ — ئېزىز ھەيران بولغان ھالدا سورىدى.
— شۇنداق، سىزلا قۇتۇلدۇرالايسىز، — دېدى ساۋۇتئاخۇن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — بېگىمنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ يۈزىڭىز غاپپارنىڭكىدىنمۇ چوڭ. ئەسلىدە بۇ نىكاھ ئىشىنى بېگىمنىڭ ئۆزى بېكىتكەن، ناۋادا بۇ ئىش توغرىسىدا سىزلا ئېغىز ئاچسىڭىز، بېگىم گېپىڭىزنى يېرماي، ئىلگىرىكى قارارىدىن ياناتتىمىكىن دەيمەن.
— مەن... ھەي، بۇ ئىش قاملىشامدۇ؟ يا مەن گۈلسۈمنىڭ تۇغقىنى بولمىسام. بېگىم قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟
ساۋۇتئاخۇن خۇددى شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:
— پالۋان، راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭا، سىزنىڭچە گۈلسۈم ياخشى قىزمۇ؟
— ساۋۇت ئاكا، بۇ گېپىڭىز... ئۇنىڭ ياخشى قىزلىقىنى بايا ئېيتتىميا. بولمىسا، يەنە بىر ئېيتاي، ھازىرغىچە ئۇنىڭ يامان دېگۈدەك بىرەر ئىشىنى كۆرگىنىممۇ، ئاڭلىغىنىممۇ يوق.
— چىراي - شەكلى، بوي - بەستىچۇ؟
ئېزىزنىڭ خىيالىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ غەملىرى، پىلانلىرى چۇلغىۋالغان بولغاچقا، ساۋۇتئاخۇننىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى ھەققىدە باش قاتۇرمايلا دەررۇ جاۋاب بەردى:
— گۈلسۈم، ئۆزى كېلىشكەن قىزغۇ.
زۇپىتۇمخان سۆزلەشكە ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، لېكىن ساۋۇتئاخۇن ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلدى:
— ھەببەللى، پالۋان، ئەقلىڭىزگىمۇ، كۆزىڭىزگىمۇ باردىكاللا، كۆڭلىمىزدىكىنى تاپتىڭىز... مۇنداق ئىش، پالۋان، يەڭگىڭىز بىلەن مەن مەسلىھەتلىشىپ، سىزنى گۈلسۈم بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولسا، گۈل - گۈلىگە كەلگۈدەك ئوبدان ئىش بولاتتى دېگەن نىيەتكە كەلدۇق.

زۆپتۆمخانمۇ دەررۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئېرىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. ئېزىز ئۇچۇن بۇ گەپ كۇتۇلمىگەن بىر خەۋەر ئىدى، بولۇپمۇ بۇگۇنكىدەك ئۇنىڭ پۇتۇن ئوي ـ خىيالى تامامەن باشقا بىر قىز ئۇستىگە مەركەزلەشكەن چاغدا بۇ گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ يات تۇيۇلدى.

— هەي··· ياق، ياق··· بۇ··· قانداق···، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ،— گۇلسۇم دېگەن باشقا بىرىنىڭ···

— بۇ تەرىپىدىن كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، پالۋان، — ئېزىزنىڭ دۇدۇقلاپ سۆزلىيەلمەيۋاتقانلىقىنى باشقىچە چۈشەنگەن ساۋۇتئاخۇن ئۆز قارىشىنى ئىزاهلاشقا ئالدىرىدى، — گۇلسۇمقىزنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان سىزگە كۆڭلى بار ئىكەن. بايا بۇ ئىشنى يەڭگىڭىزگە ئوچۇق ئېيتىپتۇ. مۇبادا سىز بۇ ئىشقا نىيەت باغلاپ، بېگىمگە ئېغىز ئاچسىڭىزلا، ئىنشائاللا، بېگىم سىزنىڭ لەۋزىڭىزنى يىرمايدۇ، هەتتا تويۇڭلارنى ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۇزۇپ بېرىدۇ، هەر ئىككىڭلار مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يېتىسىلەر.

— شۇنداق قىلىڭ، پالۋان، — باغرى يۇمشاق زۆپتۆمخان كىرپىكلىرىگە قونغان كۆز ياشلىرىنى رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن سۇرتكەچ سۆز قىستۇردى، — بىچارە گۇلسۇمنىڭ سىزگە بەكمۇ كۆڭلى بار ئىكەن. «ئاچا، پالۋانغا ئېيتسىڭىز، مېنىڭ هالىمغا يەتسە» دەپ بەك يالۋۇرۇپ كەتتى. ئۇنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز بىر ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىسىز، پالۋان.

ئېزىز ئۇلارغا گويا هاڭۋاقىقاندەك بىر ـ بىرلەپ قارىدىيۇ، هېچ نەرسە دېمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى چىگىش خىياللار قوچۇشقا باشلىدى. جاهاننىڭ كارى ـ بارىنى كۆرۈڭ. شۇ تاپتا ئېزىز نېمە ئويدا، ئۇلار نېمە كويدا؟··· بىراق، ئېزىز ئۇلارنىڭ نىيىتىنى يامان دېيەلمەيدۇ. گۇلسۇم راستتىنلا ئوبدان قىز، چىراي ـ شەكلىمۇ چوڭكۆلدە گۆزەللەر قاتارىغا كىرەلەيدۇ.

بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەرگە خاس تۇيغۇ
قارىتا ئۆزگىچە بىر قىزغىنلىق ۋە تەلپۇ-
يۈرگەن، بۇگۈن بۇ ھەقتە ئۆزىمۇ
بىر ئاددىي دېھقان يىگىت ئۇچۇن
ھەرگىزمۇ ئۇنتۇرۇۋەتكەنلىك
بىر ئامەت دېسە بولىدۇ. بىراق، بۇ قانداق
ئۇ چاغدا ئېزىزنىڭ يەتتە - سەككىز ئايدىن
ئاھۇ پىغانلىرى، ئىشەنچ - ئۈمىد-
ھەممىسى بەجايىكى ئوڭايلا ئۇنتۇلغان چۈشكە
لېكىن ئۇلار چۈش ئەمەس، مۇشۇ يەردە،
ئادالەت ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان
ئەنە شۇ ئىش ۋەجىدىن كەلگەن. دۇ-
مەقسىتىگە ئېرىشەلمەس، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
سۆيگەن يارىنى باشقا بىرى — كازىم بەگ
داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي ساداسى
ئېزىزنىڭ يۈرەك - باغرى قايغۇ - ھەسرەتتىن
بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب، نېمىدېگەن
ھۆرمەتلىك ساۋۇت ئاكا، زۇپتۇمخان
يەنىلا سىلەر تەكلىپ قىلغان بۇ
سوزالمايدۇ. سىلەر مۇراد - مەقسەت ۋە
قىلدىڭلار، سىلەر دېگەندەك بولغاندا،
پېشانە يېتىم قىز مۇراد - مەقسىتى-
بۇنىڭ بەدىلىگە بىر ساۋابقا ئېرىشەر.
خەيرلىك ئىش! لېكىن ئۇ چاغدا ئېزىز-
بولىدۇ؟ ياق، ئۇ پەقەت ساۋابقا
يۈرگەن دەرۋىش ئەمەس، چوڭ-
كەلمىگەن. ئۇنىڭمۇ كۆزلىگەن مۇراد -
ئېرىشەلىسۇن - ئېرىشەلمىسۇن،

مۇشۇ مەقسەتنى كۆزلەپ ماڭغان يولىدىن يانمايدۇ. «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دەپتىكەن. مەنزىلگە يېتەلىسە — بەخت - تەلىيى، مۇبادا يېرىم يولدا، ھەتتا مەنزىلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆلۈپ كەتسىمۇ پۇشايمان قىلمايدۇ.

— ساۋۇت ئاكا، زۇپتۇمخان ئاچا، — ئېزىز ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتكۇدەك بىر خىل قايغۇلۇق كەيپىيات قاپلىغانىدى، — مەن چوڭكۆلگە كەلگەندىن بۇيان سىلەر ماڭا ئۆز ئاتا - ئانامدەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەلدىڭلار. ھازىرقى مەسلىھەتىڭلارمۇ تامامەن شۇنداق مۇددىئا بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنىڭغا قىلچە گۇمانلانمايمەن. ئەمما مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى دەرھال بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. ئارىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. زۇپتۇمخان «بىرنېمە دېسىڭىزچۇ؟» دېگەندەك ئېرىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم قارىدى. بىراق، ساۋۇتئاخۇن چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆرمىدى.

— نېمە، گۈلسۈمنى ياراتمىدىڭىزمۇ؟ — تاقىتى - تاق بولغان زۇپتۇمخان ئاخىر چىدىيالماي جىملىقنى بۇزدى، — ئۇنى يېتىم قىز دەپ كۆزىڭىزگە ئىلمىغان ئوخشايسىز، ھەقىچان. مەن سىزنى...

— خوتۇن! — ساۋۇتئاخۇن سەل چېچىلغان ھالدا گەپنى بۆلدى، — كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىشۋەرمەڭلار، ئاۋۋال ئويلاپ ئاندىن سۆزلىگۈلۈك - ھە!

— ساۋۇت ئاكا، چېچىلماڭ، — دېدى ئېزىز، ئاندىن زۇپتۇمخانغا قاراپ ئۆزىنىڭ گۈلسۈمگە بولغان قارىشىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

— ئەمىسە...، — زۇپتۇمخان يەنە گەپ باشلىۋىدى، ساۋۇت-

ئاخۇن قولىنى شىلتىپ، ئۇنى سۆزدىن توختاتتى ـ دە، ئېزىزغا قاراپ جىددىي كەيپىياتتا سورىدى:

— پالۋان، بايىقى بىزنىڭ توغرىمىزدا ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟

ئۇشتۇمتۇت قويۇلغان بۇ سوئالغا ئېزىز تۇرماق، زۇپتۇمخانمۇ ھەيران قالدى.

— ساۋۇت ئاكا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن سىلەرنى ئۆز ئاتا ـ ئانامدەك بىلىمەن.

— ناھايىتى ئوبدان. ئۇنداق بولسا، بىزدىن نېمىشقا گۇمانلىنىسىز؟

بۇ سوئال ئېزىزنىڭ ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

— ياق، ساۋۇت ئاكا، سىلەردىن ھەرگىز گۇمانلانمىدىم. بۇ... قانداق...

— گۇمانلانمىسىڭىز، كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى بىزدىن نېمىشقا يوشۇرىسىز؟

ئېزىزنىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە گۇمان چۈشتىيۇ، مەڭدەپ قالدى.

— مەن... مەن... سىلەردىن...

— بالام، — ساۋۇتئاخۇن «پالۋان»نى بىردىنلا «بالام»غا ئۆزگەرتتى، — مەن خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل ئەللىك ئىككى ياشقا كىردىم. سەھرالىق بولساممۇ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۇم. دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ. سىز يۇرتىڭىزنى تاشلاپ، دادىڭىزنى نارازى قىلىپ چوڭكۆلگە كەلگەن چېغىڭىزدا مال ـ دۇنيا، مەرتىۋە ـ ئاتاقنى كۆزلىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ھەر ئىككىسىلا ئەمەس چىقتى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قېچىپ، تەييار راھەت كۆرەي دېگەن ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ باقتىم، ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىكەنسىز. كېيىن يەنە «گۇلسۇمگە كۆڭلى باغلىنىپ قالغانمۇيا؟» دېگەن

گۇمانىمۇ كۆڭلۈمگە كەلدى. ھازىر مەلۇم بولدىكى، بۇ گۇمانىممۇ بىھۇدە خىيال ئىكەن. خوش، ئەمدى يەنە نېمە قالدى؟ سىزنى بۇ يەرگە زادى قانداق مەقسەت سۆرەپ كەلدى؟ بۇ ئىشنى بىزدىن نېمىشقا يوشۇرىسىز؟

ساۋۇتئاخۇن گالدىن كاپپىدە ئالغاندى. ئېزىزنىڭ يەنە بېشى چۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆز سىرىنى ئادالەتتىن ئۆزگە ھېچكىمگە ئېيتقۇسى يوق ئىدى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ خۇددى سۇدا تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەن كىشى بىر تال پاخالغىمۇ ئېسىلىپ باققىنىدەك قۇتۇلۇش ئۇچۇن باھانە ئىزدەپ، ئۇنىڭ، بۇنىڭ ھەققىدە ئويلاپ باقتى، لېكىن بەزىلىرىنى بۇرۇنلا ئېيتىپ بولغان، دېمەك، ئىشەنمەپتۇ، يەنە تەكرارلاشنىڭ ئورنى يوق. بەزىلىرىگە شۇ تاپتا ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلسام بولار؟...

— بالام، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېگەن گەپ بار. سىز بىزنى راستىنلا ئۆز بىلسىڭىز سىرىڭىزنى يوشۇرماڭ. سىز مېنى بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم. سىز ئۇچۇن لازىم بولىدىكەن، جېنىم پىدا، بالام!

چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان بۇ سەمىمىي سۆزلەر ئالدىدا ئېزىز ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئەكسىچە، «غولى ئالا كۆڭۈللۈك قىلدىممۇ نېمە؟» دەپ خىجىل بولدى. راست، كۆڭلىدىكىنى نېمىشقا يوشۇرىدۇ؟ قانچە باش قاتۇرسىمۇ ئۆزى بىرەر ياخشى چارە تاپالمىدى، ۋاقىت بولسا قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىرەر ياخشى مەسلىھەت كۆرسىتەر. ھېچبولمىغاندا بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقان كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپار. ئۇلارغا تولۇق ئىشەنسە بولىدۇ، ياردەم قىلالمىغاندىمۇ، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالىدۇ.

ئېزىز يەنە بېشىنى كۆتۈردى، بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن سۆز باشلىدى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە مەپىنى ئېلىپ قاچقان

ئاتنى توختىتىۋالغان ھېلىقى ۋەقەدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە — مۇشۇ مىنۇتقىچە بولغان جىمى ئىشلارنى، كۆڭلىدىكى بارچە سىر - ئەسرالارنى يېپىدىن - يېڭىنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزدىن توختىغاندا چىرايىدا ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر ھالەت قېتىپ قالغانىدى.

خىلۋەت قەبرىستاندىكىدەك جىملىقنى زۇپتۇمخانىنىڭ خىرىلدىغان ئاۋازى بۇزدى. ئۇ بۇ چاغدا لىچىكىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى بېسىۋالغانىدى.

— بىچارە بالام،— دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

ساۋۇتئاخۇن خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئېزىز ئۇنىڭ ئالدىغا ناھايىتى مۇشكۇل تېپىشماقنى تاشلىغانىدى.

«ئاشۇ چاغدا — بۇ پىداكار يىگىت مەيدە يۈزى ئېچىلىپ قالغان ئىككى قىزغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قالغان چاغدا، كۆڭلۈمگە گۇپپىدە گۇمان چۈشكەن،— دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ،— ئەمما ئۇ ھالنى ھەرقانداق بىر بويىغا يەتكەن يىگىتنىڭ ياش ۋە چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە قىزىقىپ قالىدىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمما بىتەلەي بالام، بۇ يولدىكى توسالغۇنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى نېمىشقا ئويلىمىغانسەن؟ مەنسۇر بەگ كىم، سەن كىم؟ ئۇ چوڭكۆلنى بۇ ئىقلىمدىن يوق قىلىۋېتىشكە رازى بولىدۇكى، قىزىنى ساڭا بەرمەيدۇ، ھەرگىز بەرمەيدۇ! كازىم بەگنىڭ خېرىدارلىقىنى ئاڭلاپ بىر تۇغقان ئاچىسىنىڭ ئوغلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغان مۇنداق ئەمەلپەرەس، باغرى تاش ئادەم ئاددىي بىر دېھقان يىگىتنى، يەنە كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر چاكىرىنى كۈيئوغۇللۇققا ماقۇل كۆرەمدۇ؟ ياق، ياق! بۇ مۇتلەق ئىشقا ئاشمايدىغان خام خىيال! ھەي شور پېشانە بالام! ئاھ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟...»

— دادىسى، بىرنېمە دېمەمسىلە؟— ئەمدى تامامەن ئېزىز

تەرەپ بولۇۋالغان زۇپتۇمخان ئېرىنى ئالدىراتتى، — بۇ بالىنى ئۆزۈڭلەر گەپكە سېلىپ قويۇپ، ئەمدى ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭلىيا.

ساۋۇتئاخـۇن ئاۋۋال خوتۇنىـغا گـويا «سەن نېمـىنى بىدىلەتتىڭ؟» دېگەندەك ھومىيىپ قاراپ قويۇپ، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا سۆز باشلىدى:

— ئىچ سىرىڭىزنى ئەمدى بىلدىم، بالام. ئاشىقلىق سەۋداسى دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن. بۇنى بىزمۇ — مەن ۋە مۇشۇ يەڭگىڭىزمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن. ياش ۋاقتىمدا چوڭ بېگىمنىڭ سودا ئىشى بىلەن كۇچا تەرەپلەرگە بارغاندا يەڭگىڭىز بىلەن شۇ يەردە تونۇشقان، بىر - بىرىمىزگە كۆيۈپ - پىشقان. ئەمما ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى باشقا بىرىگە باغلاپ قويۇپتىكەن، شۇڭا ئاشكارا يول تۇتالماي، ئىككىمىز كېلىشىپ قايتىشىمىزدا ئېلىپ قاچقان...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئېرىنىڭ ۋۇجۇدى «شۇر» قىلىپ كەتتى. «ئىككىمىز كېلىشىۋېلىپ قاچقان» دېدى ئۇ كۆڭلىدە. ئۇمۇ بۇرۇن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىغان، «ئېلىپ قېچىش» نىڭ بىردىنبىر نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرغان. شۇڭا ساۋۇتئاخۇن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك مۇشۇ ھەقتە گەپ ئاچقاندا ھاياجاندىن ئەندىكىپ كەتتى.

— دىلىڭىزغا پۈككەن مۇددىئايىڭىزغا ئېرىشىش بەك مۇشكۈل، بالام، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى ساۋۇتئاخۇن، — ئەمما سىزنى بۇ يولدىن يان دېيەلمەيمەن. تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدۇ، گۈلسۈمقىزغا قانچە ئىچىمىز ئاغرىسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق تەقدىر - قىسمەتنى راۋا كۆرگەن بولسا، تارتماي ئىلاجى يوق...

— بىچارە قىز، — بايا گۈلسۈمگە بەرگەن ۋەدىسى ئېسىگە چۈشكەن زۇپتۇمخان لوقما سالدى.

ساۋۇتئاخـۇن ئۇنىڭغا: «ھەي، بىردەم جىم ئولتۇرساڭچۇ!» دېگەندەك ئاچچىقلانغان ھالدا قاراپ قويدى.

— مۇبادا سىز نىيىتىمدىن يانمايمەن، دەيدىكەنسىز، ئۇ ھالدا پەقەت بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەندەك، ئادالەت خېنىمنىڭ تويى بولغۇچە ئۇنى ئېلىپ قېچىش، يىراق يەرلەرگە — مەنسۇر بېگىمنىڭمۇ، كازىم بەگنىڭمۇ قولى يەتمەيدىغان يەرلەرگە ئەكېتىش. ئەمما لېكىنزە، بۇ ئىشتا مۇنداق ئىككى مۇشكۇلات بار: بىرى، سىز بۇ ئىشقا بەل باغلىيالامسىز؟...

— بېلىم باغلاقلىق! — ئالدىراپ سۆزنى بۆلۈپ ئىپادە بىلدۈردى ئېزىز.

— توختاڭ، ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ئوغلۇم. قېرى دادىڭىز بىلەن نارەسىدە ئىنىڭىزنى تاشلاپ كېتىشكە چىدىيالامسىز؟ ئۇ چاغدا بەلكىم «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، بۇ زالىم بەگلەر ئاچچىقىدا دەردىنى شۇلاردىن ئالار. بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ئويلاندىم، — يەنە دەرھال جاۋاب بەردى ئېزىز، — دادامنىڭ بىر ئاچىسى بۇرۇنلا ئاقسۇ ئاۋاتلىق بىر كىشىگە ياتلىق قىلىنىپتىكەن. ئۇ شۇ يەردە باللىق بولۇپ يەرلىشىپ قالغان. يېقىندا شۇ ئاچىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىق ئىكەنلىكى ھەققىدە خەت كېلىپتۇ. دادام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە بارسام بولاتتى، دېۋىدى، مەن ئارىلىقنى يىراق كۆرۈپ ئۇنىمىغان. باياتىن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىغان چېغىمدا دادام بىلەن ئىنىمنى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە ئاۋاتقا يولغا سالسامىكىن، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇ تەرەپكە بارىدىغان ھەمراھلارمۇ بار ئىكەن. دادام بىلەن ئىنىم شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرسا، بەگلەرنىڭ قولى ئۇ يەرلەرگە يەتمەس.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساۋۇتئاخۇن دەرھال جانلاندى:

— ئوغلۇم، خۇدايىم سىزگە جەزمەن ئاسانچىلىقنى بەرگۈدەك، ماۋۇ ئىشنىڭ توغرا كەلگىنىنى دېمەمسىز. ئۇلارنى ھايالشماي يولغا سېلىڭ. مۇبادا ئادالەت خېنىمنى ئېلىپ قاچالىسىڭىز، سىزمۇ شۇ يەرگە بارسىڭىز بولىدىكەن. بەگلىرىمنىڭ ئاچچىقى يانغۇچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرارسىلەر، يا بولمىسا شۇ يەردە يەرلىشىپ قالارسىلەر.

— بىچارىلەر، ياقا يۇرتتا غېرىبسىنىپ...، — ساۋۇتئاخۇن سۆزدىن سەل توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلانغان زۇپتۇمخان يەنە لوقما سالدى.

— خوتۇن، ئەجەبمۇ جىم ئولتۇرالماي قالدىڭىيا، — دېدى ساۋۇتئاخۇن خوتۇنىغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ، — گېپىمگە قوشۇق سالماي ئولتۇرساڭلار قانداق؟ ئۆز يۇرت دېگەننىڭ مېھرىنى مەنمۇ بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭغا سېغىنغاندىكىن باش ئېلىپ كەتمەي نېمە ئىلاج. ئاۋاتتىمۇ سىلى بىلەن بىزگە ئوخشاش ئاللانىڭ بەندىلىرى ياشايدۇ، ياخشى ئادەملەر شۇ يەرلەردىمۇ تولا. نىيەت - ئىقبالىڭ دۇرۇس بولسا، ھەرقانداق يەرگە سىغىپ كېتەلەيسەن. ئەمدى، ئوغلۇم، — يەنە ئېزىزغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — ئىككىنچى مەسىلە، تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ بولسىمۇ، ئادالەت خېنىمنىڭ رايىنى بىلىش. بايىقى گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. بولمىسا، ئۇ سىز بىلەن ھەرگىز ئۇنداق ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشمىگەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئېنىق گېپىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ. بۇ ئىشتا يۈزمۇيۈز سۆزلىشىشتىن قېينالسىڭىز، يەڭگىڭىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ گەپ ئېلىپ باقسۇن.

— ئادالەت خېنىم بىلەن ئەتىلا سۆزلىشەي، — زۇپتۇمخان دەرھال ئىپادە بىلدۈردى، — خېنىم تۇغۇلغاندا پاتىمە خېنىمنىڭ كۆكسى ئاغرىپ قېلىپ، بىرنەچچە ۋاخ مەن ئۇنى ئېمىتكەن،

ئاندىن يەنە ئۆزۆم كۆتۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇڭا ئادالەت خېنىممۇ ماڭا ناھايىتى ئامراق. بۇنى بېگىم بىلەن چوڭ خېنىممۇ بىلىدۇ.

ئېزىزنىڭ كۆڭلى بىردىنلا مىڭلىغان چىراغلار يېقىلغاندەك يورۇپ كەتتى. يېرىم كۈنىڭىياقى قارا بۇلۇتتەك قاپسىۋالغان بۇرۇقتۇرمىلىق دېرىزىدىن ئوخچۇپ كىرگەن شامالغا يولۇققان تاماكا تۈتۈنىدەك دەررۇ يوقالدى. ئاھ، نېمىدېگەن ئاسانچىلىق بۇ! ئۆزۆم يول تاپىمەن دەپ بىكارغا قىينىلىپ يۈرۈپتۇ. دۇنيادا ياخشى ئادەملەر يەنىلا كۆپ ئىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەرقاچان ھەمدەم بولىدىكەن. نېمىشقا بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىش ئېسىگە كەلمىگەندۇ؟...

ئارىدىن يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئېزىز خوشلىشىپ قايتتى. ئۇ بايا بۇ ئۆيگە كىرگەندە گويا يەلكىسىدە ئېغىر بىر تاغنى يۈدۈۋالغاندەك مۈكچىيىپ قالغانىدى، ئەمدى قەددىنى تىك تۇتۇپ، يېنىك قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

ئايدىڭ كېچە، مەھەللە ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن. پەقەت يىراقتىكى دەريا سۈيىنىڭ سۇس شارقىرىغان ئاۋازى، يوپۇرماقلارنىڭ مەيىن شامالدا بىر - بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىققان شىرىقلاش ۋە سەگەك ئىتلارنىڭ ئاندا - ساندا قاۋاپ قويۇشلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ.

مەنسۇر بەگنىڭ چوڭ قورۇسىدا ئىككىيلەندىن باشقىلار ئاللىقاچان ئۇيقۇغا غەرق بولغان. ئويغاقلارنىڭ بىرى ئادالەت، يەنە بىرى ئېزىز. ئادالەت ھۇجرىسىدا بېلىنىڭ ئۈستىنى يوتقاندىن چىقىرىپ قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. كۆزلىرىدە ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق، مېڭىسى ئىنتايىن سەگەك؛ پۈتۈن دىققىتى بىر ئىشقىلا، يەنى بولغۇسى ئۇچرىشىشتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، نېمىلەرنى دېيىش لازىملىقى ئۈستىگىلا مەركەزلەشكەن. مانا، قورۇدىكى ئاخىرقى تاۋۇشلارنىڭ تىنچىغىنىغىمۇ بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت بولدى. بۇ ئارىدا ئادەملەرنىڭ ئاۋازى تۈگۈل، «يولۋاس» ئىسىملىك ئىتنىڭ تاۋۇشىمۇ مۇتلەق ئاڭلانمىدى. دېمەك، پۇرسەت يېتىپ كەلدى. ئادالەت ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، گەۋدىسىنى ياستۇقتىن ئاجراتتىيۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر بىردىنلا يۈرىكى پوكۇلداپ، پۇت - قوللىرى تىترەپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. «ئاھ خۇدا، خىجىل بولماي...» ئۇ ئىككى قوللاپ يۈزىنى تۇتۇۋالدى - دە، ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ، يەنە ياستۇققا يۆلەندى.

دەل شۇ چاغدا ئىزىز باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان شىپاڭدا ئۇياق - بۇياقۇا ماڭغىنىچە ئادالەتنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ھاۋا ئوچۇق، ئاي تولغان مەزگىل بولسىمۇ قويۇق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان باغ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. دەرەخ شاخلىرى يېنىك شامالدا ئاستا تەۋرەنگەندە ئۇلارنىڭ يەردىكى سايىلىرى ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ دەم ئۈزىراپ، دەم قىسقىرايتتى. شىپاڭنىڭ يېنىدا چۆرىسى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان كىچىكرەك كۆلچەك بار ئىدى. ئاينىڭ سۇغا چۈشكەن شولىسى سېزىلەر - سېزىلمەس ھالدا ئۈزۈپ ئويناپتتى. ئىزىزنىڭ باغدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى سائەتتەك بولدى. بۇغۇ ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئەمەس، بىراق كۈتۈش — زارىقىپ كۈتۈش بىلەن ئۆتكەن ھەربىر دەقىقىمۇ گويا بىر يىلدەك بىلىنىدىكەن. ئىزىز ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى سائەتلىك ۋاقىت ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن يىگىرمە تۆت يىللىق ئۆمرىدىنمۇ ئۇزۇن تۇيۇلدى. ئۇ مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە پەقەت شىپاڭدىلا تۇرغىنى يوق، قورۇنىڭ باغقا چىقىدىغان ئىشىكىدىن شىپاڭغا تۇتىشىدىغان، پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا يۈز قېتىملارچە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ئۇ ھەر قېتىم شىپاڭغا كەلگەندە ئۇ يەردە بىر پەس تۇراتتى - دە، يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭاتتى.

مەنسۇر بەگ قورۇ - جايىنى ئىككى يىل بۇرۇن يېڭىلاپ قايتىدىن سالدۇرغاندا يېرىم زامانىۋى تۈس كىرگۈزۈپ مېھمانخانا ۋە ياتاق ئۆيلىرىنىڭ باغقا تۇتاش تېمىغا ئەينەكلىك دېرىزە ئورناتقان، ئۇنىڭ سىرتىدىن قېلىن تاختايدىن ياسالغان قاپقا بېكىتكەنىدى. كۈندۈزلىرى قاپقىلار ئېچىۋېتىلەتتى. ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىدىغان ياز پەسلىدە ئادالەت ئۆز ھۇجرىسىنىڭ قاپقىسىنى كېچىسىمۇ ئوچۇق قوياتتى. ئىزىز ئاشۇ قاپقا تەرەپكە ئون بەش - يىگىرمە قېتىمچە يېقىنلاشتى. قاپقا بۈگۈنمۇ ئوچۇق ئىدى. ئىزىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، يۈزىنى ئەينەككە چاپلاپ

ھۇجرا ئىچىگە — مەشۇقىسى تۇرغان يەرگە قاراشنى، ئۇنى
كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق، يەنىلا قاپقىغا ئون -
ئون بەش قەدەمچە ئارىلىق قالغانىدا شىپپىدە توختايتتى -
دە، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. «سەۋر قىلاي، ئادالەت
چۆچۈپ كەتمىسۇن يەنە. يا بولمىسا باشقا ئۆيدىكىلەر قەدەم شەپى-
سىنى ئاڭلاپ قېلىشىمۇ ئېھتىمال» دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇن-
داق چاغدا پەرۋانىدەك يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئىستەكلىرىنى ئاران
بېسىپ. ئۇ شۇ ھالەتتە ئاي نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان دېرىزىگە
بىرنەچچە مىنۇت تىكىلىپ تۇراتتى - دە، ئاندىن يەنە بىر خۇرسى-
نىپ قويۇپ شىپاڭ تەرەپكە ماڭاتتى. ئۇ ئۈچ كۈن بۇرۇن شە-
ھەرگە بارغاندا بىر ناتونۇش تېۋىپتىن يېگەن ھەرقانداق جانلىقنى
توققۇز - ئون سائەت ئۆلۈكتەك ئۇخلىتىپ قويىدىغان بىر خىل
مەجۇن[1] سېتىۋالغانىدى. باياتىن ئۇنىڭدىن گۈلىدەك بىر پارچە-
سىنى گۆشنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ «يولۋاس»قا يېگۈزۈۋەتكەنىدى.
ئۇ بۇ دورىدىن غاپپارغىمۇ يېگۈزۈشنى ئويلىدىيۇ، بىراق ئۇنىڭغا
ئەپلىك پۇرسەت تاپالمىدى. ئاندىن ئۇنىڭ كېچىسى ئۆلۈكتەك
قاتتىق ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن ئانچە ئەنسىرەپ
كەتمىدى.

«نېمىشقا چىقمايدىغاندۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۆز - ئۆزىگە
تەشۋىشى بارغانسېرى ئارتىۋاتقان ئېزىز يەنە شىپاڭ تەرەپكە كېتى-
ۋېتىپ، — پاتىمە خېنىم بىرەر ئىشنى سېزىپ قېلىپ ئۆز
ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋالغانمىدۇ يا؟... ياق، ئۇنداق ئەمەستۇ، ئۇ
قانداق بىلەلەيدۇ!؟... ئەمىسە، نېمىشقا چىقمايدىغاندۇ؟ كىشى-
لەرنىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىگە نېكەم بولدى. ئادالەتنىڭ ئۆزى سەز-
مەيلا ئۇخلاپ قالدىمۇ يا؟ ياقەي، مۇنداق چاغدا قانداقمۇ كۆزىگە
ئۇيقۇ كەلسۇن!؟... ئەمىسە...»

① مەجۇن — مەجۇنات. ئۇيغۇر تىبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل خېمىرسىمان دورىلار-
نىڭ ئومۇمىي نامى. لېكىن بۇ يەردە كونكرېت بىر خىل دورىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆڭلىگە تۇنجى قېتىم «ۋەدىسىدىن يېنىپ قالغان بولسىچۇ؟» دېگەن خىيال كەلدى ـ دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، يولنىڭ تۈزلۈكىگە قارىماي پۈتلىشىپ كېتىپ بىر مۈدۈرىدى، نەپىسى بوغۇلغاندەك بولدى. ئەمما بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «بۇ ئۇچرىشىشنى ئۆزى ئېيتقان تۇرۇقلۇق يېنىۋالماس… ياق، يېنىۋالمايدۇ!» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن.

بۇنىڭدىن بەش كۈن ئىلگىرى زۇپتۇمخان ئېزىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادالەتكە ئېزىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى تولۇق يەتكۈزۈپتۇ. ئادالەت ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خىجىل بولغان هالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. ئاندىن خېلىغىچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي جىمجىت تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، كېيىن تارتىنغان هالدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇ ـ ئىستەككە مۇپتىلا بولغانلىقىنى، ئېزىزدىن باشقا هەرقانداق ئادەمنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— كازىم بەگكە تەگكۈچە ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن! — دەپتۇ ئۇ كۆز يېشى قىلىپ.

زۇپتۇمخان ئېزىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈزمۇيۈز سۆزلىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتقانىكەن، ئادالەتنىڭ چىرايى تېخىمۇ قىزىرىپ، يەنە خېلىغىچە گەپ قىلالماي قاپتۇ.

— قورقىمەن، — دەپتۇ ئۇ بىرهازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — پالۋان ئاغرىنمىسۇن، بۇ توغرىدا سىزگە كېيىن ئۇچۇر بېرەي.

— بەك نومۇسچان، يۈزى تۆۋەن قىز، — دېدى زۇپتۇمخان گويا ئېزىزغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، — كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، يۈرىكى خالاپ تۇرسىمۇ ئەر كىشى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشتىن قورقىدۇ، سەل يۈرىكىنى توختىتىۋال-

سۇن.

ئېزىزغا بۇ تەسەللى ئارتۇقچە ئىدى. «ئۇنىڭمۇ ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن، مەن نېمىدېگەن تەلەيلىك» دەپ كۆڭلىدە ھەدەپ تەكرارلايتتى ئۇ. شۇڭا ئادالەتنىڭ دەرھال ئۇچرىشىشقا ماقۇل بولمىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى قىلچە كېمەيتەلمىدى.

ئەتىسى ئۇ زۇپتۇمخان يەتكۈزگەن خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپمۇ ئىشەندى. شۇ چاغدا ئۇ بەگنىڭ ئالدىدىن چىقىۋېتىپ ئايۋاندا ئادالەت بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قال- دى. قىز ئۇنىڭغا ھەم خىجىللىق، ھەم شادلىق ئارىلاشقان ئاجا- يىپ بىر خىل ئوماقلىق ئىلكىدە نەزەر تاشلىدىكى، ئېزىز ئۇنىڭ- دىن ئالەمچە مەزمۇننى چۈشەندى. ئادالەت پاتمە خېنىمنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا بارغاندا توختاپ گويا بايىقىسى كەملىك قىلىپ قالمىسۇن دېگەندەك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئېزىزغا يەنە بىر قېتىم قارىدى. ئېزىزنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بولدى. كۈن بويى چىرايىدىن كۈلكە كەتمىدى.

ئەتىسى مەنسۇر بەگ ئېزىزنى بىر مۇھىم ئىش بىلەن شەھەر- گە ئەۋەتتى. ئۇ شەھەردە ئىككى كۈن ھايالشىپ ئاخشام قايتىپ كەلدى. بۈگۈن چۈشتە زۇپتۇمخان ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق خۇش خەۋەر يەتكۈزدى: ئادالەت بۈگۈن كېچە باغدىكى شىپاڭدا ئېزىز بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كېلىپتۇ.

بۇ خەۋەر ئېزىزنى گويا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىي خەزىنىسىگە يولۇققاندەك ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. سەككىز - توق- قۇز ئايدىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى. مانا ئاخىر شۇنداق سائادەتلىك پۇرسەت قۇچىقىنى ئاچتى. دۇنيادا ئاشىق يىگىتلەر ئۈچۈن بۇ- نىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولامدۇ!؟

كەچ كىرىشكە تېخى نەچچە سائەت ۋاقىت بار ئىدى. ئېزىز خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئارامسىزلىنىپ: «ھەي كۈن، ئىت-

تىكرەك ماڭساڭچۇ، پاتراق پاتساڭچۇ!» دەيتتى كۈنگە قاراپ. بىراق قۇياش بولسا ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك، قىمىرلىماستىن بىر ئورنىدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

ئاخىرى قۇياشمۇ پاتتى. چوڭكۆلنى ئاۋۋال گۇگۇم، ئاندىن قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئېزىز كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇغا كېتىشىگە بولغان نەچچە سائەت ئىچىدىكى ھەربىر مىنۇتنى بىر يىلدەك تەقەززالىق ئىلكىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بەلگىلەنگەن يەرگە چىقىپ ساقلاپ تۇرغىنىغىمۇ مانا ئىككى سائەتتەك بولدى، بىراق ئادالەتتىن تېخىچە خەۋەر يوق.

بىردىنلا يېقىنلا يەردىن قايسىدۇر بىر ئەخمەق خورازنىڭ تويۇقسىز چىلىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئېزىزنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ دەرھال كۈنچىقىش تەرەپكە قارىدى. دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇلۇتسىز ئاسمان ئوخشاشلا قارىيىپ تۇراتتى.

«ياق، تېخى تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت بار، — ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئېزىز، — بەلكىم ئۇ خوراز چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ جۆيلۈگەن ئوخشايدۇ.»

ئاندىن ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ناخشىدىكى «چىللاڭ - چىللاڭ خورىزىم، يارىم ئويغانسۇن!» دېگەن سۆزلەر كېلىپ، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ سۆزلەرنى پەس ئاۋازدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ تولا مېڭىپ زېرىكتىمۇ ياكى ئېھتىيات قىلاي دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئەمدى مېڭىشتىن توختاپ، ئادالەت ياتقان ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، بۇ يەردە ئۇنى ئۈچ - تۆت قەدەم نېرىدىكى ئادەممۇ كۆرەلمەيتتى، ئەمما دېرىزىدىن چىقىپ كەلگەن مۈشۈك چاغلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايتتى. ئېزىز بۇ يەردە بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت جىمجىت ئولتۇردى، ئەمما بۇ ۋاقىت ئۇنىڭغا بىر يىلدەك تۇيۇلدى.

كۈتۈش — نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە! ئۇنىڭغا ھەمىشە چىدام-سىزلىق ھەمراھ ئوخشايدۇ. ئېزىز يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆيلەر تەرەپكە يېقىنلاشتى. قورۇ ئىچى ئاۋۋالقىدەك تىمتاس ئىدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ يەنە كەينىگە قايتتى ـ دە، بايىقى ئالما تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. سېكۇنتلار، مىنۇتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈۋەردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرەكنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى تېزلەشكىلى تۇردى. ھاۋا سالقىن ئىدى، ئەمما ئېزىزغا ھاۋا بەكمۇ دىمىق ۋە ئىسسىق-تەك بىلىندى. ئۇ بادامدوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆزىنى يەل-پۈدى. «چىقالمايمۇ قالارمۇ؟» بۇ شۇم پىكىر كۆڭلىدىن كېچە-شى بىلەن گويا يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىر ئورۇندا بىرنەچچىنى ئايلاندى. «ياق، چىقىدۇ، ۋەدىسىدە جەز-مەن تۇرىدۇ...» ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئاستا ـ ئاستا ئورنىغا چۈش-تى، يەنە ئولتۇردى، بايىقى «چىللاڭ ـ چىللاڭ خورىزىم، يارىم ئويغانسۇن» دېگەن سۆزلەرنى يەنە تەكرارلاشقا باشلىدى...

گويا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك بولدى. ئېزىزنىڭ ئاغزى «يا-رىم» دېگەن سۆزدە يۇمۇلغان پېتى ئېچىلمايلا قالدى. چۈنكى دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يارى — پەرىشتىسى دېرىزىدىن چىقىپ كەلگەن-دى. ئېزىز ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشقا ئۈچ قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا چىپپىدە توختاپ قېلىشتى. بىرنەچچە سېكۇنتقىچە پۈتكۈل كائىنات تىمتاسلىققا چۈمۈپ قې-تىپ قالغاندەك بولدى. تېگىمۇ، گۈللىرىمۇ ئاق رەڭلىك ئەنگلە-شىمدىن كۆڭلەك كىيگەن ئادالەت شۇ تاپتا بەئەينى ئاق قاشتېشى-دىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېزىزنىڭ نەزىرىدە شۇ قەدەر مۇقەددەس ئىدىكى، ئۇنىڭغا يېقىن-لىشىش، ئۇنىڭ بىرەر يېرىنى تۇتۇش، سىلاپ بېقىشمۇ بىر خىل

قوپاللىقتەك بىلىنىپ، ئۇنىمۇ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئاخىرى يەنە ئۇنىڭغا ئاۋۋال جان كىرگەندەك بولدى - دە:

— سىلىنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپ... ، — دېدىيۇ، ۋۇجۇدى تىترەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمىدى.

ئادالەت ئېغىز ئېچىپ جاۋاب بەرمەي لاپپىدە قاراپ قويدى. بۇ قاراشتا ئاشىقىغىلا بېغىشلانغان بەختىيارلىق ئىلتىپاتىمۇ ۋە ئازراق ئەيىبلەشمۇ بار ئىدى. ئاخىرى مۇنداق چاغدا كۆزلەرگە ئۇيقۇ كېلەمدۇ؟

بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ئۇلار شىپاڭ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئۇ يەرگە بىردەمدىلا يېتىپ بېرىشتى. پەلەمپەيدىن چىقمۇۋاتقاندا ئېرىز توختاپ يانغا بۇرۇلدى - دە، ئادالەتنى پۇتلىشىپ كەتمىسۇن دېگەندەك قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئادالەتمۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. ئىككىيلەن شىپاڭنىڭ ئۇستىگە قول تۇتۇشقان پېتى چىقىشتى. ئاشىق - مەشۇق بولۇشقان يىگىت - قىزلارنىڭ بەدىنىنىڭ تۇنجى قېتىم بىر - بىرىگە تېگىشى ئۇلارغا ھەرقانداق شېرىن سۆزلەردىنمۇ مىليونلارچە ئارتۇق ھۇزۇر - ھاياجان بېغىشلايدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە يەنە بىرپەس گەپ - سۆزسىز تۇرۇپ قېلىشتى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى قىزغا تىكىلگەنىدى، قىز بولسا، ئۇنىڭغا خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن باقتىيۇ، يەنە دەرھال پەسكە قارىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى شادلىق بىلەن بىللە بارچە نومۇسچان قىزلاردا بولىدىغان كۆچلۈك خىجىللىق ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئەمما مۇشۇنداق تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھېسابسىز لەززەت ئىدى.

يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن تەقەززالىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، قەلبىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئوتلىرى لاۋۇلدايتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى ۋە چېھرىسىدىكى بەختىيارلىق تەبەسسۇمى يىگىتنىڭ قەلبىگە

مەڭگۈ ئۆچمەس بولۇپ پۈتۈلۈپ، ۋۇجۇدىغا ئادەتتىن تاشقىرى
بىر خىل كۈچلۈك جۈرئەت ئاتا قىلدى. ئۇ مۇنداق تۇرۇۋېرىشكە
ئاخىر چىدىيالمىدى. ئۇ قوللىرىنى قىزنىڭ بېلىگە قانداق ئۇزات-
قىنىنى ۋە ئۆزىگە قانداق تارتقىنىنى تۇيماي قالدى. قىز ۋۇجۇدىغا
شېرىن بىر جۇغۇلداش تارقىلىپ، پۈت - قوللىرى تىترەپ
قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. ئەمما كۆڭلىدە: «بۇ... بۇ...
قانداق...» دېگەن سۆزلەر ھەدەپ تەكرارلىناتتى. ياشلىق غەيرد-
تى، ئاشىقلىق جۈرئىتى تولۇپ تاشقان يىگىت ئۇنى ئۆزىگە
تېخىمۇ يېقىنراق تارتىپ، گويا بوشراق تۇتسا قولدىن چىقىپ
كېتىپ قالىدىغاندەك باغرىغا مەھكەم باستى. يىگىتلەرگە خاس
پۇراق قىزنى مەست قىلدى. بەختىنىڭ ئوتلۇق ئېقىمى يۈرىكىنى
كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك سېزىلدى، ۋۇجۇدىدىن كۈچلۈك ھارارەت
ئۇرغۇدى. ئىككى تەن گويا ئىنتايىن كۈچلۈك ماگنىتتەك چىڭ
چاپلىشىپ ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كەتتى. يىگىت قىزنىڭ
يىپەكتەك چاچلىرىنى، مەرمەردەك بوينىنى بىرپەس ئىشتىياق
بىلەن پۇرىدى - دە، ھېسسىياتى تېخىمۇ قايناپ تاشتى، ئاندىن
قوللىرى بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، ھېقىقەتتەك سۇ-
زۈك، ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىگە لېۋىنى باستى... نەچچە ئايلاپ
ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ يانغان بىر جۈپ تەن ئۆزلىرىنى يوقاتقان
ھالدا پۈتمەس - تۈگىمەس لەززەت ئىچىگە غەرق بولدى. بۇ چاغدا
ئۇلارغا ھېچقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايتتى، ئۇلاردا ھېچقان-
داق غەم - ئەندىشە يوق ئىدى. ئۇلارغا مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىمۇ
گويا بىردىنلا يورۇپ، باغ ئىچى نۇر ئىلكىدە پارلاۋاتقاندەك،
بارچە دەل - دەرەخلەر ئۇلارنىڭ بەختىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بى-
لىنىدى. شۇ تاپتا جىمى ئالەم ئۇلار ئۈچۈن پەقەت بىرلا
نەرسىگە — بەخت ۋە لەززەتكىلا ئايلانغانىدى...

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار شىپاڭغا سېلىنغان گۈللۈك كىگىز
(ئۇ يەرگە ئەتىيازدىن تارتىپ كۈزگىچە ھەمىشە كىگىز سېلىقلىق

ئىدى) ئۇستىدە ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا مۇڭداشتى. كۆپرەك يىگىت سۆزلەيتتى، ئەمما ئۇ سۆزلەردە قىزنىڭ يۈرىكىدىكى گەپلەرمۇ ئىزھار قىلىنىۋاتاتتى. قىز گويا جاھاندىكى ئەڭ يېقىم-لىق ناخشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك مەستخۇشلۇق ئىلكىگە چۆمۈلگەن-دى. ئاستا - ئاستا ئۇمۇ سۆزلەشكە كۆنۈكتى. بۇ چاغدا ئۇلار ھېس - تۇيغۇنىڭ جەننەتتەك باغلىرىنى سەيلە قىلىپ بولۇپ، ئەقىل - ئىدراكنىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان تىكەن - چاتقال-لىق ۋادىسىغا قايتىپ كېلىشكەنىدى.

— جېنىم، بىزگە مۇراد - مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن قېچىشتىن ئۆزگە يول يوق.

— دادامنىڭ مېنى سىزگە بەرمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلى-مەن. لېكىن قېچىش... قورقىمەن... ئاتا - ئانامنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى تاشلاپ...

— بۇ ئىش يالغۇز بىزنىڭلا بېشىمىزغا كېلىۋاتقىنى يوق. بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئاشىق - مەشۇقلار شۇنداق قىلىشقان.

— بۇنى بىلىمەن... لېكىن ئويلىساملا قورقىمەن. قانداق قاچارمىز، قەيەرلەرگە بارارمىز؟

— بۇ ھەقتە ئوبدان ئويلىنىپ قويدۇم. دادام بىلەن ئىنىمى-نى ئۈگۈنلۈككە ئاقسۇ ئاۋاتقا يولغا سالىمەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇ يەرگە بارىمىز. ئۇ يەردە دادامنىڭ ئاچىسى بار، بىزمۇ بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرارمىز...

— دادام بىزنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدۇ، يۇرتىمىزغىمۇ ھەر-گىز قايتىپ كېلەلمەيمىز.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ توي ۋاقتى قىستاپ كېلىۋاتى-دۇ، تەقدىرگە تەن بېرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىزمۇ؟ مۇ-ھەببىتىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟

بىرنەچچە مىنۇتلۇق سۈكۈت، ئادالەت خىرتىلداپ يىغلايدۇ.

— پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، تارتماسقا ئىلاجىم يوق،

ماقۇل، قاچايلى.

— گۈلۈم، تۇمۇچۇقۇم — پەرىشتەم! سىز (ئېزىز ئەمدى «سىلى»نى «سىز»گە ئۆزگەرتكەنىدى) ئۈچۈن جېنىم پىدا! ئىككىلا ئالەمدە سىزنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن!

......

## 2

كازىم بەگنىڭ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن توي قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپى مەنسۇر بەگ تەرەپتىن قوبۇل كۆرۈلگەنىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن توي بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە مەنسۇر بەگنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى. ھەممەيلەن توي ھەققىدە سۆزلىشەتتى، توي ئىشى بىلەن ھەلەك ئىدى. تويلۇق كىيىملەرنى تىكتۈرۈش ئۈچۈن شەھەردىن ئۇستىلار ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. يالغۇز ئادالەت ئۈچۈنلا ئەمەس، كۈيئوغۇل ئۈچۈنمۇ، چوڭلار ئۈچۈنمۇ نەچچە قۇردىن كىيىم تىكتۈرۈلدى. پاتمە خېنىمغا ئىلگىرى ياققان بەزى كىيىملەر كېيىن يارىماي قالاتتى ـ دە، يەنە يېڭى رەختلەرنى سېتىۋېلىش، قايتىدىن تىكىش باشلىناتتى. بۇ ئىشتىن ئۇستىلار ئاغرىناتتىيۇ، لېكىن نارازىلىقىنى ئاغزىدىن چىقىرىشالمايتتى.

شەھەردىكى ئاتاقلىق سازچى ـ نەغمىچىلەر بىلەن ئالدىن پۈتۈشۈپ قويۇلدى. باغاقلارمۇ ھەپتە ئىلگىرى تارقىتىپ بولۇندى. ناھىيە ۋە ۋىلايەت باشلىقلىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ئاقساقاللارغىچە بولغان جەمى ئەمەلدارلار، قازىكالان، ئىشان ـ سوپى، موللا ـ ئۆلىمالار مېھمانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ھەتتا قوشنا ناھىيىلەردىكى بەزى ئاتاقلىق كىشىلەرگىمۇ باغاق ئەۋەتىلدى. تويدا ناخشا ـ ئۇسۇللۇق تاماشىدىن باشقا

يەنە ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش ئويۇنلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈش قارار قىلىنىپ، پالۋانلارمۇ ئالدىن بېكىتىپ قويۇلدى.

ئېزىزمۇ بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تويغا كېتەرلىك ماددىي نەرسىلەرنى تەييارلاشنىڭ ئاسانسىي سالمىقى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ گويا ئۆز سىڭلىسىنىڭ تويى بولىدىغاندەك چېپىپ يۈرۈپ ئىشلىدى. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ھەمىشە رازى بولۇپ تولا ماختايتتى، باشقىلارغا ئۈرنەك قىلاتتى. قىشتا مەنسۇر بەگ سوۋغا قىلغان قارا ئات شۇ كۈنلەردە تېخىمۇ سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ، تازا كۈچكە تولغانىدى. ئېزىز ئۇنى تېخىمۇ ئاسراپ باقىدىغان بولۇپ قالدى. يەم - بوغۇزنى ئۆز قولى بىلەن بېرەتتى. بىرەر يەرگە مىنىپ بارسا، قايتىپ كېلىپلا ئۇزاق يېتىلەپ سوۋۇتاتتى، ھەر ئەتىگىنى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى تېگىنى تازىلاپ قۇرۇقدايتتى.

— پالۋان، ئاتنى بەك كۆڭۈل قويۇپ بېقىۋاتىسىز، توي كۈنى ئوغلاقتا سېلىش ئويىڭىز بارمۇ نېمە؟— سوراپ قالدى بىر كۈنى مەنسۇر بەگ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئېزىزمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بېگىم، بىر چۈشۈپ باقاي دەيمەن.

— جەزمەن ئۇتۇپ چىقىسىز. تازا يۈگۈرۈك ئاتنىڭ نەسلى بۇ.

— دېگەنلىرى كەلسۇن، بېگىم.

شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ تەرەپتىن كەلگەن بىر تۈركۈم كارۋانلار قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئېزىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ دادىسى بىلەن ئىنىسىنى ھەمراھ قىلىۋېلىشقا پۈتۈشتى. سىدىقئاخۇن: «كۈزلۈك زىرائەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ماڭساقمىكىن؟» دەپ ئارىسالدى بولۇۋىدى، ئېزىز: «ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، ئۆزۈم تۆپىدە تۇرۇپ يىغىشتۇرىمەن. بۇ قېتىم قېپقالسىڭىز كېيىن ھەمراھ چىقماي قالىدۇ» دەپ ئالدىراتتى. قېرىندىشىغا

بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت غالىب كېلىپ سىدىقئاخۇن ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆندى ـ دە، تونۇگۇن كارۋانلار بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپ كەتتى. ئېزىز ئۇلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كې- يىن مەتقاسىمنى ئىزدەپ باردى. مەتقاسىم ئۇنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

ئىككى دوست بىردەم تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇ- رۇشتى. كېيىن مەتقاسىم گەپنى يەنە ھۆكۇمەت ئۇستىگە يۆتكە- ۋىدى، ئېزىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئاداش، بۇگۇن مەن بەك ئالدىراش. ئۇ ئىشلار ھەققىدە كېيىنچە سۆزلىشەرمىز. ئۆتكەندە مەن ساڭا مەنسۇر بەگنىڭ يېنىدىن كەتكەندە ئالدىڭغا «ئەسسالام» دەپ كېلىمەن دېمىگەنمى- دىم. مانا بۇگۇن شۇ ئىش توغرۇلۇق كەلدىم.

— نېمە، ئۇ يەردىن راستتىنلا قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — خۇشاللىق بىلەن سورىدى مەتقاسىم.

— ياق، تېخى، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ يەردىن كەتمەكچىمەن، ئەمما ھازىرچە قوشتۇگمەنگىمۇ كەلمەيمەن، تې- خىمۇ يىراق يەرگە كېتىمەن.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ يىراققا كېتىپ قەيەرگە بارىسەن؟ ئوچۇقراق ئېيتقىنا.

ئېزىز شۇ كەمگىچە كۆڭلىدىكى سىرنى مەتقاسىمدىنمۇ يو- شۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى ساۋۇتئاخۇنغا سۆزلەپ بەرگەن تەر- تىپ بويىچە ھەممە ئىشنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

مەتقاسىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەي ئاڭلىدى، گەپ تۈگە- گەندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، — مەنغۇ ساڭا ئوخشاش كۆيۈك دەردىگە مۇپتىلا بولۇپ باقمىدىم. ئەمما بۇ ھەقتە كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغانمەن. سەنمۇ

شۇنداق دەردكە يولۇقۇپسەن. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ مەن تېخى ساڭا باشقا بىر ئىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرەي دەپ تۇرغان، ئەمدى...

— نېمە مەسلىھەت ئىدى ئۇ؟ — گەپنى بۆلدى ئېزىز.

مەتقاسىم جاۋاب بېرىش ئورنىغا دوستىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتقىنا، بۇ يولدىن كېچەلەمسەن؟

— نېمە دېدىڭ؟ ئادالەتكە بولغان ئىشقىمدىنمۇ؟

— ھەئە.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ جاھان ئۆرۈلۈپ، يەرۇ ئاسمان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ئۇنىڭدىن كېچىشىم يوق، ئاداش!

— ئۇنداق بولسا ئۇ مەسلىھەتنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، — دېدى مەتقاسىم ئويلانغان ھالدا، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — لېكىن خۇددى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك تەس ئىش بۇ. زالىم بەگلەر سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ھەتتا سىلەر ئاشۇ سېپىلدەك ھويلىدىن چىقىپ بولغۇچە تۇتۇۋېلىشى، تۇتالمىسا ئارقاڭلاردىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىشى تۇرغان گەپ...

— ئۇ چاغدا پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرىمەن. جېنىمدىن ئايرىلسامۇ ئارمىنىم يوق!

— داداڭ بىلەن ئىنىڭنىمۇ ئويلىمامسەن؟

— ئۇلارنى بۈگۈن ئاقسۇغا يولغا سېلىۋەتتىم.

— يەنە قايتىپ كېلەر، ھەقىچان.

— ئاداش، مۇنداق گەپلەر بىلەن مېنى قىينىماي، كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭچۇ!

— ماقۇل، ئۇلتۇر، ئاچچىقلانما. خوپ، سىلەر ساق - سالامەت قېچىپ كەتكەنمۇ بولۇڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق

قىلماقچىسىلەر؟

— قانداق قىلاتتۇق؟ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىپ، ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشايمىز شۇ.

— بۇ گەپنى دېمەك ئوڭاي، لېكىن...

— ۋاي ئاداش، هازىر مېنىڭ ئۈنچىۋالا كۆپ ئىشلارنى ئويلىغىچىلىك ۋاقتىم يوق، — ئېزىز بارغانسېرى تېرىكىشكە باشلىدى، — خۇدا ياراتقان بۇ جاهاننىڭ قوينى كەڭ، بىزگىمۇ ئارامخۇدا ياشاشقا بىرەر بۇلۇڭ، بىرەر تىرىكچىلىك تېپىلار. سەندىن تەلەپ قىلىدىغان نەرسەممۇ كۆپ ئەمەس، دادام بىلەن ئىنىم قايتقۇچە ئۆيۈمگە، زىرائەتلىرىمگە قاراپ قويساڭلا بولىدى. قالغان ئىشقا سېنى ئاۋارە قىلمايمەن. نەدىكى بىر گەپلەر بىلەن كاللامنى قوچۇماي ئېنىق بىرنېمە دېگىنە، مۇشۇنچىلىك ئىشنى قىلالامسەن، يوق؟

مەتقاسىم ئەمدى يەنە سۆزلەۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، «هەي...» دېگىنىچە بېشىنى بىر چايقاپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئىككىمىز قىيامەتلىك ئاغىنە بولۇشقان، هېلىغۇ مۇشۇنچىلىك ئىش ئىكەن، توختايدىغان يېرىڭلارغىچە سىلەرگە هەمراھ بولۇپ بېرىشقا تەييارمەن.

— كۆڭلۈڭگە رەهمەت! — ئېزىز ئاغىنىسىنىڭ چىرايىغا هاياجان بىلەن تىكىلدى.

* * *

شۇ كۈنلەردە ئادالەت قىزىق بىر هالەتتە ياشاۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا تولا خىيال سۈرەتتى. خىياللىرىدا دەم خۇشلۇق، دەم ئەنسىرەش ـ قايغۇرۇش تەكرار ئالمىشىپ تۇراتتى. خۇشال بولغان چاغلىرىدا چىرايىدا كۈلكە ئويناپ، گۈلدەك ئېچىلىپ

كېتەتتى، باشقىلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشەتتى،
غىزانىمۇ خېلى ئوبدان يەيتتى. كۈندۈزلىرى باغقا چىقىپ ئېرىز
بىلەن بىللە تۇرغان جايلارنى ئاستا ئايلىناتتى، ئاشۇ شېرىن
مىنۇتلارنى ئەسلەيتتى. بىراق ئارقىدىنلا يەنە كۆڭلىگە ئەنسىرەش
هۇجۇم قىلىپ كىرەتتى - دە، چىرايىنى غەم، كۆزلىرىنى مۇڭ
قاپلايتتى؛ گېلى بوغۇلۇپ، ئەمدىلا بىر - ئىككى كاپام يېيىلگەن
غىزا شۇ پېتى قېپقالاتتى، ئاندىن هۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ،
نەچچە سائەتلەپ ئۇ يەردىن چىقمايتتى. كېيىن ئۇنى كۆرگەنلەر
يىغلاپ قاپىقىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىد-
شاتتى، ئۆزلىرىچە مەنە بېرىشەتتى:
— كۆزى ئېچىلمىغان قىز ئەمەسمۇ، قورقىدۇ.
— كازىم بەگ دېگەن نەچچە خوتۇن ئالغان، بىرنەچچە بالد-
لىق بولغان ئادەم تۇرسا، ئۇۋال بولىدىغان بولدى بۇ خېنىمغا.
— ئابدۇكېرىم بېگىمگە بەك كۆڭلى بار چاغۇنكەن①، شۇڭا
ئازاب چېكىۋاتىدۇ.
— مەنسۇر بېگىممۇ بەك باغرى تاشلىق قىلدىغۇ تاڭ.

......

ئېرىزمۇ ئادالەتنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى.
— جېنىم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، چاندۇرماڭ، — دېدى
ئۇ ئاخشامقى ئۇچرىشىشتا،— كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈ-
شۈرۈپ قويمايلى. يۈرۈش - تۇرۇشلىرىڭىزدىن بۇ تويغا رازى
ئىكەنلىكىڭىز چىقىپ تۇرسۇن. مۇنداق چاغلاردا ئاتا - ئانىلىرى
قىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئازراق گۇمانلىنىپ قالغۇدەك
بولسا، ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ قويار ئىمىش، بۇلارمۇ
شۇنداق قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە...
ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئادالەت هەم-
مىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا ۋەدە بەردى.

① چاغۇنكەن — چېغىكەن.

بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشتى. دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتقاندا زورلاپ بولسىمۇ، كۈندىكىدىن كۆپرەك بىر نەرسە يېدى. ئانىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلەر، زىبۇزىننەتلەر توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا تارتىنىپ تۇرسىمۇ، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەردى.

— ئانىسى، — دېدى مەنسۇر بەگ ئاۋۋال ئادالەتكە، ئاندىن پاتىمە خېنىمغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — بۈگۈن قىزىمىزنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوبدانىدەك تۇرىدۇغۇ. مەنمۇ خۇشال بولدۇم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈڭلار. خاسىيەتلىك ئىشىمىزنى تىنچ - ئامان، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈۋالايلى، — شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادالەتنى تېخىمۇ خۇشال قىلىشنى ئويلىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — بىز تەرەپتىن ئۇنىڭغا تەييارلانغان زىبۇزىننەتلەرنى ئۆزىگە بېرىڭلار، ئۆزى ساقلىسۇن.

ئۇ ئادالەتنى دەرھال تەشەككۇر ئىزھار قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۈندىمىدى، چىرايىدا بىر خىل بىزارلىق قانات يايدى.

— قىزىم، بۇ دورەم ساڭا تەييارلىغان نەرسىلىرىمىزگە ئانچە رازىلىقىڭ يوق ئوخشىمامدۇ! ؟ يەنە باشقا كۆڭلۈڭ تارتقان نەرسىلەر بولسا ئېيت، دەرھال تەييار قىلىمەن، — دېدى مەنسۇر بەگ قىزىنىڭ غەمكىنلىكىگە ئۆزىچە مەنە بېرىپ.

نېمە دېگۈلۈك، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى مال - مۈلۈك، پۇل - پۇچەك بىلەنلا ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن بۇ ئادەم ئادالەتنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن!

— رەھمەت، دادا، — ئادالەت ئېزىزنىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ زورلاپ كۈلۈمسىرىدى، — باشقا ھېچ نەرسە لازىم

ئەمەس.
— مەيلى ئەمىسە، كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتۇپ يۈر، قىزىم،— مەنسۇر بەگ سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
پاتىمە خېنىم ئالتۇن زىرە، قوش - قوش ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، بىلەزۈك، ئايخاڭزا[①]، ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى-دەك چوڭلۇقتىكى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ياقۇتتىن كۆز قو-يۇلغان ئۇقا قاتارلىق نەرسىلەرنى ساندۇقتىن ئېلىپ ئادالەتنىڭ ئالدىدا قويدى، ئاندىن زورلاپ تۇرۇپ ئۇ نەرسىلەرنى قۇلىقىغا، بارماقلىرىغا ۋە بىلىكىگە سالدۇردى، بېشىغا كىيدۇردى.
— شۇ تۇرقۇڭدا بەئەينى پادىشاھلارنىڭ خانزادىلىرىگە ئوخ-شىشىپ قالدىڭ، قىزىم — دېدى پاتىمە خېنىم بۆلەكچە يايراپ،— رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلارمۇ ھەرقانچە بولسا، سەنچى-لىك باردۇ، ئىلاھىم، كۆز تەگمىسۇن.
ئادالەت غەمكىنگىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئاتا - ئانىسى-نىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئىلاجى بار خۇشال - خۇرام تۇتۇشقا تىرىش-قىنى بىلەن، كۆڭلىدە چىدىغۇسىز ئازاب، تەڭقىسلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. پىلان بويىچە ئۇلار ئەتە كېچىسى قاچماقچى، شۇنىڭ-دىن كېيىن ئۇ مۇشۇ مېھرىبان ئانىسىدىن، باغرى تاش بولسىمۇ ئۆزىنى مۇشۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان دادىسىدىن، تۇغۇ-لۇپ ئۆسكەن ۋە ئون ئالتە يىللىق ئۆمرى ئۆتكەن مۇشۇ چىراي-لىق، باياشات ئائىلىسىدىن ئايرىلىدۇ. بەلكىم شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەس، پۈتۈن ئۆمرى ناتونۇش، ياقا يۇرتلاردا ئۆتۈپ كېتەر. بۇ ئايرىلىش — مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالارمۇ؟ ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن چوڭ تەۋەككۈلچىلىك، نېمىدېگەن چوڭ قۇربان بېرىش بۇ! ؟...
ئادالەت بۇرۇن ئۆزىنى چىۋىنگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان كۆڭ-

---

① ئايخاڭزا — ھالقىنىڭ بىر تۈرى.

لۇم يۇمشاق ئادەمـمەن دەيدىغان، لېكىن مانا باغرى تاشلىقتىن
ئۇمۇ خالىي ئەمەس ئىكەن. بولمىسا، مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئىشقا
تەۋەككۇل قىلارمىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تازىمۇ ۋاپاسىزلىق،
تۇزكورلۇق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، بەكمۇ ئازابلاندى. ئانىـ
ـسىغا ھەممە گەپلەرنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەرگۈسى، ئۇنىڭدىن
ئەپۇ ۋە ياردەم سورىغۇسى، دۇئاسىنى ئالغۇسى كەلدى. توققۇز
ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، ئاق سۈت بېرىپ
چوڭ قىلغان مېھرىبان ئانىسى ئەمەسمۇ. دۇنيادا ئۆز قىزىنىڭ
بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈنمەيدىغان ئانا بولامدۇ! ؟ ئادالەتـ
ـنىڭ ئانىسىمۇ ناھايىتى مېھرىبان كۆيۈمچان ئايال، ئادالەتنى
جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۇ ئازراق زۇكامداپ قالسىمۇ،
يېنىدا پەرۋانە بولۇپ كېتىدۇ، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەي قالىدۇ.
مۇشۇنداق بىر ئانا جانجىگەر قىزىنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئۈچۈن
كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالامدۇ! ؟ چوقۇم قولىدىن كەلگىنىنى ئايىمايـ
ـدۇ، ئالەمچە بەخت ـ تەلەي تىلەپ، دۇئا ـ پاتىھە بېرىپ يولغا
سالىدۇ. ئەكسىچە، ھېچ ئىشنى بىلدۇرمەي، خۇددى ئوغرىلارـ
دەك جىمجىملا قېچىپ كەتسە، ئۇنى مەڭگۈ داغدا قالدۇرغان،
چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغان بولىدۇ. ئېيتسۇن،
ھەممە ئىشنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەرسۇن! يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ
دۇئا ـ پاتىھە سورىسۇن!
— جېنىم ئانا…، — ئادالەت شۇ سۆزنى ئېيتتىيۇ، يەنە
شۇ زامان توختاپ قالدى.
ياق، ئېيتسا بولمىغۇدەك!
بۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەسلىكى دەل شۇ چاغدا
گۇپپىدە ئادالەتنىڭ ئېسىگە كەلدى. جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان
قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قايسى ئانا چىدايدۇ؟! دادىسىنىڭ
كېيىنكى سوئال ـ سوراقلىرىدىن قورقمامدۇ؟ يەنە تېخى
ئەل ـ يۇرت ئىچىدە نۇرغۇن سۆز ـ چۆچەك بولار… ياق، بۇ

ئىشقا ئانىسى ھەرگىز رازى بولمايدۇ. پاش قىلىپ قويمىغاندى-
مۇ، ئۇنى رايىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، كېچە - كۈندۈز يېنىد-
دىن ئايرىلماي پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ. ئاندىن ھەدېمەي توي
بولىدۇ - دە، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ؛ ئارزۇ - ئارمانلارمۇ،
مۇراد - مەقسەتلەرمۇ قايتا تەكرارلانمايدىغان چۈشكە ئوخشاش
پەقەت ئازابلىق ئەسلىمىلا بولۇپ قالىدۇ؛ ئوتتەك قىزغىن، ئانا
سۈتىدەك پاك مۇھەببەت چىدىغۇسىز قايغۇ - ھەسرەتكە ئايلىنىپ
قالىدۇ. ياق، ئېيتمىسۇن، ھېچ نەرسىنى ئېيتمىسۇن! جېنىم
ئانا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەندەك ۋاپاسىز قىزىڭىزدىن رازى
بولۇڭ! يۈز تۈرانە دۇئايىڭىزنى ئېلىشقا ئىلاجسىزمەن، بەختىم-
نى تىلەڭ!...

ئاھ، ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئەنسىزلىك، بەخت بىلەن
ۋەھىمە ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەر نەقەدەر ئازابلىق -
ھە!؟

ئادالەت گەپىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ يەنە توختاپ قال-
غاندىن كېيىن پاتىمە خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى
كۈتۈپ بىر ئاز جىم تۇردى. قايتا سادا چىقمىغاندىن كېيىن قىزد-
نىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئادالەت دېمى ئىچىگە چۈشۈپ
كەتكەن پېتى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

— قىزىم، ساڭا نېمە بولدى، بايا نېمە دېمەكچىدىڭ؟ —
ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى پاتىمە خېنىم.

ئادالەت يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى، گەپ ئورنىغا سۇس
خىرتىلداش - ئۆكسۈش ئاڭلاندى.

— قىزىم، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟— پاتىمە خېنىم ئەمدى
چۆچۈپ قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ ئېڭىكىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ
ئۆزىگە قاراتتى. ئادالەتنىڭ خۇمار كۆزلىرى بەئەينى بۇلاققا
ئايلانغانىدى، ياش تامچىلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئېقىپ،
مەڭزىلىرىگە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ بالىغا يەنە نېمە بولغاندۇ؟ قىزىم، ئېيتقىنا، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

ئادالەت گەپ قىلماستىن بېشىنى «ياق» دېگەن مەنىدە چايقىدى.

— ئەمىسە، نېمە ئىش بولدى زادى؟

ئادالەت ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي پاڭڭىدە ئۈنىنى قويۇۋەتتى - دە، بېشىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. پاتىمە خېنىم بۇ ھالنى باشقىچە چۈشەندى. ئۇ ئابدۇكېرىمنىمۇ ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۆيئوغلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا قىزىنىڭ بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنەتتى. شۇڭا كازىم بەگ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم چەتكە چىقىرىلغاندا، ئۇمۇ قاتتىق ئازابلانغان، نارازى بولغان ۋە مەنسۇر بەگ بىلەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق جاڭجاللاشقانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ بۇ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى رەت قىلالمىدىيۇ، لېكىن «مۇشۇ يولغا ماڭماي ئىلاجىمىز يوق» دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. بالا يالغۇز بىرلا ئەمەس، يىگىرمە نەچچە يىل تۇتقان ئۆيىنى بۇزۇش ئوڭايمۇ، شۇڭا پاتىمە خېنىممۇ ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەردى. ئۇ شۇ تاپتا قىزىنىڭ چىدىغۇسىز ئازابلىنىدىغانلىقىنى شۇ ئىشقا بوراپ چۈشەندى - دە، ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ بىر پەس يىغلىدى، ئاندىن ئادالەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ تەسەللى بەردى:

— سەۋر قىل، قىزىم، ئايال خەق دېگەن بەكمۇ ئاجىز كېلىدىكەنمىز، ئەرلەرنىڭ خاھىشىغا بويسۇنماستىن باشقا ئىلاجىمىز يوق ئىكەن. پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئەزەم بەگ ھاجىملار بەك زەردا كىشىلەر، يۇرت ئىچىدە نام - ئاتىقى مەشھۇر. ئۇلارغا كېلىن بولۇپ بارساڭ

ئۆمۈرۋايەت راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشايسەن. بەلكىم بۇمۇ خۇدايىمىنىڭ ساڭا بەخت ئاتا قىلغىنىدۇر.

ئادالەت بۇ گەپلەرگە قارىتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ئانا، بۈگۈن كېچە سىزنىڭ يېنىڭىزدا ياتايچۇ،— دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن گەپنى بۇراپ.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى پاتىمە خېنىم خۇشال بولۇپ، — بۈگۈن كېچىلا ئەمەس، تاكى تويۇڭ بولغۇچە ئانا ـ بالا بىللە ياتايلى.

ئادالەت لېۋىنى چىشلەپ قالدى، لېكىن ئەمدى يېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك شۇ كېچىسى ئۇلار بىللە ياتتى. پاتىمە خېنىم سەمرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خورەك تارتاتتى. ئەتىسى ئاخشامدا ئادالەت مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆز ھۇجرىسىدا يالغۇز يېتىشقا ئانىسىنى ئاران كۆندۈردى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

شۇ كۈنلەردە بۇ چوڭ قورۇدا ئۆزگىچە ھايات كەچۈرۈۋاتقان
يەنە بىر جان ئىگىسى بار ئىدى. گۈلسۇم ھېلىقى چاغدا زۇپتۇم-
خانىغا كۆڭۈل سىرىنى ئاچقاندىن كېيىن تۆت كۆز بىلەن خۇش
خەۋەر كۈتۈپ يۈردى. ئۇ ئېزىزنى راستىنىلا چىن دىلىدىن ياخشى
كۆرۈپ قالغانىدى. مۇھەببىتىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئادالەت-
نىڭكىدىن ھەرگىز كەم ھېسابلىغىلى بولمايتتى. بۇنىڭغا غاپپار-
نىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئىستىكىمۇ قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئېزىز-
غا بولغان ئىنتىلىش - تەلپۈنۈشلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىد-
ى. ئۇ ئېزىزنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ۋە غاپپاردىن
تارتىۋالالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. بىراق ئارىدىن ئىككى
كۈن ئەمەس، ئۈچ كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، زۇپتۇمخاندىن سادا
چىقمىدى. گۈلسۇم كۈندۈزى قولى ئىشتا بولسىمۇ، كۆزى زۇپ-
تۇمخاننى ئىزدەيتتى. باشتا ئۇ «ئەنە ئېيتار، مانا ئېيتار» دەپ
كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ كەلگەنىدى، ئۈچىنچى كۈنى زۇپتۇمخان-
نىڭ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەندەك بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى - دە، دەسلەپتە ھەيران بولدى،
كېيىن كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى. ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن
زادى تاقەت قىلالماي زۇپتۇمخاننى ئىزدەپ ئۆيىگە باردى، ئەمما
ئېرىشكىنى مۇتلەق كۈتمىگەن جاۋاب بولدى: زۇپتۇمخاننىڭ ئېيت-
ىشىچە، ئېزىز ئۇنى بەكمۇ يارىتىدىكەن، لېكىن ئۆز يۈرتىدىكى
بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن بۆشۈكىدە چېغىدىلا چېتىپ قويۇلغان

بولغاچقا، بۇ ئەھدىنى بۇزالمايدىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ گۈلسۇم ئۇجۇقۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. ئۇنىڭ بۇ گەپكە — ئېزىزنىڭ باشقا لايىقى بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئەمما «يالغان» دېيىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئاساسمۇ كۆرستەلمەيتتى. بۇرۇن بولۇپ ئۆتـ‌كەن ھېلىقى قىسقىغىنا سۆھبەت ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ ئېزىزدىن گەپ كوچىلاپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىز بىلەن پۈتۈشۈپ قويمىغانلىقىنى، ئەمما كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگىنىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشۇ «كۆڭلىگە پۈ-كۈلگەن» قىزنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشىنى خۇدادىن كېچە - كۈندۈز تىلىگەن ۋە بۇنىڭغا خېلىلا ئىشەنگەن. غاپپار كۈندەشلىـ‌كى قوزغىلىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالغان چاغلاردا، ئۇ كۆڭلىدە «چۆچۈرىنى خام سانىما، ئېزىز پالۋان مېنى ساڭا تاشلاپ بەرمەيـ‌دۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. ئېزىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلىـ‌نى ئىزھار قىلىپ بىرەر سۆز ئېيتمىغانلىقى، ھەتتا ئازراق بېشارەتمۇ بەرمىگەنلىكى، ئەكسىچە، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئۆ-زىنى قاچۇرغاندەك تۇرۇشلىرىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى ئازراقمۇ سۇسلاشتۇرالمىغانىدى. «بۇ يەرگە يېڭى كەلـ‌دى، بەك ئالدىراپ كەتمەي دەيدىغاندۇ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەنـ‌دە گەپ ئاچار، بىر پۇرسەتنى تېپىپ سۆزلىشەر» دېگەندەك خىياللار بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى ئۇ. بىراق، مانا ئاخىرى ئىش ئۇنداق بولماي چىقتى. ئېزىز «يۇرتۇمدا پۈتۈشۈپ قويغىنىم بار» دەپتۇ. ھېلىقى چاغدا نېمىشقا يالغان ئېيتقان بولغىيتتى. گۈلسۇم مۇشۇنداقلىقىنى شۇ چاغدا بىلگەن بولسا، ئۈمىدلىنىپ، تەمە قىلىپ يۈرمەس ئىدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن ئازاب! گۈلسۇم يەنىلا شۇ زالىم قاۋاندىن قۇتۇلالماسمۇ؟ ئۇ نېمىدېگەن شور پېشانە!...

گۈلسۇم زۇپتۇمخانىنىڭ يېنىدىن پۇتلىرىغا ئېغىر بىرنەرسە

باغلاپ قويۇلغاندەك تەسلىكتە قەدەم تاشلاپ يېنىپ چىقتى. «مىد-
جەزىم يوق» دەپ بۇرۇنلا يېتىشۋالغان بولسىمۇ، كۆزلىرىگە زادى
ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ھەدەپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئېغىر
ئۇھ تارتاتتى، كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈر-
تۈپ ئۆلگۈرەلمەيتتى. مېڭىسىنى ئايىغى چىقمايدىغان چىگىش
خىياللار، جاۋابى تېپىلمايدىغان قىيىن سوئاللار چۇلغىۋالغان-
دى. بىر چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇشتۇمتۇت مۇنداق گۇمان
كىرىپ كەلدى: «ئۇنىڭ پۇتۇشۇپ قويغىنىم بار دېگىنى راست
گەپمىدۇ؟ مۇبادا ئۇنى كۆيدۈرۈپ يۈرگەن قىز باشقا بىرى بو-
لۇپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ شۇنداق دەپ قويغان بولسىچۇ؟
بەلكىم شۇنداقتۇر. كىمدۇ شۇ تەلەيلىك قىز؟ مەندىن چىرايلىق-
مىدۇ؟ ئۇنى بىر كۆرۈپ باققان بولسام... بەلكىم چىرايلىقتۇ.
ماڭا ئوخشاش يېتىم ئەمەس، چاكارمۇ ئەمەس، ئاتا - ئانىسىمۇ
ھاللىق كىشىلەردۇ بەلكىم. راست، مەن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ
تۆۋەن، ھېچ نەرسەم يوق، ھەتتا بىرەر جانكۆيەر تۇغقىنىممۇ
يوق. شۇڭا ئېزىز پالۋان مېنى ئۆز خىلى كۆرمىگەندۇ... مەن
ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان، ئىتائەتچان خوتۇن بولاتتىم، جېنىمنى-
مۇ ئايىمايتتىم ئەمەسمۇ...»

گۈلسۇم خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى زادى تۇتالماي
بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسىمۇ خامۇش يۈردى، خىيالىدا يەنىلا ئاخشامقى ئوي-
لار كېزەتتى. ئۇنىڭ ئۆز كۈشەندىسىنىڭ — مەيلى ئۇ پۇتۇشۇپ
قويغان بولسۇن ياكى كۆڭلىنى ئېگىلەپ تۇرغان بولسۇن، شۇ
«تەلەيلىك» قىزنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى بارغان-
سېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنى بىلەلىسە، ئايىغىغا يىقى-
لىپ، ئېزىز پالۋاننى ئۆزىگە ئۆتۈنۈشىنى يالۋۇرۇپ سوراشقىمۇ
تەييار ئىدى. بىراق، كىمدۇ شۇ قىز؟ راستتىنلا ئېزىز بىلەن
بىر يۇرتلۇق تۇغقىنىمىدۇ؟ ياكى چوڭكۆلدىمىكىن؟ گۈلسۇم

نگە بارالمايدۇ. چوڭكۆلدىمۇ قىز دېگەن ناھايىتى تولا.
سىنىڭ پېشانىسىگە «مەن پالانىنىڭ مەشۇقى» دەپ پۇتۇلمە-
قانداق بىلگىلى بولار؟...
شۇلارنى ئويلىغاندا گۈلسۈم ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئاجىز،
ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بەكمۇ مەيۇسلەندى.
ھەسرىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. «ھەي خۇدا، مېنى نېمانچە
ئاجىز ياراتقانسەن؟» دەپ نالە قىلدى. بىچارە قىز كۆ-
سىنىڭ مۇشۇ قورۇدا، ئۆز يېنىدىلا ياشاۋاتقانلىقىنى، كۈندە
قېتىم كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغـ-
ا كەلتۈرمىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. گۈلسۈم ئەمدى ئې-
زىز بىلەن بۇرۇنقىدەك بىمالال كۆرۈشۈپ، سۆزلىشەلمەيدىغان
بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل قېيداش ۋە تارتىنىش
ئىگىلىدى. ئۇ ئېزىزنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتا-
تقانلىقىنى سېزىپ قالدى. قەلبىدە مۇھەببەت ۋە ئۆچمەنلىك دەم-
مۇدەم ئالمىشىپ تۇردى، ئەمما مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ھامان ئۈس-
تۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى.

قىزلار، بولۇپمۇ ئاشىق بولغان قىزلار ئىنتايىن سەزگۈر
كېلىدۇ. ئۇلار بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ
ھەربىر ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن، ھەتتا ئانچىكىم بىر
ئىپادىلىرىدىنمۇ ئۆزىگە ياكى باشقا خوتۇن - قىزلارغا قارىتا
قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ مۇ-
ھەببىتى يىگىتكە ئىزھار قىلىنغان، ئەمما كۈتكەن جاۋابقا ئېرى-
شەلمىگەن چاغلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھاقارەتلەنگەنلىك،
ھەسەت قىلىش ۋە رىقابەت تۇيغۇسى ئۇنى ئەڭ قابىل رازۋېتچىك-
لاردىنمۇ بەكرەك سەزگۈر قىلىۋېتىدۇ. شۇ كۈنلەردە گۈلسۈممۇ
دەل ئەنە شۇنداق ھالەتتە ياشاۋاتاتتى. ئۇ ئېزىزدىن قېيداپ ۋە
تارتىنىپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئاستىرتىن ئۇنىڭ ھەربىر

هەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. ئېزىز ھويلىدا كۆرۈنمەي قالسىلا «قەيەرگە كەتكەندۇ؟ ھېلىقى قىز بىلەن ئۇچراشقىلى بارغانمىدۇ؟» دېگەن ئويلار ئۇنى بىئارام قىلاتتى، ئازابلايتتى. ئۇنى بەختتىن مەھرۇم قىلىپ، غاپپار قاۋاننىڭ چاڭگىلىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ نامەلۇم كۈشەندىسىنى كۆڭلىدە يەتكۈچە تىللاپ - قارغايتتى.

نېمە دېگۈلۈك، مۇھەببەت ھەمىشە كۈچلۈك شەخسىيەتچىلىك بىلەن خۇددى قان بىلەن گۆشتەك بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. ئاشىق - مەشۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىيجاناب دېيىلگەنلەرمۇ سۆيگەن يارىنى باشقا بىراۋغا ئۇنداق ئوڭاي ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ. مۇسابىقىدە ئۇتتۇرساڭ، كارايىتى چاغلىق. ناھايىتى بىر قېتىملىق شان - شەرەپ ۋە مۇكاپاتتىن مەھرۇم بولىسەن، خالاس. كېيىن يەنە تالاي قېتىم ئۇتۇۋېلىش پۇرسىتىڭ بار. بىراق، مۇھەببەت ئۇنداق ئەمەس. ئۇتتۇرساڭ، بەختتىن — ھاياتىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدىن مەھرۇم بولىسەن، تولا چاغلاردا پۈتۈن ئۆمرۈڭ بويى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايسەن.

بىر كېچىسى گۈلسۈمنىڭ زادى ئۇيقۇسى كەلمىدى، خىيال سۈرگەنلىكتىن بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ھۇجرىمۇ بەك تىنچىق بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ يوتقاننى ئېچىۋەتتى، يەنىلا ئارام تاپالمىدى، ئولتۇردى، ئاخىر بولماي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. مەنسۇر بەگنىڭ قورۇسى ئىچكىرى ۋە تاشقىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئايۋاننىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەردە خوجاينلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە مۇشۇ يەردە قونۇپ قالغان ئەزىز مېھمانلارلا يېتىپ قوپاتتى. خىزمەتكارلار، ھەتتا ئېزىز بىلەن غاپپارمۇ تاشقىرىقى ھويلىنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرىگە بىر - بىرىگە قارىتىپ سېلىنغان بىرقەدەر ئاددىي ئۆيلەردە تۇراتتى. ئاي تولغان مەزگىل بولسىمۇ، ئۈزۈم بارىڭى

ۋە تازىمۇ باراقسان ئۆسكەن ياڭاق دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغانلىق-
تىن تاشقىرىقى ھويلىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. گۈلسۇم بىر بېسىپ،
ئىككى بېسىپ ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى باغقا ئۆتىدىغان ئېرىق
بويىغا باردى - دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان
سۇغا قولىنى تىقتى، ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ يۈزىنى يۇيۇۋىدى،
مېڭىسى سەل سەگىگەندەك بولدى. دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ
ئۆتكەن ئاي شولىسى سۇدا چېچىلغان ئالتۇن تەڭگىلەردەك سەك-
رىشىپ ئوينايتتى. گۈلسۇم ئىختىيارسىز ھالدا مەھلىيا بولۇپ،
ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ئوڭ
تەرەپتىكى ئەر خىزمەتكارلار ياتىدىغان قايسىدۇر بىر ئۆينىڭ
ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى. گۈلسۇم چۆچۈپ ئارقىغا بۇ-
رۇلۇپ قارىدى - دە، ئېزىزنىڭ ھۇجرىسىدىن بىرەيلەننىڭ چىق-
قىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ھويلا قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنىڭ كىم-
لىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ گۈلسۇم ئۇنى ئېزىز
دەپ جەزم قىلدى. ئۇ ئادەم ئەتراپنى كۆزەتكەندەك ئىشىك ئالدىدا
بىرپەس تۇردى - دە، ئاندىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ باغقا چىقىدى-
غان ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئارقىدىنلا باغ ئىشىكىنىڭ ئېچىد-
لىپ - يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «بۇ يېرىم كېچىدە باغدا نېمە
ئىش قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى گۈلسۇم ۋە تېخى كاللىسىغا
ئېنىق بىر گۇمان كەلمىگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا
ھاياجانلىنىپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. «قېنى، بىر كۆرۈپ باقماي-
مۇ؟» ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە، باغ ئىشىكىنىڭ يېنىغا
باردى. ئۇ يەردە بىر پەس توختاپ، ئىچىگە قۇلاق سالدى، شەپە
ئاڭلانمىدى. ئېزىز قايتقان چېغىمدا ئاۋاز چىقمىسۇن دېدىمۇ،
ئەيتاۋۇر ئىشىكنى مەھكەم ياپماي كېشەكتىن سەل ئارىلىق قال-
دۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا گۈلسۇم ئىشىكنى ئاچقاندا ھېچقانداق
سادا چىقمىدى. باغ ئىچى قاپقاراڭغۇ ۋە تىمتاس ئىدى. «مۇش-
تۇرقەتتە ئۇ نەدىدۇ؟» دەپ ئويلىدى گۈلسۇم. ئۇ ئالدىغىراق

ماڭماقچى بولۇپ، بىرنەچچە قەدەم باستىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.
«ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزۈمنى سەزدۈرۈپ قويسام
بولماس. مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تىڭشاپ باقاي، بىرەر شەپىسى
چىقىپ قالار...» ئۇ بىر تۈپ قىزىلگۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
ئەتراپقا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ھاياجان ۋە ئەنسىزلىك
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. باغ ئىچى بۇرۇنقىدەكلا تىم-
تاس ئىدى. ئېزىز گويا ئەرۋاھتەكلا ھېچقانداق شەپىمۇ چىقارماي
«غايىب» بولغانىدى. ئارىدىن بىر چۈگۈن سۇ قاينىغۇچىلىك
ۋاقىت ئۆتتى. گۈلسۈمنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى. «بايا كۆر-
گىنىم جىن - ئەرۋاھمىدۇيا؟ شۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ ئېلىشىپ
قالايلا دەپ قالدىم، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنگەنمىكىن؟...» بۇ
خىيال بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ، يۈرىكى ئاغزىغا
قاپلىشىپ قالغۇدەك بولدى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
باغدىن تېزرەك چىقىپ تاشقىرىقى ھويلىدىمۇ تۇرماي ھۇجرىسىغا
كىرىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق قورقۇشتىن دەرمانسىزلىنىپ
كەتكەن پۇتلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلەلمىدى. ئۇ مىڭ تەس-
لىكتە ئورنىدىن تۇردى. تۇردىيۇ، ئاۋۋال بىر دەقىقە داڭقېتىپ
تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن يەنە دەرھال ئولتۇردى. چۈنكى، دەل
شۇ چاغدا ئادالەت ياتىدىغان ھۇجرىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ بىر
ئايال زاتى باغقا سەكرەپ چۈشكەنىدى.

گۈلسۈم ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى دەماللىققا بىلەلمىگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنى ئادالەت دەپ جەزم قىل-
دى. ئاندىن مۇشۇكتەك ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئۇنىڭغا كۆزىنى تىك-
تى. ئايالمۇ دېرىزە تۈۋىدە بىرپەس توختاپ خۇددى بايىقى ئەرگە
ئوخشاش ئۇياق - بۇياققا قارىدى - دە، كېيىن ئالدى تەرەپكە
قاراپ ماڭدى. دەرەخلەر توسۇۋالغاچقا ئۇ گۈلسۈمنىڭ كۆزىدىن
پات - پات غايىب بولاتتى ۋە يەنە كۆرۈنەتتى. ئۇ يىگىرمە -
ئوتتۇز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بىر ئەر كىشىنىڭ گەۋدىسى

ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئاندىن ئىككىسى باغنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىشتى. «يا ھەزرەت، بۇ ئۇچۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ — دەپ ئويلىدى گۈلسۈم، — ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالغان قىز ئادالەت خېنىممىدۇ؟ داڭلىق بەگنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى، تېخىمۇ كاتتا بەگكە ياتلىق بولىدىغان خېنىم؟! ··· ياق، ياق، ئۇ ئەمەستۇ، ئۇ ئەمەستۇ! ··· ئەمىسە، كىم؟ كەچقۇرۇن مەن كۆرمەي قالغان بولسام، ئادالەت خېنىم بىلەن ئوبدان ئۆتىدىغان باشقا بىر قىز مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن ۋە شۇ ھۇجرىدا يېتىپ قالغان بولسا، بۇ چىققىنى شۇمىدۇيا؟ ··· لېكىن··· لېكىن كەچتە ئادالەت خېنىمنىڭ ئورنىنى ئۆزۈم سېلىپ بەرگەن تۇرسام، ئۇ يەردە باشقا يات ئايال زاتى يوق ئىدى. ئۇھ···» ئۇ ئەمدى ئارتۇقچە ئويلىيالمىدى. ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ بايىقىلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. گۈلسۈم شىپاڭغا يېتىشكە يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز قەدەمچە قالغاندا قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتقان گەپلەر ئاڭلاندى. ئۇ توختاپ قۇلاق سېلىپ ئاۋازنىڭ شىپاڭ تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، ئەمما ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ بولغاچقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. گەپمۇ ئانچە ئېنىق ئاڭلانمايتتى. گۈلسۈم يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوققان ھالدا يەنە ئون قەدەمچە ئالدىغا مېڭىپ بىر ئەنجۈر دەرىخىنىڭ دالدىسىدا ئولتۇردى. ئەمدى گەپ ئېنىق ئاڭلاندى:

— ھەممە ئىشنى تەخ قىلىپ قويدۇم، — بۇ ئېزىزنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇدى گۈلسۈم، — خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆگۈنلۈككە يېرىم كېچىدە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمىز. مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن. سىز چىققاندىن كېيىن باغدىن چىقىپ···

— تام بەك ئېگىز، مەن ئۆتەلمەي···، — بۇ ئاۋازمۇ گۈلسۈمگە ئىنتايىن تونۇش ئىدى. «يا ھەزرەت!» دېدى ئۇ يەنە

بىر قېتىم ياقىسىنى چىشلەپ.

— ئەنسىرىمەڭ، تامىنىڭ ئىچى - سىرتىغا ئىككى شوتا قويىمەن، ئۇلارنىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. ئېتىمنى باغدىن ئون قەدەمچە نېرىدىكى ئۇجمىگە باغلاپ قويىمەن. بىز باغدىن چىققاندىن كېيىن ئاتقا مىنگىشىپ مەھەللىدىن چىقىپ كېتىمىز. چۆلگە ئۇلاشقان يەردە بىزنى بىر ئاغىنەم بىر ئات بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ.

— ئۇ ئاغىنىڭىز ئىشەنچلىك كىشىمۇ؟

— ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلار، بىر - بىرىمىز ئۇچۇن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى.

— يولدا باشقىلار كۆرۈپ…، — جىملىقنى بۇزدى ئادالەت.

— ئەنسىرىمەڭ، بۇ يولدا ئادەملەر كۆپ ماڭمايدۇ. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا بىز كۆپرەك كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى ماڭىمىز.

— ھېلىتىنلا قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن؟

— يولدىن.

— ئەنسىرىمەڭ، بۇ يولدا ئوغرى - قاراقچىلارمۇ، ئادەمگە خىرىس قىلىدىغان يىرتقۇچلارمۇ يوق. مۇھىمى، يېنىڭىزدا مەن بار ئەمەسمۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. سىز بۇ يولدىن بۇرۇن مېڭىپ باققانمۇ؟

— بەش يىل بۇرۇن ئاۋاتقا بېرىپ - قايتىشتا ئىككى قېتىم ماڭغان.

يەنە بىر پەس سۈكۈت.

— ھە راست، قاچىدىغان چېغىمىزدا ئىت ياكى غاپپار قاۋان تۇيۇپ قالسا…

— ھېلىقى دورىدىن يەنە بار. ئىتقا گۆلىدەك يېگۈزۈۋەتسەم

بۇگۈنكىدەكلا ئۇخلاپ كېتىدۇ. ئۆگۈنلۈككە كەچتە ئۇنىڭدىن غاپپارغىمۇ يېگۈزۈۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن. ئۇنداق قىلالمىغاندىمۇ، غەم قىلىشنىڭ ئورنى يوق. قاۋان بېشى تەكىيگە تەگسىلا دۈيدەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىغان نېمە، ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ.

«يا ھەزرەت، بۇ پالۋان بەكمۇ پۇختا ئادەم ئىكەن، ھەممە ئىشنى بىلىپ، پىلانلاپ يۈرۈپتىكەن، — ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى گۈلسۇم، — شۇنچە سەگەك ئىت بۇگۈن نېمىشقا قاۋاپ كەتمىدىكىن دېسەم...»

ئەمدى ئاۋاز ئاڭلانمىدى، ئارىنى بىرپەس قەبرىستان جىملىقى قاپلىدى. سەلدىن كېيىن ئېرىنىڭ «جېنىم!...» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى - دە، گۈلسۇم تىترەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ يەردە بىر دەقىقىمۇ تۇرغۇسى كەلمەي قالدى. ئۇ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلگەن ھالدا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قايتتى...

گۈلسۇم كېيىنكى ئىككى كۈننى دوزاخ ئازابىدا ئۆتكۈزدى. ئىككى كېچىگىچە بىر مىنۇتمۇ كىرپىك قاقمىدى، كېلىدىن بىر لوقما غىزامۇ ئۆتمىدى، ئەمما سۇنى كۆپ ئىچتى. چۈنكى يۈرەك - باغرى خۇددى يۇلغۇن ياغىچىدا قىزىتىلغان تونۇردەك كۆيۈپ ياناتتى. مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ بەجايىكى ئىككى يىل كېسەل ئازابى تارتقان بىماردەك ياداپ، سارغىيىپ كەتتى، شوخ، ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ نۇرىنى يوقاتتى، ئەمما يېتىپ قالمىدى. كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى بەكمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىگە يالغۇز جىم ئولتۇرۇپ قالسا قايغۇ - ھەسرەت قارا بوراندەك بېسىپ كېلىپ، بەكمۇ ئېغىر ئازابلايتتى، شۇڭا چىشىنى چىشلەپ ھەر كۈندىكىدەك ئىشلەۋەردى. بىراق ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل سۇسلۇق، تۇرقىدىن بىر خىل پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قىزىم، بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟ — سورىدى سايىم ئۇستا چۆشتە.

— راست، ماڭىمۇ تاۋۇڭسىز يوقتەك كۆرۈنىسىز، قىزىم، — دېدى زۇپتۇمخانمۇ كۆيۈنگەن ھالدا، — سىز ھۇجرىڭىزغا چىقىپ ئارام ئېلىڭ، قاچا - قۇچىلارنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتىمەن.

گۇلسۇم كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش ئالدى - دە:

— ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ، — دېدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتالماي زۇپتۇمخاننىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

سايىم ئۇستا بىلەن زۇپتۇمخان بىر - بىرىگە قارىشىپ گويا ئالدىن كېلىشىۋالغاندەكلا ئېغىر خۇرسىنىپ باشلىرىنى چايقاشتى. سايىم ئۇستا گۇلسۇمنىڭ غاپپار قاۋانغا ئەسلا تەگكۈسى يوقلۇقىنى، ئەمما تويىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ھازىرقى قايغۇ - ھەسرىتىنى شۇنىڭغا جوراپ، كۆڭلىدە: «ھەي، بۇ بالىغا بەك ئۇۋال بولىدىغان بولدى» دېدى. زۇپتۇمخاننىڭ بىلىدىغانلىرى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىدى. «تەقدىر - قىسمەتكە نېمە دېگۈلۈك، بىچارە قىز شور پېشانە بولۇپ تۇغۇلغانىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمما ئۇمۇ گۇلسۇمنىڭ ئاخشامدىن بېرى تېخىمۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ قايغۇ - ھەسرىتىنىڭ يۈز ھەسسىلەپ ئۆرلىگەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرەلەيتتى!؟

گۇلسۇم بىر پەس يىغلىۋالغاندىن كېيىن يەنە قاچا - قۇچا يۇيۇشقا تۇتۇندى. كۆز يېشى ئازابنى سەل بولسىمۇ يەڭگىللىتىدۇ، جىددىيلەشكەن نېرۋىلارنى بوشاشتۇرىدۇ. گۇلسۇممۇ ھازىر سەل ئىچى بوشىغاندەك بولدى، بىراق، مېڭىسىنى قوچۇۋاتقان قۇرتلار لۆمۇلدەشتىن توختىمىغانىدى. كېچە ئۇ بەختسىزلىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسىنى بىلىۋالدى. ئۇنى مۇشۇ كويغا سالغۇچى — ئۆزى ئىنتايىن يېقىن ئادىمىم، شەپقەتچىم، ھەتتا

سىرداش دوستۇم دەپ بىلىدىغان ئادالەت ئىكەن ئەمەسمۇ. ئىك-
كىسى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ هويلىدا بىللە ئۆسكەند-
دى. بىرى خوجايىن، بىرى چاكار بولسىمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت-
لىرىدە بۇ پەرق ئاساسەن سېزىلمەيتتى. ئادالەت ئۇنىڭغا بەكمۇ
كۆيۈنەتتى. ئۆزىنىڭ هېسابسىز كۆپ كىيىملىرىدىن هەرقاندىقد-
نى ئۇنىڭغا هېچبىر ئايىماي بېرەتتى. هەتتا هېيت - ئايەم
ئالدىدا مومىسى بىلەن ئانىسىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ گۈلسۇمگى-
مۇ هېيتلىق كىيىملەرنى قىلدۇرۇپ بېرەتتى. قىزنىڭ مۇنداق
ئەخمەقلىقىغە مەنسۇر بەگنىڭ ئاچچىقى كەلسىمۇ، خەدىچە خېنىم
بىلەن پاتمە خېنىملار: «يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش ساۋابلىق
ئىش. ئۇنچىلىك پۇل خەجلىگەنگە دۆتيايىمىز كەملەپ كې-
تەمتى! ؟» دەپ بەگنى ماقۇلغا كەلتۈرەتتى. مۇنداق ئامراقلىق،
كۆيۈنۈش ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ، ئەقىل - هوشى ئۇلغايغاندىن
كېيىنمۇ ئۆزگەرمەي داۋاملاشتى. ئادالەت بالىلىق چاغلىرىدا
هەتتا گۈلسۇمنى «بىللە ئوينايمىز» دەپ ئىشمۇ قىلدۇرمايدىغان.
چوڭئايغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى
چۈشىنىپ يېتىپ، گۈلسۇمنىڭ ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلى-
قىنى، ئۆزىگە ئوخشاش ئويناپ - كۈلۈپ، بىكارغا يەپ - ئىچىپلا
يۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى
ئېغىر ئىشلارغا سالماسلىققا تىرىشاتتى. دادىسى، تاغىسى،
ئاچا - ئىنىلىرى هەر خىل باهانىلەر بىلەن، چوڭ خېنىملار
كەيپى چاغ ئەمەس چاغلىرىدا گۈلسۇمگە ۋارقىرىسا، تىللاپ -
دۈشكەلىسە، دەرهال ئارىلىشىپ ئۇنى هىمايە قىلاتتى. گېپىنى
ئۆتكۈزەلمىسە، قېيداپ، يىغلاپ يېتىۋېلىش ياكى تاماق يېگىلى
ئۇنىماسلىق قاتارلىق چارىلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇپ مەقسىتىگە
يەتمەي قويمايتتى. شۇڭا بىرنەچچە خىزمەتكار ئىشلەيدىغان بۇ
چوڭ ئائىلىدە پەقەت گۈلسۇملا خوجايىنلارنىڭ تايىقىنى يېمەي،
قاتتىق تىل - ئاهانەتكە ئۇچرىماي ياشاپ كەلدى. گۈلسۇم بۇ

ئىشلارنى تولۇق چۈشىنەتتى، ئادالەتنى «شەپقەتچىم» دەپ بى-
لىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا
ئۆز - ئۆزىگە تالاي قېتىم ۋەدە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە
ئابدۇكېرىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ
بەختىگە چىن كۆڭلىدىن زوقلانغانىدى. بۇ ھەقتە گەپ بولسىلا
ئادالەتكە ئۆزى ئاڭلىۋالغان چۆچەك، داستانلاردىكى مۇرادىغا يەت-
كەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ،
ئادالەت بىلەن ئابدۇكېرىمنىمۇ ئاشۇ ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشى-
تىپ، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن بەخت تىلەيتتى.

كېيىن ئادالەتنىڭ بېشىغىمۇ بەختسىزلىك قارا سايە چۈشۈر-
دى: ئابدۇكېرىمنىڭ ئورنىغا كازىم بەگ ئالماشتى. گۈلسۈم
ئادالەتنىڭ بۇ يېڭى لايىقىغا قىلچە مەيلى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ،
ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ،
بىللە ياش تۆكتى. ئۇ خوتۇن - قىزلارنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەن-
لىكىدىن، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان مۇراد - مەقسەتلىرىگە ھەر-
گىزمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتلەندى. ئۆزىغۇ بى-
راۋلارغا خىزمەتكار بولغان يېتىم قىز، ئەمما ئادالەت بولسا
مال - دۇنياسى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان داڭلىق بەگنىڭ قىزى،
دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ ھايات. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇمۇ ئۆزى مۇت-
لەق خالىمايدىغان بىرىگە ياتلىق بولماقچى. ئۇنىڭ جىمى نارازى-
لىقى، قارشىلىقى بۇ قىسمەتنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇن-
داق ئىكەن، خوتۇن خەق دېگەن مەيلى نامرات، مەيلى باي
بولسۇن، ھامىنى ئاجىز، بىقۇۋۇل ئىكەن. خۇدايىم، ئۇلارنى
نېمىشقا مۇشۇنداق ياراتقاندۇ؟!

گۈلسۈم شۇ كەمگىچە بىردىنبىر كۈشەندەم غاپپار دەپ ئويى-
لايتتى. شۇنىڭدىن قۇتۇلسىلا ئۆزى ئۇچۇن ئالەم گۈلىستان
بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن مانا ئەمدى ھېچبىر
ئويلىمىغان يەنە بىر كۈشەندىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا تەڭ

كېلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇشتۇمتۇت بىلىپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب - ھە! ؟ بىچارە قىزنىڭ يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ، ئىچى قايغۇ - ھەسرەتكە تولدى. پۈتۈن ئالەم جەھەننەمگە ئايلىنىپ، دىلىنى ئازراق بولسىمۇ يورۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە شولىمۇ غايىب بولغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھەدېگەندىلا ئادالەتنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلاپ، ئىچىدە ئۇنىڭغا مىڭلارچە لەنەت ئوقۇدى. «مەندەك بىر يېتىم قىزدىن ئەر تالاشمىساڭمۇ، سەندەك بەگ قىزى ئۈچۈن يىگىتلەر ئازمىدى. نوچى بولساڭ ئابدۇكېرىم بېگىمنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كەتسەڭ نېمە بولار ئىدى» دەپ ئۇنى ئىنساپسىزدىن ئىنساپسىزغا چىقاردى. بىرىنچى كۈنى ئىلاجى بار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماسلىقتا، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماسلىقتا تىرىشتى. باش تارتىپ بولمايدىغان زورۇرىيەت تۈپەيلى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە توغرا كەلگەندىمۇ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي، ئىشلىرىنى تېز - تېز قىلىپ بولۇپ، دەرھال چىقىپ كەتتى. كېچىسى پىكرى بىردىنلا ئۆزگەردى: «ئادالەت خېنىم شۇ كەمگىچە ماڭا ياخشىلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ ئىشتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەممە گەپنى ئوچۇق سۆزلىشىپ، ئېزىز پالۋاننى ماڭا ئۆتۈنسىلە، دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرسام، بەلكى رەھمى كېلىپ، تەلىپىمنى قوبۇل قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇ پىكىر ئۆزىگە بەكمۇ توغرىدەك بىلىنىپ ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەندە بۇ نىيىتىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

لېكىن بۇ كېچىسى ئادالەت ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىدا ياتقاندى، ئەتىسىمۇ شۇ يەردە ناشتا قىلىپ، خېلىغىچە ئانىسى بىلەن بىللە ئولتۇردى، ھەتتا چۈشلۈك تاماقنىمۇ شۇ يەردە يېدى. گۈلسۈم بەكمۇ ئالدىراپ قالدى. جىلە بولغىنىدىن ماڭغان - تۇرغىنىنىڭ تايىنى بولمىدى. ئۇلار بۈگۈن كېچە قاچماقچى،

ئاران يېرىم كۈنلا ۋاقىت قالدى. ئالدىرىمىسا ھەممە ئىش تامام
بولىدۇ! چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئادالەت ئۆز ھۇجرىسىغا چىق-
تى. سەگەكلىك بىلەن پايلاپ تۇرغان گۈلسۇم دەرھال ئاشخانىغا
كىرىپ چاي دەملىدى - دە، چەينەك بىلەن پىيالىنى پەتنۇسقا
قويۇپ، ئادالەتنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. بىراق، ئىشىك
تۈۋىگە بارغاندا بىردىنلا يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتىپ توختاپ
قالدى. ھاۋا يېتىشمىگەندەك بولۇپ تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ
نەپەس ئالدى. سەلدىن كېيىن ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋېلىپ: «تە-
ۋەككۇل، باشقا كەلگەننى تارتمىغۇچە باتۇر بولالماس، دەپتىكەن،
كىرەي» دېدى ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ۋە ئىشىكنى ئاستا چەك-
تى.

— كىرىڭ،— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىچكىرىدىن.

گۈلسۇم «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئۇتۇڭ پۇتىنى ئال-
دى - دە، ھۇجرىغا كىردى. ئادالەت باغقا قارايدىغان دېرىزە
يېنىدا قوش ياستۇققا يۆلىنىپ خىيال سۈرگەندەك ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، گۈلسۇم، — دېدى ئۇ بېشىنى ياستۇقتىن سەل
كۆتۈرۈپ ۋە ئوچۇق چىراي كۈلۈمسىرەپ.

گۈلسۇم كۈلمىدى، پەقەت خىيالىغا دەرھال كەلگەن گەپنى
قىلىپ:

— ئۆزلىرىنى چاي ئىچەمدىكىن دەپ…، — دېدى.

— چايىنغۇ بايا ئانام بىلەن ئوبدان ئىچىۋالغان. مەيلى،
ئۆزىڭىزمۇ ئولتۇرۇڭ، مۇڭداشقاچ بىللە ئىچەيلى.

«پۇرسەت دېگەن مۇشۇ، ئۆزىمۇ مۇڭدىشايلى دەۋاتىدۇ» دې-
دى گۈلسۇم كۆڭلىدە ۋە ئادالەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،
ئىككى پىيالىگە چاي قۇيۇپ، بىرىنى ئادالەتنىڭ ئالدىغا قويدى.
ئادالەت پىيالىنى قولىغا ئالدى، ئازراق تۇتۇپ تۇرۇپ، پۈۋلەپ
بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلىدى. گۈلسۇم بولسا بېشىنى ساڭگىلاتقان
پېتى ئولتۇرۇۋەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىدا شىددەتلىك كۆ-

رەش بولۇۋاتاتتى.

بىر ئىش، بولۇپمۇ جىددىي، مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە خىيال قىلماق ئوڭاي، ئەمما ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. گۈلسۇم كۆڭلىگە پۈككەن ھېلىقى ئىش توغرىسىدا يۈز قېتىمچە ئويلىغان، مۇشۇنداق پۇرسەتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىر ئادالەت بىلەن يۈزمۇيۈز قارىشىپ ئولتۇرغاندا بىردىنلا ئىككىلىنىپ قالدى. «يارىڭدىن كەچ، دېگەن سۆزنى قانداق دېگىلى بولار؟ كېچەرمۇ؟ ھەي تاڭەي، ئۇمۇ ئېزىز پالۋانغا ماڭا ئوخشاشلا ئاشىق ئىكەن. مەن شۇ تاپتا سارالڭ بولاي دەپ قالدىم. بۇ گەپنى ئاڭلىسا، ئۇ قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن مۇشكۇلچىلىك؟...»

— گۈلسۇم، جىملا ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟! — سورىدى ئادالەت سەل ھەيران بولغان ھالدا.

گۈلسۇم چۆچۈپ كەتتى.

— ھە، نېمە دېدىلە، خېنىم؟... مەن... ھېچنېمە...، — دۇدۇقلىدى ئۇ.

— نېمىشقا چاي ئىچمەيسىز؟

— ھە، چاينى دەملا؟ — گۈلسۇم ھودۇققان ھالدا پىيالىنى قولىغا ئالدى، ئالدىراپ ئوتلىغاچقا ئاغزى كۆيۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ھەي، ئاغزىڭىزنى كۆيدۈرۈۋالدىڭىزمۇ نېمە؟ — ئەندىكىپ سورىدى ئادالەت، — ھەي... يامان بوپتۇ.

— ياق، كۆيمىدى، — گۈلسۇم زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

ئادالەت ئورنىدىن تۇرۇپ سول تەرەپتىكى تامغا تاقاپ قويۇلغان، ئۈستىگە سېرىق قەلەي قاپلانغان ساندۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئاچتى. ئىچىدىكى بىر تۈمۈر قۇتىدىن بىر يېرىم مىسقال كەلگۈدەك ئالتۇن زىرىنى ئېلىپ، بايىقى ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

— گۈلسۈم، ئىككىمىز مۇشۇ ئۆيدە بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق، — ھاياجان بىلەن سۆز باشلىدى ئادالەت، — پات ئارىدا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كېتىمىز. بۇ زىرىنى سىزگە... ، — يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ئادالەت سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كىرپىكلىرى نەملىشىپ، ئىككى - ئۈچ تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشتى، خېلىدىن كېيىن زىرىنى گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تىترەك ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئۇنى مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرەرسىز.

گۈلسۈم تىترەپ كەتتى، ئادالەتنىڭ سوۋغىسى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا گويا زەھەرلىك يىلاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ زىرىنى ئادالەتنىڭ يۈزىگە ئاتقۇسى، «ماڭا زىرە ئەمەس، ئېزىز كېرەك، سېخىي بولساڭ، شۇنى قايتۇرۇپ بەر» دېگۈسى كەلدى. ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى، ھېچنېمە دېيەلمىدى، ئەكسىچە، خورلىنىش، ھەسەت ۋە ئۈمىدسىزلىك يىغانى ئۆرلەپ - تېشىپ، «ۋاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھۇجرىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

ئادالەت ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇئان خىيالىغا «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەن سوئال كەلدى ۋە قانائەتلەنگۇدەك جاۋاب تاپالمىدى. گۈلسۈمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئىككى ئەھۋال ئادالەتكە مەلۇم ئىدى: بىرى، ئۇ گۈلسۈمنىڭ غاپپار قاۋاننى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تويىدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭمۇ تويى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىككىنچىسى، ئۇنىڭغا گۈلسۈمنىڭمۇ ئېزىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئايان بولغانىدى، بىراق ئۆزىنىڭ ئىشقى سەۋداسىدىن ئۇنى مۇتلەق خەۋەرسىز دەپ ئويلايتتى. شۇڭا چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەن سوۋغىسىنى گۈلسۈمنىڭ قوبۇل قىلماي يامانلىغاندەك چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى زادى ئويلاپ يېتەلمىدى. «يا بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟» دەپ ئەنسىرىدى ئۇ ئاخىر.

لېكىن كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە بۇ ھەقتە ھېچقانداق شەپە سېزىلمىدى.

## 2

گۈلسۈم باغقا ئېرىزدىنمۇ بۇرۇن كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن «يولۋاس» باغلانغان يەرگە بېرىپ، ئىتنىڭ ئۆلگەندەك ياتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلۇشكۇن كېچە ئېرىز ئېيتقان ھېلىقى دورا توغرىسىدىكى گەپنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ: «بۈگۈن قاچىدىغانلىقى راست ئىكەن» دەپ جەزىملەشتۈرگەنىدى.

ئۇ چۈشتە ئادالەتنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە دۈم يېتىپ يىغلىدى. ئاندىن ئاخىرقى بىر چارە ئېرىزنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىشنى ئويلىدى. بىراق ئۇنى تاپالمىدى. ئېرىز قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا پەيدا بولغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا گۈلسۈم ئالدىراش ئىش بىلەن بەند بولغاچقا، دەماللىققا سۆزلىشىشكە پۇرسەت تاپالمىدى. ئۇ ئىشلىرىنى چالا ـ بۇلا تۈگىتىپ ئېرىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋىدى، ئۇ يەنىلا يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنى ھويلىدىنمۇ تاپالمىدى، ھەتتا ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەنە قۇرۇق قايتتى. ئېرىز گويا قۇمغا سىڭگەن سۇدەك يوقىلىپ كەتكەنىدى.

گۈلسۈم مۇھەببىتىدىن، بەختىدىن مۇنداق ئوڭايلا مەھرۇم بولۇپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئاخىرى ئۇ چىدىيالماي بۇ ئىشنى پاتىمە خېنىمغا مەلۇم قىلىشنىمۇ ئويلىدى. ئۇ چاغدا ئىش ئاشكارىلىنىپ، ئادالەت قاچالمايدۇ، ئېرىز ئۆزىگە قالىدۇ. ئۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا «خېنىم بىلەن ۋەدىلەشكەن كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدىم» دەپ ئېرىزنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. خوجايىنلار ئۆزىمىزگە سەت بولمىسۇن دەپ يىگىتنىڭ كىملىكىنى

سۇرۇشتۇرمەي، پەقەت ئادالەتنىلا قاتتىق نازارەت ئاستىدا ساقلاي-
دۇ. ئۇمۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان يىگىتنىڭ كىملىكىنى
ئاشكارىلىمايدۇ (مۇنداق ئىشلار كۆپ بولغانغۇ). ئېزىزغا ھېچ-
بىر خەۋپ يەتمەيدۇ. ئادالەتنىڭ كازىم بەگ بىلەن تويى بولۇپ
بولغاندىن كېيىن ئېزىزمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭ-
لىنى ئۈزىدۇ ـ دە، مەيلىنى گۇلسۇمگە بېرىدۇ. دېمەك، كاۋاپ-
مۇ، زىخمۇ كۆيمەيلا، گۇلسۇم مەقسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.
گۇلسۇم مۇشۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن پاتمە خېنىمنىڭ
ھۇجرىسى يېنىغا نەچچە قېتىم باردى، لېكىن يەنىلا جۈرئەت
قىلالمىدى. «بىر ياخشىلىق ۋە بىر يامانلىق ئۇنتۇلماس» دېگەن
گەپ بار. گۇلسۇم ئادالەتنى ئۆچ كۆرگەن، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەن-
گەن شۇ ھالقىلىق پەيتتە، خۇددى ئۆچەكەشكەندەكلا، ئۇنىڭ
نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىمۇ خىيالىغا
كىرىۋېلىپ، ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويدى. نېمىلا دېگەنبىلەن،
بۇ ئىش ئاشكارىلانسا، ئادالەتنىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ. تېخى يۈزى
ئېچىلمىغان، يەنە كېلىپ ئاتاقلىق بەگنىڭ قىزى بولۇپ تۇرۇپ،
تويى بولۇش ئالدىدا ئاللىقانداق نامەلۇم يىگىت بىلەن قاچماقچى
بولۇشى نى ئار، نى نومۇس؛ بۇنىڭغا ئادالەتتەك باغرى يۇمشاق،
دىلى نازۇك قىز چىدىيالامدۇ؟! ئاندىن بۇ ئىشنىڭ كىم تەرىپى-
دىن ئاشكارا قىلىنغانلىقى بەرىبىر مەلۇم بولىدۇ. ئۇ چاغدا
ئادالەت ئۆزىنى شەرمەندە قىلغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ، ئۇ-
نىڭغا مەڭگۈ لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇرار. گۇلسۇم ياخشىلىققا
يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان تۇزكورغا ئايلىنىپ قالار. يەنە
تېخى ئېزىزمۇ گۇلسۇمنى «بىزگە دۈشمەنلىك قىلدىڭ» دەپ
يامان كۆرۈپ قالار.
ئەمىسە، ئۈندىمەي قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئارزۇ ـ
ئارمانلىرىمۇ، بەختىمۇ، خۇشاللىقىمۇ، ھەممە ـ ھەممىسى يوققا
چىقىدۇ؛ گۇلسۇم تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدۇ.

ئەستا، غولى قانداق قىلسا بولار؟...

گۈلسۇم ئەنە شۇنداق گاڭگىراش ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ۋا-قىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، چوڭ قورۇنى تىمتاسلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمىگەن گۈلسۇم ئاخىرى ئىختىيارسىز ھالدا باغقا چىققانىدى. ئۇ ئاۋۋال باغنىڭ تېمىنى قويماي ئايلىنىپ چىقتى، كۆزىگە شوتا كۆرۈنمىدى. «پىلانى ئۆزگەردىمۇيا؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن ئارقىغا يېنىپ، ئادالەتنىڭ دېرىزىسىدىن ئوتتۇز - قىرىق قەدەم يىراقلىقتىكى ئانار دەرىخىنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ، يۈز بەرگۈسى ئىشلارنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا پىلاننىڭ ئۆزگىرىشىنى، بولسا، ئۇلارنىڭ قېچىش نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشىنى چىن كۆڭلىدىن تىلەيتتى، شۇ ھەقتە كۆڭلىدە خۇداغىمۇ، ئېزىز بىلەن ئادالەتكىمۇ قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلاتتى. ناۋادا بۇ ئىش ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولۇپ چىقسىلا، گۈلسۇم خىجىللىق ۋە تارتىنىش دېگەننى قاي-رىپ قويۇپ، ئەتىلا ئېزىز بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ سۆزلىشە-دۇ؛ يۈرىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ «سىزگە مەڭگۇ ۋاپادار، كۆ-يۈمچان جورا بولاي» دەپ قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ. ئېزىزمۇ تاش ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىدىن تەسىرلە-نەر. «ماقۇل، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇناي، ھەر ئىككىمىز نام-رات چاكارلار، بىللە ئۆتەيلى» دەر. ئاندىن ئېزىز بەگنىڭ ئالدى-غا كىرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلسا، بەگمۇ ماقۇل بولار. ئۇ ئېزىز پالۋاننى غايىپاردىن چوڭ كۆرىدۇ، جەزمەن ماقۇل بولىدۇ. ئادالەت خېنىمنىڭ تويىغا ئۇلاپلا ئۇنىڭمۇ تويى بولىدۇ. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن زور ئامەت!... مۇبادا بېگىم غايىپارغا قىلغان لەۋ-زىمدىن يانالمايمەن، دەپ تۇرۇۋالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا، ئۇ چاغدا گۈلسۇم ئېزىز بىلەن تىلىنى بىر قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ جەھەننەمگە باشلىسىمۇ پۇشايمان قىلماي ئەگىشىپ مېڭىۋېرىدۇ.

ئۇلار ياش، ساغلام، ھەرقانداق ئېغىر ئىشلارنىمۇ قىلالايدۇ، جاپا - مۇشەققەتكە چىدىيالايدۇ. بۇ كەڭ جاھاننىڭ خۇدا نېسىپ قىلغان بىر جايىدا ئۆزلىرى ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بەلكى بالىلىرىمۇ بولار. ئاھ، ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەم، گۈلسۈمدەك بىر يېتىم قىزنى شۇنداق كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرارسەنمۇ؟ !...

ئارىدىن يېرىم سائەت، بىر سائەت، ھەتتا ئىككى سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. باغ ئىچى يەنىلا تىمتاس ئىدى، جىمى جانلىق ئۆلگەندەك ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى گۈلسۈم خىياللىرىنىڭ راستقا ئايلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. نەچچە قېتىم زوڭزىيىپ، نەچچە قېتىم يانپىشىنى يۆمران چىمغا بېسىپ ئولتۇردى، لېكىن ئورنىدىن زادى تۇرمىدى؛ كۆزلىرىنى ئادالەتنىڭ دېرىزىسىدىن بىردەممۇ ئۈزمىدى.

بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت بىر گەۋدە دېرىزىدىن باغقا ئاۋايلاپ چۈشتى، گۈلسۈمنىڭ كۆزلىرى بىرپەس قاراڭغۇلىشىپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەي قالدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا «راست ئىكەن! » دېگەن بىر سادا ياڭرىدى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان بولغاندا ھېلىقى گەۋدە دېرىزىدىن ئون قەدەمچە نېرىدا باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. يەنە بەش قەدەمدىن كېيىن قاراڭغۇلۇقتىن ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بىر گەۋدە «لىپ» قىلىپ چىقتى - دە، ئىككىسى ئالدىرىغان پېتى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

«راست ئىكەن! »— پەس ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى گۈلسۈم ۋە گويا مادارىدىن پۈتۈنلەي كەتكەندەك، لاسىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ھال بىر - ئىككى مىنۇتلا داۋاملاشتى. ئاندىن گۈلسۈم خۇددى بىركىم سىلكىپ تارتقاندەك شىددەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، گويا ساراڭغا ئوخشاش پۈتلىشىپ يۈگۈرۈپ تاشقىرىقى ھويلىغا چىقتى ۋە ھېچبىر ئىككىلىنىپ تۇرماستىن ئۇدۇل كەلگەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى مۇشتلاپ:

— ئوغرى قاچتى، ئوغرى قاچتى! — دەپ بىرنەچچە قېتىم توۋلىدى.

ھەي... ئادەملەر، ئادەملەر! مۇبادا دۇنيادا ئەڭ قىيىن تېپىشماق، ئەڭ مەخپىي سىر بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ بولسىمۇ ئادەملەردۇر. ئادەتتىكى چاغلاردا، تىنچ، توقۇنۇشسىز ياشاۋاتقان كۇنلەردە ئادەملەر كۆپىنچە مۇلايىم، مېھرىبان، سەممىي قىيا-پەتلەردە نامايان بولۇشىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ «دۇنيادىكى جىمى جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى، ئەڭ خاسىيەتلىكى ئادەملەر ئىد-كەن» دەپ ئويلايسەن. ئەمما كىشىلىك دۇنياسىدا شۇنداق پەۋ-قۇلئاددە پەيتلەرمۇ بولىدۇكى، بۇرۇن ساڭا ئەۋلىيا سۈپىتىدە كۆرۈنگەن بەزى كىشىلەرنىڭ بۇنداق چاغدا بىردىنلا چىلبۆرىدەك غالجىرلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ياقاڭنى چىشلەيسەن. ھەسەت — ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنىڭ ئەڭ ياۋۇزلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ھەرقانداق بىر ياۋاش ئادەمنىمۇ بىردىنلا ئازازۇلغا ئايلاندۇرۇ-ۋېتەلەيدۇ.

بىردەمدىن كېيىن چوڭ قورۇنى پاتىپاراقچىلىق قاپلىدى. گۈلسۇم ئەمدى ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى، ئۇ ھەممىنى دوغا تىككەنىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— ئوغرى نەدە؟ — دەپ سوراشتى.

— باغدا... ياق، تامدىن ئارتىلىپ قاچتى، — دەپ جاۋاب بەردى گۈلسۇم.

— ياق، سىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەيمەن، — دېدى ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ، — سەل چىداڭ، ئاتىنىڭ يېنىغا بېرىۋالساقلا...

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا تام ئۈستىدىن غاپپارنىڭ:

— ئەينا ئۇلار! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ئۈچ ئادەم ئارقا - ئارقىدىن سەكرەپ چۈشتى.

ئادالەت پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم:

— تېز... قېچىڭ! — دېدى.

ئېزىز ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يېنىغا سەكرەپ چۈشكەنلەرنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ پەرۋا قىلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئورنىدىنمۇ تۇرماي، ئۇلارغىمۇ قارىماي، ئادالەتتىن كۆزىنى ئۈزمىگەن هالدا:

— ياق، نېمە كۆرسەڭ تەڭ كۆرىمىز، — دېدى.

— هۇ، مۇناپىق ئوغرى! — غاپپار شۇنداق دەپلا ئېزىزنىڭ ئوڭ تەرەپ ئېگىكىگە بىر مۇشت ئۇردى.

ئېزىز يىقىلدىيۇ، دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ غاپپارنىڭ ئىككىنچى مۇشتىنى سول قولى بىلەن توسۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا مۇشت ئاتتى. غاپپار «ئېھ!» دېگىنىچە ئالدىغا ئېگىلىپ قالدى. ئاندىن گەدىنىگە تەگكەن بازغاندەك مۇشتتىن يەرگە پالاققىدە يىقىلدى. شۇ ئارىدا ئارقا تەرەپتىن ئېزىزغا ئىككى مۇشت تەگدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆزىگە يېقىن تۇرغان بىرىنى بىر مۇشت قويۇپ يىقىتتى، يەنە بىرى پەرتتىدە كەينىگە چېكىندى. بۇ چاغدا مەنسۇر بەگمۇ پەسكە چۈشكەنىدى، باغنىڭ سىرتىدىنمۇ كالتەك - توقماق كۆتۈرگەن ئۈچ - تۆت ئادەم مۇشۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتاتتى، ئېزىز هازىر قاچسىمۇ قۇتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن قاچمىدى. بەلكى ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئۆسكەن چىناردەك قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ خاتىرجەم تۇرقىدىن هەيران

قېلىپمۇ ياكى ئۇنىڭ كۆچتۈڭگۈرلۈكىدىن ئەيمىنىپمۇ، ئەيتاۋۇر، بىردەمگىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمىدى. دەل شۇ چاغدا مەنسۇر بەگ ئۇنى تونۇپ قالدى.

— ئېزىز…، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — بۇ… بۇ… سەن … سەنمىدىڭ؟

— شۇنداق، بېگىم، مەن ئېزىز، — ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى ئېزىز، — مەن قىزلىرىنى زورلاپ ئېلىپ قاچقاندىم، تەلىيىم…

— نېمە، بۇ ياتقان مېنىڭ قىزىممۇ؟ — مەنسۇر بەگ دەرھال ئادالەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېڭىشتى، — قىزىم، قىزىم، بۇ سەنمۇ؟

ئادالەت بۇ چاغدا ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدى. ئۇ ئۈنچىقمىدى.

— ھەي قاراقچى، بۇنى نېمە قىلدىڭ؟ — مەنسۇر بەگ غەزەپ بىلەن ئېزىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، سول قولى بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بىر كاچات سالدى. ئېزىز قول ياندۇرمىدى.

— ئادالەت خېنىم ماڭغىلى ئۇنىمىغاچقا ئوشۇقى چىقىپ كەتتى، — دېدى ئۇ يەنە بايىقىدەك خاتىرجەملىك بىلەن.

دەل شۇ پەيتتە ئادالەتنىڭ:

— يا… ياق… مەن… مەن ئۆزۈم…، — دېگەن ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ يەرگە توپلىنىشقان كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاشتى.

مەنسۇر بەگ ئېزىزنىڭ «مەن قىزلىرىنى زورلاپ ئېلىپ قاچتىم» دېگەن سۆزىگە ھەدېگەندىلا ئىشەنگەنىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ قىزىنىڭ ھەرقانچە ئەخمەق بولغاندىمۇ بىر چاكار بىلەن قېچىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى مۇتلەق ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. بىراق

ئارقىدىنلا بەزى ئىشلار ئىشەنچىسىگە كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ قويىدى. «كېچىسى دېرىزە ئىچىدىن ئېتىلىدىغان تۇرسا، بۇ هارامزادە ئادالەتنىڭ هۇجرىسىغا قانداق كىرەلەيدۇ؟ — كۆڭلى غەش بولغان هالدا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ، — ماقۇل، بۇگۈن كېچە دېرىزە ئېتىلمەي قېلىپ، ئۇنى هۇجرىغا كىرەلىدىمۇ دەيلى، ئادالەت يا بۆۋەك①بالا بولمىسا، ئۇنى كۆرگەندە ۋارقىرىمامدۇ! ؟ شۇ يەردىلا قارشىلىق قىلمامدۇ! ؟ تام قوشنا ئۆيدە ياتقان بىزلەرمۇ هېچقانداق شەپە ئاڭلىماپتىمىز...» ئۇ ئاشۇنداق ئىككى خىيال تۇرغاندا، ئادالەت: «ياق... مەن ئۆزۈم...» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقاردى. گەرچە ئۇ بىر چولتا ئېيتىلغان گەپ بولسىمۇ، مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى چۈشەندى ـ دە، گۇمانى ئىسپاتلانغاندەك بولدى. «ياق... بىزنىڭ هاماقەت قىزىمۇ ئۇ هارامزادە بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان بولسا كېرەك» دېدى ئۇ ئىچىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. ئۇ ئاۋۋال ئېزىز بىلەن ئادالەتنى مۇشۇ يەردىلا تازا ئۇرۇپ دۇمبالاشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يەنىلا ۋاقتىنچە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ياق، ئۇنداق قىلسا، ئۆزىمۇ شەرمەندە بولغۇدەك. ئەڭ ياخشىسى، ئېزىز ئۇزاتقان ساپاقنا مەهكەم ئېسىلغىنى تۈزۈك. ئادالەتنىڭ خاھىشى هەققىدىكى گۇمان يېپىقلىق پېتى قېلىۋەرسۇن. ئېزىزنى بولسا ئۆيگە ئەكىرىپ جازالىسىمۇ كېچىكمەيدۇ.

— بۇ قاراقچىنىڭ قولىنى باغلاڭلار! — مەنسۇر بەگ دورغىلىرىغا بۇيرۇدى.

غاپپار بىلەن يەنە بىر دورغا بۇيرۇقنى دەرهال بەجا كەلتۈردى. بۇ دورەم ئېزىز هېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. مەنسۇر بەگ ئاندىن شۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرگە قاراپ دېدى:

— هەممەڭلار ئاڭلىدىڭلار، بۇ قاراقچى قىزىمنى زورلاپ ئېلىپ قاچماقچى بولغان. ئەمدى شۇنىڭغا لايىق جازاسىنى

① بۆۋەك — بوۋاق.

تارتىدۇ. بىچارە قىزىمدا ئەيىب يوق، كىمدە كىم بۇ ھەقتە
كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ يۈرسە، مەندىن ياخشىلىق كۆر-
مەيدۇ،— ئاندىن ئۇ ئېزىزغا قاراپ بۇيرۇدى،— قېنى، ئالدىمغا
چۈشۈپ ماڭ!

ئېزىز گەپ قىلماستىن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭدى. مەن-
سۇر بەگ بىرەيلەنگە ئادالەتنى يۈدگۈزۈپ، يەنە بىرەيلەننى تېڭىق-
چى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئادالەت بۇ چاغدا تامامەن ئېسىنى
يوقاتقان بولۇپ، ئاغرىقنى سەزمىدى.

ئايۋانغا كىرگەندىن كېيىن ئېزىز دەرھال ئارقىچىلاپ ھال-
قىغا ئېسىلدى.

— ھەي تۈزكور مۇناپىق!— دەپ تىللىدى مەنسۇر بەگ زەي
قامچىنى ئوينىتقان ھالدا، — مەن سېنى ئاش ـ نان بېرىپ
باقتىم، شۇنچە ئەتىۋارلىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ماڭا مۇشۇنداق
ئەسكىلىك قىلىشقا يۈزۈڭ قانداق چىدىدى؟

— كۆڭۈل خاھىشى، بېگىم،— ئېزىز يەنىلا خاتىرجەم
ھالدا جاۋاب بەردى.

— ھۇ دۆيۈز، ئىگىسىنى چىشلەيدىغان لالما ئىت! مەن
سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام! — غەزىپى چېكىگە يەتكەن
مەنسۇر بەگ ئېزىزنى ئۆزىلا ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ سەم-
رىپ كەتكەن بولغاچقا، ئون نەچچە قامچا ئۇرۇپلا ھاسىراپ ـ
ھۆمۈدەپ قالدى ـ دە، قامچىنى غاپپارغا بېرىپ:

— ئۇر! — دەپ بۇيرۇدى.

غاپپار يېرىم يىلدىن بۇيان ئېزىزغا نىسبەتەن ئىچىگە سىغ-
دۇرالماي كېلىۋاتقان ئۆچىنى ئېلىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ
كەلگەنلىكىدىن چەكسىز شادلىنىپ كەتتى. ئۇ ئالىقىنىغا بىرنى
تۈكۈردى ـ دە، ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېزىزنىڭ كىيىملىرى يىر-
تىلدى، تېرىسى تىتىلىپ، تىرىلداپ قان چىقتى. ئۇ لېۋىنى
مەھكەم چىشلىۋالغانىدى. دەسلەپتە چىرايى قىزىرىپ، ئاندىن

قارىيىشقا باشلىدى، بارا ـ بارا تامدەك تاتىرىپ كەتتى.
بۇ چاغدا گۈلسۈممۇ دوزاخ ئازابىغا چۆشۈپ قالغانىدى. ئۆزى ھوشسىز ياتقان ئادالەتنىڭ يېنىدا بولسىمۇ، پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى ئېزىزدا ئىدى. ئايۋان تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەربىر قامچا ئاۋازى يۈرىكىگە گويا خەنجەر بولۇپ سانجىلاتتى. ئۇ يېرىم سائەت ئىلگىرى كۆنچىلىكىگە پايلىماي قىلىپ قويغان ئىشى ئۈچۈن ھازىر چەكسىز پۇشايماندا قالغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلىغانمۇ؟
كۆچلۈك مۇھەببەت رەت قىلىشقا ئۇچرىغاندا، بەزىدە بەئەينى شىددەت بىلەن ئېقىپ كېلىپ ئۇشتۇمتۇت توسالغۇغا يولۇققان كەلكۈن سۈيىدەك غالجىرلىشىپ ئۇدۇل كەلگەن يەردىن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. بولۇپمۇ گۈلسۈمگە ئوخشاش تەربىيە كۆرمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل، پەقەت ئۆز بەختىگە ئېرىشىشنىلا كۆزلەيدىغان قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ بايا ۋارقىراش ئالدىدا: «ئاھ، تەتۈر پېشانەم. كەتتى، بىللە كەتتى، مېنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تاشلاپ كەتتى» دېگەننىلا ئويلىغان. ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كىشىلەرنى ئوپۇر ـ توپۇر قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەل ئەقلىنى تاپقاندەك بولۇپ: «ئاپلا، تۇتۇۋالارمۇ؟ — دەپ ئەنسىرىگەن، كېيىن يەنە، — بەلكىم ئېزىز پالۋان ئادالەت خېنىمنى تاشلاپ قېچىپ كېتەر» دەپ ئۆزىگە ئازراق تەسەللى بەرگەن. بىراق ئىش ئۇنداق بولماي چىقتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئېزىزنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى ئەمەسمۇ!؟ بىراق ئاقىۋەتتە ئۇنى مۇشۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلىپ قويدى. «ھەي… مەن…» ئۇ چىدىيالماي بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، غاپپارنىڭ قولىدىن قامچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلگۈچە ئۇرغۇسى ياكى بولمىسا، ئۆز بەدىنى بىلەن ئېزىزنى ھىمايە قىلغۇسى كەلدى. بىراق جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ

ئاجىزلىقىنى، سۆيگەن كىشىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ يەردە تۇرۇۋشقان پاتىمە خېنىم باشلىق ئايالىلار ئۇنىڭ يىغلىشىنى ئادالەت ئۇچۇن ياش تۆكۈۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىشتى.

دەل شۇ چاغدا ئادالەت بىردىنلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. قامچا ئاۋازى ھۇجرىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئېزىز پالۋاننى ئۇرۇۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا!

— جېنىم قىزىم، — دېدى پاتىمە خېنىم ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىغان ھالدا ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ.

چىن مۇھەببەتنىڭ كۈچى چەكسىز، ئۇ گېزى كەلگەندە باشقا بارچە نەرسىلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ.

— جېنىم ئانا، دادامغا ئېيتىڭ، ئېزىز پالۋاننى ئۇرمىسۇن! — ئادالەتنىڭ چىرايىدا چىدىغۇسىز ئازاب ئەكس ئەتتى.

پاتىمە خېنىم ئىپادە بىلدۇرۇشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئىشىكتىن تېڭىقچىنى ئەگەشتۇرگەن مەنسۇر بەگ كىرىپ كەلدى.

— جېنىم دادا، خۇش بولۇپ كېتەي، — دېدى ئادالەت ئەمدى دادىسىغا قاراپ، — ئۇرۇۋشنى توختاتسىلا.

بۇ يۇرتتا ئەلمىساقتىن بۇيان «قىز ئېلىپ قېچىش» پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئادەت بولسىمۇ، بۇ ئىش «قاچقان قىز»نىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇچۇن ناھايىتى ئېغىر خورلۇق - ھاقارەت ھېسابلىناتتى. ئۇلار قىزىنى ئېلىپ قاچقۇچىنى «دۇشمىنىمىز» دەپ بىلەتتى. مەنسۇر بەگدەك داڭدار كىشىلەر ئۇچۇن بۇ تېخىمۇ ئېغىر ئىش ئىدى. «ھەي... مەن دېگەن كىم؟ ئېزىز دېگەن كىم؟— دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى بولغان مەنسۇر بەگنىڭ قىزى چاكىرى بىلەن قېچىپتۇ دېسە، ئەل - يۇرت ئىچىدە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟... ئەزەم بەگ ھاجىم، نۇرۇللا بېگىملەر ئاڭلىسا

نېمە دېيىشەر؟ ھەي تۇزكور ئېرىز، ھەي دۆيۈز، سەن مېنى خانىۋەيران قىلدىڭيا. خەپ سېنى!...»

ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئادەمنى جازالىغان، ئاشۇ ھالقىغا ئېسىپ قويۇپ ئۇرغان. لېكىن ئەڭ يامان ئوغرىلارنىمۇ، ھەتتا ئۆزىگە يۈزتۇرانە گەپ ياندۇرۇشقا پېتىنغان كىشىلەرنىمۇ ئۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئۇرمىغانىدى. بۇ قېتىم ئېرىزغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلىدە ئادالەتكىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېرىزنى ئۇرماسلىق توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ قەھر - غەزەپ بىلەن:

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، — بۈگۈن ئۇ قاراقچىنىڭ قېنىنى ئىچمەي قويمايمەن!

— ئاھ خۇدا! — دەپ نىدا قىلدى ئادالەت.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. قارا بوران دەھشەتلىك گۈركىرەپ، ئۇنىڭ ئۈمىد گۈللىرىنى خازان قىلىۋەتتى، قارا بۇلۇتلار جاھاننى قاپلاپ جىمى يورۇقلۇقنى بىراقلا يوق قىلدى. بۇ نېمىدېگەن دەھشەت! ئەمدى ئۇمۇ يارى بىلەن بىللىلا ئۆلۈپ - تۈگەشسۇن! ئۇ بايا ئۆيدىن چىقار ۋاقتىدا بىرەر ئىشقا لازىم بولۇپ قالار، دەپ رەخت كېسىدىغان قايچىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغانىدى. ھازىر دادىسىنىڭ پەيلىدىن ياناليدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ قايچىنى يانچۇقىدىن ئالدى - دە، ئۇچى تەرىپىنى گېلىغا تىرىدى.

— ماقۇل، ئەمىسە ئاۋۋال مېنىڭ قېنىمنى ئىچسىلە! — دېدى ئۇ مەنسۇر بەگكە مىختەك تىكىلىپ.

ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغانلار: «ۋاي!» دېيىشىپ كەتتى، مەنسۇر بەگنىڭ كۆزلىرىمۇ چەكچىيىپ، ھودۇققانلىقتىن ئاغزىغا دەماللىققا گەپ كەلمەي قالدى.

— جېنىم قىزىم! — پاتىمە خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ ئادالەت-

ـنىڭ قولىغا يېپىشتى، — ۋاي خۇدايىم، نېمە ئىش بۇ؟ قىزىم، مېنى داغدا قويما!
— قىزىم، پەيلىڭدىن يان! — دېدى مەنسۇر بەگمۇ ئالدىـ ـراپ.
— ئاۋۋال سىلى پەيلىلىرىدىن يانسىلا. ھازىرلا...
پاتىمە خېنىمنىڭ دەھشەت بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:
— ئاھ خۇدا، نېمە كەلگۈلۈك بۇ! ؟ ھەي قانخور قاۋان، قولۇڭنى تارت!
ئۇنىڭ ئاۋازى ئايۋانغا ئېنىق ئاڭلاندى. غاپپارنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن قولى ئېسىلىپ قالدى. ئارقىدىنلا مەنسۇر بەگمۇ ھۇجرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ۋارقىرىدى:
— ئۇرۇشنى توختات!

* * *

ئېزىزغا يامغۇردەك قامچا تېگىۋاتقاندا مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىـ ـلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ساۋۇتئاخۇن ئىدى. ئۇ قاچقۇنلارنى تۇتۇشقا ئىشتىراك قىلمىغان بولسىمۇ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھامان بەگ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىـ ـدى. ئۇ قامچىلاش باشلانغاندا قاراپ تۇرۇشقا چىدىيالماي ئايۋاندىن چىقىپ كەتتى، لېكىن ئۆيىگە قايتىپ كەتمىدى. ئۇ ھېچـ ـكىمدىن ھېچنېمىنى سورىمايتتى، گەپ سورىغانلارغا جاۋابمۇ بەرمەيتتى؛ ھە دەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى؛ يۈرىكىدە غەـ زەپ، كۆڭلىدە پۇشايمان داش قازاندىكى سۇدەك ۋاراقشىپ قايـ ـنايتتى. ئۇ بايا كىشىلەرنى گۈلسۇمنىڭ ۋارقىراپ ئويغاتقانلىقىـ ـنى ئاڭلىغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئېيتقۇچىلار: «گۈلسۇم قاچقۇنلارـ

نىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىكەن، ئوغرى ئوخشايدۇ، دەپ ۋارقىراپ-تۇ» دېيىشكەن بولسىمۇ، ساۋۇتئاخۇن بۇ ئىشنى گۇلسۇمدىكى ھەسەت ۋە كۆزنەدەشلەككە بۇردى. «ھۇ نائەھلى، بىخسىراپ ساراڭ بولغان پاسكىنا! — دەپ ئىچىدە غەزەپ بىلەن تىللىدى گۇلسۇمنى، — سېنىڭ قولۇڭدىن مۇنداق يامانلىق كېلەر دەپ كىم ئويلىغان! ؟ ئاجىز - بىچارىدەك كۆرۈنگىنىڭ بىلەن ئىچىڭ-دە توڭگۇز قاترايدىغان قانجۇق ئىكەنسەن. شۇڭىمۇ تىكەندەك يالغۇز قاپتىكەنسەن. خەپ توختاپتۇر، ناۋادا ئېزىز پالۋان ئۆلۈپ - تارتىپ قالغۇدەك بولسا، سەن نىجىسنىڭ بويىنىنى قۇشقاچنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتمىسەم دادامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي...»

ساۋۇتئاخۇننىڭ بۇ قېتىمقى «قىز ئېلىپ قېچىش» ئىشى-دىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندۇق، شۇن-داقلا ئۇ بۇ ئىشنىڭ بۈگۈن كېچە ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنىمۇ بىلەت-تى.

— بۈگۈن كېچە مەنمۇ باغقا كىرىپ بىر بۇلۇڭدا يوشۇرۇنۇپ تۇراي، — دېگەندى ئۇ ئاخشام ئېزىزغا، — ئالىمادىس بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، ئەسقىتىپ قالار-مەن.

لېكىن ئېزىز ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى:

— ياق، سىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرىڭلار بارلىقىنى تاكى قىيامەتكىچە ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك.

ساۋۇتئاخۇن يەنە تىرەجەپ بېقىۋىدى، ئېزىز:

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇ نىيىتىمدىن يانىمەن. سىلەرنى چېتىۋېلىپ بالاغا قويغۇچە، ئادالەتنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشەلمىسەممۇ مەيلى، — دەپ تۇرۋۇالدى.

ساۋۇتئاخۇن ئىلاجسىز ماقۇل بولدى.

— بەك پەخەس بولۇڭلار، بالىلىرىم. سىلەرنى خۇدايىمغا

تاپشۇردۇم، ئاللا ئىگەم مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزەر، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئېرىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى تىنمىدى. خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بەگنىڭ قورۇسىغا بېرىپ ئاۋۋال ئاتخانىغا كىرىپ ئاتلاردىن خەۋەر ئالغان بولدى، ئاندىن تاشقىرىقى هويلىدا بىر دەم مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردى. چوڭ قورۇدا كەچلىك هەرىكەتلەرمۇ ئاخىرلىشىپ، هۇجرىلارنىڭ ئىشىكلىرى يېپىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە يەنە تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز بىلىپ، قايتىپ چىقتى ـ دە، يولدا يەنە خېلىغىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ تۈنۈگۈن شەھەرگە هارۋا هەيدەپ بېرىپ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە كەلگەنىدى، ئەتىگەن يەنە مەزىننىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن. مانا ئەمدى ئاشۇ «قەرز» قالغان ئۇيقۇ ئىشىك قېقىپ كەلدى؛ پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى جاهىللىق بىلەن يۇمۇلغىلى تۇردى، هەدەپ ئەسنەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇيقۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئېرىقتىكى سۇدا يۈزىنى يۇدى، سەل سەگىگەندەك بولدىيۇ، يەنە كۆزلىرىگە رودۇپايدەك چاپلاشقان مۈگدەكتىن قۇتۇلالمىدى.

— خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت! — دېدى ئۇ ئاخىر ۋە خالار ـ خالىماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

زۇپتۇمخان سىلكىپ ئويغاتقاندا ئۇ تازا شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى.

— قوپۇڭلار، بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، ئادەملەر ۋارقىرىشىۋاتىدۇ، — دېدى زۇپتۇمخان هودۇققان هالدا.

ساۋۇتئاخۇننىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئالدىراپ كىيدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ بەگ قورۇسىغا چاپتى. بۇ چاغدا ئېرىز ئايۋانغا كەلتۈرۈلۈپ ئاسماققا چىقىرىلىپ بولۇنغانىدى. ساۋۇتئاخۇن «ئىم» دېگىنىچە لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

مانا ئەمدى ئۇ هويلىدا ساراڭدەك چۆرگىلەپ، بەزىدە ئىچىدە گۇلسۇمنى تىللاپ ـ قارغىسا، بەزىدە پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىناتتى، ئۆزىنىمۇ «ئەخمەق، كالۋا» دەپ تىللايتتى. «ئاخشام ئۇنىڭ گېپىگە نېمىشقا ماقۇل دېگەندىمەن، نېمىشقا كېيىن ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالغاندىمەن؟ ئۆزۈمنى كۆرسەتمەي هويلا ياكى باغنىڭ بىرەر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولسام، ئاۋۇ ساراڭ قانجۇق ۋارقىرىغىلى قوپقاندا توسۇۋالماسمىدىم! ؟ هەي••• مەنمۇ ئادەممۇ؟ شۇنچىلىك ئۇيقۇغا چىدىيالماپتىمەن، مېنى غەپلەت بېسىپتۇ••• »

ئايۋاندىن قامچا ئاۋازى ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى ۋە بۇ ئاۋاز هەر قېتىم ئاڭلانغاندا ساۋۇتئاخۇننىڭ يۈركى بىر قېتىم بېغىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك بولاتتى. «ئاھ خۇدا، قامچا هېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. مۇنداق ئۇرۇشقا تۆمۈردىن ياسالغان ئادەم بولسىمۇ چىدىيالامدۇ! ؟ بۇ تاش يۈرەك بەگ، ماۋۇ قۇتۇرغان قاۋان ئېزىزنى راست ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟••• ئۇ مېنىڭ جېنىمغا ئارا تۇرغان يىگىت. ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغاندا مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدىم. مۇشتۇرقەتتە شۇنداق پۇرسەت كېلىپتۇ. نېمىگە قاراپ تۇرىمەن؟ يېنىغا كىرەي، بەدىنىم بىلەن ئۇنى هىمايە قىلاي، قامچا ماڭا تەگسۇن، زالىم بەگ مېنىمۇ قوشۇپ ئۇرسۇن، ئۆلتۈرسۇن. قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم! •••»

ساۋۇتئاخۇن تېز قەدەملەر بىلەن ئايۋانغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئايۋانغا كىرىشى مەنسۇر بەگنىڭ غاپپارنى ئۇرۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇشى بىلەن تەڭ كەلدى.

## 2

ئېزىز ئاسماقتىن چۈشۈرۈلگەندە هوشىدىن كەتكەنىدى.

مەنسۇر بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى ئىككى دورغا سۆرەشتۈرۈپ ئادەتتە گۇناھكارلارنى سولايدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى.

— ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ، قاتتىق ساقلاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى مەنسۇر بەگ.

ساۋۇتئاخۇن خوتۇننى ئۆيدىن يېڭى ئىشتان - كۆڭلەك ۋە پاكىز رەخت ئەكېلىشكە بۇيرۇدى - دە، ئۆزى مەنسۇر بەگنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

— بېگىم، — دېدى ئۇ مەنسۇر بەگكە قاپىقى سېلىنغان ھالدا قاراپ، — ئېزىز پالۋاننىڭ...

— ئۇنى ئەمدى مۇنداق ئاتىماڭ. ئۇ دېگەن گۇناھكار، ئوغرى - قاراقچى! — ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى مەنسۇر بەگ.

ساۋۇتئاخۇن سەل تۇرۇپ قېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، ئۇ گۇناھكار، ئەمما يەنىلا خۇدانىڭ مۇسۇلمان بەندىسى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ھازىر ئالماشتۇرۇپ قويمىساق، كېيىن بەدىنىگە چاپلىشىپ قېلىپ، سالدۇرغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا نېمانچە ئىچ ئاغرىتىپ كېتىسىز؟ — گۆلەيدى بەگ، — شۇ پېتىم تۇرۇۋەرسۇن، بەدىنى قۇرتلاپ ئۆلسۇن ئۇ مۇناپىق!

ساۋۇتئاخۇنمۇ پىكرىدىن يانمىدى، ئۇ ھەممىنى دو تىككەندى:

— بېگىم، ئۇ ھازىر گۇناھلىق ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ئادەمنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت خېنىمنىڭمۇ بارلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا.

— سىز...

مەنسۇر بەگنىڭ سۆزىنى پاتىمە خېنىم بۆلۈۋەتتى:

— شۇنداق قىلىڭ. ساۋۇتئاخۇنكا، تېز بولۇڭ. كىيىملىرىنى دەرھال ئالماشتۇرۇۋېتىڭ.

ساۋۇتئاخۇن مەنسۇر بەگكە قارىدى. ئۇ خوتۇنغا بىر ھومىيىپ قويۇپ، ئاندىن ساۋۇتئاخۇنغا قاراپ «بىلگىنىڭنى قىل!» دېگەندەك قول شىلتىدى.

ساۋۇتئاخۇن دەرھال ھۇجرىدىن چىقتى. ئۇ ھويلىدا خوتۇنى بىلەن گۇلسۇمنى ئۇچرىتىپ، گۇلسۇمگە يەۋەتكۇدەك بىر ئالىيىپ قاراپ قويدى ــ دە، خوتۇنىنىڭ قولىدىن كىيىملەرنى ئېلىپلا ئېزىز سولانغان ئۆي تەرەپكە ماڭدى. زۇپتۇمخان بىلەن گۇلسۇم ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئېزىز سولانغان ئۆينىڭ ئالدىدا غاپپار ۋە يەنە ئىككى دورغا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇراتتى.

— دورغا بەگ، ئىشىكنى ئېچىڭ، — دېدى ساۋۇتئاخۇن غاپپارغا ھومىيىپ قاراپ.

— ھە، ساۋۇت ئاكامكەنغۇ، — غاپپار گويا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ھىجايدى، — بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىز. بۇ قاراقچىنى ساقلاشقا سىز بولمىسىڭىزمۇ يېتىشىمىز. سىز ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ.

ساۋۇتئاخۇن ئۇنى تىللىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئىشىكنى ئېچىڭ دەۋاتىمەن! — دېدى.

مەنسۇر بەگنىڭ خىزمەتكارلىرى ئارىسىدا غاپپارغا مۇشۇنداق ئەلپازدا گەپ قىلالايدىغان كىشى مۇشۇ ساۋۇتئاخۇن ئىدى. غاپپارمۇ ئۇنىڭدىن سەل تەپ تارتىپ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، مەنسۇر بەگنىڭ، بولۇپمۇ چوڭ ـ كىچىك خېنىملارنىڭ بۇ ئادەمگە ئالاھىدە يېقىن مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا باشتىلا ئايان بولغانىدى. «بۇ قېرىنى رەنجىتسەم، خېنىملار بىلەن بېگىمگە چېقىپ، مېنى يامان كۆرسىتىپ قويمىسۇن يەنە» دەپ ئەنسىرەيتتى ئۇ. مۇبادا شۇ تاپتا ئالدىدا تۇرغان كىشى ساۋۇتئاخۇن بولماي، چاكارلار ئارىسىدىكى باشقا ھەرقانداق بىرى

بولغان بولسا ئىدى، بايىقى گېپى ئۇچۇن غاپپار ئۇنى دەرھال تېپىپ قوغلىغان ھەتتا ئۇرۇپ ۋاي دېگۈزۈۋەتكەن بولاتتى.

— ساۋۇت ئاكا، بۇ ئۆيگە كىمنىڭ سولانغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسىزيا؟! — دېدى ئۇ سەل تېرىككەن ھالدا.

— ماڭا قاراڭ، دورغابەگ، بۇ يەردە سىز بىلەن كارا - كاراڭ قىلىپ تۇرۇشقا چولام يوق. ئېزىز پالۋاننىڭ كىيىملىرىنى تېز ئالماشتۇرمىسام بولمايدۇ، قېنى ئىشىكنى ئېچىڭ! — دېدى ساۋۇتئاخۇن تەئەددى بىلەن، ئاندىن بىر دورغىغا قاراپ بۇيرۇدى، — مۇھەممەت ئۇكام، مېڭىڭ، ھۇجرىڭىزدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ ئاچىقىڭ، قېنى تېز بولۇڭ.

ئەمدى غاپپارنىڭمۇ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— ساۋۇت ئاكا، سىلىق - يۇمشاق گەپ قىلىپ بەرسەم، بېشىمغا مىنەي دەۋاتىسىزيا! ؟— دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن،— بىلىپ قويۇڭ، بۇ ئۆيگە بېگىمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۇشمىنى سولاپ قويۇلغان. بېگىمنىڭ رۇخستى بولمايدىكەن، ئۇ يەرگە سىز تۇرماق، ئەۋلىيا بولسىمۇ كىرگۈزمەيمەن!

— بەك ئوبدان، سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ. مەن مۇشتۇرقەتتە بېگىم بىلەن خېنىملارنىڭ يېنىدىن چىقتىم. مېنى بۇ ئىشقا شۇلار بۇيرۇدى.

بۇ گەپ بىلەن غاپپارنىڭ پۇسسىدە يېلى چىقىپ كەتتى. «بايىزە شۇڭا مۇشۇنداق قوپال تېگىپتىكەنسەن - دە،»— دەپ ئويلىدى ئۇ غەزىپىنى تەستە بېسىپ،— خەپ، ئالدىرىما، سېنىڭمۇ توقسۇنىڭ تولۇپ، ئالدىمدا تىترەپ تۇرىدىغان چاغلىرىڭمۇ كېلەر.» ئۇ ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ مەنسۇر بەگدىن بىۋاسىتە سوراپ بېقىشنىمۇ ئويلىدىيۇ، لېكىن پىغانى ئۆرلەپ تۇرغان چاغدا دەردىنى مەندىن ئالمىسۇن، دەپ يەنە يالتىيىپ قالدى. ئاندىن ئاللىنېمىلەرنى غودۇراپ قۇلۇپنى ئاچتى. ئاڭغىچە مۇھەممەت ئاتلىق دورغا جىنچىراغ كۆتۈرۈپ چىقتى.

— سىلەر مەن بىلەن كىرىڭلار، — دېدى ساۋۇتئاخۇن
ئىككى دورغىغا قاراپ، ئاندىن شۇ يەردە تۇرغان گۇلسۇمگە كۆزى
چۈشۈپ يەنە بىردىنلا غەزىپى ئۆرلىدى ـ دە، گويا بۇگۇنكى ئىشتا
زۇپتۇمخانمۇ ئەيىبلىكتەك، ھەر ئىككىلىسىگە قوپال ۋارقىرى-
دى، — سەنلەرگە نېمە بار بۇ يەردە؟ ماڭ، كۆزۇمگە كۆرۈنۈش-
مە!

گۇلسۇم قورقۇپ، زۇپتۇمخان بولسا ھەيران بولۇپ بىر ـ
بىرىگە قاراشتى.

— سەپرا قېرى، — دېدى زۇپتۇمخان.

گۇلسۇم زۇۋان سۇرمىدى.

ساۋۇتئاخۇن ئىككى دورغا بىلەن ئېزىزنىڭ كىيىملىرىنى
سالدۇرۇۋاتقاندا چىدىيالماي يىغلىۋەتتى، كۆز ياشلىرى ئېزىزنىڭ
بەدىنىدىكى ئۇيۇپ قالغان قان ئۇستىگە ئارقا ـ ئارقىدىن تامچى-
دى. «ئاھ خۇدا، مۇشۇنداقمۇ تاش يۇرەكلىك قىلغان بارمۇ؟
مەنسۇر بەگ بىلەن بۇ غاپپار دېگەنلەر ئادەم ئەمەس، چىلبۆرىلەر
ئىكەن» دېدى ئۇ ئىچىدە، ئاندىن ئاۋازىنى چىقىرىپ:

— ئاھ، خاراب بولۇپتۇ بۇ بالا! — دەۋەتتى.

ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان دورغىلارمۇ ئادەتتە ئېزىزنى ھۆرمەت-
لەيدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يۇرەكلىرىمۇ ئام-
بۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى. لېكىن ئىشىك تۈۋىدە ھومى-
يىپ قاراپ تۇرغان غاپپاردىن قورقۇپ سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنال-
مىدى.

ئېزىز بىردىنلا ھوشىغا كەلدى ـ دە، كۆزلىرىنى يوغان
ئاچتى، چىرايى پۇرۇشتى.

— سۇ... سۇ، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

دورغىلاردىن بىرى ساۋۇتئاخۇننىڭ بۇيرۇشىنى كۇتمەيلا يۇ-
گۇرۇپ چىقىپ جامدا[1] سۇ ئەكىردى.

① جام — قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان، گىرۋىكى نېپىز قاچا.

— خۇداغا شۈكۈر، بالام، ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، — ساۋۇتئاخۇن يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى، — جېنىم بالام، ئاز-راق چىداڭ.

ئېزىز بەكمۇ ئۇسسىغان بولسا كېرەك، جامدىكى سۇنى قويماي ئىچىپ بولدى. ساۋۇتئاخۇن بىلەن دورغىلار ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ بولۇپ، قانلارنى پاكىز رەختتە سۈرتتى. ئاندىن يېڭى ئىشتان، كۆڭلەك كىيدۈرۈپ قويدى.

— بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ، بالام؟

ئېزىز زورىغا كۆلۈمسىرەپ، بېشىنى چايقىدى.

— ساۋۇت ئاكا، ئەمدى بولغاندۇ؟ — ئۇلارنى ئالدىراتتى غاپپار، — ئەمدى يېنىپ چىقساڭلار بولارمىكىن.

ئىككى دورغا دەرھال ئىشىك تەرەپكە مېڭىشتى.

— سىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلىمەن، — ساۋۇتئاخۇن ئېزىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ئاندىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — خۇدايىمغا ئامانەت، ئوغلۇم! — دېدى - دە، كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى.

ئېزىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان ياشلارنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ كۆز يېشىنى توسۇپ قالالمىدى، ئەمما «خىت» قىلغان سادامۇ چىقارمىدى.

دەل شۇ پەيتتە مۇشۇ تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئارقىدىنلا دەرۋازا قاتتىق قېقىلدى. دورغىلاردىن بىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— جانابىي ئەزەم بەگ ھاجىم ۋاپات بولدى، — دېدى ناتونۇش ئادەم، — بۇ خەۋەرنى مەنسۇر بېگىمگە ئېيتىپ قويۇڭ.

— مېھمان، ئۆيگە كىرمەمسىز؟

— ياق، ئالدىرايمەن.

خەۋەرچى قانداق ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز كېتىپ قالدى. مەھەللە يەنە تىمتاسلىققا چۆكتى.

بىراۋنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر كىشىلەردە ھەمىشە مۇسىبەت قايغۇسى ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ. لېكىن بۇ قېتىمقى خەۋەر ساۋۇتئاخۇنغا قانداقتۇر ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگەندەك بولۇپ، قايغۇ - ھەسرىتى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. «ئاھ، ئۇلۇغ ياراتقۇچى ئىگەم، سەن ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى. مەندەك گۇناھكار بەندەڭنى ئەپۇ قىل، مۇشۇ بىر جۇپ ئاشىق - مەشۇق بەندىلىرىڭنىڭ دادىغا يېتىپسەن» دېدى ئۇ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ.

ئىككى - ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن مەنسۇر بەگنىڭ قورۇسى يەنە بىر قېتىم پاتىپاراق بولدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق چاغدا يۈز بەرگىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى مەنسۇر بەگ جىلە بولۇپ.

ئارقىدىنلا بۇ پاتىپاراقچىلىق پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلدى. قولۇم - قوشنىلارمۇ ئويغىنىلدى. بۇ چاغدا كۈنچىقىش تەرەپ سۈزۈلۈپ، مەزىنىنىڭ بامدات نامىزى ئۈچۈن ئېيتقان ئەزان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى، مېيىت نامىزىغۇ يەنە بىر كۈندىن كېيىن چۈشۈرۈلىدىكەن، لېكىن مەنسۇر بەگ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ پەتىگە بېرىشى لازىم. ھېچبولمىغاندا بايلار، موللا - ئىماملار، تۇتۇنبېشى، ئاقساقاللار تولۇق بارمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ مەھەللىدىكى جىمى ياش يىگىتلەرنى ھەرقايسى مەسچىتلەرگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. ئېزىزنىڭ ئىشىنى نامازدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن پاتىمە خېنىم بىلەن ئادالەت توغرىسىدىكى ئىش مەنسۇر بەگنىڭ بېشىنى تازا قاتۇردى. قائىدە بويىچە پاتىمە خېنىممۇ، ئادالەتمۇ چوقۇم پەتىگە بېرىشى لازىم ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئادالەت ئوت - كاۋاپ بولۇپ يېتىپتۇ. ئۇشۇقى جايىغا چۈشۈرۈلۈپ، تېڭىلغان بولسىمۇ ئاغرىقى توختىمىدى، ئىسسىتمىسىمۇ قايتمىدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ يۈرگىلى

بولمايدۇ. لېكىن پاتىمە خېنىممۇ «بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىۋا-
تىدۇ. زۆھرە خېنىم بىلەن ئازارلىشىپ قالمىغان بولسا ئىدى،
ئادالەتكە شۇنى ھەمراھ قىلىپ قويغىلى بولاتتى. بىراق، ئاتا ـ
بالا ئىككىسى بۇگۇنكى ئىشلارنى ئاڭلىسا، ئادالەتكە ھەمراھ بو-
لۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، «خوپ بوپتۇ» دەپ چاۋاك چېلىشار.
پاتىمە خېنىمنىمۇ ئالماي ئۆزى بېرىۋەرسە، قۇدا تەرەپ جەزمەن
ئاغرىنىدۇ، ھەتتا نۇرۇللا بېگىمنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشى
مۇمكىن. بۇگۇن سادىر بولغان شەرمەندىچىلىككە بىرلەشتۇرۇپ،
ھەممە دەردىنى مەنسۇر بەگدىن ئېلىۋالسا كۆرۈك. ئۇ دېگەن بىر
ناھىيىنىڭ بېشى، كىمنى ئەتىۋارلاپ، كىمنى جازالاشنى خالىغان
چېغىدا قىلىۋېرىدۇ...

مۇشۇلارنى ئويلىغاندا مەنسۇر بەگنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭ-
غۇلاشقاندەك بولۇپ كۆرۈندى، ئېزىزغا بولغان غەزىپى يەنە بىر
قېتىم قايناپ تېشىپ، ئۇنى چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كېلىپ كەت-
تى. ئاخىرى مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى: ئادالەتكە تاغىسى-
نىڭ ئايالىنى ھەمراھ قىلىپ قويىدىغان، پاتىمە خېنىمنى ئۆزى
بىلەن بىللە پەتىگە ئېلىپ بارىدىغان بولدى.

بىراق، بۇ قارار جاكارلانغاندا، پاتىمە خېنىم شۇ كەمگىچە
كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قەيسەرلىك بىلەن ئۇنى رەت قىلى-
ۋەتتى.

— ياق، قىزىمنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايمەن! —
دېدى ئۇ گويا ھازىرلا ئادالەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئۇنىڭ
بېشىنى قۇچاقلاپ،— ھېلىغۇ ئەزەم بەگ ھاجى ئىكەن،
ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ئۆلگەن بولسىمۇ بارمايمەن!

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، كۇپۇرلۇق قىلماڭ! — ۋارقىرىدى
مەنسۇر بەگ.

— بارمايمەن دېدىم، بارمايمەن، قىزىمنىڭ يېنىدىن ئايرىل-
مايمەن! — پاتىمە خېنىم ھۇ تارتىپ يىغلىغىلى تۇردى.

مەنسۇر بەگ گېپىنى ئۆتكۈزەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ ئۇنى ئۇرغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن شۇنچە كۆڭۈلسىزلىك ئۈستىگە يەنە بىر خاپىلىق تېپىۋالماي دەپ ئاچچىقىغا ھاي بەردى. ئاندىن سىلىق سۆزلەر بىلەن مەسىلىنىڭ نازۇك تەرىپىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈردى، بىراق پاتىمە خېنىم يەنىلا ئۆز قارارىدىن يانمىدى.

— بېگىم، — خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان تاغىسى سۆز قىستۇردى، — ئەمدى سىلىمۇ خېنىمنى زورلاۋەرمىسىلە، بۇ يەردە تاكاللىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى. مەيلى خېنىم قالسا قالسۇن، قۇدىلارغا ئانا - بالا ئىككىسىنى ئاغرىپ يېتىپ قالغان دەرمىز. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى باشقا ئاياللار بارغاندىكىن، ئۇلارمۇ ئاغرىنىپ يۈرمەس. قىلمىغان ئىشنى يەنە قىلىۋالغىلى بولىدىيا.

مەنسۇر بەگ لېۋىنى چىشلەپ، ئىلاجىسىز بۇ مەسلىھەتكە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى. غاپپار بىلەن ئەخمەت ئىسىملىك بىر دورغا ئېزىزنى ساقلاشقا قالدۇرۇلدى.

— ئىشىكنىڭ تۈۋىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماڭلار، يېنىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭلار! — دەپ تاپىلىدى مەنسۇر بەگ.

ساۋۇتئاخۇن تۇغقانلار ئارىسىدىكى پەتىگە بارىدىغان ئاياللارنى ھارۋا بىلەن ئاپىرىشقا بەلگىلەنگەنىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ بۈگۈن بۇ يەردىن زادى ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق باھانە تاپالماي، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. «خەير، مەيلى، ئېزىز پالۋان ئۈچۈن بۈگۈن بىر كۈن تىنچ ئۆتىدىغان بولدى، بۇ ئارىدا ئازراق بولسىمۇ ماغدۇرىغا كېلىۋالار. خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈن كېچە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەرمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بىر ئامال قىلىپ ئادالەت خېنىمغا ئېيتىپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ ئاندىن زۇپتۇمخانغا، — ئانىسىغا دەپ ماۋۇ دۆيۈز قاۋاننىڭ ئېزىز بالامغا يەنە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ

قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالسۇن، ئاندىن غىزا - پىزا كىرگۈزۈپ بەرسۇن. غىزانى ئۆزۈڭلار تەييارلاپ، ئەكىرىپ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن يېگۈزۈپ قويۇڭلار. ئاۋۇ گۈلسۈم دېگەن نائەھلىنى بۇ ئىشلارغا ھەرگىز ئارىلاشتۇرماڭلار.

ئۇنىڭ ئەنسىرىشى بىھۇدە ئەمەس ئىدى. مەنسۇر بەگلەر مېڭىپ بىرەر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن غاپپار ئېزىزنىڭ يېنىغا كىردى. بۇ چاغدا ئېزىز سەل ئارام ئېلىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. غاپپار ئۇنى تېپىپ ئويغاتتى.

— قانداق نوچى؟ — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — نەچچە ۋاقىنىڭياقى ئەجەب جاھانغا پاتماي كېتىۋىدىڭ، مېنى كۆزۈڭگە ئىلىپمۇ قويمايتتىڭ. ئەمدى چاڭگىلىمغا چۈشتۇڭمۇ؟

ئېزىز ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىر تىكىلىپ قويۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

— ئالىيىسەنغۇ، ھورىڭدىن چۈشمىگەن ئوخشىمامسەن؟ قامچىدىن يەنە ئاززاق تېتىپ قوياي دەمسەنيا؟

ئۇ مۇشۇنداق تىكەنلىك گەپلەر بىلەن ئېزىزنى قىيناش، مۇبادا ئۇ تېرىكىپ، بىرەر قوپال گەپ قىلغۇدەك بولسا، قېچىشقا ئۇرۇندى، دېگەننى باھانە قىلىپ، يەنە ئۇرۇپ، كېچە كەم قالغان زەھىرىنى تولۇق چىچىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— غالجىر ئىت، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — دېدى ئېزىز ئۇنىڭغا قارىمايلا.

بۇ ھاقارەت غاپپارنىڭ شۇم غەرىزىگە تازا ماس كەلدى.

— ماقۇل ئەمىسە، قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلاي، — غاپپار يىرگىنچلىك ھىجىيىپ قامچا تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە زۇپتۇمخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دورغا بېگىم، سىلىنى پاتمە خېنىم دەرھال ئالدىمغا كىرسۇن دەيدۇ.

غاپپارنىڭ كۆتۈرۈلگەن ئوڭ قولى يەنە بىر قېتىم ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى.

— خەپ! سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن!

ئۇ ئىلاجسىز ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىككە قۇلۇپ سالدى - دە، ئەخمەتكە ئىشىك يېنىدىن نېرى كەتمەسلىكىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى پاتىمە خېنىمنىڭ ئالدىغا كىردى.

— دورغا بەگ، — دېدى پاتىمە خېنىم جىددىي تەلەپ-پۇزدا، — سىزگە ئېيتىپ قوياي، كېچىدىن بۇيانقى دەرد - ئەلەملەرمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ناۋادا، يەنە گۇناھكارغا قول تەگكۈ-زۈپ پاراكەندىچىلىك تېرىسىڭىز سىزنى شۇ ھامان بۇ دەرگاھتىن قوغلىۋېتىمەن، ھەرقانداق ئىش بولسا بېگىم كەلگەندىن كېيىن قىلىمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

غاپپار بۇ قېتىم ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى.

— خوپ، خېنىم، پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىمەن! — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ.

— ئاندىن گۇناھكارغا ۋاقتى - قەرەلىدە غىزا كىرگۈزىمەن، غىزا ئېلىپ بارغۇچىغا ھۆرت - پۆرت دېمەي ئىشىكنى ئېچىپ بېرىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ئەمدى چىقىڭ!

غاپپار سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. «بۇ ئىشتىن بۇ خوتۇنىنىڭ-مۇ خەۋىرى بارمۇ نېمە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ھەي، چاقتا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق، قىزدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق دەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن - دە....»

غاپپار ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن پاتىمە خېنىم يىغلام-سىراپ ياتقان ئادالەتتىن سورىدى:

— ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ، قىزىم.

— رەھمەت، ئانا، — دېدى ئادالەت ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— قىزىم، ئېزىز دېگەن بۇ تۇزكورغۇ يۇزىمىزنى بەكمۇ تۆكتى. مېنى دېسەڭ، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈممۇ يوق، لېكىن ماڭا ھەممىدىن مۇھىمى سېنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭ. بالام، سەن مېنىڭ يۈرەك پارەم. سەندىن ئايرىلىپ قالسام، بۇ دۇنيا ماڭا ھارام بولىدۇ.

ئاتا - بالا يۇزلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىپ، ئۆكسۈپ يىغلىشىپ كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## 1

مەتقاسىم بەلگىلەنگەن يەردە ئېزىزنى تاڭ سۈزۈلگىچە كۈتتى. «ئەپلەشمىدىمۇ نېمە؟— دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى ئۇ، — يا ئاخشام ئۇ يەردە بىرەر مۇھىم ئىش بولۇپ قېلىپ، ئېزىز پىلاننى ئۆزگەرتكەنمىدۇ؟ ياكى ئادالەت قورقۇپ نىيىتىدىن يېنىۋالغانمىكىن؟...» بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ خىيالىغا «ناۋادا تۇتۇلۇپ قالغان بولسىچۇ؟» دېگەن پىكىر ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى ـ دە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئاندىن ئۇياق ـ بۇياققا تىنماي ماڭدى.

شەرق تەرەپ تېخىمۇ ئاقىرىپ، چوكچۆلنىڭ دەرەخلىرى غۇۋا كۆرۈندى، ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان ئاي بارغانسېرى سۇسلاشتى. مەتقاسىم تۇرغان يەر چوكچۆلنىڭ ئايغىدىكى قومۇش، يۇلغۇنلار ئۆسۈپ كەتكەن، ئادەم ياشىمايدىغان قۇملۇق جەزىرە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىرەر ئادەمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەسلا ئەنسىرىمەيتتى، ئەمما ئۆزى كۆز يېتىم ئارىلىقتا كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى. ئۇ ھېلىقى مەشئۇم خىيالنى ئىلاجى بار مېڭىسىدىن ھەيدەپ، ئۆزىنى «پىلانى ئۆزگەرگەندۇ ياكى ئادالەت چىقالمىغاندۇ» دېگەنگە ئىشىنىشكە زورلايتتى، بىراق قېرىشقاندەك، ھېلىقى ئەندىشە خىيالىغا رودۇپايدەك چاپلىشىۋالغانىدى.

ئاخىر ئۇپۇق قىزىرىپ كۈن چىقتى. ئالتۇن قۇياش گويا مېھرىبان ئانىدەك كائىناتقا نۇر سېپىشكە باشلىدى. ئەمدى نېملا

بولمىسۇن «قىز ئېلىپ قېچىش» نىڭ بۈگۈن كېچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانلىقىغا مەتقاسىمنىڭ تولۇق كۆزى يەتتى.

«تۇتۇلۇپ قالمىغانلا بولسا، ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئېزىز بولسىمۇ كېلەر ئىدى،— ئاۋازىنى چىقىرىپ، ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى ئۇ،— چوقۇم بىرەر ئىش بوپتۇ. بۇ يەردە نېمىنى ساقلاپ تۇرىمەن؟ دەرھال چوڭكۆلگە باراي.»

مەتقاسىم يېنىدا ئوتلاۋاتقان ئاتنى تۇتۇپ مىندى - دە، چوڭكۆل تەرەپكە قاراپ چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ باشتا توپتوغرا مەنسۇر بەگنىڭ مەھەللىسىگە، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن بىردەمدىن كېيىن بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، ئاتنىڭ بېشىنى ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى.

ئابدۇكېرىم ئۇنى بىر خىل تەشۋىشلىك كەيپىياتتا كۈتۈۋېلىپ، مېھمانخانىسىغا باشلىدى. مەتقاسىم ئۇ يەردە تېخى يېقىندىلا ئابدۇكېرىم ئارقىلىق تونۇشقان ئابدۇۋەلى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە تەقەززالىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— مەتقاسىم، ئۆزىڭىز كېلىپ بەك ياخشى قىلدىڭىز، بولمىسا سىزگە ئادەم ئەۋەتەيلى دەپ تۇراتتۇق،— ئابدۇكېرىم ئالدىن ئېغىز ئاچتى،— سىلەر تەرەپ تىنچلىقتۇ؟!

مەتقاسىم شۇ تاپتا ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ تۇرسىمۇ، «قىز ئېلىپ قېچىش» مەسىلىسى توغرىسىدا ئاۋۋال ئۆزى ئېغىز ئاچماسلىقنى ئويلىدى. كىم بىلىدۇ، كېچە ھېچقانداق يامان ئىش يۈز بەرمىگەندۇ. بۇ مەخپىيەتلىكنى ئالدىراپ پاش قىلىپ قويسا، ئېزىزغا يۈز كېلەلمەي قالار.

— تىنچلىق،— دېدى ئۇ ئابدۇكېرىمنىڭ سۆز ئۇرانى بويىچە جاۋاب بېرىپ،— ماڭا ئۇقتۇرۇشقا تېگىشلىك بىرەر ئىش بارمىدى؟

ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى بىلەن بىر كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن

كېيىن جاۋاب بېرىش ئورنىغا سوئال قويدى:
— قارىغاندا، كېچە بىزنىڭ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشتىن تېخىچە خەۋەر تاپمىغان ئوخشىمامسىز؟
مەتقاسىم يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلگەچكە سەل قىزاردى:
— ياق، بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەردى؟
— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى سىزنىڭ مۇنداق ئەتىگەندە كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ… ھە، مەيلى، بۈگۈن كېچە بۇ يەردە دوستىمىز ئېزىز پالۋان ئۈچۈن يامان بىر ئىش يۈز بەردى.
— نېمە؟ ئۇ…، — مەتقاسىم «تۇتۇلۇپ» دېگەن سۆزنى تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە باشقا سۆزگە ئالماشتۇرۇۋېتىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى، — ئۇنىڭغا نېمە بولدى زادى؟
— كېچە مەنسۇر بەگنىڭ قىزى ئادالەتنى ئېلىپ قېچىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.
— ھەي، — دېدى مەتقاسىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، ئاندىن خىلىغىچە زۇۋانسىز ئولتۇرۇپ كېتىپ، كېيىن گويا ئۆز - ئۆزىدىن سورىغاندەك دېدى، — مەنسۇر بەگ ئۇنى ئۇرۇپ قىينىغاندۇ، ھەقىچان؟!
ئابدۇكېرىم بىلەن ئابدۇۋەلى ئېزىز تۇتۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن جىمى ئىشلارنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ئابدۇۋەلى بايا شۇ مەھەللىگە بېرىپ، ھەتتا زۇپتۇمخان بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەر تاپقانىدى.
— ئەپەندىم، مەن ماڭاي، — مەتقاسىم ئورنىدىن لىككىدە تۇردى.
— قەيەرگە؟ — ئابدۇكېرىممۇ ئورنىدىن تۇردى.
— مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي. ئېزىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمەن.
— ياق، بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەك. قېنى ئولتۇرۇڭ.

مەتقاسىم خالار - خالىماس ئولتۇردى.

— ئېزىز يالغۇز سىزنىڭلا ئەمەس، بىزنىڭمۇ دوستىمىز، — جىددىي ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇكېرىم، — ئۇنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بايا بۇ ئىككىمىز مۇشۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتقان. ئەسلىدە مەنسۇر بەگ ئۇنى بۈگۈن شەھەردىكى تۈرمىگە ئەۋەتمەكچىكەن، لېكىن ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن بۇ ئىش كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ مېيىتى ئەتە چۈشۈرۈلىدىكەن، مەنسۇر بەگ ھەرقانچە ئالدىراپ تۇرسىمۇ، بۈگۈن قاراتاشتىن قايتالمايدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا يەنە بىر كېچە ۋاقىت بار دېگەن سۆز. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، كۈندۈزى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي، ھەتتا ھېچقايسىمىز ئۇ مەھەللىدىمۇ كۆرۈنمەي، غاپپارنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئەڭ ياخشى چارە. ئۇ «ئېزىزنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنمايدۇ» دەپ ئويلىسۇن. ئاندىن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە مۇشۇ ئۈچىمىز مەنسۇر بەگنىڭ ھويلىسىغا پەم بىلەن كىرىپ، مۇمكىن بولسا ئېزىزنى ھېچقانداق شەپە چىقارمايلا قۇتۇلدۇرۇپ چىققىنىمىز تۈزۈك. بەلكىم ئۇ چاغدا دورغىلار ئۇخلاپ قالار. ناۋادا ئويغاق بولسا، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇرۇپ - يىقىتىپ باغلاپ قويۇپ ئېزىزنى ئاچىقىپ كېتىمىز. مېنىڭچە، قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ئېزىز ئۆيىگە بارسا بولمايدۇ...

— بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېتىمەن، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى مەتقاسىم.

— ياق، بولمايدۇ. مەنسۇر بەگ ئۇنى ئالدى بىلەن قولۇم - قوشنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەيدۇ.

— ۋاقىتىنچە بىزنىڭ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرسا قانداق؟—

سۆز قىستۇردى ئابدۇۋەلى،— مەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ.
— بىراق،— ئابدۇكېرىم بۇ تەكلىپكىمۇ قوشۇلمىدى،— ئېھتىمال، مەنسۇر بەگ ئېرىزنى چوڭكۆلدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالسا، ئۇ چاغدا بۇ يۇرتتىكى ھەممە ئۆيلەرنى، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە چالا قويماي ئاختۇرۇشى مۇمكىن. يەنە تېخى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ۋاقتىدا بىزمۇ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.
— ئۇنداقتا، قانداق قىلىمىز؟ — ئالدىراپ سورىدى مەتقاسىم.
— شەھەردە ئىككى - ئۈچ ئىشەنچلىك ئۆي بار، مۇبادا ئېرىزنى قۇتۇلدۇرۇش ۋاقتىدا بىزمۇ ئاشكارىلىنىپ قالساق، ھەممىمىز دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ، ۋاقتىنچە شۇ ئۆيلەردە پاناھلىنىپ تۇرايلى...
— ھەي... شەھەردە... ئۇ يەردە چېرىكلەر، ساقچىلار قۇرتتەك كۆپ تۇرسا...، — ئىختىيارسىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئابدۇۋەلى.
— «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟— كۈلۈمسىرىدى ئابدۇكېرىم،— مېنىڭچە، مەنسۇر بەگ بىزنىڭ شەھەرگە — ھۆكۈمەتنىڭ تۇمشۇقى ئاستىغا يوشۇرۇنۇشىمىزنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئاندىن بۇ ئىككىنچى ئېھتىمال ئۈچۈن ئويلاپ قويۇلغان چارە. بەلكىم بىز ئېرىزنى ھېچقانداق شەپە چىقارماي، ئۆزىمىزمۇ ئاشكارىلىنىپ قالمايلا قۇتۇلدۇرۇپ چىقالارمىز. ئۇ چاغدا شەھەرگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇشۇ چوڭكۆلدە مەنسۇر بەگ زادى گۇمانلانمايدىغان بىر ئۆي بار. ئېرىز ۋاقتىنچە شۇ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرسا بولىدۇ.
— ئۇ قايسى ئۆي؟— مەتقاسىم بىلەن ئابدۇۋەلى تەڭلا سورىدى.
— بىزنىڭ ئۆي.

— سىلىنىڭ ئۆيلىرى؟— مەتقاسىم ئىختىيارسىز سورىدى.

— شۇنداق، بىزنىڭ ئۆي. گەرچە مەن ھازىر مەنسۇر بەگ
بىلەن يامانلىشىپ قالغان بولساممۇ، ئۇ بۇ يامانلىششىنىڭ بىر-
دىنبىر سەۋەبى دەل ئاشۇ ئادالەت توغرىسىدىكى ئىش دەپ چۈشى-
نىدۇ. شۇڭا ئۇ مېنىڭ ئېزىزغا ھېسداشلىق قىلىشىم مۇمكىنلى-
كىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئەكسىچە، مېنىمۇ ئېزىزنىڭ
دۈشمىنىگە چىقىرىۋېتىدۇ. ئاندىن ئانامنىڭ ئۇنىڭ ئاچىسى ئى-
كەنلىكىنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، شۇڭا مەنسۇر بەگ بىزنىڭ
ئۆيدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ.

ئىككى يىگىت بۇ تەكلىپنى ناتوغرا دەپ ئېيتالمىسىمۇ،
ئابدۇكېرىم بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىچە بەزى ئېھتىماللارنى مۇلا-
ھىزە قىلىشىپ، دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرەلمەي قېلىشتى.

دېمىسىمۇ، ئابدۇكېرىم مۇنداق قارارغا ئوڭايلا كەلگەن ئە-
مەس. ئۇ ئەتىگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا دەسلەپتە بەكمۇ ھەيران
قالدى، ئاندىن مەنسۇر بەگە بىلەن كازىم بەگنىڭ ئابرۇيى چۈش-
كەنلىكىدىن سۆيۈندى. كېيىن يەنە نېمىشقىدۇر يۈرىكى سەل
ئېچىشتى.

ئۆزىنى ئەڭ ئالىيجاناب ھېسابلايدىغان ۋە ھەقىقەتەنمۇ شۇن-
داق بولغان ئادەملەرمۇ ئالتۇندەك ساپ، پاختىدەك پاك بولمىسا
كېرەك. تۇرمۇشتا ھەسەتتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتتىن مۇتلەق
خالىي بولغان ئادەملەرنىڭ تېپىلىشى بەك مۇشكۈل. ئەڭ كەڭ
قورساق ئادەملەرمۇ بەزى ئىشلاردا، خۇسۇسەن مۇھەببەت، نىكاھ
مەسىلىسىدە خورلۇق ھېس قىلغان چاغلاردا ئازابلانماي، ئازراقمۇ
غەزەپلەنمەي تۇرالمايدۇ. بۇ ئىشقا كەلگەندە ئابدۇكېرىممۇ ئۇنىڭ-
دىن خالىي بولالمىدى. «دېمەك، ئۇنىڭ مەنسۇر بەگنىڭ ئائىلى-
سىگە كېلىشتىكى ئەسلىي مۇددىئاسى ئەسلىدە مۇشۇ ئىش ئۇچۇن
ئىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە بىر خىل خورلۇق

ھېس قىلىپ، — ناۋادا كازىم بەگ ئارىغا قىستۇرۇلمىغان،
ئادالەت مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدىغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇلار مۇشۇنداق
قىلىشارمىدى؟ ...» ئۇ بىرپەس ئازابلاندى. بىراق، ئابدۇكېرىم
ھازىر ئۇرغۇن ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن خالىي بولغان، ئەركىنلىك
ۋە ھەققانىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپلا قالماي، يەنە
ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتكەن
ئاڭلىق بىر يىگىت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئويلىغانسېرى بايا كۆڭلىدە
پەيدا بولغان ئاغرىنىش ـ ئاداۋەتلەر ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. ئادالەتمۇ ئېزىز بىلەن قېچىپ كېتىشكە رازى بولغاند-
ىكەن، دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ
بارلىقىنى، شۇ يولدا ئەركىنلىككە ئىنتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاي-
دۇ. ئابدۇكېرىم دەل مۇشۇنداق روھنى قەدىرلەيدىغان ئادەمغۇ.
ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇ بۇرۇن ئادالەتنى ياخشى كۆرىدىغان-
دەك قىلىسىمۇ، لېكىن شېرىنئاي بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن
ئادالەتكە بولغان ھېسسىياتىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەسلىكى-
نى، پەقەت شېرىنئايىنىلا شۇنداق مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. يېقىندا ئۇ شېرىنئاي بىلەن ئاۋۋال
خەت ئارقىلىق، كېيىن بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى
ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى. ھەتتا ئۇلۇشكۈن ئۇلارنىڭ ئائى-
لىسىگە ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ماقۇللۇقىنى
ئالدى. دېمەك، ھازىر ئۇنىڭ مۇھەببەت رىشتىسى شېرىنئاي
بىلەن باغلانغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئېزىزنى ھەرگىزمۇ رەقىب
ھېسابلىماسلىقى، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى
لازىم.

— ئاغىنىلەر، چوڭكۆلدە ئېزىز پالۋاننى يوشۇرىدىغان ئەڭ
مۇۋاپىق جاي — بىزنىڭ ئۆي، — ئابدۇكېرىم ھەمراھلىرىنىڭ
كۆڭلىدىكى دېلىغۇللۇقنى چۈشەنگەندەك ئۆز پىكرىنى يەنە بىر
قېتىم تەكىتلىدى، — بۇ ئىشتا ئىشەنچىڭلار تولۇق بولسۇن.

ئېزىز پالۋان مېنىڭمۇ ئەڭ يېقىن دوستۇم.

ئىككى يىگىت يەنە بىر كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى:

— ئەپەندىم، مەن ئۆزۈمگە قانداق ئىشەنسەم، سىلىگىمۇ شۇنداق ئىشىنىمەن، — دېدى مەتقاسىم ئاخىر سەل قىسىلغان هالدا سۆز ئېلىپ، — لېكىن زۆهرە خېنىم بۇ ئىشقا قانداق قاراركىن؟

— مۇشۇ تەرەپتىن مېنىڭمۇ سەل بېشىم قېتىدىم تۇرىدۇ؟ — ئابدۇۋەلىمۇ دېلىغۇل بولغان هالدا سۆز قىستۇردى.

— ئانام هەرگىز مېنىڭ رايىمغا قارشى چىقمايدۇ، — دەرهال ئىپادە بىلدۈردى ئابدۇكېرىم، — بۇ جەهەتتە قىلچە گۇمانلانماڭلار.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئېزىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانى ئۈستىدە مەسلىهەتلىشىشكە تۇتۇندى.

## 2

گۈلسۇم تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرىنىڭ ئېقى قىزارغان، چىرايى قان دىدارى قالمىغاندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

تۇرمۇشتا ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمۇ بەزى تەۋەككۈلچىلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلار مۇنداق ئىشلارنى كۆپىنچە قاتتىق هاياجانلىنىپ، ئۆزلىرىنى زادى كونترول قىلالماي قالغان چاغلاردا سادىر قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنداق چاغلاردا ئۇ ئىشنىڭ هەرخىل ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن، ئىش يۈز بېرىپ بولۇپ، زادى كۈتمىگەن نەتىجە كېلىپ چىققاندىن كېيىن چەكسىز پۇشايمان قىلىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىدۇ. گۈلسۇممۇ هازىر دەل ئەنە شۇنداق هالەتتە ئىدى. ئۇ كېچىدىن بېرى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى. ئۇ

سۆيگەن يارىنى چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلدى.
ئەمدى ئۇنى قانداق خېيىمخەتەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ مەنسۇر بەگ
ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايدۇ، ئۇرۇپ - قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ
يا بولمىسا گۇندىخانىغا سولاتقۇزۇۋېتىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ يەنە قانداق
ئازابىلارنى چېكەر؟ ئاھ، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر مۇشكۇلچى-
لىك! ؟ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇنىڭ تۈپەيلىدىنلا
سادىر بولدى. ھەي... ئەسلىدە ئۇ ئادەم ئەمەس، دۇنيادىكى ئەڭ
ئەسكى، ئەڭ پەسكەش مەخلۇق ئىكەن...

شۇنىڭدىن كېيىن گۇلسۇمنىڭ خىيالىغا بىردىنلا «پالۋاننى
قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك، شۇ چاغدىلا گۇناھىمنى يۇيالايمەن» دې-
گەن ئوي كەلدى. ئۇ بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇردى، لېكىن بىرەر
مۇۋاپىق چارە تاپالمىدى.

ناشتا ۋاقتىدا پاتمە خېنىم گۇلسۇمنى ئالدىغا چاقىرتىپ،
ئېزىزغا ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى، گۇلسۇمنىڭ
كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق يۈگۈردى. «ئۇنى بىر كۆرۈ-
ۋالىدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — غىزانى ئۆز قولۇم
بىلەن يېگۈزىمەن، ئاندىن ھەممە گەپنى ئېيتىپ گۇناھىمنى تى-
لەيمەن. ئۇ مەرد يىگىت، بەلكىم گۇناھىمدىن ئۆتەر، ناۋادا
غەزەپلىنىپ، ئۇرۇپ - تىللاپ كەتسىمۇ مەيلى، ئۆزۈم شۇنىڭغا
لايىق ئىش قىلغاندىكىن، ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. يەنە ئۇنى قان-
داق قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە بىللە مەسلىھەتلىشەرمىز...»

بىراق ئاشخانىدا زۇپتۇمخان ئۇنىڭ بۇ ئازراق خۇشاللىقىنى-
مۇ يوققا چىقىرىۋەتتى.

— پالۋاننىڭ غىزاسىنى ئۆزۈم ئەكىرىمەن! — دېدى ئۇ
توڭلۇق بىلەن ۋە سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرمەي تاماقنى كۆتۈرۈپ
سىرتقا ماڭدى.

گۇلسۇم ئۇنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ھەيران بول-
مىدى. ئېزىز تۇتۇلغاندىن كېيىن ساۋۇتئاخۇن بىلەن زۇپتۇمخان-

لا ئەمەس، باشقا بىرنەچچە چاكارمۇ گۈلسۈمگە ھومىيىپ قارايدى-
غان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ زۇپتۇمخانىنىڭ
كەينىدىن ھويلىغىچە ئەگىشىپ چىقتىيۇ، ئۇنىڭ نېرىسىغا مې-
ڭىشقا جۈرئەت قىلالماي شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىرەر
سائەتچە ۋاقىت ئىچىدە ھويلا بىلەن ئايۋان ئارىسىدا مەقسەتسىز
چۆرگىلەپ يۈردى، كېيىن ئېرىزىنىڭ ھۇجرىسىغا قانداق كىر-
گەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ھۇجرىدا ئېغىر سۈكۈنات
ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭدا بىر خىل ئېغىر ۋە مۇڭلۇق
تەسىرات قالدۇرۇپ، يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى. گويا ھۇجرى-
مۇ ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە بىرپەس
تۇرغاندىن كېيىن ئاستا تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ كات ساندۇق[1]نىڭ
يېنىغا باردى. ئېرىزىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى رەتلىك يىغىلغان-
دى. كىيىم ئاسقۇدا بىر كۆڭلەك ئېسىقلىق تۇراتتى. گۈلسۈم
گويا ئېرىزىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلىماقچى بولغاندەك، كۆڭلەكنى
قولىغا ئېلىپ پۇرىدى، ئاندىن باغرىغا باستى؛ كۆز چاناقلىرى
لۆممىدە ياشقا تولۇپ، تامچىلار مەڭزىگە سىيرىلدى. «پالۋان،
مەن گۇناھكار، مەن سىزگە يامانلىق قىلدىم، مەن ئۆلۈمگە
لايىق...» دېدى ئۇ ئىچىدە. گۈلسۈم شۇ ھالەتتە بىر پەس تۇرغان-
دىن كېيىن كۆڭلەكنى خاتىرە قىلىپ ساقلاش ئىستىكىدە ئۇنى
قولتۇقىغا قىستۇردى، ئاندىن كەينىگە يېنىۋېتىپ ئويۇقتا تۇرغان
كىچىككىنە قۇتىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ مەخسۇس ئۇستىلار قاتتىق
ياغاچتىن ئويۇپ ۋە قىرىپ ياسىغان غاز تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى
ياغاچ قۇتا ئىدى. گۈلسۈم خېنىملارنىڭ ھۇجرىسىدا مۇنداق قۇ-
تىلارنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، ھەتتا تالاي قېتىم ئۇنىڭدىن بىر خىل
قارامتۇل، خېمىرسىمان دورىنى كۇمۇش قوشۇق بىلەن ئېلىپ
خەدىچە خېنىمغا يېگۈزۈپ قويغان. شۇڭا مۇنداق قۇتىلارغا مەخ-

[1] كات ساندۇق — ھەم كارىۋات، ھەم ساندۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر خىل ئۆي سايمىنى.

سۇس دورا قاچىلىنىدىغانلىقى گۇلسۇمگە بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىد-
دى. «بۇ يېقىن ئارىدا پالۋاننىڭ بىرەر يېرى ئاغرىپ قالغان
بولغىيمىدى؟» دەپ ئويلىدى ئۇ باشتا، كېيىن بىردىنلا ھېلىقى
كېچىسى باغدا ئېزىزنىڭ ئادالەتكە ئاللىقانداق ئۇخلىتىش دورىسى
ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى گۇپپىدە ئېسىگە چۈشتى - دە، ھاياجاند-
دىن تىترەپ كەتتى. ئۇ دەرھال قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى
ئاچتى. قۇتىنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىدا بىر خىل قارامتۇل
نەرسە تۇراتتى. گۇلسۇم قۇتىنى بۇرنىغا يېقىن ئەكەلدى. بىر
خىل خۇش پۇراق ھىد دىمىقىغا ئۇرۇلدى. «دورا ئىكەن، ئۇخلىد-
تىش دورىسى بولغىيدى ئىلاھىم...، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە
پىچىرلىدى ئۇ، — پالۋاننىڭ ھېچ يېرى ئاغرىمايدىغان تۇرسا،
دورا ئىشلىتىپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇ چوقۇم ئاشۇ ئۇخلىتىش دورىد-
سى. پالۋان ئاخشام ئالدىراشچىلىقتا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخ-
شايدۇ.» شۇنىڭدىن كېيىن گۇلسۇمنىڭ كۆڭلى بىردىن پاللىدە
يورۇپ كەتتى.

«شۇنچە سەگەك ئىتنى ئۇخلىتىۋەتكەن يەردە غاپپار بىلەن
ئەخمەتنى ئۆلۈكتەك ياتقۇزۇۋېتەر، — دەپ خىيالىنى داۋاملاش-
تۇردى ئۇ، — ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىلىپ-
سەن، بۈگۈن كېچە پالۋاننى قۇتۇلدۇرۇپ گۇناھىمنى يۇيۇشقا
يول كۆرسەتكىنىڭ ئۈچۈن مىڭ قەتلە شۈكۈر...»

گۇلسۇم ئېزىزنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ دورا قۇتىسىنى
ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى. بەك ھاياجانلىنىپ كەت-
كەنلىكتىن ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىرمۇ قاتتىق سوقۇپ تۇراتتى.
بىردىنلا ئۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي قالدى. «ئۇخلىتىش دورىسى-
مىدۇ غولى؟» دېگەن سوئال كاللىسىغا كىرىۋالدى. بىرىگە
كۆرسىتىپ سوراپ باقسا، گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.
ئۇ ئۆزى ئازراق يەپ بېقىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن ئۇ چاغدا قاتتىق
ئۇخلاپ قېلىپ، كېچە بولغىنىنىمۇ سەزمەي قالسىچۇ؟ ياق،

بۇمۇ بولمايدىكەن. شۇ پەيت «تاۋارخان» دەپ ئاتىلىدىغان، تېرى-
سى يولۋاسنىڭ تېرىسىگە ئوخشىشىدىغان مۈشۈك گۈلسۈمنىڭ
ھۇجرىسىغا ئاستا كىرىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۈركىلىپ ئەركىلە-
دى. «تاپتىم، مۈشۈككە يېگۈزۈپ باقاي!» گۈلسۈم مۈشۈكنى
ھۇجرىسىدا قالدۇرۇپ، ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ، ئاشخانىغا
ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى - دە، قاقچىلىك چوڭلۇقتا ئىككى
پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى. ھۇجرىغا سولىنىپ قال-
غان مۈشۈك سىرتقا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەدەپ ئىشىكنى
تاتىلاپ مىياڭلاۋاتاتتى. گۈلسۈم ئىشىكنى ئېچىپلا ئۇنى تۇتۇۋال-
دى. ئاندىن يەنە ئىشىكنى يېپىپ مۈشۈكنى يەرگە قويدى.
مۈشۈك ئۇنىڭ قولىدىكى گۆشنى ھىدلاپ يەنە ئۇنىڭغا يېپىشتى.
گۈلسۈم پۇتى بىلەن ئۇنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ، بايىقى قۇتىنىڭ
ئاغزىنى ئاچتى - دە، ئۆرۈك مېغىزى چوڭلۇقىدىكى بىر پارچە
دورىنى ئېلىپ، ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى پارچە گۆشنىڭ ئارىسىغا
تىقتى - دە، بىر پارچىسىنى مۈشۈكنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى.
مۈشۈك ئۇنى كاپ قىلىپ ئاغزىغا سېلىپ، چايناپ يېيىشكە
باشلىدى. ئارقىدىن يەنە بىر پارچىسىمۇ ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ
كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ھويلىدا بىرەيلەننىڭ گۈلسۈمنى چاقىرغان
ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىگە سۈركىلىۋاتقان مۈشۈكنى
يەنە ھۇجرىغا سولاپ قويۇپ، سىرتقا چىقتى. ئارىدىن بىر سائەت-
تەك ئۆتۈپ، ئۇ ھۇجرىغا قايتىپ كىرىپ قارىسا، مۈشۈك كىگىز
ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. گۈلسۈم ئۇنى قولى
بىلەن تۈرتۈپ، ئىتتىرىپ باقتى. لېكىن مۈشۈك خۇددى ئۆلۈپ
قالغاندەك كۆزىنىمۇ ئاچمىدى، پۇتلىرىنىمۇ مىدىرلاتمىدى: ناۋادا
ئۇنىڭ قورسىقى سېزىلەر - سېزىلمەس ھالدا بىر كۆتۈرۈلۈپ،
بىر چۈشۈپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى راستىنلا ئۆلۈپتۇ،
دېيىش مۇمكىن ئىدى.

«شۇ ئىكەن، ئۆخلىتىش دورىسى ئىكەن، كەچتە بىر ئامال قىلىپ ئاۋۋال ئىتقا، ئاندىن دورغىلارغا يېگۈزۈۋېتىمەن» دەپ سۆيۈنگەن ھالدا كۆڭلىگە پۈكتى گۈلسۈم.

ئۇ كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى، لېكىن ياز قۇياشى تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. نىھايەت ئاخىر تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى يەنىلا غالىب كەلدى. كۈن ئولتۇرۇپ، تۈن پەردىسى چۈشتى. گۈلسۈم ئىتقا بېرىدىغان گۆشنى بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ «يولۋاس» باغلاپ قويۇلغان يەرگە باردى ـ دە، بىر پارچە گۆشنى ئۇنىڭ يالىقىغا تاشلاپ بەردى. ئىت گۆشنى كاپلا قىلىپ يەۋەتتى.

بۈگۈن كەچلىك تاماققا پولۇ ئېتىلگەنىدى. تاماقتىن كېيىن بىرەر سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەي غاپپار گۈلسۈمنى چاقىرىپ چاي كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغدا گۈلسۈم دورىنى ئۇلارغا قانداق قىلىپ يېگۈزۈۋېتىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغانىدى.

— گۈلسۈم خېنىم، چاي دەملىگەندە مۇشتۇمدەك ناۋاتنى ئايىماسسىز بىزدىن، — دېدى غاپپار چاقچاق قىلىپ. بۈگۈن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى.

گۈلسۈم ھېچ نەرسە دېمەي كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ، چەينەككە مۇشتۇمدەك ناۋات، ياڭاقتەك چاي بىلەن بۇرۇنلا قۇتىدىن ئېلىپ قەغەزگە ئوراپ قويغان دورىنىڭ ھەممىسىنى سالدى ـ دە، ئۈستىدىن قايناق سۇ قۇيۇپ چوغ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن قوشۇق بىلەن قايناق سۇنى تازا ئىلەشتۈردى. گۈلسۈم چەينەك بىلەن ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ غاپپار بىلەن ئەخمەتنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇرنىغا ئۆتكۈر قاڭسىق پۇراق گۈپپىدە ئۇرۇلدى. «نەشە چېكىپتۇ پاسكىنا بەڭگىلەر» دەپ نەپرەت بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويدى گۈلسۈم ۋە چەينەكنى يەردە قويۇپلا كېتىشكە تەمشەلدى.

— توختاڭ، گۈلسۇم، — غاپپار ھىجايدى، — بۇگۈن پېقىرنىڭ كۆڭلى بەك خۇش، ئۆز قولىڭىز بىلەن چاي قۇيۇپ بەرسىڭىز ئىكەن.

گۈلسۇمنىڭ بىرەر قوپال گەپ بىلەن ئۇنىڭ دەككىسىنى بەرگۈسى كەلدىيۇ، لېكىن سەپرا مىجەز غاپپارنىڭ «كۆڭلۈمنى ئاغرىتتىڭ» دەپ چاينى ئىچمەي قويۇشىدىن، ھەتتا ئەلمىنى چەينەكتىن ئېلىپ چاينى تۆكۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى. ئۇ ھۇجرا ئالدىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە تىزلە-نىپ ئولتۇرۇپ ئىككى پىيالىگە چاي قۇيدى ـ دە، غاپپار بىلەن ئەخمەتكە ئۇزاتتى.

— بارىكاللا، گۈلسۇم، — غاپپار ھىجىيىپ تۇرۇپ پىيالە-نى ئېلىپ ئازراق پۇۋلەپ بىر ئوتلىدى، — ھوي، ئەجەب خۇشبۇي پۇرايدىيا، نېمىدە دەملىدىڭىز بۇنى؟ ئىپار ـ زەپەر دېگەندەك نېمىلەرنى سالدىڭىزمۇ ـ نېمە؟ ھېلىتىنلا مەست بولاي دېدىم.

گۈلسۇم جاۋاب بەرمىدى. دورغىلار چاينى پۇۋلىشىپ ئى-چىشتى.

— راست، بۇ چاينىڭ ئەجەب بىر خىل تاتلىق تەمى بارىيا، — دېدى ئەخمەتمۇ تىلىنى تامشىپ، ئارقىدىن سەل تۇرۇۋې-لىپ قوشۇپ قويدى، — ئاندىن يەنە بىر خىل قىرىق تەممۇ بارمۇ ـ نېمە؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلسۇمنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قال-دى.

— ھەي سەھرالىق كالۋا، ئالاھىدە دەملەنگەن چاينىڭ تەمى-نى نەدىن بىلەتتىڭ سەن؟ — غاپپار پوچىلىق بىلەن ئۇنى سۆك-تى، — بىلەمسەن، بۇ دېگەن ھەر خىل دورا ـ دەرمانلار بىلەن دەملەنگەن چاي دېگىنە، ئىپار ـ زەپەر دېگەنلەر بولمىغاندىمۇ لاچىندانە، كاۋاۋچىن، قوۋزاقدارچىن دېگەنلەر جەزمەن بار بۇ-

نىڭدا. دورا چاي دېگەن مۇشۇنداق تېتىيدۇ. ئاندىن يەنە ناۋاتمۇ سېلىنغان دېگىنە، شۇنداقمۇ، گۈلسۇم؟

— شۇنداق، — گۈلسۇم يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئالدىراپ جاۋاب بەردى، — چەينەككە، بېگىم، خېنىملار ئىچىدىغان دورا - دەرمانلاردىن سېلىۋەتكەن.

بىردەمدىلا چەينەك بوشاپ قالدى.

— هەي، تۈگىدىمۇ؟ — دېدى غاپپار ئەزۋەيلەپ، — قانمىدۇق جۇمۇ، قانمىدۇق.

گۈلسۇم بايا ئۇخلىتىش دورىسىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ شامىغا ئارىلىشىپ تېگىگە ئولتۇرۇپ قالغانلىرى بولسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن چەينەكنى يەنە بىر قېتىم تولدۇردى، ئۈستىدىن ئازراق ناۋات بىلەن سوقۇلغان چاي دورىسى سېلىۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇ چەينەكنى غاپپارنىڭ ئالدىدا قويۇپلا خېنىم چاقىرىۋاتىدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئالاھەزەل بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. بۈگۈن مەنسۇر بەگ بولمىغاچقا، چوڭ قورۇنى بۇرۇنلا تىمتاسلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. سىرتتىكى ئۆيلەردە يېتىپ قوپىدىغان خىزمەتچىلەر ئىشلىرىنى ئالدىراپ تۈگىتىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئانا - بالا خېنىملارمۇ تۈنۈگۈن كېچە تۈزۈك ئۇخلىمىغان بولغاچقا، بۈگۈن بۇرۇنلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. لېكىن گۈلسۇم يەنىلا سەگەك ئىدى. ئۇ خېنىملار يېتىپ بولغاندىن كېيىن هويلىغا چىقىپ غاپپارلار ئولتۇرغان يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە دورغىلارنىڭ شۇ يەردىلا سۇنايلىنىپ يېتىشقانلىقى كۆرۈندى. ئەمدى ئۇ ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. دورغىلار بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى. چەينەكمۇ، پىيالىلەرمۇ كىگىز ئۈستىگە ئۆرۈۋېتىلگەنىدى. گۈلسۇم چەينەكنى ئېلىش باھانىسىدە قاپقىنى قەستەن تەگكۈزۈپ ئاۋاز چىقاردى. دورغىلاردىن

يەنىلا ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

— دورغا بېگىم، — ئاستا چاقىردى گۈلسۇم.

جاۋاب ئورنىغا يېقىمسىز پۇشۇلداش ئاڭلاندى. گۈلسۇم ئاندىن پۈتى بىلەن غاپپارنى بىر قېتىم، ئەخمەتنى بىر قېتىم تۈرتتى. ئۇلار يەنىلا ئويغانمىدى. «شۇ تاپتا ئۆلۈك ساڭىرى[1] ئۇخلاپ كېتىشىپتۇ. ھېچنېمىنى تۇيمىغۇدەك، دەرھال تۇتۇش قىلاي» دېدى گۈلسۇم كۆڭلىدە ۋە ئاچقۇچنى تېپىش ئۈچۈن غاپپارنىڭ يېنىنى ئاختۇردى. ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ قولىغا غاپپارنىڭ بەلبېغىغا ئۆتكۈزۈلگەن پىچاق ئۇرۇلدى. گۈلسۇم بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئېزىزنىڭ پىچىقى ئىكەنلىكىنى تونۇدى - دە، ئالدىراپ بەلباغنى يېشىپ ئۇنى غىلىپى بىلەنلا چىقىرىۋالدى؛ ئاندىن ئۇيان ئاختۇرۇپ، بۇيان ئاختۇرۇپ ئاچقۇچنى ئاخىر تاپتى. شۇ ئىشلار تامام بولغۇچە غاپپاردىن نە سادا چىقمىدى، نە مىدىرلاپمۇ قويمىدى. گۈلسۇم ئاندىن «يولۋاس» نىڭ يېنىغا باردى. ئىتمۇ خۇددى ئۆلگەنگە ئوخشاش پۇتلىرىنى سوزۇپ ياتاتتى. گۈلسۇم يەنە ھۇجرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا بەيگىگە چۈشۈش ئالدىدىكى ئاتتەك تېپىرلاپ كەتكەنىدى. ئۇ دورغىلارغا يەنە بىر قېتىم قارىۋېلىپ، كۆڭلىدە «خۇدا ئۆزۈڭ بار» دېدى - دە، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. دەل شۇ پەيتتە كوچىدىن كىملەرنىڭدۇ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈلسۇم قولۇپقا ئۇزاتقان قولىنى دەرھال چۈشۈرۈۋالدى. خەيرىيەت، ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بولسا كېرەك، ئاللىنېمىلەرنى دېيىشكەن پېتى يىراقلاپ كېتىشتى. ئەتراپنى يەنە سەھرا كېچىسىنىڭ ئېغىر جىمجىتلىقى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

«تېخى يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ، سەل تەخىر قىلاي» دېدى گۈلسۇم ئۆز - ئۆزىگە ۋە ئارقىسىغا يېنىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى - دە، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

---

① ئۆلۈك ساڭىرى — ئۆلگەندەك.

مۇنداق چاغدا ۋاقىت دېگەن بەكمۇ ئاستا ئۆتىدۇ. گۈلسۇم ھۇج-
رىدا بارى - يوقى يېرىم سائەتتەك ئولتۇردى، لېكىن بۇ ۋاقىت
ئۇنىڭغا ئون يىلدەك تۇيۇلدى. ئاخىرى ئۇ يەنە ساقلاۋېرىشكە
تاقەت قىلالماي سىرتقا چىقتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى.
ئۇ ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئېزىز سولانغان ھۇجرىغا يېقىن-
لاشتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم: «خۇدا ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!
» دەپ قولۇپقا ئاچقۇچ سالدى. دەل شۇ چاغدا باغنىڭ ئىشكىگە
بۇرۇلىدىغان يەردىكى ئۈجمە دەرىخى تۈۋىدە بىر جۈپ كۆزنىڭ
ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇرغانلىقىدىن ئۇ مۇتلەق خەۋەرسىز
ئىدى.

*　　*　　*

ئېزىز يەڭگىل تۇرتۇشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.
— كىم؟
— تىنچ... بۇ — مەن، سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم.
ھۇجرا ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئەمما ئېزىز ئاۋاز ئىگىسى-
نىڭ گۈلسۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يۈرىكى ھاياجاندىن ئويناپ
كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا قايرىلىپ قىل ئارغامچا بىلەن
مەھكەم باغلىۋېتىلگەنىدى. گۈلسۇم تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى
يەشمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئامال قىلالمىدى. ئاندىن بىردىنلا
غاپپاردىن ئېلىۋالغان پىچاق ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئار-
غامچىنى كېسىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئېزىز تەشەككۈر ۋە خى-
جىللىقتىن ئىبارەت تولىمۇ مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارنىڭ
ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ تېخى گۈلسۇمنى ئوبدان
چۈشەنمەپتىكەن، ئۇ بىر پىداكار قىز، سادىق دوست ئىكەن!
ئېزىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلىپ، دىلىغا ئازار بەرگەن،
ئەمما ئۇ بولسا مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە خەۋپ - خەتەردىن

قورقماي، ھەتتا ھاياتىنى دوغا تىكىپ ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى ئۇزىتىپتۇ. مۇنداق جان كۆيەرلىك ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرەمدۇ!؟...

گۇلسۇم تېخى ئارغامچىنى تولۇق كېسىپ بولالمىغانىدى، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلىپ، نامەلۇم بىر ئادەم لىپپىدە ھۇجرىغا كىردى. ئېزىزمۇ، گۇلسۇممۇ چۆچۈپ كېتىشتى. گۇلسۇم ئارغامچىنى كېسىشنى قويۇپ، پىچاقنى مەھكەم تۇتقىنىچە دىڭگىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئارقىغا بۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئۇ راستتىنلا ھەممىنى دوغا تىككەنىدى.

ھېلىقى كىشى تېز، ئەمما شەپە چىقارماي، ئىشىكنى يەنە بايىقىدەك ياپتى - دە، پەس ئاۋازدا:

— قورقماڭلار، بۇ — مەن، ئوسمان خارەت، — دەپ پىچىرلىدى.

ئوسمان خارەتمۇ پۈتۈن بىر كۈننى ئېزىزنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ئۆتكۈزۈپ، نامازشام مەزگىلىدىلا تامدىن ئارتىلىپ باغقا كىرىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پىلانى ئاددىي، ئەمما خېلىلا خەتەرلىك ئىدى. «بۇ يىگىت بىلەن بۇرۇن زادىلا تونۇشمايتتۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ مېنى زالىم بەگنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، — دەپ قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلاتتى ئۇ باغدىكى ئەنجۈر دەرىخى تۈۋىدە تاقەتسىزلىك بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ، — مانا ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا مۇشكۈلات چۈشتى. ئىنسان بالىسى ياخشىلىقنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئۇنى جەزمەن قۇتۇلدۇرىمەن. ھەر ئىككىلا دورغا پۈتۈن بىر كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزەلمەيدۇ. جەزمەن نۆۋەتلىشىپ قارايدۇ. قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئىشىك تۈۋىدە كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرغىنىغا تۇيۇقسىز ئېتىلىمەن، ئىلاجى بار ئۆلتۈرۈپ قويماي ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىمەن. ھۇجرىدا ئۇخلاپ قالغىنى سەزمەي قالار. مۇبادا ئۇمۇ سېزىپ قېلىپ ئالدىمنى توسقۇدەك بولسا، كەكەم بىللە ئۇنىمۇ ئۇرۇپ

يىقىتىمەن. بەلكىم مەنمۇ تۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن، مەيلى
ئېزىز پالۋاندەك مەردانە يىگىت ئۇچۇن گۇندىخانىدا ياتساممۇ
رازىمەن...»

ئۇ كوچىلىدە كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتتى، دەپ مۆلچەرلىگەندىن
كېيىن كەكىسىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا باغدىن ھويلىغا چىقىدى-
غان ئىشىك يېنىغا بېرىپ، ئىچكىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق
سالدى. ھويلىدا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ ئىشىكنى تار-
تىپ بېقىۋىدى، ئېچىلمىدى. ئاندىن ئۇستىدىن ئارتىلىپ چۈش-
مەكچى بولۇپ، ئىشىككە يامىشىشىغا، يولدا كىملەرنىڭدۇ سۆز-
لەشكىنى ئاڭلاندى. بۇ — بايا گۇلسۇمنى چۆچۈتكەن ئاۋازلار
ئىدى. «سەل تەختىر قىلاي» دېدى ئۇ ۋە ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇر-
دى. ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت ساقلىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيت-
تى. بىر چاغدا «تەۋەككۇل، خۇدا ئۆزۈڭ بار» دېدى - دە،
ئىشىكتىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. ئۇ پۇتىغا بوگۇن تاغلىقلار
كىيىدىغان چورۇق كىيىۋالغاچقا، يەرگە چۈشكەندىمۇ ھېچقانداق
شەپە چىقمىدى. ئوسمان خارەت دوقمۇشتىكى ئۈجمە دەرىخى
يېنىدا توختاپ ئېزىز سولانغان ئۆي تەرەپكە قارىدى. ھويلىدىكى
تال بارىڭىنىڭ ئاراشلىرىدىن چۈشكەن ئاي يورۇقى ئۇ يەرنى غۇۋا
يورۇتۇپ تۇراتتى. ئوسمان خارەت ئىككى گەۋدىنىڭ يەردە سوناي-
لىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. «ھەر ئىككىلىسى شۇ يەردە ئىكەن،
ئۇخلاپ قېلىشقانمىدۇ ياكى...» شۇ پەيت ھوجرىلاردىن بىرىنىڭ
ئىشىكى ئېچىلىپ، بىر ئادەم ھويلىغا چىقتى - دە، ئوسمان
خارەتنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ ئۆزىنى دەرھال دەرەخ دالدىسىغا
ئالدى. ھېلىقى گەۋدە ئۆزى چىققان ھوجرا ئالدىدا بىردەم توخ-
تاپ تۇرۇپ، كېيىن ئېزىز سولانغان ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
«ھوي، بۇ نېمە ئىش؟ — ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئوسمان
خارەت، — كۈندۈزى ئۇقۇشقان چېغىمدا پالۋاننى ئىككى دورغا
ساقلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىۋېدىم، ئەمدى يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قال-

دىغۇ، بۇ كىمدۇ؟...» ھېلىقى نامەلۇم ئادەم ئاي يورۇقى ئوبدان چۈشىدىغان يەرگە كەلگەندە كىيىملىرىدىن ئايال ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. «خوتۇن كىشى؟ — يەنە ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى ئۇ، — قايسى خوتۇندۇ بۇ؟ ئادالەت خېنىم ئەمەسلىكى ئېنىق، ھېلىقى گۈلسۇم دېگەن دېدەك قىزمىدۇيا؟ ئۇ يېرىم كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟...» بۇ ئارىدا ھېلىقى ئايال يەردە يېتىشقان گەۋدىلەرنىڭ يېنىدىن بىمالال ئۆتۈپ ھۇجرا ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ ئېزىزنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. «كىملا بولمىسۇن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش پالۋاننى قۇتۇل- دۇرماقچى بولغان ياخشى نىيەتلىك بىرى ئىكەن، — دەپ جەزم- لەشتۈردى ئۇ، — دورغىلار مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ. مەنمۇ دەرھال ھۇجرىغا كىرەي. مۇبادا دورغى- لار ئويغىنىپ قالسا، لازىم بولارمەن» . ئوسمان خارەت مۈشۈك- تەك شەپە چىقارماي يورغىلاپ مېڭىپ ھۇجرا يېنىغا باردى. ئۇ يەردە جىندەك توختاپ، يۈزىنى ئىشىككە يېقىپ قۇلاق سالدى. ئاندىن پەم بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى...

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ھويلىغا چىقىشتى. ئېزىز ئۆزى ماڭالايتتى، شۇنداقتىمۇ ئوسمان خارەت ئۇنى يۆلىۋالدى. گۈل- سۇم ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك يېپىپ، قۇلۇپ بىلەن ئاچقۇچنى ئىشىك يېنىدا ئاستا قويۇپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشنى شۇنداق خاتىرجەملىك بىلەن قىلدىكى، ئېزىز بىلەن ئوسمان خارەت ھەيران قالدى، لېكىن ئۈنچىقىشمىدى. گۈلسۇم دەرۋازى- نىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ئېلىۋالغانىكەن، ئۆزى ئالدىن بېرىپ ئېچىپ بەردى.

— سىڭلىم، — دېدى ئوسمان خارەت دەرۋازىدىن چىقىپ بولۇپلا پىچىرلاپ سۆزلەپ، — بۇ ئۆيدىكىلەر سىزدىن زادى گۇمانلانماسلىقى كېرەك، شۇڭا پالۋاننى ئەمدى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئۆزىڭىز كىرىپ كېتىڭ.

گۇلسۇم بۇرۇن ئېزىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلىغان، لېكىن بايا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قولىنى بوشىتىۋاتقاندا بىردىنلا كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر پىكىر كەلگەنىدى: «پالۋاننى قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسەك، مەنسۇر بەگنىڭ قولى يەتمەيدىغان يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشىساق. بەلكىم، ئەمدى پالۋانمۇ ئادالەت خېنىمغا تارتىشماس» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ. شۇڭا ئوسمان خارەتنىڭ گېپىگە دەماللىق بىرەر ئىپادە بىلدۇرەلمەي قالدى.

— گۇلسۇم، ئوبدان سىڭلىم، — دېدى ئېزىز هاياجانلانغان هالدا، — كۆڭلىڭىز ئالتۇندىنمۇ ساپ ئىكەن. سىزگە ئۆمۈرۋايەت قەرزدارمەن، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرماي قويمايمەن. خەير كۆرۈشكىچە خۇدايىمغا ئامانەت.

بىچارە گۇلسۇم لاسسىدە بولۇپ قالدى. «ئۇ مېنى يەنىلا يارىم دەپ تونۇمايدىكەن… هەي تەتۈر پېشانەم…» ئازاب بىلەن خىيالدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ۋە ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن كۆز ياشلىرىنى ناهايىتى تەستە بېسىۋالدى. ئۇ تونۇگۇن كېچە ئېزىز بىلەن ئادالەتنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدا ئۆزى سەۋەبكار بولغانلىقىنى ئېيتقۇسى كەلدىيۇ، لېكىن گەپنىڭ ئۆزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— پالۋان، مەن بىر گۇناهكار بەندە… سىلىنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، — دېدى ئۇ ناهايىتى تەسلىكتە سۆزلەپ، ئاندىن قولىدىكى پىچاقنى ئېزىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇ سىلىنىڭ پىچاقلىرى، بايا غاپپاردىن ئېلىۋالغانىدىم، ئۆزلىرىگە لازىم بولۇپ قالار.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئارقىغا بۇرۇلغان پېتى دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

ئېزىز ئۇنىڭ «مەن گۇناهكار» دېگەن سۆزىگە هەيران قې-

لىپ ئارقىسىدىن ھاڭۋاقىنىچە قاراپ قالدى.

— پالۋان، بۇ يەردىن ئىلدام كېتەيلى، — دېدى ئوسمان خارەت ئۇنى ئالدىرىتىپ.

ئىككىلەن تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قورۇدا يەنە ئۈچ ئادەم پەيدا بولدى. ھەر ئۈچىلىسىلا يۈزلىرىنى رەخت بىلەن ئورۇۋالغان، خەنجەر ۋە توقماقلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار شەپە چىقارماي مېڭىپ دورغىلارنىڭ يېنىغا كېلىشتى. دورغىلارنىڭ قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، قۇلۇپ بىلەن ئاچقۇچنىڭ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا بىر - بىرىگە قاراشتى، ئەمما ئۈن چىقىرىشمىدى. بىرى ئىشىك تۈۋىدە دورغىلارغا قاراپ تۇردى، ئىككىسى ھۇجرىغا كىردى، لېكىن ئۇلارنىڭ تاپقىنى كېسىپ تاشلانغان ئارغامچا پارچىلىرىلا بولدى، خالاس.

# ئون بەشىنچى باب

## 1

ئوسمان خارەت ئېزىزنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ ياڭاقلىق يېزىسىنىڭ چېگرىسىغىچە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ ئېزىزنى بارىدىغان يېرىگىچە ئاپىرىپ قويماقچىدى، لېكىن ئېزىز «تاڭ ئېتىپ بولغۇچە ئۆيىڭىزگە بېرىۋالمىسىڭىز مەنسۇر بەگدە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىسىز» دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ئېزىز كۇندۇزى سولاقتا ياتقاندا «مۇبادا قۇتۇلۇپ كېتەلىسەم، دەرھال قۇدرەتلەرنىڭ يېنىغا بارىمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈككەندى. ئۇنداقتا، ئادالەت بىلەن ۋاقتىنچە ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ، مەنسۇر بەگنىڭ ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ قالالايتتى. چۈنكى، قۇدرەتلەر ئۇنى جان تىكىپ قوغدايتتى. ئاندىن ئۇ تاماق ئەكىرگەن زۇپتۇمخاندىن ئادالەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كۆڭلى خېلى خاتىرجەم بولغانىدى. ئەمدى ۋىسالغا ئېرىشىشنىڭ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىرلا يولى — ئادالەتنى مەنسۇر بەگ ئائىلىسىدىن زورلۇق بىلەن ئەكېتىش يولىلا قالغانىدى. بۇ ئىشنى بولسا، پەقەت قۇدرەتلەرگە تايانغاندىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. قۇدرەت بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن ئالاقىسى بار بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولۇپ، ئېزىز ئۇلاردىن سۇلايمان، ئابدۇللا ئىسمىلىك ئىككى يىگىت بىلەن تونۇشۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئېزىز بۇ قېتىم ياڭاقلىق يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاشۇ سۇلايماننى تېپىشنى نىيەت قىلغانىدى. بەخ-

تىگە يارىشا سۇلايماننىڭ ئۆيىدە ئۇ دەل قۇدرەت ۋە سادىقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

— ھوي، بۇ پالۋان ئاغىنىمىز ئىكەنيا! ئاداش، سىنىڭمۇ بىزنى ئىزدەيدىغان كۈنۈڭ بولىدىكەن، — دېدى قۇدرەت ئادىتى بويىچە ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، — تىنچلىقمۇ ئۆزۈڭ، قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى؟ ھە، راست، بەك ئەتىگەن كېلىپسەنغۇ بۇ يەرگە؟

— تىنچلىق، سىلەرنىڭ شامىلىڭلار ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئاداش، — ئېزىز تومتاقلا جاۋاب بېرىپ جىم بولۇۋالدى.

ئۆيدە قۇدرەت، سادىق ۋە سۇلايماندىن باشقا يەنە ئۈچ يىگىتمۇ بار ئىدى، سۇلايماننىڭ ئايالى داستىخانغا ئۈنى - بۇنى ئەكىرىش يۈزىسىدىن كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. چېچەن قۇدرەت بۇ قېتىم ئېزىزنىڭ ئۇلارنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن ھازىر ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، يەنە كوچىلاپ ئولتۇرماي:

— ناھايىتى ياخشى، بىزنىڭ شامىلىمىز سەندەك پالۋاننى ئۇچۇرۇپ كېلەلىگەن بولسا، ئۇنىڭ خېلى كۈچى بار ئىكەن، — دېدى چاقچاق قىلىپ، — قېنى «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، ئاۋۋال ناشتا قىلىۋالايلى، ئاندىن ئالدىرىمىساڭ بىرنەچچە كۈن بىللە ئويناپ كۈلەرمىز.

ئېزىز گەپ قىلماستىن كۈلۈمسىرەپلا قويدى. يىگىتلەر تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكەچ، چاقچاقلاشقاچ ناشتا قىلىشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن باشقا يىگىتلەر ئايۋانغا چىقىپ كېتىپ، ساراي ئۆيدە ئېزىز، قۇدرەت، سادىق ۋە سۇلايمانلا قېلىشتى.

— قېنى، ئەمدى ئېيتقىنا، بۈگۈن بىزنى قانداق مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭ؟ — سورىدى قۇدرەت جىددىي تەلەپپۇزدا.

— مەن بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم، — دېدى ئېزىز ۋە گەپنى نەدىن باشلاشنى چاملىغاندەك بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئادا-لەتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىن باشلاپ، بۇگۈن مەنسۇر بەگنىڭ سولاقخانىسىدىن قېچىپ چىققۇچە بولغان جىمى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

يىگىتلەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەي ئاڭلىدى. پەقەت گەپ گۈلسۇمنىڭ ئېزىزنى قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ئۈستىگە كەل-گەندە قۇدرەت ئۆزىنى تۇتالماي:

— يا ھەزرەت، ئەجەبمۇ يۈرەكلىك قىز ئىكەنيا ئۇ! خوتۇن خەق ئىچىدىنمۇ شۇنداقلىرى چىقىدىكەن - ھە! ؟ — دەۋەتتى.

ئېزىز سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويـ-دى، ئارىنى سەل سۈكۈت قاپلىدى.

— ئاداش، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، — تەكىيىگە جەينەك-لىنىپ ئولتۇرغان قۇدرەت يەنە ئاۋۋال جىملىقنى بۇز-دى، — ئاشۇ قانخور بەگنىڭ يېنىغا بېرىۋالغىنىڭ ئۈچۈن سەن-دىن ئاغرىنىپ يۈرەتتىم. بۇ ھەقتە كۆرسەتكەن باھانەڭگە ھەر-گىزمۇ ئىشەنگۈم كەلمىگەن. مانا ئەمدى بىلدىم. بەزىلەر ئېيتقان-دەك، كۆيۈك دەردى سۆرەپ بېرىپتىكەن سېنى. مېنى دېسەڭ-غۇ، بۇ ئىشىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ كۈلگۈم كېلىدۇ. خوتۇن خەق ئۈچۈنمۇ شۇنچە دىشۋارچىلىق تارتقان بارمۇ؟!

ئېزىز ئۇنىڭغا سەل نارازى بولغان قىياپەتتە قاراپ قويدىيۇ، باشقا گەپ قىلمىدى. سادىق سول قولى بىلەن بۇرۇتىنى سىيلاپ تۇرۇپ دېدى:

— سىزمۇزە ئاداش، بىزگە تازا ئىشىنىپ كەتمەيدىكەنسىز جۇمۇ. باشتىلا ماۋۇ مۇنداق ئىش، دېگەن بولسىڭىز ئۇ پەرىزاتنى ئۆزىمىزلا ئېتىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەرمەسمىدۇق. ئۇ چاغدا مۇنچىلىك سورۇقچىلىقلارمۇ بولمايتتى.

— سىلەرگە ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، ئاغىنىلەر، —

ئېزىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ جاۋاب بەردى، — باشتا
ئېيتىشتىن خىجىل بولدۇم، كېيىن ۋاقىت بەك قىستاپ قالغاچقا
سىلەرنى ئىزدەشكە پۇرسەت بولمىدى، يەنە بىر جەھەتتىن سىلەر-
نى ئاۋارە قىلىشنىمۇ خالىمىدىم.
— ئۆزۈممۇ بىر كۈچتۈڭگۈر يىگىت بولغاندىكىن، باشقى-
لارنىڭ ياردىمىسىزمۇ بىر باشقا ئاچىقالايمەن، دەپ ئويلىدىم
دېگىنە.
— ئىشقىلىپ، بۇ ئىشتا سەل كالتە پەملىك قىپسىز،
ئاداش. ھېچبولمىغاندا، مەتقاسىمنى باغنىڭ سىرتىدا ساقلاپ
تۇرۇشقا قويغان بولسىڭىز، بەلكىم تۇتۇلۇپ قالمىغان بولاتتىڭ-
لار.
— شۇنى دېگىنە، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىپتىكەن، بۇ
ئادىشىمىز.
ئېزىز گەپ قىلمىدىيۇ، لېكىن چىرايىدا بىر خىل ئارام-
سىزلىنىش ئىپادىسى پەيدا بولدى.
— ھوي ئاغىنىلەر، — گەپكە ئارىلاشتى سۇلايمان، —
مۇنداق گەپلەرنى قويۇڭلار ئەمدى. ئېزىز ئاغىنىمىز بۇ يەرگە
تاپا ـ تەنە ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، مەسلىھەت، ياردەم سوراپ
كېلىپتۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەمدى قانداق قىلىش توغرۇلۇق گەپلى-
شەيلى. شۇنداقمۇ، ئېزىز؟
ئېزىز بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.
— بىز ياردەمگە تەييار! — دەرھال ئىپادە بىلدۈردى سا-
دىق.
قۇدرەت قەددىنى رۇسلاپ، ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە بوش شاپى-
لاقلىدى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
— روھىڭنى چۈشۈرمە، ئاداش. خوتۇن كىشى دېگەن تې-
پىلماسنىڭ خورمىسىمىدى. بۇ يۇرتتا چىرايلىق قىزلار دېگەن
سايىنىڭ تېشىدەك تولا. ھەلا دېسەڭ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنگە قالماي

ئالدىڭدا نەچچە ئويۇننى ھازىر قىلىۋېتىمەن. بەگ قىزىنى ئالاتتىم دېسەڭ، ئۇنداقلىرىمۇ تېپىلىدۇ. ئۆزۈڭ چېكىپ تورۇپ تاللىۋا-لىسەن. ئاندىن تويۇڭنى بەگزادىلەرنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك قى-لىمىز، دېگىنە.

— ئاداش، مېنىڭ ھازىر چاقچاق كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق،— ئېيزىز ئۇنىڭغا رەنجىگەن قىياپەتتە قارىدى، — ماڭا ئادالەتتىن باشقىسى كېرەك ئەمەس.

يىگىتلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— رەنجىمەڭ، پالۋان، — دېدى سادىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ، — ئاغىنىمىز قۇدرەت كۆڭلىڭىزنى كۆتۈ-رۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلىپ قويدى.

قۇدرەت بىردىنلا قاتتىق كۈلۈۋەتتى:

— قارىغىنا، سېنىڭ تاۋى نازۇكلۇقۇڭنى. ماقۇل، ماقۇل، كۆزۈڭنى ئالايتما. ئەمىسە، جىك گەپنى قىلاي: بۈگۈن كېچە-سىلا مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئاشۇ مەشۇقۇڭ-نى قولۇڭغا ئېلىپ بېرەيلى، بولامدۇ؟

— بۇ بەلەن گەپ بولدى، — بۇ تەكلىپكە سادىقمۇ دەرھال قوشۇلدى، — مەنسۇر بەگ دېگەن زالىمنىڭ ئانا - مانىسىنى بۇرۇنلا كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىدىغان يەردە ئىدى. لېكىن سىز-نى تەڭلىكتە قويمايلى، دەپ ئاچچىقىمىزغا ھاي بەرگەن. ئەمدى پۇرسەت كېلىپتۇ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقايلى.

— ئاڭلىشىمچە، ھېلىقى غاپپار قاۋان دېگەن يالاقچىمۇ تازا ئەسكى نېمە ئىمىش، ئۇنىمۇ ئوبدان بىر ئەدەپلەپ قويايلى، — دېدى سۇلايمانمۇ سۆز قىستۇرۇپ.

ئېيزىز ئاغىنىلىرىنىڭ مۇنداق پىداكارلىقىدىن قاتتىق تە-سىرلەندى.

— رەھمەت، ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا،— تۈنۈگۈن سولاقتا يېتىپ، كۆپ ئىشلارنى ئويلىدىم.

غولى قۇدرەت ئېيتقاندەك، ئۆزۈمگە بەك ئىشىنىپ كېتىپتىكەنمەن، شۇڭا ئادالەتنى ئۆزۈملا گەپ يوق ئېلىپ قاچالايمەن، دەپ ئويلىغان، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەن گەپ راست ئىكەن. شۇڭا ئەمدى بۇ ئىشتا سىلەرگە تايانمىسام بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئالدىڭلارغا كەلدىم. ھازىرقى گېپىڭلارنى ئاڭلاپ بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. لېكىن بۇ ئىشنى بۈگۈن كېچە قىلمايلى...

— نېمىشقا ئەمدى؟ — ئالدىراپ گەپنى بۆلدى قۇدرەت.

سادىقمۇ ھەيران بولۇپ لوقما سالدى:

— ئۆزىڭىز بايا ھېلىقى كازىم بەگنىڭ توي قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئېيتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

— غولى شۇنداق. لېكىن بايا كازىم بەگنىڭ دادىسىنىڭ تۈنۈگۈن كېچە ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. توي ۋاقتى ئەمدى چوقۇم ئارقىغا سۈرۈلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىلساقمۇ كېچىكىپ قالمايمىز. ئاڭغىچە ئادالەتنىڭ پۇتىمۇ ساقىيىپ قالىدۇ. ئاندىن يەنە بىر ئىش...، — ئېزىز نېمىشقىدۇ قىسىلغاندەك بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

— ھە، توختاپ قالدىڭيا، يەنە قانداق مۇھىم ئىش بار ئىدى؟ — تاقەتسىزلەنگەندەك سورىدى قۇدرەت.

ئېزىز خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى:

— مېنى زاڭلىق قىلماڭلار، ئاغىنىلەر، بۇ ئىشتىن ئىلگىرى ئادالەتنى خەۋەرلەندۈرۈپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالساقمىكىن دەيمەن. مۇبادا ئۇ بۇ چارىگە قوشۇلمىسا...

— باستۇرۇپ بارمايلى دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق.

— ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەمسەن؟

— ياق، بۇ ھەقتە ئىككىمىزنىڭ قىيامەتلىك قەسىمىمىز

بار. بىز باشقىچە بىرەر مۇۋاپىق چارە تاپارمىز.
سادىق بىلەن سۇلايمان ئويلىنىپ قالدى.
— ۋاي ئاداش، مۇشۇنداق مەس - مەسلىقىڭنى قويساڭ، — دېدى قۇدرەت ئاچچىقلىنىپ، — مۇنداق كۆمسەم پىشارمىكىن، ياقسام پىشارمىكىن، دەپ ئولتۇرۇش ساڭا ئوخشاش بىر پالۋان يىگىتكە پەقەت ياراشمايدۇ. مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە بېسىپ بېرىش گېپى چىقىۋىدى، يەنە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدىڭ، بۇ قانداق گەپ زادى؟ ئۇنىڭ ئالدىدا تىلىڭ قىسىلىدىغان بىرەر يېرىڭ بارمۇيا؟
— ياق، ئاداش، ئۇنداق ئەمەس، — ئېزىز سەل ھودۇققان ھالدا جاۋاب بەردى، — مەقسىتىمنى قانداق بىلدۈرسەم بولار؟ ئىشقىلىپ... دېمەكچى بولغىنىم، ئادالەت مەنسۇر بەگنىڭ ئۆز پۇشتى. ئۇ شۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ چوڭ بولغان. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئاتا - ئانىسى ئازار يەپ دىلى ئاغرىسا، مېنىڭ توغرامدا قانداق ئويلاپ قالاركىن؟ دەپ ئەنسىرەيمەن، ئاداش.
— ھەي... بۇ گېپىڭنى قارا...، — قۇدرەت قولىنى شىلتىپ يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، سادىق گەپنى تارتىۋالدى.
— توختا، ئاداش، ئېزىزنىڭ ئەندىشىلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز دېگىلى بولمىغۇدەك. ئادالەت خېنىم ئېزىز بىلەن توي قىلىدىغان بولسا، مەنسۇر بەگ نېمىلا دېگەنبىلەن ئېزىزغا قېيناتا بولىدۇ. ئاندىن ئادالەتنىڭ ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىمۇ ئويلىمىساق بولمايدۇ. مېنىڭچە، پالۋان ئاغىنىمىز بۇ ئىشتا يۈزىنىڭ يورۇق، تىلىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ئويلايدىكەن. ئىشقىلىپ، بۇ بىر نازۇك ئىش، بىزنىڭ باشقا بايلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگىنىمىزگە ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا ئېزىز ئاغىنىمىز دېگەندەك قىلايلى.
— مەنمۇ بۇ گەپكە قوشۇلىمەن، — دېدى سۇلايمانمۇ.
ئېزىز سادىقنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىنى بىلىپ ئەمدى باشقا گەپ قىلمىدى.

— بوپتۇ، ھەممىڭلار شۇنداق دەپ تۇرساڭلار، مەن نېمە دەيتتىم، مەنمۇ قوشۇلدۇم، — دېدى قۇدرەت، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ، سادىقنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى، — دېگەنبىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە كەلگەندە ئابدۇكېرىم ئەپەندىگە يېتىشەي دەپ قاپسەن، ئاغىنە.

يېقىندىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ قۇدرەتلەرگە بولغان بېسىمى يەنە كۈچەيگەنلىكتىن، ئۇلار ھەر كۈنى ئورۇن يۆتكەپ تۇرۇشاتتى. بۇ يەرگىمۇ ئۇلار يېرىم كېچىدە كېلىشكەنىدى، كۈندۈزنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە باشقا جايغا يۆتكەلمەكچىدى. ئۇلار گەپنى پىشۇرغاندىن كېيىن يىگىتلەردىن بىرىنى مەتقاسىمنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

— مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ھەققىدە ئېنىق خەۋەر ئەكېلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى قۇدرەت ئۇنىڭغا، — قاراڭغۇ چۈشكىچە يېتىپ كېلىشكە كۆزۈڭلار يەتسە، مۇشۇ يەرگە كېلىۋېرىڭلار، ئۇنىڭدىن كەچ قالساڭلار، ئۇدۇل ئەگرىيارغا بېرىڭلار.

## 2

مەنسۇر بەگ ئېزىزنى ساقچى ئىدارىسىگە قانداق ئەيىب بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىپ قويغانىدى. پەتىگە تالىپ بەگمۇ كەلگەنىكەن، بىراق ئالدىنقى كۈنى بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئىمكانى بولمىدى.

— بېگىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى مەنسۇر بەگ ئەتىسى ھەممەيلەن تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا تالىپ بەگنى بىر چەتكە تارتىپ.

تالىپ بەگ دەرھال سەگەكلەشتى:

— خوش، قانداق مۇھىم ئىش ئۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئېزىز دېگەن چاكارنى بىلىلىغۇ...
— ھېلىقى پالۋان يىگىتمۇ؟
— شۇ، مەن ئۇنى خېلى تۈزۈك نېمىمىكىن، دەپ ئويلاپتى-
كەنمەن، لېكىن ئەڭ يامان بۇزۇقلاردىن بىرى ئىكەن ئەمەسمۇ.
— خوش، نېمە يامان ئىش قىلدى ئۇ؟
— ئۇ ئەسلىدە ھېلىقى قۇدرەت، سادىق دېگەن ئوغرىلار بىلەن شېرىك ئىكەن، — دېدى مەنسۇر بەگ جىددىي تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىكى مۇددىئاسى — پوستۇمغا كىرىۋېلىپ، شېرىكلىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە بۇلاڭچىلىققا كەلگەندە، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش ئۈچۈن ئىكەن. تۈنۈگۈن كېچە ئۇ ئوغرىلار بىزنىڭ مەھەللىگە راستتىن كېلىشتى. ئەمما بىز ۋاقتىدا سېزىپ قالغاچقا، ئۆيۈمگە كىرەلمەي قېچىشتى، ئېزىز دېگەن مۇناپىق شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ئېرىق مېلىمىز[①] بىلەن قىزىمىز ئادالەتنى مەجبۇرىي بۇلاپ كەت-
مەكچى بوپتىكەن، نەق ئۈستىدىن تۇتۇۋالدۇق. ئۇ قاراقچى سو-
راق جەريانىدا يۇقىرىقى ئىشلارغا ئىقرار بولدى.
— مۇنداق ئىش دېسىلە، سىلى تېخى ئۇنى بىر مەزگىل دورغا بېشىمۇ قىلغان - ھە! ؟
— شۇنى دېمەملا، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلمەي قاپتى-
مەن.
— ئۇ ھارامزادە ھازىر قەيەردە؟
— پۇت - قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ سولاپ قويدۇم. ئەسلىدە تۈنۈگۈنلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا يوللىماقچىدىم، بەگ ھاجىمنىڭ قازا قىلىشى توغرا كېلىپ قېلىپ، ئۈلگۈرەلمىدىم.
بۇ خەۋەر تالىپ بەگ ئۈچۈن خۇددى چاڭقاپ ئۆلەي دېگەن يولۇچى ئۇشتۇمتۇت بۇلاق سۈيىگە يولۇققاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن بۇيان قۇدرەتلەرنىڭ ئىزىغا چۈشكەن بولسى-

① ئېرىق مال — ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ھەر خىل جاۋاھىراتلار.

ـمۇ، ئۇلارنى ھېچ قولغا چۈشۈرەلمەي، ھاكىملاردىن قايتا ـ قايتا
تەنبىھ ئاڭلىغاندى. «ئەگەر يەنە ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئوغرىلار-
دىن بىرەرنى بولسىمۇ تۇتالمىسىڭىز، ئورنىڭىزنى ساقلاپ قالال-
ـمايسىز» دېگەندى نۇرۇللا بەگ تېخى ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا ئۇنى
قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ. «خۇدايىم مېنى يۆلەپتۇ،— دەپ ئويلى-
ـدى ئۇ خۇشال بولۇپ،— بۇ ئوغرى شېرىكلىرىنىڭ جىمى
بارار - تۇرار يېرىنى تولۇق بىلىشى مۇمكىن. تازا قىيىنسام
ئىقرار قىلماي تۇرالمايدۇ. ئاندىن بىر - بىرلەپ، ياق، ھەممى-
سىنى بىر دورەمدىلا تورغا سولايمەن.»

— بېگىم، بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت سىلىگە چوڭ
ئىنئام بېرىدۇ،— دېدى ئۇ مەنسۇر بەگنى ئۇچۇرۇپ،— مەن
ھازىرلا شەھەرگە قايتىپ بەش ساقچى ئەۋەتەي، ئاڭغىچە سىلى
ئۇ ئوغرىنىڭ ھازىرچە مەلۇم بولغان جىنايەتلىرىنى يېزىپ تەييار-
لاپ قويسىلا.

مەنسۇر بەگ ھازىدارلار بىلەن ئالدىراش - تېنەش خوشلى-
شىپ چوڭكۆلگە قايتتى. ئۇ تېخى بىرەر كىلومېتىر ماڭا ـ
ماڭمايلا ئالدى تەرەپتىن ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان
ئەخمەت بىلەن ئۇچراشتى. مەنسۇر بەگنىڭ يۈرىكى گويا بىرەر
شۇم خەۋەردىن بېشارەت بەرگەندەك «جىغ» قىلىپ قالدى.

— نېمىگە كەلدىڭ؟ — ئەخمەتكە ھومىيىپ قاراپ سورىدى
ئۇ.

ئەخمەت قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇپ، ئارانلا:

— ئېزىز قېچىپ كېتىپتۇ، — دېيەلىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ قېچىپ كېتىپتۇ؟ ھۇ نانقېپىلار، ھەرقاي-
سىڭ جالاپ خوتۇننىڭ ئاستىدا قېلىشقانمۇ؟! — مەنسۇر بەگ
غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغاچ ئەخمەتكە ئىككى - ئۈچ قامچە سىلىۋەت-
تى.

مەنسۇر بەگ كۆزىگە قان تولغان ھالدا ئېتىنى ئارقا ـ

ئارقىدىن قامچىلاپ چوڭكۆل تەرەپكە بوراندەك چىپىپ كەتتى. ھەمراھلىرى چاڭ توزۇتۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شۇ تاپتا بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ئات سىلىپ مېڭىشىنى يىراقتىكى تاپ ھىدىنى پۇراپ قالغان ئاچ ئىتلارغا ياكى ئوۋچىلاردىن قاچقان چىلبۆرىلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. مەنسۇر بەگ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان غاپپاردىن غەزەپ بىلەن سورىدى:

— ئوغرى تۇتۇلدىمۇ؟

غاپپار گەپ قىلماستىن ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ يەرگە قاراپ تۇردى.

— ھۇ نائىپى لەقۋا! — مەنسۇر بەگ ئۇنى ئىككى قامچا ئۇرۇۋېتىپ، دەرۋازىدىن ئىتتىك كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل ئېزىز سولانغان ئۆينىڭ يېنىغا بېرىپ ئىچكە قارىدى. كېسىۋېتىلگەن ئارغامچا يەردە خۇددى بوينى ئۈزۈلگەن يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ ياتاتتى.

شۇ تاپتا مەنسۇر بەگ غەزىپىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. بۇغداي ئۆڭ چىرايى قارىداپ چويۇن رەڭگىگە كىرگەن، كۆزلىرى جاللاتنىڭ كۆزلىرىدەك قىزارغان، ساقىلى كىرپە تىكىنىدەك تىكلەشكەن، يوغان بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى تېخىمۇ كېڭەيگەنىدى. شۇ تاپتا نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىردەم ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىنىچە دورغىلارنى، خىزمەتكارلارنى ئاغزىغا كەلگەن يامان گەپلەر بىلەن تىللىدى، ئالدىغا دۇچ كېلىپ قالغانلارنى قامچىلاپ قاچۇردى. شۇ ھالدا ئۇ بەئەينى غالجىر ئىتقىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى.

— بېگىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دېدى ئاخىرى تاغدىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، — بۇنداق قىلىش بىلەن ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى، خۇدايىم بۇيرۇسا،

بىرەر شەپىسى چىقىپ قالار.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن ئايۋانغا يىغىلدى. غاپپارنىڭ بايانى ناھايىتى قىسقا بولدى:

— ھەر ئىككىمىزلا كېچە ـ كۈندۈز سولاقخانىنىڭ يېنىدىن نېرى بولمىدۇق. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە شەيتان ئازدۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمىز. ئۇ قاراقچى شۇ ۋاقىتتا قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئىشىكتىن چىقىپ قاچقانلىقى راستمۇ؟

— راست.

— ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغانمىدى؟

— سېلىنغان.

— بۇ گەپتىن مەلۇمكى، — سۆز قىستۇردى مەنسۇر بەگ. نىڭ تاغىسى، — سىرتىدىن بىرى ياردەملەشمىسە، ئۇنىڭ ئۆزى بۇ ھالەتتە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. گۇناھكارنىڭ قولى باغلانغان، ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغان. دېمەككىم، كىمدۇر بىرى دورغا بەگ ئۇخلاپ قالغاندا ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەن ۋە ئارغامچىنى كېسىپ گۇناھكارنىڭ قولىنى بوشاتقان. بىز…

— ئاچقۇچ كىمدە ئىدى؟ — تاغىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ غاپپاردىن سورىدى مەنسۇر بەگ.

— مەندە ئىدى، بېگىم.

— ئاچقۇچنى سەندىن ئېلىۋالغۇچە زادى تۇيمىدىڭمۇ؟

— قارا بېسىپتۇ، بېگىم.

— ھۇ يارىماس ئېشەك، شۇ ھالىڭغا ئۆزۈڭنى پالۋانمەن دەپ يۈرسەن تېخى! — دېدى مەنسۇر بەگ ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك ھومىيىپ، ئاندىن ھېچبىر ھاجىتى بولمىسىمۇ ئەخمەتكە بۇرۇ. لۇپ سورىدى، — سەنمۇ ھېچ نەرسىنى تۇيمىدىڭمۇ؟

— تۇيماپتىمەن، بېگىم.

— ئۆلۈپلا كېتىشكەن بولۇشساڭچۇ، سەندەك لەقۋالارنىمۇ

ئاش - نان بېرىپ بېقىپتىمەن...، — مەنسۇر بەگ ئۇلارنى يەنە بىرپەس تىللىدى.

«ئۇ قاراقچىغا قايسى دۆيۈز ياردەملەشكەندۇ؟ — دەپ خىيا-لىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ ئاندىن، — مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرد-مىدۇيا؟... ياق، غاپپار ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئۆچ، ياردەملىشىش تۇرماق، ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ ئۇنىڭ. ئەخمەت دېگەن بىر قورقۇن-چاق نېمە، مۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. جەز-مەن باشقا بىرى بار.»

— تۈنۈگۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ - چىققانلار بارمۇ؟

— زۇپتۇمخاچام ئۈچ قېتىم غىزا ئەكىرىپ بەرگەن.

«يا ئاشۇ ئالۋاستى خوتۇنمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى مەنسۇر بەگ، — ئۇنىڭ ئېرىمۇ تۈنۈگۈن كېچە ئۇ قاراقچىغا بەك ئىچ ئاغرىتىپ كېتىۋىدى، خوتۇنىغا شۇنداق تاپشۇرۇق بەرگەن بولسا...»

— زۇپتۇمخان؟

— لەببەي، بېگىم.

— ساڭا غىزا ئەكىرىشنى كىم بۇيرۇغان؟

— پاتىمە خېنىم بۇيرۇغان، بېگىم.

— ئۇنىڭغا غىزادىن باشقىمۇ بىر نەرسە ئەكىرىپ بەردىڭمۇ؟ مەسىلەن، پىچاق - مىچاقتەك؟ — مەنسۇر بەگ بەك جىلە بولۇپ تۇرغانلىقىدىن بۇ ئورۇنسىز سوئالنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— يوقسۇ، بېگىم، ھەددىممۇ! ؟ غىزادىن ئۆزگە ھېچ نەرسە ئەكىرمىدىم. مەن غىزا ئەكىرگەندە دورغا بېگىم قاراپ تۇردى.

— غاپپار، ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىمى-دىڭمۇ؟

— ئىككى قېتىملىقىدا مەن ئۇستىدە تۇرغان، ھېچ نەرسە دېيىشمىگەن. بىر قېتىملىقىدا ئەخمەت كىرىۋىدى.

دەل شۇ چاغدا زۇپتۇمخاننىڭمۇ، ئەخمەتنىڭمۇ چىرايىدا بىر چۆچۇش ئىپادىلەندى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئەخمەت ئۆينىڭ ئىچىگە كىرمەي، ئىشىك تۈۋىدە ئۇيان - بۇيان قاراپ تۇرغان. زۇپتۇمخان پىچىرلاپ تۇرۇپ ئېرىنىغا ئادالەتنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنىدى. بىراق، مەنسۇر بەگمۇ، باشقىلارمۇ ئۇلاردىكى چۆچۇش ئىپادىسىگە دىققەت قىلىشمىدى.

— ھېچنېمە دېيىشمىدى، — دېدى ئەخمەت ۋە سەل ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بۇرۇن ھەرگىز مۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەيتتىم، بۇ كېچە نېمە بولدۇمكىن، ھېچ نەرسىنى تۇيماپتىمەن. «يولۋاس»مۇ قاۋىمىغان ئوخشايدۇ، قاۋىسىمۇ تۇيمىدۇقمىكىنيا؟

مەنسۇر بەگنىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە گۇمان چۈشۈپ:

— ئاخشام نېمە يەپ، نېمە ئىچىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— پولۇ ۋە قوغۇن يېگەن، دوغاپ ئىچكەن، — دەپ جاۋاب بەردى غاپپار.

— ئۇسسۇزلۇقىمىز قانماي، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئەخمەت، — كېيىن يەنە گۈلسۈمقىزغا چاي دەملىتىپ ئىچكەن. ھە راست، شۇ چاي ئاغزىمغا بىر قىسما تېتىغاندەك قىلىۋىدى، بىردەمدىن كېيىن قانداق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەپتىمەن.

— ئاخشام بۇلارغا دەملەپ بەرگەن چايغا نېمە سېلىۋىدىڭ؟ — دەپ سورىدى مەنسۇر بەگ گۈلسۈمدىن.

بايىقىدەك چۆچۈش ئىپادىسى ئەمدى غاپپارنىڭ چىرايىدا ئىپ قىلىپ پەيدا بولۇپ يەنە يوقالدى. ئۇ بۇرۇن ئادەمنى كەيىپ قىلىپ قاتتىق ئۇخلىتىۋېتىدىغان بىرخىل مەجۇننى بىرنەچچە قېتىم يەپ كۆرگەن، ئاخشاممۇ ئۇخلاپ قېلىش ئالدىدا ئۆزىدە ئاشۇ خىل مەجۇننى يېگەن چاغدىكىدەك بىر خىل تۇيغۇنى ھېس

قىلغان، ئەتىگەن ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ بۇ
قېتىممۇ شۇ خىل دورىغا داخىل بولغانلىقىنى ۋە ئۇنى گۈلسۈم-
نىڭ چايغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈۋەتكەنلىكىنى قىياس قىلىپ،
«ئادالەت دېگەن بۇزۇق بۇيرۇپ شۇنداق قىلدۇرغان ئوخشايدۇ»
دېگەن خىيال كۆڭلىگە كەچكەن. مۇبادا ئۇ گۈلسۈمنى چىن
كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمىگەن بولسا ئىدى، ئەتىگەندىلا ئۇنى سو-
ئال - سوراققا تارتىپ، ئۇرۇپ - قىيناپ ئاللىقاچان ئىقرار
كەلتۈرگەن بولاتتى. بىراق مۇھەببەت ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ
قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەخمەتنى مەنسۇر بەگنىڭ ئالدىغا ئەۋە-
تىۋەتكەندىن كېيىن گۈلسۈمنى تېپىپ سۆزلىشىپ بېقىشنى ئويى-
لىۋىدى، بىراق گۈلسۈم خېلىغىچە خېنىملارنىڭ ھۇجرىسىدىن
چىقماي قويدى. ئاڭغىچە مەنسۇر بەگمۇ يېتىپ كەلدى. غاپپار
بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى، مەنسۇر بەگنىڭ ئې-
زىزنى قاچۇرغان كىشىنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى چۈشى-
نەتتى. شۇڭا ئۇ ئەتىدىن بېرى ئۆزى توغرىسىدىلا ئەمەس، گۈل-
سۈم توغرىسىدىمۇ قاتتىق ئەندىشە قىلىپ يۈردى. «ھەي نېمىشقا
شۇنداق قىلغاندۇ؟ بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئادالەتكە ھېچ
نەرسە بولمايدۇ، تاياق يەنىلا گۈلسۈمنىڭ بېشىدا سۇنىدۇ. بەگ
مۇشۇ ئاچچىقىدا ئۇنى جەزمەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ...» شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ چامىسىنىڭ يېتىشىچە، گۈلسۈمنى قوغداپ قېلىشنى،
زادى بولماي كەتسە، باشقىلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ بولسىمۇ،
ئۇنى ئېلىپ قېچىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

نېمە دېگۈلۈك، چىن مۇھەببەت — ھەممىشە پىداكارلىق
بىلەن قوشكېزەك كېلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا گىرىپتار بولىدىكەن،
ۋىسالغا ئېرىشىش يولىدا جىمى نەرسىنى قۇربان قىلىشقا دائىم
تەييار تۇرىدۇ، ئۆزىنى يولۋاستەك قەيسەر، شىردەك كۈچلۈك
ھېس قىلىدۇ، سۆيگەن يارى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتىن
ئايانمايدۇ. غاپپارنىڭ گۈلسۈمگە بولغان مۇھەببىتىمۇ ئەنە شۇن-

داق پىداكارلىقتا ھەمراھ ئىدى.

سوئال - سوراق گۈلسۈمنىڭ ئۈستىگە كېلىپ تاقالغاندا، «ئاپلا، ئاشكارىلىنىپ قالارمۇ؟» دەپ قاتتىق چۆچۈدى غاپپار ۋە ئەڭ يامان ئېھتىمالغا تەييارلىنىپ مۇشتىنى تۈگدى.

— ئاچچىق - چۈچۈكرەك بولسا، ئۈيقۇسىنى قاچۇرار دەپ چاي دورىسى دەملىگەن، ئاندىن دورغا بېگىمنىڭ تەلىپى بويىچە ئازراق ناۋات سېلىۋەتكەن، — ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ جاۋاب بەردى گۈلسۈم، — ئۇلارنىڭ يېنىغا چاينى ئېلىپ بارسام، بۇرنۇمغا بىرقىسما قاڭسىق پۇراق پۇرىدى، نەشە چېكىشىۋىدىمىكىن؟

شۇ ھامان ئەخمەتنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. «ئەقلىڭگە بارىكاللا، گۈلسۈم» دېدى غاپپار ئىچىدە ۋە گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— بۇ گەپ راستمۇ؟ ئاخشام نەشە چەككەنمۇ؟ — مەنسۇر بەگ غەزەپ بىلەن سورىدى.

— چەككەن، — دەپ جاۋاب بەردى غاپپار، ھەتتا بۇ جاۋابنى كەم كۆرگەندەك يەنە قوشۇپ قويدى، — ياخشى غىزا يېگەندىكىدىن كۆتۈرۈپ كېتەرمىز دەپ كۆپرەك چېكىپ قويۇپتۇق.

مۇنداق دەللىك جاۋابتىن ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. ئەخمەت بولسا قورقۇپ غال - غال تىترەپ كەتتى. مەنسۇر بەگ دورغىلىرىنىڭ نەشە چېكىدىغانلىقىنى بۇرۇنمۇ بىلەتتى، ئەمما ئاساسەن بىلمەسكە سالاتتى. بىراق بۇ قېتىم بۇ ئىش ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغاندەك بولدى.

— ھۇ دۆيۈزلەر، نەشە چەككۈچە توڭگۇزنىڭ گەندىسىنى يېيىشسەڭچۇ! ئەمدى بىلدىم، شۇڭا ئۆلگۈدەك مەست بولۇپ ھېچنېمىنى تۇيماي يېتىشىپسەن! — دەپ تىللىدى ئۇ ۋە باشقا دورغىلىرى بىلەن خىزمەتكارلىرىغا ئۇلارنى دەرھال ئاسماقتا ئېسىپ يىگىرمە قامچىدىن ئۇرۇشنى بۇيرۇدى.

بۆيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىندى. ئەخمەت ئۈچ - تۆت قامچا
تېگىش بىلەنلا داد - پەرياد كۆتۈردى، لېكىن غاپپار بولسا
ئاخىرىغىچە چىشىنى چىڭ چىشلەپ زۇۋان سۈرمىدى. پەقەت بىر
ئىشلا ئۈنىڭغا خېلى ئېغىر كەلدى. شۇ كەمگىچە مۇشۇ ئايۋاندا
ئۇ باشقىلارنىلا ئاسماققا ئاسقان، قامچىلىغان. بۈگۈن بولسا شۇ
ئاسماققا ئۆزىمۇ ئېسىلدى، شۇ قامچا ئۆزىنىڭ بەدىنىگىمۇ تار-
سىلداپ تەگدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، بەگلەرگە يالاقچىلىق
قىلىشنىڭمۇ كىشىگە ھەمىشە ئامەت ئەكېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى،
توقسان توققۇز قېتىم جان پىدالىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ،
بىرلا قېتىم تېيىپ كەتسە، ئىلگىرىكى تۆھپىلىرى ھەرگىز ئارا
تۇرالماي، جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.
«بۇ بەگلەر بەكمۇ ۋاپاسىز كىشىلەر ئىكەن غولى» دەپ ھەسرەت
بىلەن خۇرسىندى ئۇ.

دەل شۇ چاغدا گۈلسۈمنىڭ كۆڭلىدە نېمىشقىدۇ ئۇنىڭغا
قارىتا تۇنجى قېتىم سۆس ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

— كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈشۈپ ھازىرلا ھويلامدىن يوقى-
لىش، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنۈشمە! — ئۇلارنى ئاسماقتىن
چۈشۈرگەندىن كېيىن، مەنسۇر بەگ ئىككىنچى بۇيرۇقنى جا-
كارلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇلارنى مەڭگۈگە قوغلاپ چىقارغانلىقى ئى-
دى.

غاپپار گەپ قىلماستىن گۈلسۈمگە گويا «بىز يەنە كۆرۈشى-
مىز» دېگەندەك قاراپ قويدى - دە، ئېغىر قەدەم ئېلىپ ئايۋان-
دىن چىقىپ كەتتى.

مەنسۇر بەگ ئېزىزغا ياردەم قىلغۇچىنىڭ گۈلسۈم بولۇپ
قېلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمىدى: «ئۆزى تۇتۇپ بېرىپ، يەنە
ئۆزى قاچۇرامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. زۇپتۇمخاندىنمۇ گۇمانلان-
غۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى، باشقىلاردىن گۇمانلىنىش تېخىمۇ
ئەقىلگە سىغمايتتى. ئۇ ئادالەت بىلەن پاتمە خېنىملاردىن گۇمان-

لانماقچى بولۇپ يەنە يالتايدى: «ئادالەت ئاغرىق، ماڭالمايدۇ،
پاتمە ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ ئىشنى قىلماس. ياق، مۇنداق ئويى-
لاش بولمىغان گەپ.»

مەنسۇر بەگ ئەتىگەن تالىپ بەگكە: «ئېزىز دېگەن بۇ قاراق-
چى قۇدرەتلەرنىڭ شېرىكى ئىكەن» دېگەن بولسىمۇ، ئېزىزنىڭ
ئۇلار بىلەن بىرەر ئالاقىسى بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. شۇڭا
ئۇلاردىن گۇمانلانمىدى. دېمىسىمۇ، مۇبادا ئېزىزنى قۇتۇلدۇرغۇ-
چىلار شۇلار بولغان بولسا، ئىشنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىل-
مىغان، مەنسۇر بەگنىڭ جىمى دۇنيا دەپىنەسىنى قويماي سۇپۇ-
رۇپ كەتكەن، ھەتتا ئادالەتنىمۇ بىللە ئەكەتكەن بولاتتى.

«بوپتۇلا، بۇ ھەقتە بېشىمنى قاتۇرۇۋەرمەي، — دېگەن يەر-
گە كەلدى ئۇ ئاخىرى، — ماڭا لازىمى ئېزىز، مۇھىمى شۇنى
تۇتسام‌لا بولدى، ئۇ چاغدا ياردەملەشكۈچىمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئۇ
قاراقچى تاياقنى يەتكۈچە يېگەن، بەلكىم تېخى چوڭكۆلدىن چى-
قىپ كېتەلمىگەندۇ، بەك ئۇزاپ كەتتى دېگەندىمۇ ئۆز يۇرتىغا
بارغاندۇ. ئادەم تەشكىللەپ ئىزدىتەي.» ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن
ئۆز تەۋەسىدىكى ھەممە تۇتۇنىبېشى، ئاقساقاللارنى، مەھەللىسىدى-
كى قاۋۇل يىگىتلەرنى يىغدى. ئۇلارغا دورغىلىرىنى قوشۇپ،
بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلدى ـ دە، بىر قىسمىنى قوشتۇگمەنگە
ماڭدۇرۇپ، قالغىنىنى چوڭكۆلنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— يول ئېغىزلىرىغا كۆزەتچى قويۇڭلار، ئادەم يوشۇرۇنۇ-
ۋالغۇدەك يەرلەرنى، ئۇ قاراقچى بىلەن ئازراق بولسىمۇ ئالاقىسى
بار دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چالا قويماي ئاختۇرۇڭ-
لار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ، — ئۇ تۇزكور قاراقچىنىمۇ، ئۇنىڭ
شېرىكلىرىنىمۇ قولغا چۈشۈرمەيدىغان بولسام، دادامنىڭ ئوغلى
بولماي كېتەي. ئۇ دۆيۈزلەرنىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىپ، گۆ-
شىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن، جەددى ـ جەمەتىنى يۇرتتىن ھەي-
دەپ چىقىرىۋېتىمەن!

بىردەمدىن كېيىن تالىپ بەگ ئەۋەتكەن ساقچىلار يېتىپ كېلىشتى. ئەمما ئۇلار قورسىقىنى راۋۇرۇس تويدۇرۇپ، ياندۇقلىرىغا تۆت - بەش تەڭگىدىن پۇل سېلىشقان بولسىمۇ، مەنسۇر بەگنىڭ «ئوغرىنى ئىزدىشىپ بەرسەڭلار» دېگەن ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ قايتىپ كېتىشتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. ئېزىز مەتقاسىم بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ئۈچ قېتىم بىۋاستە كۆرۈشتى. كېيىنكى قېتىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىمنى بىللە بارغاندى. ئۇ قۇدرەت، سادىق، ئېزىز ۋە مەتقاسىملارنى يىغىپ نۆۋەتتىكى ئىشلار ئۈستىدە ئالاھىدە سۆزلەشتى.

— ۋەزىيەت بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ جىددىي كەيپىياتتا، — بىزنىڭ شەھەردىكى ئادەملىرىمىزدىنمۇ بەزىلەر قولغا ئېلىندى. ساقچى ئىدارىسىدىكى ئادىمىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، سىلەرنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئاجرىتىلغان ساقچىلار يەنە كۆپەيتىلىپتۇ. ئۇلارغا يەنە كازىم بەگنىڭ لۈكچەكلىرىمۇ قوشۇلغانمىش. سىلەر تاشقورغانغا كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا تېزرەك، بولسا، بۈگۈنلا بىر قارارغا كېلىڭلار. يەنە كېچىكسەڭلار كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

قۇدرەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى - دە، بىردىنلا توختاپ كەسكىنلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈردى:

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى. شۇ كەمگىچە مۇشۇ يەردىكى بەگ - بايلار ۋە ساقچىلار بىلەنلا ئېتىشىپ كېلىپتۇق. ئەمدى قەشقەر تەرەپلەردىكى چېرىكلەر بىلەنمۇ بىر تۇتۇشۇپ باقايلى.

سادىقمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى - دە، ئېزىزغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— پالۋان، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ قالساق، بىزدىن ئاي-رىلىپ قالماسسىز - ھە! ؟

— نېمىشقا ئايرىلىپ قالغۇدەك، — قۇدرەت ئېزىز ئۇچۇن جاۋاب بېرىۋەتتى، — ئۇنىڭ «ئەمدى ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇ-شەققەتتىمۇ سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن» دېگىنىنى ئۇنتۇپ قال-دىڭمۇ؟ ئەلۋەتتە بىللە ماڭىمىز، شۇنداققۇ، ئاداش؟ !

ئېزىز بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان، ئەمما ئادا-لەت بىلەن قوشۇلۇش ئىشىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويغاچ-قا، ئۇ سەپەر ھەققىدە ئېنىق بىر قارارغا كەلمىگەنىدى. شۇڭا ھازىرمۇ سەل قىسىلغاندەك بىر ھالەتتە جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، لېكىن...

قۇدرەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، ئاشۇ پەرىزەتتەك خۇمار كۆزلۈكۈڭگە تارتىشىسەن-غۇ، تايىنلىق. بۇ ھەقتە ئۆتكەندىلا كېلىشىپ بولغانغۇ. ھەي، مەتقاسىم، ئېيتقىنا، ئۇ خېنىم بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزگە ماقۇل بوپتۇمۇ؟

— ماقۇل بوپتۇ، پەقەت بىرلا ئۆتۈنۈشى بار ئىكەن.

— قانداق ئۆتۈنۈش ئىكەن ئۇ؟

— ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا چېقىلماسلىقى-مىزنى سورايدىكەن.

— ۋاي، ئوڭاي گەپ ئىكەن ئۇ، — دېدى قۇدرەت كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە گويا ئابدۇكېرىم بىلەن مەنسۇر بەگ ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىقنى، ئۇنىڭ ئادالەت بىلەن بولغان بۇرۇنقى مۇناسىۋە-تىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر خىل كەيپىياتتا سۆزىنى داۋاملاش-تۇردى، — ئەسلىدىغۇ، مەنسۇر بەگ دېگەن ئۇ توڭگۇزنىڭ پالۋان ئاغىنىمىزگە قىلغانلىرىنى بۇرۇندىن بولاق قىلىدىغان يەر-دە ئىدى. خەير، بوپتۇ، خېنىم قىزنىڭ لەۋزىنى ئىلىك ئالايلى، ھەتتا دۇنيا دەپىنەسىغىمۇ چېقىلمايلى. كۆڭلۈڭنى توق تۇت،

ئاداش، يارىڭنى كازىم بەگ دېگەن لۈكچەككە ھەرگىز قويۇپ كەتمەيمىز. ئۆزۈڭ ئاتىناڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭىسەن ئۇنى. توغرا دېدىمىمۇ، ئەپەندىم؟

ئېزىز ئابدۇكېرىمدىن خىجىل بولۇپ، بەقەمدەك قىزارغان ھالدا پەسكە قارىۋالدى. ئابدۇكېرىممۇ نېمىشقىدۇر سەل قىسىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن يەنىلا دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— بايا يولدا كەلگۈچە مەتقاسىم بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلەشكەن. بۇ ئىشنى شۇنداق قىلايلى، — ئاندىن ئۇ ئېزىزغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پالۋان، «سۇغا كىرسەڭ بېلىڭگىچە» دېگەن گەپ بار. سىز ھازىر مەنسۇر بەگنىڭلا ئەمەس، كازىم بەگ ۋە نۇرۇللا بەگلەرنىڭمۇ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدىڭىز. ئۇقۇشۇمچە، كازىم بەگ ئۆز ئادەملىرىگە «ئېزىز مېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم، ئۇنى زادى قاچۇرۇپ قويماڭلار، پۇت - قولىنى چېقىپ لەختە - لەختە قىلىۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، ئەمما ئالدىمغا تىرىك ئەكېلىڭلار. ئۇنىڭ قېنىنى ئىچمىسەم دەردىم چىقمايدۇ» دېگەنمىش. سىزنى قورقۇتقانلىقىم ئەمەس، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنسۇر بەگ سىزنى قۇدرەتلەر بىلەن بۇرۇندىن شېرىك ئىكەن، دەپ جاكارلىۋەتتى. ساقچىلار ئەمدى سىزگە مۇشۇ يۇرتتىلا بولسىڭىز زادى ئاراملىق بەرمەيدۇ. يەنە شۇنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان مۇشۇ زۇلۇم يوقىتىلمايدىكەن، باشقا ئىشلارغا ئوخشاشلا مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشىدىمۇ ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەڭ مۇھىمى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، ئەل - يۇرتتا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئورنىتىشىمىز لازىم. قانداق، بۇلار بىلەن بىللە ماڭامسىز؟

— ماڭىمەن، — دېدى ئېزىز قىسقىلا ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— دېمىدىمۇ، بۇ ئاغىنىمىزمۇ بۇرۇنلا بىز بىلەن بىر نىيەتكە كېلىپ بولغان، بۇ قېتىم يارايسەن، ئاداش، — قۇدرەت كۆلۈپ تۇرۇپ ئېزىزنىڭ يەلكىسىگە بىر شاپىلاقلاپ قويدى.
— مۇنداق قىلايلى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئابدۇكې-رىم، — ئادالەتنىڭمۇ پۇتى ساقىيىپ ماڭالىغۇدەك بولغانمىش. ئىشقا تېز تۇتۇش قىلايلى، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، سەپەرگە ئاتلىنىش بىلەن ئادالەتنى ئېلىپ قېچىشنى بىر كېچىگە ئورۇن-لاشتۇرايلى. ئاندىن دەرھال مېڭىپ كېتىڭلار.
— نېمە، سىلى بىز بىلەن ماڭمامىلا؟ — ئالدىراپ سورىدى سادىق.
— مېنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان يەنە بەزى ئىشلىرىم بار. سىلەر ئاۋۋال مېڭىپ تۇرۇڭلار. مەنمۇ ئۇزاققا قالماي ئارقاڭلار-دىن يېتىپ بارىمەن.
يىگىتلەر بۇ گەپتىن سەل ئەپسۇسلىنىشقان بولسىمۇ، لې-كىن يەنىلا ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ماقۇل بولۇپ، ئۆز ئىپادى-لىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن كونكرېت ئىشلار ھەققىدە مەسلى-ھەتلىشىپ، ۋاقتىنى ئەتە كېچىگە توختىتىشتى. شەھەر ۋە باشقا يېزىلاردىنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭىدىغان تۆت - بەش كىشى بار ئىكەن. ئۇلارمۇ ئەتە چۈشتىن كېيىن بىر - بىرلەپ كېلىپ قۇدرەتلەرگە قوشۇلىدىغان، ساقچىلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن، نامازدىگەردىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى سادىق باشچىلىقىدا ئاۋۋال كۈنچىقىش تەرەپكە مېڭىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئارقىغا بۇرۇلۇپ خىلۋەت يوللار بىلەن زاۋۇ دېگەن يەرگە بارىدىغان، قالغان يىگىتلەر قۇدرەت ۋە ئېزىز باشچىلىقىدا ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ چوڭكۆل تەۋەسىدىكى توغراقلىققا يىغىلىپ، كىشىلەر ئۇيـ-قۇغا كەتكەندە مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرى-دىغان، ئاخىرىدا ھەممىيلەن زاۋۇدا ئۇچرىشىپ بىرلىكتە قاغىلىق تەرەپكە ئاتلىنىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئاندىن ئابدۇكېرىم يانچۇ-

قىدىن بىر لېپاپنى ئېلىپ قۇدرەتكە بەردى:

— ئاغىنىلەر، سىلەر ماڭغىچە بىز يەنە ئۇچرىشالماسلىقىمىز مۇمكىن، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — بۇ لېپاپتا تەشكىلاتىمىز نامىدىن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ئالاقە بار. ئۇنى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن تۇرسۇن ئەلى دېگەن كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ. ناۋادا بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالساڭلار، ئۇنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدە ھەرگىز ھايالشىماڭلار، ئادالەتنى ئېلىپلا دەرھال زاۋا تەرەپكە ئاتلىنىڭلار.

— دېگەنلىرىدەك قىلىمىز، ئەپەندىم، — ھەممىسى ئۈچۈن قۇدرەت ئىپادە بىلدۈردى.

— پالۋان، ئەمدى بىز بىلەن بىر سەپتە بولدىڭىز، ھەممە ئىشىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئېزىزغا بۇرۇلۇپ، — دادىڭىزنىڭ ئاقسۇ ئاۋاتتا تۇرۇۋاتقان ئېنىق جايىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، مەن ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتىپ، ھازىرچە يۇرتقا قايتماي، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قوياي. تاشقورغانغا بارغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ سىزمۇ خەت ئەۋەتەرسىز.

ئېزىز ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى.

— خەير، دوستلار، يەنە كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، سىلەرگە ئاقىۋول تىلەيمەن! — ئابدۇكېرىم يىگىتلەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

يىگىتلەر ئۇنى كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قېلىشتى.

## 2

بۈگۈن ئادالەت بىرقىسما ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ زۇپ-

تۇمخاندىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن ئاچىقىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا:

— مەن رازى، ئىشقىلىپ، ئېزىز پالۋان بىلەن بىللە بولىدىغانلا ئىش بولسا، ھەممىگە رازىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەندى.

بىراق، ئەتىگەن زۇپتۇمخان ئۇنىڭغا ھېلىقى ئىشنىڭ بۇگۈن كېچە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن بىردىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

مەنسۇر بەگ ھازىر ئىنتايىن سەگەكلىشىپ كەتكەن ۋە ئاچچىقلىنىپ - چېچىلىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ چاكارلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، بەزىدە بىر - ئىككى شاپىلاقمۇ سېلىۋېتەتتى. ھەتتا پاتىمە خېنىمغىمۇ نەشتەردەك ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىشتىن ئايانمايتتى. گەرچە كىشىلەرگە: «قىزىمنى ئېزىز دېگەن قاراقچى زورلاپ ئېلىپ قاچماقچى بوپتىكەن» دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئېزىز بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا زادى چىرايىنى ئاچمايتتى، بىۋاستە گەپمۇ قىلمايتتى. تولا چاغلاردا «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» شەكلىدە، پاتىمە خېنىمغا گەپ قىلغان بولۇپ، ئادالەتكە زەھەر چېچىۋالاتتى.

ئېزىز پەرەز قىلغاندەك ئادالەتنىڭ توي ئىشى يەنە بىر قېتىم قەرەلسىز ئارقىغا سۈرۈلگەنىدى.

— بېگىم، ئەمدى سەگەكرەك بولسىلا - ھە، — دېدى نۇرۇللا بەگ يەتتە نەزىر ۋاقتىدا مەنسۇر بەگكە تەنە قىلىپ، — قىزلىرىنى بۇلاپ قاچىدىغان قاراقچىلار يەنە چىقىپ يۈرمىسۇن.

مەنسۇر بەگ كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتىلغان بۇ گەپتىن خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

كازىم بەگنىڭ تالىپ بەگ ئارقىلىق يەتكۈزگەن گېپى تېخى

مۇ يامان ئىدى:
— ھېلىقىدەك ئىش يەنە بىر قېتىم سادىر بولۇپ قالسا، مەنسۇر بەگنىڭ پۈتۈن تەئەللۇقاتىغا ئوت قويۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن! — دېگەنىدى ئۇ.
تالىپ بەگ بۇ گەپنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئۆزى تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ قويدى:
— بېگىم، ئەمدى بەك سەگەك بولسىلا، كازىم بېگىمنىڭ مىجەزىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم ئۇ. بىكار ئىچ ئاغرىقى تارتىپ قالمىسىلا يەنە.
مەنسۇر بەگ بۇ تەھدىتتىن راستتىنلا قورققان، ئۆزىنى مۈشۈ كويغا سېلىپ قويغان ئېزىز بىلەن ئادالەتنى يەتكۈچە تىللاپ قارغىغان، ھەتتا ئەزەم بەگ ھاجىمنىمۇ ئاياپ قويمىغانىدى. «بىتەلەي سۈغا چىقسا، ئېرىقتا ئېشەك تېزەكلەپتۇ› دېگەندەك بۇ قېرىنىڭ مۈشۈنداق چاغدا ئۆلۈپ بەرگىنىنى. بولمىسا قىزىم دېگەن داپ يۈزنىڭ پۈتىنىڭ ساقىيىشىغىمۇ ساقلاپ تۇرماي، تويىنى غاچ - غۇچلا قىلىۋېتىپلا، بۇ باش ئاغرىقىدىن بىر يولى قۇتۇلماسىدىم. سەن ئۆلەرمەن قېرىمۇ، مېنى ئوتقا ئىتتىردىڭىيا! …»
ئۇ غاپپار بىلەن ئەخمەتنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، نىياز دېگەن دورغىسىنى باش دورغىلىققا كۆتۈرگەن ۋە يېڭىدىن ئىككى دورغا ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى قاۋۇل يىگىتلەردىن بىرنەچچىسىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ، كېچە - كۈندۈز كۆزەتچىلىككە قويغانىدى. ئۇلار ھويلىغا يات كىشىلەرنى (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) زادى يولاتمايدىغان بولدى. كىرگۈزۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ ئىنچىكە سۈرۈشتۈرۈپ، تاكى ئۇ قايتىپ كەتكۈچە قاتتىق نازارەت قىلىشتى.
«ئېزىز پالۋانلار مەھەللىگە تۇيدۇرماي كېلەلەرمىكىن؟ — — دەپ ئەندىشە ئىلكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئادالەت،

ئۆيمىزگە كىرىش ۋاقتىدا دادامنىڭ ئادەملىرىگە تەڭ كېلەلەر-
مۇ؟ مۇبادا، ئېزىز پالۋان يەنە تۇتۇلۇپ قالسا... ھەي خۇدا...
شۇم نىيەتلىك قىلماي، ئىلاھىم ئۇنداق كۈننى ئىككىنچى كۆر-
سەتمەس...»

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ مېھرىبان ئانىسىدىن، قېرىنداشلىرى-
دىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئويلاپ
كۆڭلى يەنە ھېلىقى چاغدىكىدەك يېرىم بولۇشقا باشلىدى. ئانىسى
ئەزەلدىن كۆيۈمچان، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. مۇشۇ
بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇ ئادالەتكە تېخىمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەت-
تى، ئۇنىڭغا ھەرگىز تاپا ـ تەنە ياكى دوق قىلمىدى. ئۇمۇ چىن
مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھەر ھالدا چۈشىنەتتى. ئۇ قىز ۋاقتىدا
مەھەللىسىدىكى بىر ياش يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئىككى-
سى مەخپىي كېلىشىپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇشقان، لېكىن
ھالقىلىق پەيتتە پاتمە خېنىم قورقۇپ جۈرئەت قىلالماي ئۇ ئىش
ئەمەلگە ئاشمىغان. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئاتا ـ ئانىسى
بۇرۇنلا كېلىشىپ قويغان بىر بايۋەچچىگە ياتلىق قىلىنغان، ئەمما
ئۇنى زادى ياخشى كۆرمەيدىغان بولغاچقا، ھە دېسىلا ئاتا ـ ئانى-
سىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ، بىر يىلغا بارمايلا ئاجرىشىپ كەت-
كەن. مەنسۇر بەگ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى ئىدى. گەرچە بۇ
ئادەم بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقىنىغا يىگىرمە نەچچە يىل بولغان،
بىرنەچچە بالا تۇغقان، تۇرمۇشى پەۋقۇلئاددە باياشات ئۆتۈۋاتقان
بولسىمۇ، يەنىلا ياشلىقتىكى ئاشۇ مۇھەببىتىنى تامام ئۇنتۇپ
كېتەلمىگەنىدى. ئاشۇ يىگىت ناگان ـ ناگاندا ئېسىگە كېلىپ
قالسىلا يۈرىكى پۇچىلىنىپ بەكمۇ بىئارام بولاتتى، شۇ چاغدا
قورقۇنچاقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، ئۇ قىزىنىڭ كازىم بەگدەك بىر لۈكچەككە ياتلىق
بولۇشىغا ئەسلا رازى ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە، كۈيئوغۇل ئابدۇ-
كېرىم بولغان بولسا، تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى. بىراق كازىم

بەگ دېگەن نېمە ئارىغا قىستۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ
كەتتى. پاتىمە خېنىم «قىزىمىزنى ئوتقا ئىتتىرمەيلى» دەپ قانچە
يالۋۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، مەنسۇر بەگكە گەپ يېگۈزەلمىگەن.
دىن كېيىن، دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالدى. ئۇ ئادالەتنىڭ
قايغۇلۇق ھالىتىنى كۆرگەندە، ھەمىشە «ئابدۇكېرىم بەگدىن
ئايرىلىپ قالغانلىقىغا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ تەڭ قاي-
غۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېزىز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىللە
قېچىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا بۇ
ئىش دەسلەپتە ئۇنىڭغا سەل غەلىتە، بىمەنە ۋە ھەتتا نومۇسلۇق
بولۇپ تۇيۇلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ ياشلىقتىكى ئاشۇ سەۋداسىنى
ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئادالەتكە غەزەپلىنىش ئورنىغا، ئىچ ئاغرىت-
قان. «قىزىم بۇ ئەلەمنى كۆتۈرەلمەي ئۆزىنى بىر نەرسە قىلىۋا-
لارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ تۇ-
راتتى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئېغىر پەيتلەردە قىزى-
نىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى؛ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،
سىلىق ـ سىپايە نەسىھەت قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىش-
تى، بەزىدە بىللە قوشۇلۇپ ياش تۆكتى.

ئادالەت باشتا ئانامۇ مېنى ئەيىبلەرمىكىن دەپ ئويلىغان،
ئەمما ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان
ھۆرمىتى، ئامراقلىقى تېخىمۇ ئاشقانىدى. مانا ئەمدى مۇشۇ
مېھرىبان ئانىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت يەنە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ.
بەلكىم بۇ قېتىمقى ئايرىلىشى مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپلا قالار،
تا ئۆلگۈچە كۆرۈشۈش نېسىپ بولماس. بەلكىم باغرى تاش دادى-
سى پۈتۈن ئەلىمىنى مۇشۇ بىچارە ئانىسىدىن ئالار.

«ئاھ قەدىردان ئانام!» ئاۋازىنى چىقىرىپ نىدا قىلدى ئادا-
لەت.

ئۇ خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك كۆڭلى پەرىشان
ھالدا كۈننى كەچ قىلدى. يەنە ئۆتكەنكىدەك نەچچە قېتىم ئەھۋال-

نى ئانىسىغا ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى نىيەت قىلـ
دىيۇ، لېكىن ئىشنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقۇپ جۈرئەت قىلالـ
مىدى.

ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئادالەتنىڭ گۈلسۈمگە بولغان مۇناـ
سىۋىتىدىمۇ جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا
قارىمايتتى، ئۆزلۈكىدىن گەپمۇ قىلمايتتى، ئۇ گەپ سورىسىمۇ
ياكى جاۋاب بەرمەيتتى ۋە ياكى توڭلۇق بىلەن:

— نېرى كېتىڭ! — دەپ قولىنى شىلتىيتتى.

مۇنداق چاغلاردا گۈلسۈم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىمجىت
تۇرۇپ كېتەتتى، نېمىنىدۇر دېگۈسى كەلگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈ-
رۈپ قارايتتى ـ دە، ئاخىر ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ يېنىدىن
كېتىپ قالاتتى.

ئادالەت بۈگۈن كەچكى تاماقتىن كېيىن ئانىسىنىڭ ھۇجرىـ
سىدا (ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇ كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇ ھۇجرىـ
دا ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى) بىردەم يالغۇز قالغانىدى،
نېمىشقىدۇر بىردىنلا گۈلسۈم بىلەن بىر سۆزلەشكۈسى، «مەن
سىزگە نېمە يامانلىق قىلغان؟» دەپ ئۇنى تازا خىجىل قىلغۇسى
كېلىپ قالدى. ئاندىن ئۇنى چاقىرتىشقا ئادەم بۇيرۇدى. بىراق
گۈلسۈم ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەندە، يەنە بىردىنلا يالتىيىپ قالـ
دى. «بولدىلا، قۇتلۇق سەپەر ئالدىدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار
بەرمەي» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان گۈلسۈمگە
قارىمايلا قولىنى شىلتىدى:

— بولدى، چىقىپ كېتىڭ!

گۈلسۈم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىككى ـ ئۈچ دەقىقە چامىسىدا
ئۇنىسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مەيۈس تەلەپپۇزدا:

— خېنىم، گەپلىرى بولسا دېسىلە، — دېدى ۋە سەل تۇرۇـ
ۋېلىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — مېنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن مۇڭداشـ
قۇم بار ئىدى.

— سىزگە ئېيتار گېپىم يوق، چىقىپ كېتىڭ! — دېدى
ئادالەت خېلىلا توڭلۇق بىلەن.

گۈلسۇم ئىچىدە «هەي…» دېگىنىچە بېشىنى چايقاپ قو-
يۇپ، ئاستا هۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئادالەت ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
ماي ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى…

*　　*　　*

ئادالەت چۆچۈپ ئويغانغاندا ئايۋان پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن-
دى.

قۇدرەتلەر ئاتلىرىنى يېرىم كىلومېتىردەك نېرىدىكى كونا
ئېقىن ئىچىدە قالدۇرۇپ مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە ئارقا تەرەپتىكى
ئېتىزلىق بىلەن يېقىنلاشقانىدى. ئۇلار باغ تېمىدىن ئارتىلىپ
چۈشتى ـ دە، «يولۋاس» قاۋاپ كىشىلەرنى ئويغىتىپ بولغۇچە،
ئاۋۋال هويلىغا، ئاندىن ئايۋانغا چاقماق تېزلىكىدە كىرىپ بول-
دى. هويلىدىكى سۇپىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان كۆزەتچى يىگىت
چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، شۇ هامان بېشىغا بىر توقماق يەپ
زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. ئەمدىلا قاۋاشقا كىرىشكەن «يولۋاس»
نىڭ ئاۋازىمۇ ئاۋۋال ئېچىنىشلىق كاڭشىشقا ئالمىشىپ، كېيىن
بىردىنلا تامام ئۈچتى. مەنسۇر بەگنىڭ دورغىلىرى بىلەن باشقا
يىگىتلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ هۇجرىلىرىدىن چىقىشقان بولسى-
مۇ، هېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى، بەزىلىرى توقماق ۋە
مۇشت زەربىسىدىن، يەنە بەزىلىرى بەك قورقۇپ كەتكەنلىكتىن
ئەس ـ هوشىنى يوقىتىشىپ سالپىيىپ قېلىشتى، ئاندىن قولل-
رى باغلىنىپ، ئاغزىغا لاتا تىقىلىپ، بىر ئۆيگە سولاندى ـ دە،
ئىشىكنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىندى.

— هەي زالىم! — دېدى قۇدرەت ئايۋاندا غال ـ غال تىترەپ
تۇرغان مەنسۇر بەگكە مىختەك تىكىلىپ، — ئەسلىدە، شۇ تاپتىلا

سېنىڭ تېرەڭدىن تاسما تىلساقمۇ ئازلىق قىلاتتى، لېكىن ئادا-
لەت خېنىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۆزۈڭگىمۇ، مال -
مۈلكۈڭگىمۇ تەگمەيمىز. ئەمما ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، بىز
كەتكەندىن كېيىن داۋراڭ كۆتۈرۈپ، ئىزىمىزغا چۈشمەكچى بول-
ساڭ ياكى بۇنىڭدىن كېيىن ئاجىز پۇقرالارغا يەنە زۇلۇم سال-
ساڭ، ئىت جېنىڭنى جەھەننەمگە يوللىماي قويمايمىز، ئۆيۋاقىڭ-
غا ئوت قويۇپ كۇلىنى كۆككە سورۇۋېتىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇق... ئۇقتۇم! — قورقۇشتىن ئېسىنى يوقىتىپ قوياي
دەپ قالغان مەنسۇر بەگ دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى.

— يەنە بىر ئىش: قىزىڭ ئادالەت خېنىم بۇنىڭدىن كېيىن
خۇدا قوشقان جۈپتى ئېزىز پالۋان بىلەن ھالال ئەر - خوتۇن
بولۇپ ياشايدۇ. مال - مۈلكۈڭدە ئۇنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا
ھازىرچە ئاشۇ ھەققىنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىللا، تەڭگە
ۋە نەق پۇل بېرىسەن...

— بېگىمنىڭ پۇلى لازىم ئەمەس، ئۆزۈمنىڭمۇ...، — شۇ
يەردە تۇرغان ئېزىز سۆز قىستۇرۇۋېدى، لېكىن قۇدرەت ئۇنىڭ
گېپىنى قېقىۋەتتى:

— سەن جىم تۇر، ئاغىنە، ئادالەت خېنىم ئۆز ھەققىنى
ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق، — ئاندىن ئۇ مەنسۇر بەگكە قاراپ
بۇيرۇدى، — قېنى، تېز بولمامسەن! ؟

بۇ بۇيرۇق ھايالسىز ئىجرا قىلىندى. ئادالەت خالىمىسىمۇ،
قۇدرەتنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپ دادىسى ئۇزاتقان تىللا - تەڭ-
گىلەرنى ئالدى. ئاندىن پاتمە خېنىمنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ
يىغلاپ كەتتى.

— ئادالەت خېنىم، قېنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن
تېزرەك خوشلىشىۋالسىلا، بىز دەرھال ماڭىمىز، — دېدى قۇد-
رەت ئالدىرىتىپ.

ئادالەتنىڭ ئانىسىغا ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلغۇسى

بار ئىدى، بىراق ھەممىسىگە ۋاكالىتەن:
— جېنىم ئانا، مەندەك بىر ۋاپا قىزىڭىزدىن رازى بولۇڭ! ؟— دېدى - دە، ئۇنىڭدىن تەستە ئاجراپ، مەنسۇر بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى،— مەندىن رازى بولسىلا، دادا.
شۇ تاپتا مەنسۇر بەگنىڭ ئۇنىڭغا زادى گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن قۇدرەتنىڭ يەنە ئاربىلىشىشىدىن قورقتىمۇ ياكى ئايرىلىش ئالدىدا بىردىنلا ئاتىلىق مېھرى قوزغالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، تىترەك ئاۋازدا پاتىمە خېنىم بايا ئېيتقان بىر جۈملە سۆزنى تەكرارلىدى:
— سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، قىزىم!
يۈم - يۈم يىغلاۋاتقان پاتىمە خېنىم بىردىنلا ئېزىزغا قاراپ:
— پالۋان، قىزىمنى ئاۋۋال خۇدايىمغا، ئاندىن قالسا سىز- گە تاپشۇردۇم. ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتمىغايسىز! ؟— دېدى.
ئېزىز ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى:
— خېنىم، بەخىرامشلىق قىلىپ، دىللىرىنى ئاغرىتىپ قوي- دۇق،— دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا،— جېنىم تېنىمدىلا بولىدى- كەن، ئادالەت خېنىمنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايمەن!
پاتىمە خېنىم تاقەت قىلالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋېدى، ئۇ- نىڭغا ئادالەت، گۈلسۈم ۋە باشقىلار ئەگەشتى، ھەتتا مەنسۇر بەگمۇ ئۆزىنى تۇتالماي:
— ئاھ خۇدا!— دېگىنىچە يىغلىۋەتتى.
— بولدى، ئەمدى ماڭايلى!— قۇدرەت يەنە سەل كېچىكسە قاتتىق يىغا - زارە باشلىنىپ، ئەلە - مەھەللىنى ئويغىتىۋېتىش- تىن ئەنسىرەپ ئۇنلۇك ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى،— ئېزىز ئاغى- نە، ئادالەت خېنىمنى ئېلىپ ماڭ! سىلەر ئاۋازىڭلارنى ئۆچۈ- رۈڭلار! بىز ئۇزاپ بولغۇچە ئورنۇڭلاردىن قىمىرلىماڭلار!
ئادالەت ئانىسى بىلەن يەنە بىر قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئايۋاندىن چىقتى.

ئېزىز مېڭىش ئالدىدا گۈلسۈمگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىلكىدە قاراپ، ئۈنىڭ بىلەن ئۈنسىز خوشلاشتى ـ دە، ئادالەتنىڭ بوغچىسىنى ئېلىپ بىللە چىقىپ كەتتى. قۇدرەت ئايۋاننىڭ ئىشىكى يېنىدا توختاپ، ئۈشتۈمتۈت كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، گۈلسۈمگە قاراپ:

— گۈلسۈم دېگەن سىزمۇ؟ ھەي… قىز بالا بولۇپ قاپتىكەنسىز ـ دە، يىگىت بولغىنىڭىزدا ئۆزۈمگە قوشۇۋالاتتىم سىزنى، — دېدى.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپلا خاتا قىلغانلىقىنى سېزىپ قالدى. بىراق بۇ چاغدا خىش قېلىپىدىن كۆچۈپ بولغانىدى. مەنسۇر بەگ بىلەن پاتىمە خېنىم بۇ چاغدا ئۆز قايغۇسى بىلەن ھەلەك بولغاچقا، دەماللىققا قۇدرەتنىڭ بۇ سۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىدى.

قۇدرەتلەر قانداق ئۈشتۈمتۈت كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشتى. پاتىمە خېنىم بىلەن گۈلسۈمنىڭ ھۇ تارتىپ، مەنسۇر بەگنىڭ ئۈنسىز يىغلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەھەللە يەنە تىمتاسلىق ئىلكىگە ئۆتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

ئادالەتنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىپ، كازىم بەگنىڭ ئوڭدا
قالغانلىقى ئەزەم بەگ ھاجى جەمەتىنىڭ ئابرۇيىنى بىر پۇل قىلى-
ۋەتكەندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا كازىم بەگ غەزەپلەنگەنلى-
كىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

— مەنسۇر دېگەن بۇ توڭگۇزنىڭ ئۆيۋاقىسىغا ئوت قويۇپ،
كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن! — دېدى ئۇ چالۋاقاپ، — ئۆزىنى
جەددى - جەمەتىگە قوشۇپ بۇ يۇرتتىن قوغلىۋېتىمەن!

ئاندىن ئۇ لۈكچەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرھال چوڭكۆلگە
ئاتلانماقچى بولدى. بۇ ئىش بۇ يۇرتتا قەدىمدىن بېرى داۋام
قىلىپ كېلىۋاتقان كۈچلۈكلەرنىڭ بىر خىل «نومۇسنى يۇيۇش»
چارىسى ئىدى. بىراق نۇرۇللا بەگ بۇ قېتىم قۇترىغان ئىنىسىنى
توسۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى. ناۋادا
بۇرۇنقى خانلىق دەۋرى يا بولمىسا، ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن،
شېڭ شىسەي ھۆكۈم سۈرگەن يىللار، ھەتتا بۇنىڭدىن بىرەر يىل
بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا ئىدى، «نومۇسنى يۇيۇش» قوشۇ-
نىنى چوڭكۆلگە نۇرۇللا بەگنىڭ ئۆزى باشلاپ بارغان بولاتتى.
بىراق، ھازىر زامان سەل ئوخشاشماي قالدى. گومىنداڭ تەشۋى-
قات ئۇچۇن بولسىمۇ، قانۇن - ئىنتىزام، ئەل - يۇرتنىڭ
مۇقىملىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ. يېقىندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
تىن «يۇرت ئىچىدە توپىلاڭغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئىش-
لاردىن قاتتىق ھوشيار بولۇش، توپلىشىپ جېدەل چىقارغانلارنى

قاتتىق جازالاش» دېگەن مەزمۇندا ئۇقتۇرۇش كەلدى. نۇرۇللا بەگ مۇشۇ ناھىيىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇرلاردىن چىققان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار. ئاۋام خەلق ئارىسىدا يۇرتۋازلىق ئېغىر، مەنسۇر بەگ نېمىلا دېگەنبىلەن بىر يېزىنىڭ بېگى. مۇبادا كازىم بەگنىڭ «نومۇسنى يۇيۇشى» چوڭكۆلدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، بىرەر جېدەل - غوۋغاغا سەۋەب بولۇپ قالسا، نۇرۇللا بەگ ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئالدىدا نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ؟

— ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ، ئىنىم،— دېدى ئۇ كازىم بەگنى پەيلىدىن ياندۇرۇپ،— «ئاچچىق ئىماننى قاچۇرار» دەپ-تىكەن، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىمايلى. ئېزىز دېگەن ئۇ قاراقچىمۇ، ئۇنىڭ باندىت شېرىكلىرىمۇ ھېچ يەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاسمانغا چە-قىپ كەتكەن بولسا تاپىمىزدىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تارتىپ، ئالدىمىزدا ھازىر قىلىمىز ئۇلارنى. مەن-سۇر بەگمۇ قۇرۇق قالمايدۇ، ئۇنى بەگلىكتىن قالدۇرۇۋېتىمىز.

كازىم بەگ پەقەت مۇشۇ ئاكىسىدىنلا تەپ تارتاتتى. لېكىن بۇ قېتىم باتنىغان ھالدا غودۇڭشىدى:

— لېكىن، بەگ ئاكا، ئۇ قاراقچىلار قولغا چۈشۈپ بولغۇچە قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولىدۇيا.

— ھەي ئىنىم، سىزبۇزە، خوتۇن دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى. يۇرتىمىزدا ساھىبجامال قىزلار دېگەن تولا. بىر ئادالەت بولمىغان بىلەن ئونلىغان شاراپەتلەر، سائادەتلەر ئالدى-ڭىزدا قول باغلاپ تۇرىدۇ، ئىنىم. گېپىمنى ئاڭلاڭ، ھازىر ئەھۋال سەل نازۇكلىشىپ قالدى، ئاندىن مۇسىبەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمىز. رەھمەتلىك دادىمىزنىڭ قىرىق نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن پەرىزاتتەك قىزلاردىن نەچچىنى دېسىڭىز شۇن-چىنى ئېلىپ بېرىمەن سىزگە.

كازىم بەگ تا هازىرغىچە ئادالەتنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقمى-
غان بولسىمۇ، غاپپارنىڭ تەرىپلەشلىرى بويىچە يۈرىكىگە بىر
ئوت تۇتىشىپ، كۈنسېرى ئۇلغىيىپ بارغان ۋە ئۇنىڭ ۋەسلىگە
يېتىش يولىدا نەپسى تاقىلداپ، شۇنداق پەيتنى سەۋرسىزلىك
بىلەن كۈتكەنىدى. بىراق، مانا ئەمدى ھەممە ئىش يوققا چىقتى.
پۈتۈن يۇرتتا بىر ھېسابلىنىدىغان ئەزەم بەگ ھاجىمنىڭ ئەتىۋار-
لىق ئوغلى بۇنداق ئەلەمنى قانداق سىڭدۈرەلەيدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا
دادىسىغا يۇرتنىڭ ئامبىلىمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى دەپ، هالا بۇ كۈنگە
كەلگەندە نەدىكى بىر يالاڭ تۆش ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇ-
رۇپ، ئۇ ئۆزىمەن دېگەن گۈلنى ئۈزۈپ قاچسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن
نى ئار، نى نومۇس! ؟

— لېكىن، ئاكا...، — كازىم بەگ يەنە تاكاللاشماقچى بولۇ-
ۋىدى، نۇرۇللا بەگ بۇ قېتىم سەل تېرىككەن ھالدا:

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، ئىنىم، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ
بېلىگە تەپتى، ئاندىن يېنىدا تۇرغان تالىپ بەگكە بۇيرۇدى، —
سىز دەرھال چوڭكۆلگە بېرىڭ، ئۇ يەردە قاراقچىلارنىڭ تېخى
ئاشكارىلانمىغان شېرىكلىرى يەنە بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى تاپ-
ماي شەھەرگە قايتماڭ!

تالىپ بەگ شۇ كۈنلەردە قۇدرەتلەرنى تۇتالمىغىنى ئۈچۈن
باشلىقلارنىڭ قاتتىقراق غەزىپىگە ئۇچراپ قالارمەنمىكىن دەپ
دەككە - دۈككىدە يۈرۈۋاتاتتى. شۇڭا بۇ قېتىم مۇشۇ ئىشتا
بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىپ نۇرۇللا بەگنىڭ ئىشەنچىسىگە ئې-
رىشىش مەقسىتىدە، دەرھال ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ
چوڭكۆلگە قاراپ ئاتلاندى. «قۇرۇق سۆڭەكتىن بولسىمۇ ياغ
چىقىرارمەن» دەپ نىيەت قىلدى ئۇ ۋە بېرىپلا تەكشۈرۈشنى
باشلىۋەتتى. مەلۇم بولۇشىچە، ئېزىز مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدە
غاپپاردىن باشقا كىشىلەر بىلەن ئوبدان ئۆتۈپتىكەن، يۇرتتا ھې-
لىقى قۇمئېرىقلىق تۇتۇنېپشىدىن باشقا ھېچكىم بىلەن سەن -

پەن دېيىشمەيتىكەن. «يېقىن ئۆتۈپتىكەنسەن» دەپ ئۈچرىغانلا
ئادەمنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويغىلى بولاتتىمۇ!؟ ياغ چىقىرىمەن
دېگەندىمۇ شۇ قۇرۇق سۆڭەك بولۇشى كېرەك ـ دە!
تالىپ بەگ ئەھۋاللارنى بىرقۇر ئىگىلىگەندىن كېيىن قۇم-
ئېرىقلىق بوۋاينى، ئوسمان خارەتنى ۋە ساۋۇتئاخۇن ئەر -
خوتۇنلارنى دەسلەپكى گۇمانلىق ئوبيېكتلار قاتارىغا قوشتى. لې-
كىن چاقىرتىپ كېلىنگەن بوۋاينى كۆرۈپلا ئۇنى قاتاردىن چىقى-
رىۋەتتى. مىنۇتىغا بىر يۆتىلىپ، ئېغىر نەپەس ئېلىپ، «پۇۋۇ»
دېسە ئۈچۈپ كېتىدىغاندەك ئارانلا تۇرغان يەتمىش نەچچە ياشلىق
بوۋاينى كېچىسى مەنسۇر بەگنىڭ قورۇسىغا چۈشۈپ ئېزىزنى
سولاقتىن قاچۇرۇۋەتكەن دېسە كىچىك بالىمۇ ئىشەنمەس.
ئوسمان خارەتتىنمۇ قولغا چىققۇدەك بىرەر يىپ ئۇچىغا
ئېرىشەلمىدى. ئېزىز تۇتۇلغان ۋە قاچقان كۈنلەردە ئۇ ئاغرىپ
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىكەن، بۇنىڭغا بالا - چاقىلىرىلا
ئەمەس، بەزى قولۇم - قوشنىلىرىمۇ گۇۋاھلىق بېرىشتى...
— ئېزىز پالۋان بىلەن يېقىن ئۆتكىنىم راست، — دېدى
ساۋۇتئاخۇن تەمكىن ھالدا جاۋاب بېرىپ، — بۇنىڭغا، بىرىنچى-
دىن، بۇرۇن ئۇنىڭ بىر قېتىم بىز ئۈچ ئادەمنى ئۆلۈم خەتىرى-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولدى؛ ئىككىنچىدىن،
بېگىممۇ ئۇنى كۆڭلىگە يېقىن تۇتاتتى. بىزگىمۇ «پالۋانغا ئوبدان
مۇئامىلىدە بولۇڭلار» دەپ تاپشۇرغان. ئادەمنىڭ پېشانىسىگە
ئىچىدىكىسى يېزىپ قويۇلمىغاندىكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق
يامان نىيەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمىز.
— بۇ گەپتىن مەلۇم بولدىكى، — دەپ سوغۇق كۈلدى تالىپ
بەگ، — ئۇ قاراقچى بىر قېتىم ساڭا تازا ۋاقتىدا ئەسقېتىپتى-
كەن. سەنمۇ بۇ قېتىم ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياخشىلىققا
ياخشىلىق قايتۇراي دەپ ئويلىغانسەن.
ساۋۇتئاخۇن يەنىلا تۇرقىنى ئۆزگەرتمەي جاۋاب بەردى:

— ئۇ تۇتۇلغان كۈنى بېگىم غەزىپىنى باسالماي ئۇنى قاتتىق ئۇرغۇزدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىغىنى — «ئۆلۈپ قالار-مىكىن؟» دەپ ئەنسىرىگىنىم راست. ئاندىن بېگىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم. نەق مەيداندا دورغىلىرىمىز قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يامان ئادەملىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىپسەن، دېسىلە، قىلغان ئىشىم شۇلا، بۇنىڭغا تانمايمەن. لېكىن ئەتىسى بېگىم بىلەن بىللە قاراتاشقا پەتنىگە باردىم، مەرھۇم ئەزەم بەگ ھاجىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغۇچە شۇ يەردە بولدۇم. بۇنىڭغا بېگىممۇ گۇۋاھ بولالايدۇ.

مەنسۇر بەگ بۇرۇنلا بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىپ بولغاچقا، بۇ قېتىم بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

زۇپتۇمخاننى سوراق قىلىشتىنمۇ گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە چىقمىدى. تالىپ بەگنىڭ بۇ ئەر - خوتۇنلار ئۈستىدىكى گۇمانى پۈتۈنلەي تۈگىمىگەن بولسىمۇ، قولغا چىققۇدەك بىرەر ئاساس تاپالمىغاچقا، ۋاقتىنچە ئالدىدىن چىقىرىۋەتتى. ئاندىن ئېزىز قېچىپ كەتكەن كېچىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ، بىردىنلا مەنسۇر بەگدىن سوراپ قالدى:

— غاپپار بىلەن يەنە بىر دورغىنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئويغانماي ئۇخلىغانلىقى راستمۇ؟

— راست، ئۇلارنى تاڭ ئاتقاندا باشقىلار ئويغىتىپتۇ، — تېزلا جاۋاب بەردى مەنسۇر بەگ.

— ئۇلار ھەمىشەم شۇنداق قاتتىق ئۇخلامتى؟

— غاپپارغۇ بۇرۇنمۇ ئۇيقۇغا ئامراق نېمىتى، لېكىن شۇ كېچىدىكىدەك قاتتىق ئۇخلىغانلىقىنى تۇنجى ئاڭلىشىم. ئەخمەت خېلى سەگەكتەك كۆرۈنگەن، ئۇ كېچىسى ئۇمۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئەھۋالدىن مەنمۇ ھەيران بولغان، كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ شۇ ئاخشىمى نەشە چەككەنلىكىنى بىل-

دىم. شۇڭا ئۆلۈكتەك ئۇخلىشىپتۇ.
— ئۇلارنىڭ نەشە چېكىشى تۇنجى قېتىممىكەن؟
— ياق، غاپپار بۇرۇنمۇ چېكەتتى.
— كۆنۈككەن بەڭگىلەر بىر قېتىم نەشە چەككەنگە ئۇنداق قاتتىق ئۇخلىماپ كەتمەيدۇ، — دېدى تالىپ بەگ ئويلانغان هالدا، — يېنىدىلا شۇنچە ئەھۋال يۈز بەرگەندىمۇ ھېچنېمىنى تۇيمىسا، بىرى يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىۋالغىنىنىمۇ سەزمىسە، ئىتنىڭ قاۋىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىسا، شۇ چاغدا ئۆلۈپ قېلىپ كېيىن يەنە تىرىلگەنمىدۇ ئۇلار؟ بىراق، بۇ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش - دە.
— ھە، راست، ئۇ كېچىسى ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ.
— شۇنداقمۇ؟ ئىتلىرىمۇ ئۇيقۇغا ئامراقمىدى؟ — تەنە ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى تالىپ بەگ.
— يوقسۇ، بېگىم، بەك سەگەك ئىت ئۇ. كېچىسى ھويلىدا مۈشۈك ماڭسىمۇ قاۋاپ كېتىدىغان، ئۇ كېچىسى ئۈنكىمۇ نېمە بولدىكىن؟ ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن.
تالىپ بەگ يانچۇقىدىن پاپىروس ئېلىپ تۇتاشتۇردى - دە، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغاچ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك: «تېۋىپلەردە بىر خىل ئۇخلىتىش دورىسى بار. ئۇنى يېگەن ئادەممۇ، جانىۋارلارمۇ بىرنەچچە سائەت ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىدۇ، شۇ كېچىسى كىمدۇ بىرى دورىغىلار بىلەن ئىتقا شۇنداق دورىنى يېگۈزۈۋەتكەنمىدۇيا؟» دېدى.
ئاندىن ئۇ شۇ ئائىلىدىكى دورىغىلارنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچكەنلىكىنى، تاماقنى كىم ئېتىپ، دورىغىلارغا كىم ئاچىقىپ بەرگەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ سورىدى. مەنسۇر بەگ تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى، ھەتتا ئەخمەتنىڭ چاي تۇغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — بىردىن جانلاندى تالىپ بەگ، — ئاشۇ گۈلسۇم دېگەن دېدەكلىرىدە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ جۇمۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ئېرىنى دېگەن قاراقچى بىلەن مۇناسىۋىتى قانداقراق ئىدى؟

— باشقىچە بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلمىغان، — ئويلانغان هالدا جاۋاب بەردى مەنسۇر بەگ، — هەي، ئۇ ئەمەسمىكىن دەي-مەن. نېمىشقا دېگەندە، قاراقچى ئېرىنى قىزىمىزنى بۇلاپ قېچىد-ۋاتقاندا شۇ گۈلسۇم كۆرۈپ قېلىپ بىزگە خەۋەر قىلغان دېسىلە، بولمىسا شۇ كۈنى ئۇنى تۇتالماي قېلىشىمىزمۇ ئېهتىمال ئىدى. هوي راست، توختاپ تۇرسىلا، بىر ئىش ئېسىمگە چۈشۈپ قال-دى. كېچە ئوغرىلار ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەندە، هېلىقى قۇدرەت دېگەن ئوغرى ئاشۇ دېدەككە «ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسىڭىز ئۆزۈمگە قوشۇۋالاتتىم» دېگەندەك بىر گەپنى قىلدى. راست، سىلى دېگەندەك شۇ دېدەكتە بىر گەپ بارمۇيا؟

— قاراقچىنىڭ شېرىكى تېپىلدى، چاقىرسىلا ئۇنى! — دېدى تالىپ بەگ پاپىروسنى مىجىقلاپ ئۆچۈرۈپ.

گۈلسۇم كىردى. ئۇ هازىر خېلىلا ئورۇقلاپ، چىرايىمۇ سەل تاتىرىپ قالغانىدى. ئەمما چىراي - تۇرقىدىن يەنىلا كۆر-گەن كىشىنىڭ هەۋىسىنى قوزغىغۇدەك ياشلىق گۈزەللىكى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى. «بىرنەچچە قېتىم باغرىڭغا باسقۇچد-لىكى بار نېمىكەن بۇ، ياق، تۇزۇكرەك كىيىنىپ ياسانسا بىزنىڭ خېنىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك، — دەپ ئويلىدى تالىپ بەگ شەهۋەتپەرەسلىكى قوزغىلىپ، — ئىشقىلىپ، ئۇ ئەمدى چاڭگىد-لىمغا چۈشتى، خالىغان چېغىمدا…»

— بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، ماڭا تۈز قارا! — بىردىنلا قاتتىق ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى تالىپ بەگ.

گۈلسۇم ئېرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان چاغدىلا هەر-قانداق ئاقىۋەتكە تەييارلىنىپ قويغانىدى. بۇگۈنمۇ ئۇ تالىپ

بەگنىڭ بۇ يەرگە قانداق مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، قىلچە قورقمىدى. ئۇ سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بار ئىدى!؟ ناۋادا سوئال - سوراقتا تارتىلىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ قېتىم ھېچبىر تارتىنمايلا راستىنى ئېيتىدۇ. يامىنى كەلسە، گۇندىخانىغا سولاپ قويار يا ئۆلتۈرۈۋېتەر. مەيلى، خۇدايىم بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك ياشاشنى نېسىپ قىلماپتۇ، ئەمدى يەنە نېمىگە تارتىنىدۇ. نەچچە كۈننىڭياقى ساۋۇتئاخۇن، زۇپتۇمخان ۋە ئادالەتلا ئەمەس، ھەتتا سايىم ئۇستىمۇ، باشقا چاكارلارمۇ ئۇنىڭغا خۇددى دۈشمەنگە قارىغاندەك قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قاچانغىچە ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرىدۇ؟ ئۇلار گۈلسۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلسۇن. «بىز ئۇنى بىكارغا ئەيىبلەپتىمىز» دېيىشسە، شۇنىڭ ئۆزىلا گۈلسۈم ئۈچۈن چوڭ تەسەللى...

بۇيرۇق بەك ئۇشتۇمتۇت ۋە قوپال بېرىلگەچكە، گۈلسۈم باشتا سەل مەڭدەپ، تالىپ بەگكە ئەيمىنىپرەك قارىدى، ئەمما دەرھال يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ئېزىز دېگەن قاراقچىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىڭگە تانمايدىغانسەن!؟ — بۇ قېتىم گەپ ئايلاندۇرۇپ يۈرمەي توغرىدىن - توغرا سورىدى تالىپ بەگ.

— تانمايمەن.

بۇ دەللىك جاۋاب ئىككىلا بەگنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇلار گويا: «ئاڭلىدىلىمۇ؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە تەڭلا قاراشتى.

— ھۇ، تۆزكور دېدەك، سېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام! — گۈلسۈمنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن دېۋەيلەپ كەلدى مەنسۇر بەگ.

تالىپ بەگ دەرھال ئۇنى توسۇۋالدى.

— بېگىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، سوراققا كاشىلا قىلىسىلا بولمايدۇ.

مەنسۇر بەگ «خەپ!» دېگىنىچە كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

تالىپ بەگ ئۆمرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى سوراق قىلغان، لېكىن نى - نى مەردانە يىگىتلەرنىڭمۇ بىرىنچى سوئالدىلا گۇناھىغا ئىقرار قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەمەس. شۇڭا ئۇ باشتىلا تولىمۇ ھەيران بولدى: «بۇ قىز ئەقلىنى يوقاتقانمىدۇ نېمە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، كېيىن ھەيرانلىقى نېمىشقىدۇ بىردىنلا زوقلىنىشقا ئۆزگەردى، — بۇنى مەنسۇر بەگنىڭ تايىقىدىن ساقلاپ قالاي، كېيىن بۇ شەپقىتىم ئۈچۈن لايىقىدا جاۋاب قايتۇرار...»

— ناھايىتى ياخشى، — ئۇ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى، — خوش، بۇ ئىشنى كىم بىلەن بىرلىشىپ قىلدىڭلار؟

— ئۆزۈم يالغۇز قىلدىم، — قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەيلا جاۋاب بەردى گۈلسۈم.

— ئەخمەق بولما، قىزچاق. بۇ گېپىڭگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. سەندەك بىر ئاجىز قىزنىڭ قولىدىن مۇنداق ئىشنى قىلىش كېلەمدۇ؟ ياخشىسى شېرىكلىرىڭنىمۇ ئېيتىۋەت، گۇناھىڭ يەڭگىللەيدۇ.

— ئىشەنمىسىلە، ئىختىيارلىرى، گېپىم يەنىلا شۇ، ئۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز قىلدىم.

— تالىپ بېگىم، بۇ تۈزكورنى ئاسماققا چىقىرايلى، شۇ چاغدا ئېيتمىغىنىنى كۆرەي، — سەۋرسىزلىك بىلەن سۆز قىستۇردى مەنسۇر بەگ.

— بېگىم، سەۋر قىلسىلا. ماقۇل، قېنى جاۋاب بەر، ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭ يالغۇز قىلغانمۇ دەيلى، ئۇنداقتا، سېنى شۇنداق

قىلىشقا كىم بۇيرۇدى؟

بۇ سوئالدىن كېيىن مەنسۇر بەگنىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت «جىغ» قىلىپ كەتتى. «ھەي، مېنىڭ ئاۋۇ بۇزۇق قىزىم بۇيرۇغانمىدۇ يا؟ ئۇ چاغدا شەرمەندە بولىمەنغۇ...»

— ھېچكىم بۇيرۇمىدى، ئۆزۈم خالاپ قىلدىم، — دېدى گۈلسۇم مەنسۇر بەگنىڭ يۈرىكىنى جايىغا چۈشۈرۈپ.

«خۇدايا شۈكۈر، شۇنداق بولغاندىمۇ، ھەر ھالدا يۈزسىزلىك قىلمىدى بۇ جالاپ» دەپ يېنىك نەپەس ئالدى ئۇ.

تالىپ بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەي، بەكمۇ ئەخمەق ھەم جاھىل نېمە ئىكەنسەن. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇ ئويۇنىشىدىغان گەپ ئەمەس جۇمۇ. شېرىكلىرىڭنى ئېيتىپ بەرمىسەڭ گۇندىخانىدا چىرىپ كېتىسەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا گۈلسۇمنىڭ ۋۇجۇدى «جىغ» قىلىپ، چىرايىدا بىر سەسكىنىش پەيدا بولدىيۇ، شۇ ھامان يوقالدى.

— ئۆزۈمنى دەپ باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىيالمايمەن، — دېدى ئۇ يەنە تالىپ بەگكە تويتوغرا قاراپ، — ئۇ ئىشنى ئۆزۈم خالاپ قىلدىم.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، مۇشۇنداق ھەم گۇناھلىق، ھەم خەتەرلىك ئىشنى قىلىشقا سېنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ يا سەن ئۇنىڭ تۇغقىنى بولمىساڭ. ئاندىن ئۇ قاراقچى ئادالەت خېنىمنى بۇلاپ قاچقاندا ئەجەب باشقىلارنى ئويغىتىپ، ئۇنى تۇتقۇزۇپسەن، ئاخىرىدا يەنە ئۆزۈڭ قاچۇرۇپسەن، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

بۇ قېتىم گۈلسۇمنىڭ چىرايىدا قاتتىق ئازابلىنىش ئىپادىسى پەيدا بولۇپ دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي قالدى. سوئال قايتا تەكرارلانغاندىن كېيىن ئۇ گويا ئۆزىگىلا ئېيتىۋاتقاندەك پەس ۋە مۇڭلۇق بىر ئاۋازدا دېدى:

— مەنمۇ ئۇنىڭغا كۆيەتتىم.

— ھۇ قېلىن جالاپ! — تىللىۋەتتى مەنسۇر بەگ.

تالىپ بەگ ئەمدى بىرپەس خىيال سۈرگەندەك جىم تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن يەنە سوراقنى داۋاملاشتۇردى. گۈلسۇم شۇ كېچىسى ئېرىنى قانداق قاچۇرغانلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى، پەقەت ئوسمان خارەتنىڭ ياردەملەشكەنلىكىنىلا تىلغا ئالمىدى.

تالىپ بەگ گۈلسۇمنىڭ بىرەر شېرىكى تېپىلسا، ھەرئىككىسىنىلا قولغا ئېلىش، ئەمما جىنايەتنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئاشۇ شېرىكىگە ئارتىپ، گۈلسۇمنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قويۇۋېتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ شەھۋانە ئارزۇسىغا يېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق، گۈلسۇم بىرەر شېرىكىنىڭ بارلىقىنى زادى ئىقرار قىلمىدى. قۇدرەتلەر بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنىمۇ تەن ئالمىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى سۆزىگە قارىتا «نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بەلكىم ئېرىنى پالۋاننى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق دېگۈسى كەلدىمىكىن» دېدى. مەنسۇر بەگمۇ بۇ توغرىدا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. دېمىسىمۇ كىچە - كۈندۈز مۇشۇ ھويلىدىلا يۈرىدىغان بىر دېدەكنىڭ قۇدرەتتەك يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان «بۇلاڭچىلار» بىلەن قانداق ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن! ؟ «بۇ تەرىپى تېخىمۇ ياخشى بولدى، — دەپ ئويلىدى تالىپ بەگ، — باشقىلارنى مۇھەببەت تۇپەيلى شۇنداق قىلغانىكەن، دەپ ئىشەندۇرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا ئېغىر جازا بېرىلمەيدۇ، بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن قويۇۋېتىلىشىمۇ بولار...»

— سوراق ھازىرچە تۈگىدى، — دەپ جاكارلىدى ئۇ، — ئۇنى ئەكېتىمەن، قالغان سوراقنى ئىدارىگە بارغاندىن كېيىن قىلىمىز.

شۇ تاپتا مەنسۇر بەگنىڭ گۈلسۈمنى چايناپ يۇركۈۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. ئۇ تالىپ بەگكە يەنە بىر قېتىم ئۇنى ئاسماققا

چىقىرىپ قامچىلاش تەلىپىنى بەرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن: «ناۋا-
دا ھېلىقى ئىشنى قىزىم دېگەن بۇزۇق بۇيرۇغان بولسا، تاياققا
چىدىماي ئاشكارا قىلىپ قويمىسۇن يەنە» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بۇ
نىيىتىدىن ياندى.

تالىپ بەگ ساقچىلارنى چاقىرتىپ، گۈلسۇمنىڭ قولىغا
كويزا سېلىپ ھۇجرىغا سولاپ قويۇشنى بۇيرۇدى ـ دە، تاماققا
ئولتۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن گۈلسۇم بىر ساقچى مىنگەن
ئاتقا مىنگەشتۈرۈلدى.

— جامائەت، ھەممىڭلار ئاڭلاپ قويۇڭلار، — دېدى تالىپ
بەگ قايتىش ۋاقتىدا دەرۋازا ئالدىغا توپلانغان كىشىلەرگە
قاراپ، — بۇ گۇناھكار قاراقچى ئېرىنى قاچۇرۇش جىنايىتى
بىلەن قولغا ئېلىندى. گۇناھىغا ئۆزىمۇ ئىقرار بولدى. ئەمدى
ئۇ گۇندىخانىغا سولىنىدۇ. كىمدە كىم بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇن-
داق يامان ئىشلارنى سادىر قىلسا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇشۇن-
داق بولىدۇ.

كىشىلەر قايغۇرغان، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا گۈلسۇمنى ئۇزى-
تىپ قېلىشتى.

— ئاھ بىچارە قىزىم! — دەۋەتتى زۇپتۇمخان ئۆزىنى تۇتال-
ماي كۆز يېشى قىلىپ. ئۇ يېنىدا تۇرغان ساۋۇتئاخۇننىڭمۇ
چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا
تولغانلىقىنى كۆردى.

## 2

قارىقاش بىلەن قاغىلىق ناھىيىلىرى ئارىسىدا «چولاقنىڭسې-
يى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن بىر ساي سوزۇلۇپ ياتىدۇ. گۇما
ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەنە شۇ ساي ئىچىدە بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەۋە يېزىلار شەرقتىن غەربكە ۋە جەنۇبتىن

شىمالغا بىر - بىرىدىن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. شۇڭا بۇ ساي ئىچىدە سەپەر قىلغۇچىلار مۇبادا ئاندا -
ساندا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان مەھەللىلەردىن چەتنەپ ماڭسا
ئىككى يۈز كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ مۇساپىنى ھېچقانداق
كاشىلىغا يولۇقمايلا بېسىپ ئۆتەلەيدۇ. قۇدرەتلەر ئەنە شۇنداق
ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى خوتەندىكى ساقچى دائىرىلىرى
ئۇلارنىڭ قاغىلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالغانلىقىدىن خەۋەرسىز
قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلار ئۈچىنچى كېچىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن
قاغىلىق تەۋەسىگە تىنچ - ئامان يېتىپ بېرىشتى. ئۇلار پىلان
بويىچە قاغىلىق شەھىرىگە كىرمەي، غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ،
كوئېنلۇن تېغى ئارىسىدىكى سوقماق يوللار بىلەن ئۇدۇل تاشقور-
غانغا بارماقچىدى (ئابدۇكېرىم قوشۇپ قويغان يول باشلىغۇچى
يولنى پىششىق بىلەتتى). بىراق، ئاخشام قىسقا دەم ئېلىشقا
توختىغاندا ئېزىز ئۇشتۇمتۇت قۇدرەت، سادىق ۋە مەتقاسىملارنى
چەتكىرەك چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن ئادالەتنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ
قاغىلىقتا قالماقچى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى.
يىگىتلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى.
— قويغىنا، ئاداش، مۇنداق چاقچىقىڭنى، — دېدى قۇدرەت
بۇ گەپكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەندەك قولىنى شىلتىپ.
— ياق، بۇ راست گەپ، ئاداش، — دېدى ئېزىز ئۇلارغا
ئۇدۇل قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — سىلەرنىڭ بىزگە قىلغان
ياخشىلىقىڭلارنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن، ئەمما ئەمدى بىللە بولال-
مايدىغان بولدۇق.
قۇدرەت بىردىنلا چالۋاقىدى:
— ئاغىنە، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟ ھەي، سەنمۇزە، يەنە
كونا كېسىلىڭ قوزغالغان ئوخشىمامدۇ!؟ ئوغۇل بالا دېگەن
گېپىدە تۇرىدۇ، جۇمۇ! مەن سېنى...
— قۇدرەت، — گەپكە ئارىلاشتى سادىق، — داپقا چۈشكەن

پۆرچاقتەك سەكرىمەي، ئۆزۈڭنى سەل بېسىۋالغىنا. ئاۋۋال ئېزىز ئاغىنىمىزنىڭ مۇددىئاسىنى تولۇقراق ئاڭلاپ باقايلى، — ئاندىن ئۇ ئېزىزدىن سورىدى، — پالۋان، نېمىشقا ئەمدى مۇنداق ئۆزگىرىپ قالدىڭىز؟

— بىز مۇشۇ يەردە قېلىپ ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزەيلى دېگەن يەرگە كەلدۇق...

— چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىشتىن، ئوق يەپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقتۇم دېسەڭچۇ! — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى قۇدرەت، — ھەي، مەن سېنى باشقىچە ئادەم دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەسلىدە بىر توخۇ يۈرەك ئىكەنسەن!

— قۇدرەت! — ئېزىز ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى، — ئاغزىڭغا قاراپراق سۆزلە - ھە! بولمىسا...

— ھە، بولمىسا نېمە قىلاتتىڭ؟

— قۇدرەت، بولدى قىل ئەمدى! — سادىق يەنە ئوتتۇرىغا چۈشتى.

مەنتىقاسىم بۇ ئىشتا قۇدرەت تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى قوپاللىقىنى ياقتۇرمىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېزىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئوڭاي قارارغا كەلمەيدىغانلىقى، ئۆز قارارىدىنمۇ ئوڭاي يانمايدىغانلىقى بۇرۇندىن مەلۇم ئىدى. شۇڭا ھازىر ئالدىراپ - تېنەپ پىكىر بايان قىلمىدى.

ئارىنى بىردەم ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ئېزىز ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئېغىر خۇرسىنىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئادالەت بىلەن پەس ئاۋازدا مۇنازىرىلىشىپ چىققانىدى. ئادالەت ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆيىدىن چىققاندا ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇشىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ سۆيگەن يارى بىلەن بىللە بولسىلا بولاتتى. بىراق، تۈنۈگۈن ئەتىگەن ئېزىز بارىدىغان مەنزىلنى، شۇ-

غۇللىنىدىغان ئىشنى مەلۇم قىلغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىردىنلا قورقۇنچ چۈشۈپ قالدى. ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلماقچى! ئادالەتنىڭ كۈتكىنى شۇمىدى؟ ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغىنى ئېرىز بىلەن مەڭگۈلۈككە قوشۇلۇش، نەچچە ئون يىلنى مۇھەببەتلىك ياشاپ ئۆتكۈزۈش ئەمەسمىدى! بۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئەڭ يىراق چېتى بولسىمۇ، پىقىرچىلىق ئىلكىدە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ مەيلى ئىدى. بىراق، ئۇلار قوشۇلا - قوشۇلمايلا ئېرىز ئۇرۇش قىلغىلى بارمىز دەۋاتىدۇ. ئادالەتقۇ ئۇرۇش دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما ئاڭلىغان. ئۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇشۇ يۇرتتا نەچچە يىل ئۇرۇش بوپتىكەن، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىنمۇ ئون نەچچە ئادەم شۇ ئۇرۇشلاردا جېنىدىن ئايرىلىپتىكەن، يەنە بىرنەچچە كىشى قولىدىن، پۇتىدىن ئايرىلىپ ئەيىبناق بولۇپتىكەن. شۇ ئۇرۇشلاردىن ساق چىققان ساۋۇتئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇش دېگەندە مىلتىق، پىلىموت دېگەنلەرنىڭ ئوقلىرى يامغۇردەك ئېتىلار ئىمىش، يېنىڭدا بىللە كېتىۋاتقان ئادەم خۇددى پۇتلىشىپ كەتكەندەك بىردىنلا يىقىلار-ئىمىش - دە، قايتا ئورنىدىن تۇرالماي جان تەسلىم قىلارئىمىش. «ئوق دېگەننىڭ كۆزى يوق، خالىغان بىرىگە تېگىۋېرىدۇ» دەيدۇ ئۇ. ئېرىزغا ئاشۇنداق «كۆزى يوق» ئوقتىن بىرى تەگسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئادالەتنىڭ جىمى ئارزۇ - ئارمانلىرى يوققا چىقمامدۇ! ؟ ئېرىزدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھايات قالغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟! ياق، ئېرىزنى بۇنداق خەتەرلىك يولدىن قەتئىي توسۇش كېرەك! ئۇرۇشنىڭ بۇ ئىككىيلەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ئۇنى قىلغۇسى كەلگەنلەر، يېنىدا سۆيگەن يارى يوقلار، بۇ دۇنيادىن بەزگەنلەر، خوتۇن، بالا - چاقىسىنى تاشلاپ چىققان باغرى تاشلار قىلىۋەرسۇن. ئېرىز بىلەن ئادالەت بىر - بىرى بىلەن مىڭ تەستە قوشۇلۇشتى، ئەمدى ئۇرۇش، غەۋغا، جەڭگى - جېدەلسىز ياشاپ، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى

سۆرۈشى كېرەك...

ئېزىزنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئادالەت بەزىدە يالۋۇرۇپ، بەزىدە باتناپ، بەزىدە نازلىنىپ ۋە بەزىدە يىغلاپ دېگەندەك ئېزىزنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى. ئېزىز ھەرخىل سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىپ باقتى. ئۇ: «‹ئۇرۇش دېگەننىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ›، دېگەن گەپ بار. ھەممىشە دىققەت قىلىمەن، پەم بىلەن ئىش كۆرىمەن» دەپ ئادالەتنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن ئادالەتنى زادىلا قايىل قىلالمىدى. ئۇ ئاخىر سەل جىلە بولغان ھالدا: «مەن ئاغىنىلەر ئالدىدا ۋەدە بەرگەن، يىگىت دېگەن ۋەدىسىدە تۇرۇشى كېرەك، مېنى مۇنداق قىينىماڭ» دېۋىدى، ئادالەت بىردىنلا توقامنى قارنىغا ئېلىپ: «ئەمىسە، مېنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ كېتىڭ، خەقنىڭ يۇرتىدا تۇل خوتۇن بولۇپ ياشىغاندىن، مۇشۇ يەردىلا بېشىمنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلەي» دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئېزىز بەكمۇ تەڭلىكتە قالدى. ئۇ ئادالەتنىڭ تەلىپىنى خاتا، بىمەنە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، سۆيگەن يارى بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاش، ئۇنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى. مانا شۇ ئارزۇغا يېتىشنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى، يارىغا ئېرىشتى. ئەمدى بىر - بىرىدىن ئايرىلماي ئارامخۇدا ياشىسا قالغان ئارزۇسىغىمۇ يېتەلەيدۇ. لېكىن ئۇ دوستلىرى ئالدىدا «بۇنىڭدىن كېيىن سىلەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن. ئېزىز ئەزەلدىن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇ مۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. بىراق، ئادالەت — ئۇنىڭ سۆيگەن يارى ھازىر ئۇنى شۇنداق قىلىشقا قىستاۋاتىدۇ. «نېمە دېسەڭ دە. مەن ۋەدەمدىن يانمايمەن» دېسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئادالەت قانداق ئويلاپ قالار؟ دىلى قانچىلىك ئازار يەر؟ ياق، ئېزىز ئۇنداق دېيەلمەيدۇ. مۇھەببەت، ئادالەت — ئۇنىڭ خۇشلۇقى، بەختى، ھاياتى. ئۇ بۇنىڭغا ناھايە-

تى تەسلىكتە ئېرىشتى، ئەمدى ئۇنى يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ۋەيران قىلمايدۇ. ئەمىسە، ئاغىنىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يې‍ـ نىۋالسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلار قانداق ئويلاپ قالار؟ «سەن ئوغۇل بالىمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېيىشەر ھەقىچان؟! بەلكىم «ئۇرۇشتىن، ئۆلۈمدىن قورقۇپسەن» دەپ مازاق قىلىشار. ئەستا... قانداق قىلسا بولار زادى؟...

ئاشىق - مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى دىلخەستىلىكلەر ئاخىر يەنىلا مۇھەببەتنىڭ غالىبلىقى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، ئۇ باشقا بارچە غەيرىي ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويىدۇ. ئېزىز تەگلىكنىڭ ئىككى پەللىسىنى ئۇزاق دەڭسەپ كۆرۈپ ئا‍ـ خىر ئادالەتنىڭ تەلپىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ ئەزەل‍ـ دىن كەم سۆز ئىدى، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، تولا چاغلاردا ئۇلارنى تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلماي، ھەرىكىتىدە كۆرسىتەتتى؛ سۆزلەشكە توغرا كەلگەندىمۇ، بىرنەچ‍ـ چە ئېغىز سۆز بىلەنلا بولدى قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ مۇنداق قارارغا كېلىشتىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئېزىپ - ئىچۈرۈپ ئول‍ـ تۇرماي، پەقەت يەكۈننىلا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. «ھەممە گەپنى دېمىسەممۇ، ئاغىنىلەر كۆڭلۈمنى چۈشىنەر» دەپ ئويلىغان ئۇ. بىراق ئالدىراڭغۇ ۋە كەسكىن مىجەزلىك قۇدرەت ھە دېگەندىلا قايناپ كەتتى. ئەمدى ئىشنى ئېنىقراق چۈشەندۈرمىسە بول‍ـ مىغۇدەك.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ ئاخىر ھاياجانلانغان ھالدا، — شۇ تاپتا كۆڭلۈمنى سىلەرگە بىلدۈرەلمەيۋاتىمەن... بايا قۇدرەت مې‍ـ نى «ئۆلۈمدىن قورقىتۇڭ، توخۇ يۈرەك» دېدى. ئۇ جان دوست - ئاغىنەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ گەپنى كۆڭلۈمگە ئالماي‍ـ مەن. ئەمما، ئاداش، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەن ئادالەتنى ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا، بۇ ئىشتىن كېيىن مەنسۇر بەگنىڭلا ئەمەس، كازىم بەگ، نۇرۇللا بەگلەردەك تېخىمۇ چوڭ بەگلەرنىڭ

دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىمنى، ئۆلارنىڭ مېنى ھەرگىز بوش قويمايدىغانلىقىنى، قولىغا چۈشۈپلا قالسام، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ قىلچە ئىككىلەنمىدىم. بىرەر كىشىنىمۇ ھەمراھ قىلماي يەككە - يېگانە ھالدا ئىش قىلدىم. ئىش ئەپلەشمەي، مەنسۇر بەگنىڭ ئادەملىرى قوغلاپ كەلگەندە ئادالەتنى قويۇپ قاچقان بولسام، تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىم، لېكىن ئۇنداق قىلماي ئۆزۈمنى تۇتۇپ بەردىم. ئۆلۈمدىن قورقسام، شۇنداق قىلارمىدىم!؟ ئادەمنىڭ بەدىنى تۆمۈردىن ياسالغان ئەمەس، مەنسۇر بەگ بىلەن غاپپار مېنى قامچىلاۋاتقاندا تاياق ئازابىغا قانداق چىدىغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، يا غىڭ قىلىپ ئاۋاز چىقارمىدىم، يا قىلمىشىمغا پۇشايمان قىلمىدىم ۋە ياكى بىر ئېغىزمۇ يېلىنىپ - يالۋۇرمىدىم. ئاداش، سەن بىر گەپنى ئاڭلاپلا «سەن ئۇنداقچى، سەن مۇنداقچى» دەپ كەتمە. جاھان دېگەن ئۇزاق، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نى - نى ئىشلار كېلىدۇ، تېخى...

ئېزىز بۇ قېتىم يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، ئۇ بەكمۇ ھاياجانلانغاندى. بۇ قېتىم قۇدرەتمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىدى، سادىق بىلەن مەتقاسىممۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتى.

— ئاغىنىلەر، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئېزىز، — يۇقىرىقى ئىشلارنى نېمىدەپ قىلدىم؟ زادى نېمىنى كۆزلەپ قىلدىم؟ بۇ ھەممىڭلارغا ئايان ئەمەسمۇ. ئادەم دېگەننىڭ ئارزۇ - ئىستىكى بىرلا بولمايدىكەن. «بۇنىڭدىن كېيىن ھەمىشە سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. شۇ كەمگىچە بىرەر قېتىممۇ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمىغاندىم، ھازىر بۇ ھەقتە سۆزلەشتىن راستتىنلا قىينىلىمەن... ئادالەتكە ئېرىشىش تېخىمۇ كۈچلۈك ئارزۇيۇم ئىدى. سىلەرنىڭ

ياردىمچىلار بىلەن بۇ تىلىكىمگە يەتتىم. مېنى چۈشەنسەڭلار ئىكەن. شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتتە ئېرىشكەن بەخت ـ تەلىيىمنى يەنە قولدىن چىقىرىۋەتكۈم يوق.

ئېزىز مۇنداق قارارغا كېلىشتە ئادالەتنىڭ قانداق رول ئوي-نىغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاڭلىغۇچىلارمۇ بۇ ئىشتا ئادالەتنىڭ رولى بارلىقىنى ئويلاشمىدىمۇ ياكى ئويلىسى-مۇ، ئۇ ھەقتە سۆز ئېچىشنى لايىق كۆرمىدىمۇ ئەيتاۋۇر ھېچقاي-سىسى ئۇنى ئارىغا قىستۇرمىدى.

— ئاداش، «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈ-رۈپ» دەپتىكەن، بايا كۆڭلۈڭگە تېگىپ قويدۇم، — دېدى قۇد-رەت سەلدىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بايىقى سۆزلەرنى قىلىشىمدا سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلارنى، بەختىڭلارنى ئويلىغان تە-رەپمۇ بار. سەن قاغىلىقتا ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزىمىز دەيسەن، لېكىن ئاشۇ كازىم بەگ، مەنسۇر بەگلەر قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرارمۇ؟...

— قۇدرەت توغرا ئېيتىدۇ، پالۋان، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئېلىپ كەتتى سادىق، — ئاشۇ بەگلەر سىلەرنى يۇرتتىن تاپال-ماي، مۇشۇ تەرەپلەرگىچە ئاختۇرۇپ كېلىشەرمىكىن دەپ ئەنسى-رەيمەن، شۇنداق بولۇپ قالسا، چاتاق ئەھۋال يۈز بېرىپ قالار-مىكىن.

— ئۇلار بىزنىمۇ سىلەر بىلەن بىللە تاشقورغانغا كېتىپتۇ دەپ ئويلىشار. ئۇنداقتا، ئىزدەشتىن قول ئۈزۈشۈپ تەقدىرگە تەن بېرىشىدۇ. مۇبادا قاغىلىقتا قالغانلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ، بۇ يەرگىچە ئىزدەپ كېلىشىمۇ كېرەك يوق، پېشانىمىزگە پۈ-تۈلگەننى كۆرەرمىز.

ئەمدى يەنە تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى.

— قۇدرەت، مەتقاسىم، سىلەرچە قانداق؟— سادىق ئىككى

ئاغىنىدىن سورىدى، — مەن پالۋاننىڭ تەلپىگە قوشۇلدۇم.
— مەنمۇ قوشۇلدۇم، — مەتقاسىم دەرھال ئىپادە بىلدۈر-
دى.
— ھەي... ، — قۇدرەت بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى، —
ھەممىڭلار شۇنداق دەۋاتساڭلار، مەن نېمە دەيتتىم؟ ھەممىشە
بىللە بولارمىز، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلارمىز، دەپ
ئويلاپتىكەنمەن، خەير، بوپتۇ. ئەمما... ، — ئۇ: «ئاغىنە،
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالما» دېمەكچىدى،
لېكىن ئايرىلىش ئالدىدا شۇم ئېغىزلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەي
تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتى، — ھە، مەيلى،
مەنمۇ قوشۇلدۇم. سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن، ئاداش، ...
يىگىتلەردىن ئۇقۇشۇپ باقايلى. بەلكىم بۇ يۇرتتا بىرەر تۇغقىنى
ياكى ئاغىنە - بۇرادەرلىرى بارلىرى چىقىپ قالار. سىلەر ۋاقىت-
لىق بولسىمۇ، شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇڭلار، بىرئاز
ئالتۇن - كۈمۈش بەرسەڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇشقا ئۇناپ قالار.
— ئاداش، ئاۋات تەرەپكە — داداڭنىڭ يېنىغا بېرىشقا
ئالدىراپ كەتمە، — دېدى مەتقاسىم ئويلانغان ھالدا، — نۇرۇللا
بەگ شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئارقىلىق سىلەرنى شۇ
يەردىنمۇ ئىزدەشتۇرە بەلكىم.
ئېزىز باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇلار باشقا
يىگىتلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇدرەت كىمنىڭ
قاغىلىقتا ئۇرۇق - تۇغقىنى ياكى يېقىن ئاغىنىسى بارلىقىنى
سۈرۈشتۈردى. بەختكە يارىشا سۇلايماننىڭ بىر ئاچىسى قاغىلىق
شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تۆمۈرچىگە ياتلىق قىلىنغانىكەن.
قۇدرەت ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ئايرىم سۆزلەشتى.
— ئاچامنىڭ ئېرى ناھايىتى مەرد، ئاق كۆڭۈل ئادەم، —
دېدى سۇلايمان دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، — پالۋان بىلەن ئادالەت
خېنىمنى ئۇ يەردە تۇرغۇزۇشقا جەزمەن ئۇنايدۇ. ئەسلىدە، ئۇمۇ

يۇرتىمىزغا ھۈنەر قىلغىلى بارغاندا ئاچام بىلەن تونۇشۇپ قاپتىكەن. دادام بىلەن ئانام «قىزىمىزنى ياقا يۇرتقا ئۇزارتمايمىز» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامالسىز ئاچامنى ئېلىپ قېچىپتىكەن. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقسا، خۇشال بولىدۇ، تېخى.

بۇ ئىشمۇ پۈتكەن ھېساب بولدى. ئۇلار چوڭكۆلدىن چىققاندىن بۇيان بىرەر يەردە ئۇزاقراق توختىماي يوللا يۈرگەچكە، ئېزىز بىلەن ئادالەتنى نىكاھلاپ قويۇشقا ئۈلگۈرۈشمىگەنىدى. ئەمدى شۇ ئىش بېجىرىلدى. سادىق نىكاھ ئوقۇدى، باشقا يىگىتلەر گۇۋاھچى بولدى. «قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالغا ئېزىز دەررۇ جاۋاب بېرىۋەتتى، بىراق ئادالەت ئۇيىلىپ - تارتىنىپ، سوئال ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندىلا، ئاندىن پەس ئاۋازدا:

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

توي دېگەن ھامان توي. مەيلى خان، پادىشاھلارنىڭ تويلىرى بولسۇن، مەيلى غېرىب - غۇرۋا، تىلەمچى - قەلەندەرلەرنىڭ تويلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇ شاھانە قەسىرلەر، گۈزەل باغلاردا ئۆتكۈزۈلسۇن ۋە مەيلى خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ياكى چۆل - جەزىرىلەردە ئۆتكۈزۈلسۇن، ئوخشاشلا شادلىق ۋە تەنتەنە پەيدا قىلىدۇ. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. توي ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يەر تۆت ئەتراپى ئۇپۇققا تۇتاشقان بىپايان چۆل ئىدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يىگىرمە ياش ئەتراپىدىكى يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ ئون نەچچىدىن ئاشمايتتى. بىرەر سازمۇ، سازەندىمۇ يوق ئىدى، ئەتراپنى ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇزلارلا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ تويمۇ تەنتەنىسىز، جىمجىتلا ئۆتمىدى. يىگىتلەردىن بىرى ئازراق تاشتۇز ئېلىۋاپتىكەن، ئۇنىڭدىن ئازراقنى ئېزىپ پىيالىگە سالدى - دە، قاپاقتىكى سۇنى قۇيۇپ ئېرىتتى. ئىككى پارچە ناننى شۇ سۇغا چىلاپ تەييار قىلىپ تۇرۇشتى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولۇشى ھامان مەتقاسىم بىلەن ئابدۇۋەلى دەرھال

بىر پارچىدىن ناننى ئېلىپ كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە بۇرۇن يېگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى. ئادالەت تارتىنىپ دەرھال ئاغزىنى ئېچىپ بەرمىسىگەچكە، ئابدۇۋەلىنىڭ ھەرىكىتى بىكار كەتتى، ئېزىز ناننى بۇرۇن يېۋەتتى.

— جايىدا ئىش بولدى، — خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىۋەتتى قۇدرەت، — ئۆي دېگەندە ئەر كىشىنىڭ تىلى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك①.

باشقا يىگىتلەرمۇ: «ئوبدان بولدى»، «بارىكاللا» دېيىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كۈلۈشتى. ئاندىن ھەممەيلەن خورجۇنلىرىدىن مايلىق، مايسىز توقاچلارنى، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، توخۇ گۆشى ۋە تۇخۇملارنى ئېلىشىپ داستىخانغا تۆكۈشتى. ھەتتا بىرەيلەننىڭ خورجۇنىدىن مۇسەللەس قاچىلانغان كىچىكرەك بىر قاپاقمۇ چىقتى.

— دېگەنبىلەن پەمىڭ بار يىگىت جۇمۇ، سەن قۇدۇس! — قۇدرەت خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، كۆپچىلىككە بۇيرۇق چۈشۈردى، — ھېچكىمنىڭ بىرلا كۆتۈرۈشتە ئىچىۋېتىشىگە رۇخسەت يوق. ئالدىرىماي، ئاستا - ئاستا ئىچىمىز.

جىمى پىيالىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مۇسەللەس ھەربىر كىشىگە يېرىم پىيالىدىن ئاران يەتتى. باشقىلار ھەرقانچە زورلاشسىمۇ ئادالەت ئۆز ئۇلۇشىدىن بىر يۇتۇممۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدى، ھەتتا پىيالىنى قولىغىمۇ ئالماي تۇرۇۋالدى.

— بوپتۇ، ئۇنى زورلاۋەرمەيلى، — دېدى قۇدرەت كۈلۈپ، — ھازىر ئاغىنىمىز ئېزىزدىن قالسىلا كېلىنىمىزگە ئەڭ يېقىن ئادەم مانا مەن بولىمەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇلۇشىنى مەنلا ئىچىۋېتەي.

---

① بۇ بىر خىل ئۆرپ - ئادەت. خەلق ئارىسىدا نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن تۇزغا چىلانغان ناننى قايسىسى بۇرۇن يەۋالسا، ئەر - خوتۇنچىلىقتا شۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا پىيالىگە قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئاڭغىچە ئابدۇۋەلى پىيالىنى قولى بىلەن بېسىۋالدى.

— قۇدرەتنىڭ سۆزى توغرا بولمىدى، — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادالەت خېنىمنىڭ ئېزىز پالۋاندىن قالسىلا ئەڭ يېقىن ئادىمى — مانا مەن. نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغانمىز. شۇڭا بۇ پىيالىدىكى مەيزاپ[1]ماڭا تېگىشلىك.

— ياق، سەن ئەمەس، مەن!

— ياق، سەن ئەمەس، مەن!

ئۇلار بۇ يېرىم پىيالە مەينى شۇنچىلىك قەيسەرلىك بىلەن تالاشقىلى تۇردىكى، ئەگەر شۇ تاپتا چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنى ھېلىلا مۇشتلىشىپ كېتەرمىكىن دەپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. شۇ ئارىدا سادىق ئابدۇۋەلىنىڭ قولىنى ئاستا سۈرۈۋېتىپ، پىيالىنى ئۆزى ئالدى-دە، تالىشىۋاتقانلار ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە ئىككى يۇتۇم ئىچىپ بولۇشقا ئۈلگۈردى.

— ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ ئالقىنىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈنكى بۇ سورۇندا مېنىڭ خىزمىتىم ھەممىدىن كۆپ. ئەگەر بايىقى نىكاھنى مەنسۇربېگىمنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان بولسام، ئۇ ماڭا جەزمەن ئېگەرلەنگەن بىر ئات ئىنئام قىلغان بولاتتى. خەير، مەيلى، ھازىرچە مۇشۇ يېرىم پىيالە مەيزاپقىمۇ شۈكۈر قىلىمەن.

يىگىتلەر «ئالە شەرىڭنى!»، «تازا ئوخشاتتىڭغۇ!» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. قۇدرەتمۇ، ئابدۇۋەلىمۇ بىرەر نەرسە دېيەلمەي، ئاۋۋال «كۆردۈڭمۇ؟» دېگەندەك بىر-بىرىگە قاراشتى، ئاندىن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ھەممىنى ئىچىۋەتمەكچىدىم، — دېدى سادىق كۈلكە

[1] مەيزاپ — خوتەندە مۇسەللەسنى مەيزاپ دەپمۇ ئاتايدۇ.

بىسىققاندا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن ئويلاپ باقسام، بۇ ئىككىيلەننىڭ دەۋا - دەستۇرىنىمۇ ئورۇنسىز دېگىلى بولمى-غۇدەك، شۇڭا بۇلارغىمۇ بىر يۇتۇمدىن قالدۇردۇم، مانا ئېلىڭ-لار.

يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى. قۇدرەت بىلەن ئابدۇۋەلى بىر يۇ-تۇمدىن ئىچىشىپ پىيالىنى بوشاتتى. يىگىتلەر بىر تەرەپتىن داستىخاندىكى يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تەگكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن كۇلكە - چاقچاق قىلىشىپ، قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيى-تىشتى. بىر چاغدا قۇددۇس پەس ئاۋازدا ناخشا باشلىۋىدى، باشقىلار چاۋاك بىلەن تەڭكەش قىلىشتى، بەزىلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى. «گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنى چۆل - جەزىرىدە تۇرۇپ كۆيلىسەڭمۇ ئاڭلىغۇچىلار تېپىلىدۇ» دېگەن گەپ توغرا ئېيتىل-غانىكەن، قاچان كەلگەنلىكى نامەلۇم، بىرنەچچە كىيىك ئۇلاردىن ئوتتۇز - قىرىق قەدەم نېرىدا توختىشىپ، گويا «قانداق ئادەملەر بۇلار؟» دېگەندەك يىگىتلەرگە چەكچىيىپ قاراپ تۇ-رۇشتى.

مۇبادا ئادالەت دادىسىنىڭ رايىغا باققان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ تويى يۇرتىدىكى ئەڭ داغدۇغىلىق تويلارنىڭ بىرى بولغان بولات-تى. بىراق هازىرقى توي يېرىم كېچىدە، چۆل - جەزىرىدە، ئون نەچچە يىگىتنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەنلا ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداقتىمۇ ئادالەت قىلچە ئۆكۈنمەي، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختىيار هېس قىلدى. ئاھ، مۇهەببەتكە تولغان بۇ دۇنيا نەقەدەر گۈزەل - هە!؟

«ئەجەبمۇ ئوبدان ئادەملەر ئىكەن بۇلار، — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئادالەت، — شۇڭا ئېرىنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەل-مەپتىكەن - دە. ناۋادا ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق ئىشقا ماڭغان بولسا ئىدى، جاهاننىڭ ئۇ چېتىگە بارسىمۇ، بىللە ئەگىشىپ بارغان بولاتتىم...»

بۇ چاغدا ئېزىزمۇ خىيالغا چۆكۈپ قالغانىدى: «ھەي... ئادالەتنىڭ رايىغا بېقىپلا مۇشۇ مەردانە، خۇش چاقچاق ئاغىنىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم. ئەمدى ئۇلار بىلەن يەنە قايتا كۆرۈشەلەرمەنمۇ؟ ھەي... كىم بىلىدۇ، ئۇرۇش دېگەنگە ئۆلۈم ھەمىشە ھەمراھ دەپتىكەن، بەلكىم ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆلۈپ كېتەر، بەزىلىرى يارىلىنىپ ناكار بولار... شۇ تاپتا ئۇلار بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىمى ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشىۋاتىدۇ، لېكىن مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىدىمۇ، قايغۇسىدىمۇ بىللە بولالمايدىغان بولدۇم...»

بىرەر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قۇدرەت ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. يىگىتلەر ئاتلىنىشتى. ئۇلار خورازلارنىڭ بەس - بەستە چىللىغان ئاۋازىدىن قاغىلىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى مەھەللىلەرگە يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىشتى - دە، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشتى. ئۇلار يولدا كەلگۈچە سادىق، مەتقاسىم ۋە سۇلايمانلار ئېزىز بىلەن ئادالەتكە ھەمراھ بولۇپ قاغىلىق شەھىرىگە بارىدىغان، قۇدرەت قالغان يىگىتلەرنى باشلاپ تاغ تەرەپكە بۇرۇلۇپ «كونا يار» دەپ ئاتىلىدىغان تاشلاندۇق ئېقىننىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرىدىغان، سادىقلار مۇشۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىدى.

— ئاتتىن چۈشمەيلا خەيرلىشەيلى، — دېدى قۇدرەت ئېزىزغا قاراپ ھاياجان بىلەن، — خوش، قەدىردان ئاغىنەم، خوش، سىڭلىم، سالامەت بولۇڭلار، بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!

ئارقىدىن باشقا يىگىتلەرمۇ مۇشۇنداق تىلەكلەرنى تىلەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كۆپرەكى غەربىي جەنۇبقا، ئازراقى غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

غاپپار مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىدىن قوغلانغاندىن كېيىن كازىم بەگنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنىدى.

— غەم قىلماڭ، پالۋان، — دېگەنىدى كازىم بەگ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، — گۇلسۇمقىز جەزمەن سىزنىڭ بولىدۇ. هەر ئىككىمىزنىڭ تويىنى بىر كۈندە قىلىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېڭىۋاشتىن جانلىنىپ، كازىم بەگ ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. بىراق ئىش ئۇنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ گۇل-سۇمنىڭ گۈندىخانىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىدا، يۈرىكى «قارت» قىلىپ، كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. «ئاپلا، هېلىقى ئىش ئاخىر ئاشكارىلىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ بەكمۇ ئەنسىرىدى ئۇ ۋە بۇ خەۋەرنى يەتكۈز-گەن كازىم بەگدىن ئالدىراپ سورىدى:

— ئۇ نېمە گۇناھ قىپتىكەن؟

ئادەت بويىچە قىرىق نەزىر بېرىلىپ بولغۇچە كازىم بەگ مېيىت چىققان ئۆيدە تۇرۇشى لازىم ئىدى. بىراق، يەتتە نەزىر بېرىلىپ بولۇپ ئەتىسى ئۇ غاپپار بىلەن يەنە بىر يىگىتنى ئەگەش-تۈرۈپ شەهەرگە باردى. ئۇلارغا بازاردىن مۇسەللەس، هاراق (شۇ كۈنلەردە يېڭىشەهەردىكى خەنزۇ جاڭگۈيدىلەرنىڭ دۇكانلى-رىدا هاراقمۇ ئاشكارا سېتىلىدىغان بولغانىدى)، تونۇر كاۋىپى، توخۇ گۆشلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەهكەم

تاقاپ يېرىم كېچىگىچە يەپ ـ ئىچىشتى. بۇرۇن مۇنداق ئولتۇ-رۇشلار داپ ـ دۇتارسىز، سەتەڭ خوتۇنلارسىز ئۆتمەيدىغان، لېكىن هازىر ئۇنداق قىلىشقا پېتىنىشالمىدى. ئۇلار ئەتىسى چۈشكىچە ئۇخلىشىپ، يېزىغا قايتىپ كېتىشتى.

بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭ شەھەرگە ئىككىنچى قېتىم بېرىپ كېلىشى ئىدى. بۇ دورەم ئۇ غاپپارنى يېزىدا قالدۇرۇپ قويغان ۋە شەھەردە ئىككى كېچە قونۇپ قالغانىدى، قايتقاندا قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، چىرايى قارىداپ خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

— قاراقچى ئېزىزنى ئاشۇ جالاپ قاچۇرۇۋېتىپتىكەن، — چىرايىنى تۇرگەن هالدا جاۋاب بەردى كازىم بەگ.

غاپپارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. «ئاپلا، ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ،— دەپ ئويلىدى ئۇ،— ئادالەت دېگەن نېمىگىمۇ يەنىلا هېچ ئىش كەلمەيدۇ، بىچارە گۇلسۇم ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن دەپ بالاغا قالىدىغان بولدىيا، ‹ هالۋىنى هېكىم يەپتۇ، تاياقنى يېتىم› دېگىنى شۇ ـ دە. ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنى ئەمدى قانداق قىلىشار؟...» ئۇ هازىرمۇ بۇ ئىشتا گۇلسۇمنى ئادالەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلغان دەپ قارايتتى. چۈن-كى، ئېزىزنىڭ ئادالەتنى ئېلىپ قاچقان ئىشى مەلۇم بولغاندىن كېيىن غاپپارنىڭ كۆڭلىدىكى كۈندەشلىك ئوتى ئۆچكەنىدى. «مەن ئۆزۈمچە كۈنلەپ يۈرۈپتىمەن تېخى، ئۇ هارامزادە تېخىمۇ چوڭ يەرگە كۆز تىكىپتىكەن ئەمەسمۇ» دەپ خاتىرجەم بولغانىدى ئۇ.

— يەنە بىر شۇم خەۋەر،— كازىم بەگ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى،— تۇنۇگۈن تاڭ ئاتار كېچىسى قاراقچى ئېزىز هېلىقى ئوغرى قۇدرەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە باستۇ-رۇپ كىرىپ ئادالەت خېنىمنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

بۇ خەۋەر غاپپارنى بەكمۇ هاڭ ـ تاڭ قالدۇردى:

— شۇنداقمۇ؟— دېدى ئۇ چۆچۈگەن ۋە غەزەپلەنگەن قىيا-
پەتتە، — ھەي... بۇ بەك يامان ئىش بوپتۇ. بۇ گەپچە، ئۇ
قاراقچىنىڭ ئەزەلدىنلا ئاشۇ ئوغرىلار بىلەن ئالاقىسى بار
ئىكەن - دە! ؟

كازىم بەگ گەپ قىلماستىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بۇ
تەستىقلاش ئىشارىسى غاپپارنىڭ كۆڭلىگە ئازراق ئۈمىد شولىسى
چۈشۈرگەندەك بولدى: «توختا، ئەسلىدە گۈلسۈمنىڭ بۇ ئىش
بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولماي، تالىپ بەگمۇ ماڭا ئوخشاشلا
ھېلىقى چايدىن گۇمانلىنىپ ئۇنى تۇتقان بولسىچۇ؟...»

— بەگزادەم، — دېدى ئۇ كازىم بەگكە يېلىنغان ھالدا
قاراپ، — ئۇ قاراقچىنى ھېلىقى چاغدا قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلارمۇ
ئاشۇ ئوغرىلار بولمىسۇن يەنە. گۈلسۈمقىز ناھەق...

— بۇ ئىشنى ئۇ جالاپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار
قىپتۇ، — ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋەتتى كازىم بەگ تېرىككەن ھالدا
ۋە بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ ئېزىزنى، گۈلسۈمنى، ھەتتا مەنسۇر
بەگ بىلەن ئادالەتنىمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى.

— ئاشۇ كۈنى سىزمۇ لاتىدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپسىز، — دەپ
غاپپارغىمۇ بىر تەگكۈزۈپ ئۆتتى ئۇ.

غاپپار قىزارغان ھالدا يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ تىنچلىقى
پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. ئۇ گۈلسۈمنى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ياخ-
شى كۆرەتتى. غاپپار ئەسلىدە تولىمۇ قارام، باغرى تاش، زالىم
تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى، بەزىدە ھەتتا غالجىر ئىتقا ئايلىناتتى.
ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەر، ھەتتا مەنسۇر بەگنىڭ ئۆزىمۇ «خۇدا-
يىم بۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا مېھىر - شەپقەت ئۇرۇقىنى سېلىشتا
بەكمۇ بېخىللىق قىپتىكەن» دەيتتى. بىراق، ئۇ گۈلسۈمنى
ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانغا خاس بەزى ياخشى سۈپەتلەرنىمۇ
ئويغاتقانىدى. ئۇ گۈلسۈم ھەققىدە خىيال سۈرگەندە، ئۇنى كۆر-

گەندە يۈرىكى شادلىقتىن يايراپ كېتەتتى، ھەتتا ناخشا ئېيتقۇ-
سى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلەتتى. بەزىدە تېخى ۋۇجۇدىغا بىر
شېرىن جۇغۇلداش ئولىشىپ، كۆڭلى ياغدەك ئېرىپ گۈلسۈمگە
تۈزۈك گەپ قىلالماي قالاتتى. لېكىن گۈلسۈم كۆپىنچە ئۇنىڭدىن
ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى، دۈچ كېلىپ قالغاندىمۇ قورققان ياكى
خىجىل بولغاندەك بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي ئىتتىك
كېتىپ قالاتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىپادىمۇ بىلدۈرمەيتتى.

«ئەستا، گۈلسۈم شۇ ئىشنى نېمىشقا قىلغان بول-
غىيدى؟— غاپپار كازىم بەگنىڭ ئالدىدىن قايتىپ خۇددى خام
ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك تىت - تىت بولۇپ كەتتى، — قىز
بالا بولغاندىكىن، سىڭگەن نېنىنى يەپ تىنچقىنا يۈرسە بولماسمى-
دى. ئادالەت بۇيرۇسىمۇ، ‹بېگىمنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن›
دەپ تۇرۇۋالسا نېمە قىلالايتتى؟… نەق ئۈستىدە تۇتۇۋالمىغاندىن
كېيىن نېمىشقا ئىقرار قىلغاندۇ؟… ھەي، خوتۇن كىشى دېگەن-
زە، چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا خەق ئىكەن غولى. مانا ئەمدى
بولغۇلۇق بولدى، ئۆزىگىمۇ، ماڭىمۇ قىلدى، نېمىدېگەن ئەخ-
مەقلىق بۇ! تالىپ بەگ ئەمدى ئۇنى قانداق قىلار؟ ئىشقىلىپ،
ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى دېگەندەك، بۇ بەگلىرىم
ئەمدى ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايدۇ…»

غاپپار ئويلىغانسېرى ئەندىشىسى كۈچىيىپ، پاقالچىقىغا
پىت چۈشكەندەك بىئارام بولۇپ، زادى تۇرالماي قالدى. «يارىم
ئۇ يەردە سولاقتا ياتسا، مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟
دەرھال شەھەرگە باراي،— دېگەن نىيەتكە كەلدى ئۇ ئاخىر،—
ماۋۇ كازىم بەگ ھازىر ئادالەت خېنىمنى قولدىن چىقىرىپ قو-
يۇپ، ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. گەپلىرىمنى ئاڭلىغۇدەك، دەر-
دىمگە يەتكۈدەك ھالى يوق. بولغان ئىشنى تالىپ بېگىمنىڭ ئۆز
ئاغزىدىن ئاڭلاي. ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇراي، ھېچبولمى-
غاندا كۆرۈشتۈرۈشكە ماقۇل بولار…»

— بەگزادەم، كېچە رەھمەتلىك ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن كازىم بەگنىڭ يېنىغا كىرىپ، — شەھەرگە بېرىپ قەبرىسىنى بىر يوقلاپ كەلسەم.

— بېرىڭ، — كازىم بەگ ئۇنىڭغا قارىمايلا قولىنى شىلتىدى.

غاپپار قاچىلارغا ئۇسۇلۇۋاتقان غىزاغىمۇ قارىماي، كازىم بەگ بەرگەن ئاتقا مىندى-دە، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بۇيان تالىپ بەگ بىلەنمۇ ئوبدان ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا شەھەرگە كىرىپلا ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. تەلىيىگە تالىپ بەگمۇ ئۆيدە بار ئىكەن، ئۇنى خېلى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— تىنچلىقمۇ، پالۋان، — تالىپ بەگ غاپپارنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆزى گەپ ئاچتى، — بەك ئالدىراش كەلگەندەك تۇرىسىز، بىرەر ئىش چىقىپ قالدىمۇ؟

دېگەندەك، غاپپارنىڭ ئۇستىۋېشىدىن ھازىرمۇ تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى، قارامتۇل چىرايى قىزىرىپ كىرلەشكەن مىس رەڭگىگە كىرگەنىدى.

— ئۆزۈمغۇ تىنچلىق، — غاپپار سەل قىسىلغاندەك بولۇپ جاۋاب قايتۇردى، — بىر نازۇك ئىش خۇسۇسىدا ئالدىلىرىغا كېلىشىم.

تالىپ بەگ ئاخشام كازىم بەگ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭدىن غاپپارنىڭ گۈلسۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ غاپپارنىڭ «بىر نازۇك ئىش» دېگىنىنى شۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندى، بىراق ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— پالۋان، قېنى قىسىلماي ئېيتىۋېرىڭ، قانداق ئىشتى ئۇ؟

شۇ ئارىدا داستىخان سېلىنىپ چاي كەلتۈرۈلدى. غاپپار

چاينىڭ سەل سوۋۇشىنىمۇ كۈتمەي پىيالىنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى ـ دە، ئاغزىغا ئاپاردى. بىراق، بىر يۇتۇم ئىچە ـ ئىچمەي چىرايىنى ئىچىنىشلىق ھالدا پۈرۈشتۈرۈپ، پىيالىنى يەنە دەر-ھال داستىخانغا قويدى، بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى. ئۇ ھازىرمۇ جىددىيلىشىپ تۇرغاچقا مۇددىئاسىنى بايان قىلىشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالماي قىينىلىۋاتاتتى.

— بېگىم، گۈلسۇمنى تۇتۇپ كەلگەن ئوخشايلا؟ — دېدى ئۇ ئاخىر بىردىنلا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ.

دۇنيادا ئاجايىپ مىجەزلىك ئادەملەر بار. ئۇلار بەزىدە گەپ-نىڭ نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، خۇددى «مۇشۈك ـ چاشقان ئويۇنى»غا ئوخشاش سۆھبەتدىشىنى قىيناپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

— پالۋان، جاھاندا گۈلسۇم ئاتلىقلار ناھايىتى كۆپ، سىز قايسىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز؟

غاپپار سۆھبەتدىشىنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سەز-مىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ كارى بولمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇزلا جاۋاب بەردى:

— مەنسۇر بېگىمنىڭ ئۆيىدىكى گۈلسۇم ئاتلىق...

— ھە، — تالىپ بەگ گويا ئەمدىلا چۈشەنگەندەك كۈلۈمسى-رەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ھېلىقى چاكارنى دەمسىز؟

— شۇنداق، بېگىم، — غاپپار بىر خورسىنىپ قويۇپ سورى-دى، — ئۇنى نېمە ۋەجىدىن تۇتتىلىكىن؟

تالىپ بەگ ھېلىقى سوراق جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ گۈلسۇمنىڭ ئېرىزىنى «ئۆزۈم خالاپ قاچۇردۇم»، «ئۇنىڭغا مەنمۇ كۆيەتتىم» دېگەن سۆزلىرىنى ئەينەن ئېيتىپ بەرگەندە، غاپپارنىڭ چىرايى بىر تاتىرىپ، گۈلسۇمگە قارىتا غەزىپى ئۆرلىدى: «ھۇ دۆيۈز جالاپ! — دەپ كۆڭلىدە تىللىدى ئۇنى، — مەن ئېخى سېنى ئادالەتنىڭ زورلىشى بىلەن شۇنداق

قىلغاندۇ دەپتىمەن. ئەسلىدە، كۆڭلۈڭنى شۇ قاراقچىغا بېرىپتىكەنسەن ـ دە. قولغا چۈشكىنىڭ ئەجەب بولەن ئىش بوپتۇ، ئىلاھىم گۈندىخانىدا چىرىپ كېتەرسەن!...» بىراق ئۇ بىردەمدىن كېيىن بۇ پىكرىدىن يەنە يالتىيىپ قالدى.

— بېگىم، — دېدى ئۇ تالىپ بەگكە يېلىنغان هالدا قاراپ، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ «ئۆزۈم خالاپ قاچۇردۇم» دېگەن سۆزى يالغانمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، پالۋان؟

— مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىشنى ئۇ ئادالەت خېنىمنىڭ زورلىشى بىلەن قىلغان.

— بۇنىڭغا بىرەر ئاساسىڭىز بارمۇ؟

— بار، بىرىنچىدىن، مەنسۇر بېگىم «قىزىمنى ئېزىز زورلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ» دېگەن بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئادالەت خېنىم ئۆزى خالاپ قاچقان، شۇڭا تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ئېزىزغا ئىچ ئاغرىتىپ گۇلسومگە بۇيرۇپ ئۇنى قاچۇرغان...

بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن تالىپ بەگدىمۇ شۇنىڭغا يېقىنراق گۇمان پەيدا بولغانىدى، بىراق ئىككى بەگنىڭ ئابرۇيىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ھەقتە كولاشتۇرمىغان. هازىر غاپپار شۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن ئىختىيارسىز هالدا:

— بۇ ئىش غولى شۇنداقمىدۇ؟ — دەۋەتتى.

— غولى شۇنداق. ئويلاپ باقسىلا، ئادالەت خېنىم يا كىچىك بالا بولمىسا، هۇجرىنىڭ دېرىزىسى ئىچىدىن ئېتىلىدىغان تۇرسا، ئۆزى ماقۇل بولمىغاندا ئۇ قاراقچى ئۇنى هۇجرىسىدىن قانداق ئاچىقالايدۇ؟ ئادالەت خېنىم ۋارقىرىمامدۇ، قارشىلىق قىلمامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ ئىككىسى بۇرۇنلا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان گەپ.

تالىپ بەگ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— بۇ ھەقتە باشقا يەردە سۆزلەپ يۈردىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، بېگىم، بۇ گەپنى بىرىنچى قېتىم هازىر ئاغزىمـ
دىن چىقىرىشىم.

— ياخشى قىپسىز، مەيلى شۇنداق بولغانمۇ دەيلى، بۇ ھەقتە ئەمدى ئىككىنچى سۆزلەپ يۈرمەڭ، نۇرۇللا بېگىم بىلەن كازىم بېگىملەر ئاڭلىسا سەت بولىدۇ. خوش، ئىككىنچىدىنچۇ؟

— ئىككىنچىدىـن، — دەپ سۆزىـنى داۋامـلاشـتۇردى غاپپار، — ئاڭلىدىلىمىكىن، گۇلسۇم ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بىزنى ۋارقىراپ ئويغاتمىغان بولسا، ئۇلار شۇ چاغدىلا قېچىپ كەتكەن بولاتتى. ئاۋۋال ئۆزى تۇتۇپ بېرىپ، كېيىن يەنە ئۆزى قاچۇرامدۇ؟ مېنىڭچە، ئەتىسى ئادالەت ئۇنى قورقۇتقان گەپ. «ئەگەر بۈگۈن كېچە ئۇنى قاچۇرۇپ، گۇناھىڭنى يۇيمىساڭ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن» دەپ قوقاق سالغان. گۇلسۇم بىر يېتىم قىز، بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمۇ، بارىدىغان يېرىمۇ يوق، شۇڭا ئامالسىز شۇ ئىشنى قىلغان.

— ئەمىسە، نېمىشقا «ئۆزۈم خالاپ قىلدىم، ئۇنىڭغا كۆيەتـ
تىم» دەيدۇ؟

— ئويلاپ باقسىلا، ئادالەت خېنىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بېرەلەمدۇ ئۇ؟ ئۇ چاغدا سىلى ئۇنى تۇتمىغان بىلەن كېيىن مەنسۇر بېگىم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ئۇنى، شۇڭا بىرەر سەۋەب كۆرسىدـ
تىش ئۈچۈن «مەنمۇ ئۇنىڭغا كۆيەتتىم» دەپ قويغان گەپ تايىنـ
لىق.

مۇھەببەت — ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ. سەن بىراۋنى چىن قەلبىڭدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ، نېمىلىكى بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئەيىب قويغۇڭ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ سېنى رەنجىدـ
تىدىغان بەزى ئىشلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان چېغىڭدىمۇ، ئىلاـ
جى بار ھەر خىل سەۋەبلەر، ئېھتىماللىقلارنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇنى ئاقلاشقا، ئەپۇ قىلىشقا تىرىشىسەن. مۇبادا سەن ياخشى كۆرگەن كىشىڭنىڭ بېشىغا بىرەر مۇشكۈلچىلىك چۈشۈپ قالغۇـ

دەك بولسا، مۇھەببىتىنىڭ يۈز ھەسسە كۈچىيىپ، ئۇنى شۇ مۇش-كۈلچىلىكتىن خالاس قىلىش يولىدا بارلىقىڭنى بېغىشلىغۇڭ كېلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتكە زىت بولغان ھەرقانداق گەپ - سۆز-لەر، ھەرىكەتلەر سەن ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەي قالىدۇ. غاپپارمۇ ھازىر دەل ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئىدى. ئېزىز بىلەن ئادالەتنىڭ بىللە قاچقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۇنىڭ «گۈل-سۇم ئېزىز بىلەن تېپىشقۇالغانمىكىن؟» دېگەن گۇمانىنى تاماكا تۇتۇنىدەك توزۇتۇۋەتكەن، گۈلسۇمنىڭ بۇرۇنقى ئېزىزغا بولغان جىمى يېقىنچىلىقىنى «ئادالەتنىڭ خاھىشى بىلەن بولغان» دەپ چۈشەنگەنىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ گۈلسۇمگە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىمۇ كېلىپ قوشۇل-دى. «بېشىغا كۈن چۈشكەن مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا ھەمدەرد-لىك قىلمىسام مېنى قانداقمۇ ئاشىق دېگىلى بولىدۇ! ؟ ئۇ تىكەن-دەك قارا يېتىم، مەندىن ئۆزگە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك ھېچ-كىم يوق. ماڭا بۇرۇن كۆڭلىنى بەرمىگەن بولسا، ئەمدى چۈشەن-نەر، ئۇنى بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرغىنىم قۇتۇلدۇرغان» دەپ ئويلىدى ئۇ.

غاپپار كۈچلۈك، قارام، قورقماس ئادەم بولسىمۇ ئەقلى ئانچە ئىشلەپ كەتمەيتتى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ مەسىلىلەرنى شۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ھالدا تەھلىل قىلدىكى، ھەتتا كەسپىي سوراقچى بولغان تالىپ بەگمۇ ئۇ كەلتۈرگەن ئاساسلارغا خېلى قايىل بولۇپ قالدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىشتىكى جاۋابكارلىقنى ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئۇنى ئەمدى ئاغدۇرماق تەس، — دېدى تالىپ بەگ يەنىلا ئۆز قارىشىنى تەكىتلەپ، ئاندىن سىرلىق كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — پالۋان، قارىسام، ئۇ قىزنىڭ ئىشىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىغاندەك تۇرىسىز، ئاراڭلاردا بىرەر يېقىنچىلىق بارمىدىيا؟

غاپپار دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تىرنىقى بىلەن كۆرپىنى «كىرت - كىرت» قىلىپ تاتىلىدى، چىرايى قىزىرىپ، بۇرنى ئۇستىدە چېكىم - چېكىم تەرلەر پەيدا بولدى.

— مەنسۇر بېگىم ئۇنىڭ بېشىنى پېقىرغا باغلاپ قويغان، — دېدى ئۇ ئاخىر كۆزىنى پەستىن ئالماي، — بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىنمۇ ئۆتكەن بولغىيتتى، كۆيۈك دەردى دېگەن بەك يامان ئىكەن.

تالىپ بەگنىڭ چىرايىدا مەنستىمەسلىك كۈلكىسى ئوينىدى.

— ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتىكەنسىز - دە؟

— ئەمدى... ئىنسانچىلىق، بېگىم، — غاپپار شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى، — ئۇنىڭغا جازا بېرىلەرمۇ؟

بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنتايىن بىچارىلىك ئىپادىسى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىمۇ قىزىرىپ نەملەنگەندى. تالىپ بەگ مۇنداق باغرى تاش، شەپقەتسىز ئادەمنىڭمۇ بەزىدە مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى (ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەرگىز مۇنداق ھالەت سادىر بولۇپ باققان ئەمەس) تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھەيران بولماي تۇرالمىدى.

«ۋاي بىچارە قوڭالتاق، — كۆڭلىدە مەسخىرە قىلدى ئۇنى، — ساڭا ئوخشاش نەسلى - نەسەبى، يۇرت - ماكانىنىڭ تايىنى يوق، كۈنلىرىنى بەگلەرگە چاكار بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بىر لالمىغا قىزلارغا كۆيۈپ قېلىشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئەينەككە قاراپ باقساڭ بوپتىكەن، سەندەك بىر سەت مەخلۇققا گۈلسۇمدەك ئۇز قىزلار زايە كەتمەمدۇ!؟...»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ غاپپارنى تېخىمۇ قىيناپ ئوينىغۇسى كەلدى - دە:

— ئەلۋەتتە جازا بېرىلىدۇ، ئېغىر جازا بېرىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

— ئوبدان، بېگىم! — غاپپار بىردىنلا قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، — خوش بولۇپ كېتەي، بېگىم، شۇ بىچارىنى گۇندىخانىدىن ئازاد قىلىۋەتسىلە.

تالىپ بەگ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا يالۋۇرۇپ يېلىنىشىنى، قورقۇپ تىترىشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە ئىشلەشكە باشلىغاندىن بۇيان تالاي ئادەملەر مۇشۇنداق قىلغان، لېكىن ئۇ غاپپارغا ئوخشاش ئەل - يۇرت ئىچىدە ئۆزىنى ئۇنىڭ بىرى ھېسابلايدىغان بىر قارام يىگىتنىڭ مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، شۇڭا ئۇ ھازىر تېخىمۇ بەك لەززەتلەندى.

— پالۋان، بۇ ئىش تەس، — دېدى ئۇ يەنىلا خۇپسەنلىك قىلىپ، — ھازىر ئىسپاتلىنىشىچە، ئېزىز دېگەن ئۇ قاراقچى باندىت قۇدرەتنىڭ غوللۇق شېرىكى ئىكەن، يەنە تېخى ئىلىدىكى ئوغرىلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بار دېگەن مەلۇمات قولىمىزغا چۈشتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئادەمنى ھۆكۈمەت ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ. مەشۇقىڭىزنى ئازاد قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ياق، بېگىم، قوللىرىدىن كېلىدۇ. بۇ يۇرتتا ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىن كەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. مەن قۇللىرى بولۇپ كېتەي. ئىككىلا ئالەمدە خىزمەتلىرىدە بولاي. ئۇنى قويۇۋەتسىلە. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى سىقىمىمدا تۇتاي…

غاپپار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەنسۇر بەگنىڭ بەرگىنى ۋە ئۆزىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلغىنى بولۇپ خېلى كۆپ مىقداردا پۇل توپلاشقا ئۇلگۇرگەن ۋە ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ئەمەلدار - بەگلەر بىلەن تولا ئارىلاشقان بولغاچقا، مۇنداق نازۇك ئىشلاردا قۇرۇق گەپنىڭ قۇلاققا ياقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا بايا بۇ يەرگە مېڭىش ئالدىدا بىر دانە ئالتۇن زىرە بىلەن ئىككى دانە تىللانى يېنىغا

سىلىقۋالغانىدى. ھازىر ئۇ يېنىدىن شۇلارنى ئالدى ـ دە، تالىپ بەگنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بېگىم، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئاز بولسىمۇ ئىلتىپات قىلارلا، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خىزمەتلىرىدە بولارمەن.

راستىنى ئېيتقاندا تالىپ بەگ تېخى گۇلسۇمنىڭ جىنايەت ئەھۋالىنى ئۆزىدىن چوڭلارغا مەلۇم قىلمىغانىدى. تۈرمىگە سو-لاش ۋاقتىدا تىزىملاش دەپتىرىگىمۇ «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپلا يېزىپ قويغان، لېكىن نېمە ئىشتا گۇمانلىق ئىكەنلىكىمۇ ئەس-كەرتىلمىگەنىدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى نۇرۇللا بەگدىن يوشۇ-رۇپ قالالمايتتى، ئەلۋەتتە. بىراق يەنە ئۇنىڭ بىلەن تىلنى بىر قىلىپ گۇلسۇمنى پۈتۈنلەي گۇناھسىز دەپ ئازاد قىلىۋېتىشمۇ قولىدىن كېلەتتى. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئۈچۈن گۇلسۇممۇ بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىدى. «مەنسۇر بەگ ئۇنى ئەمدى ئۆيىگە كىر-گۈزمەيدۇ،— دەپ مۇلاھىزە قىلغان تالىپ بەگ چوڭكۆلدىن قايتقىچە،— ئۇنىڭ باشقا بارار، تۇرار يېرىمۇ يوق ئىكەن، ئەگەر بويۇنتاۋلىق قىلماي، گېپىمگە كىرسە، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، ئۆيىمىزدە چاكار قىلىۋالىمەن. بىرنەچچە زامان پۇخادىن چىققۇدەك ئوينىۋېلىپ، ئاندىن بىرەر قوشالتاققا چېتىپ قويى-مەن.» ئۇ كېيىن كازىم بەگدىن گۇلسۇمنىڭ غاپپار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىغاندا، «غاپپار ئەمدى بۇنىڭغا قارىمايلا قويار، تايىنلىق» دەپ ئويلىغان، بىراق، ئىش ئۇنداق بولماي چىقتى. «قارىغاندا، بۇ قوشالتاق ئۇنىڭدىن كۆڭلىنى ئۈزەلمەيدى-كەن، — دەپ ئويلىدى تالىپ بەگ،— گۇلسۇمنى ئۆيۈمدە چاكار قىلىمەن دېگىنىم بىلەن خوتۇنۇم گۇمانلىنىپ قوشۇلماي قېلىشى-مۇ مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى، ئۇ مۇشۇ قوشالتاق بىلەن توي قىلسۇن، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن مىننەتدار بولۇشى، مۇشۇ ئادەمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەنلا مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇق دەپ بىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىرلىك

كىشىسىگە ئايلىنىپ ئۆيىگە خالىغان چاغدا كىرىپ چىقالايدىغان، گۈلسۇم بىلەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىدەكلا بەھۇزۇر كۆڭۈل ئاچالايدىغان بولىمەن، توغرا، شۇنداق قىلاي».

— پالۋان، — دېدى ئۇ غاپپارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى بۆلۈپ، — سىز مېنى تازىمۇ نازۇك بىر ئىشتا قىستاپ تۇرۇۋالدىڭىز. خەير، بوپتۇ، مەن ئەزەلدىن ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئىلتىجاسىنى يەردە قويىغان ئادەم ئەمەس. ماقۇل، بۇ ئىش قانچە مۇشكۈل بولسىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي. ئەمدى مۇنداق ئىككى ئىشنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، بىرى، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشتا، نۇرۇللا بېگىم بىلەن كازىم بېگىمنىڭ رازىلىقىنى ئالماي بولمايدۇ. مەن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاي، سىزمۇ قاراپ تۇرماي كازىم بېگىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈڭ...

— يول كۆرسەتكەنلىرى ئۈچۈن رەھمەت، بېگىم، — غاپپار ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈردى، — كازىم بېگىمگىمۇ يالۋۇرىمەن.

— ئىككىنچىدىن، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تالىپ بەگ، — گۈلسۇم گۇناھىغا ئۆزى ئىقرار قىلغان، ئۇنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تازا كاللا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. سىزنىڭغۇ مېنىڭ بۇ خىزمىتىمنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، لېكىن ئۇنى گۈلسۇم قىزمۇ بىلىشى كېرەك. ئۇنى مەن قولغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭدىن تازا غەزەپلىنىۋاتىدىغاندۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويارسىز، ئۇ تۈرمىدىن بوشانغاندىن كېيىن مېنى شەپقەتچىم دەپ بىلىشى كېرەك.

— چۈشەندۈرىمەن، ئەلۋەتتە چۈشەندۈرىمەن. بېگىم، ئالدىلىرىدا قەسەم قىلىپ بېرەي، بىز ھەر ئىككىمىزلا ئۆزلىرىنى بۇ يورۇق ئالەمدىكى بىردىنبىر شەپقەتچىمىز دەپ بىلىمىز.

تالىپ بەگ ئۈچۈن بىراۋدىن پارا ئېلىش — گويا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى قەرزىنى قايتۇرۇۋالغاندەك ياكى بولمىسا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن

ـدىن ئۆز ئۆلۈشىنى تاپشۇرۇۋالغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. پۇرسەتلا بولىدىكەن، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىنمۇ، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقانـ ـلىرىدىنمۇ ئېلىۋېرەتتى. بۇ ئىشتا ئۇ «مۇت[1]، زەھەر بولسىمۇ يۇت» دېگەن تەمسىلگە تولۇق ئەمەل قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ ھېچـ قانداق تەكەللۇپسىزلا غاپپار بەرگەن پارىنى تۆش يانچۇقىغا سالـ ـدى.

بىردەمدىن كېيىن غاپپارنىڭ تەكرار ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تالىپ بەگ ئۇنى گۈلسۇم بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە ئېلىپ باردى. غاپپار يولدىن تونۇر كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىۋالدى. تالىپ بەگ غاپپارنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن بىر ساقچىغا گۈلسۇمنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

غاپپار گۈلسۇمنى كۆرۈپلا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، چۈنـ ـكى، گۈلسۇم بەكمۇ جۇدەپ كەتكەنىدى. تالىپ بەگ ساقچىنى قول ئىشارىسى بىلەن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىكنى مەھكەم ياپتى ـ دە:

— ھە، ئەمدى گېپىڭلارنى قىلىۋېلىڭلار، ۋاقىتنى سوزماڭـ ـلار، — دەپ قويۇپ ئۆزى دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ سىرتقا قاراپ تۇردى.

— گۈلسۇم...، — غاپپار ئەسلىدە يەنە «ئوبدان تۇردىڭىزـ ـمۇ؟» دېمەكچىدى، لېكىن ئۇ گەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە شۇ تاپتا ئۇنداق سوراشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. باشقا بىر مۇۋاپىق گەپمۇ دەماللىققا خىيالىغا كەلمىدى.

گۈلسۇم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. ئۇيلاپ قارىغاندا تەقدىر دېگەنمۇ بىر خىل كاج نەرسە ئىكەن، ئادەملەر مۇتلەق خالىمىغان ئىشنى ئۇنىڭغا رودۇپايدەك چاپلاپ قويىدىكەن. گۈلسۇم بۇ ئادەمـ

[1] مۇت — پۇلسىز، بىكارلىق.

ـنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى، ھېچبولمىغاندا ئۆچ كۆرۈپ
قېلىشىنى كېچە ـ كۈندۈز تىلىگەنىدى، لېكىن ئەكسىچە تەقدىر
يەنىلا ئۇ قەيەرگە بارسا، ئۇنىمۇ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈشنى
زادىلا ئۇنتۇماپتۇ. ئۇ غاپپارنىڭ ئۆزىنى مۇنداق تېزلا يوقلاپ
كېلىشىنى كۈتمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە كۆرۈپ باشتا
«بەلكىم مېنى تىللىغىلى، زاڭلىق قىلغىلى كەلگەندۇ» دەپ
ئويلىغان، بىراق ئۇنىڭ تۇرقىدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە ئىچ
ئاغرىتىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل تەسىرلەنـ
ـدى. ئىنسان بالىسى بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلىرىدا ئۆزىگە
قىلىنغان ئازراق ھېسداشلىقنى خۇشال ـ خۇرام چاغلىرىدىكى
ھەرقانداق زور ئىلتىپاتتىنمۇ ئارتۇق بىلىدۇ.

— گۈلسۈم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇ كۈنلەرمۇ
ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى غاپپار ئاخىر مۇۋاپىق سۆز تېپىپ،
ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم يېقىنلىشىپ، ئاۋازىنى پەسلەـ
ـتىپ قوشۇپ قويدى، — تالىپ بېگىم پات ئارىدا سىزنى قويۇپ
بەرمەكچى.

گۈلسۈم تېزلا تالىپ بەگكە قارىدى. تالىپ بەگمۇ دەل شۇ
چاغدا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ
قويدى. گۈلسۈم گەپ قىلمىدى، بىراق غاپپار ئۇنىڭ كىرپىكلىـ
ـرىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەملەنگەنلىكىنى بايقىدى.

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار! — ئۇلارغا قارىمايلا ئالدىـ
ـراتتى تالىپ بەگ.

— بۇ نەرسىلەرنى سىزگە ئالغاچ كېلىۋىدىم، — غاپپار
ئالدىراپ ـ تېنەپ قولىدىكى تۈگۈنچەكنى گۈلسۈمگە
تەڭلىدى، — ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، مەن يەنە پات ـ پات
يوقلاپ تۇرىمەن.

گۈلسۈم تۈگۈنچەكنى ئالغىلى ئۇنىماي تۇنجى قېتىم گەپكە
ئېغىز ئاچتى:

— رەھمەت، لازىم ئەمەس.

— كاجلىق قىلماي ئېلىڭ! — دېدى تالىپ بەگ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، — بۇ يەردە بېرىلىدىغان غىزانى جىقمۇ، ياخشىمۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— خوش بولۇپ كېتەي، كۆڭلۈمنى قايتۇرماڭ، — غاپپار تۈگۈنچەكنى گۈلسۈمگە تۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ ھەدەپ يالۋۇردى. شۇ پەيت گۈلسۈمنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى كۈنى غاپپارنىڭ شۇنچە قامچا يەپ تۇرۇپمۇ غىڭ قىلمىغانلىقى، ئۇنى چىشلەپ تارتمىغانلىقى، ئاندىن مەنسۇر بەگ قوغلىۋەتكەندە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئايۋاندىن چىقىپ كەتكەنلىكى قايتا نامايان بولدى - دە، غاپپارنىڭ قولىدىن تۈگۈنچەكنى قانداق ئالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

* * *

ئارىدىن بىر يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. غاپپار ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم گۈلسۈمنى يوقلاپ تۇردى، ھەر قېتىمدا گۈلسۈمگە ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ باراتتى. ئۇ ئادەتتە قوپال، يېقىمسىز ئادەم ئىدى، چىرايلىق، تەسىرلىك سۆزلەرنى تاللاشنى، مۇلايىم تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشنى ئانچە بىلمەيتتى. شۇڭا ھەر قېتىم گۈلسۈم بىلەن كۆرۈشكەندە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى لايىقىدا ئىزھار قىلالماي ھودۇقۇپ دۇدۇقلاپ قالاتتى. ئۇ تۈرمىگە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم بارغاندا گۈلسۈم ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ساقچىلارنىڭ زورلىشى بىلەنلا كۆرۈشكەن (تالىپ بەگ ساقچىلارغا غاپپار گۈلسۈمنى يوقلاپ بارسا، ئۆزى بولسۇن - بولمىسۇن، ئۇلارنى چوقۇم كۆرۈشتۈرۈشنى تاپىلىغانىدى)، ھەتتا سەل ئاچچىقلىنىپ:

— ئەمدى كېلىۋەرمەڭ، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ، — دەپ تەتتۈر قارىۋالغان. لېكىن بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن ئۇمۇ بارا - بارا كۆنۈشكە باشلىدى. گۈندىپاي چاقىرغان ھامان ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشخانىغا كېلىدىغان، غاپپار بىلەنمۇ خېلى ئوچۇق چىراي ئېچىپ سالاملىشىدىغان بولدى.

ئادەم دېگەن ھامان ئاڭلىق مەخلۇق، ئۇ ياخشى - ياماننىڭ، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بەربىر چۈشىنىدۇ، ئېڭىدا شۇنىڭغا لايىق ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. گۈلسۈم تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ قانداق ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ يەردە ھەر كۈنى نەچچىلىگەن مەھبۇسلار قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىناتتى، بەزى كېچىلىرى داد - پەريادلار تاڭ ئاتقۇچە توختىمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر كامېردا ياتقان ئايال مەھبۇسلاردىنمۇ ئىككى - ئۈچى بىر قېتىملىق سوراقتىلا چالا ئۆلۈك ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ قويۇلدى. لېكىن گۈلسۈم نېمىشقىدۇر ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ رەسمىي سوراققا تارتىلمىدى، تاياقمۇ يېمىدى. كامېرداشلىرى باشتا بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھەسەتمۇ قىلىشقانىدى. «ئۆزۈڭنىڭ ئېيتىشىچە گۇناھىڭ كىچىك ئەمەس ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنى نېمىشقا سوراققا تارتمايدۇ؟»، «سېنى نېمىشقا ئۇرۇپ قىينىمايدۇ؟»، «سەن جالاپ، تالىپ بېگىم بىلەن گۈندىپايلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان ئوخشىمامسەن!؟» دېيىشكەن ئۇلار. گۈلسۈم:

— ئاچىلار، يوق گەپنى قىلماڭلار، مەن ھېچبىر يامان ئىش قىلمىدىم، — دېگەندە، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ زەردىسى قايناپ:

— ئېيتسىقۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ، ئەمىسە ئۆزىمىز ئېيتقۇزىمىز، — دېيىشىپ ئۇنى ئۇرماقچىمۇ بولۇشقان.

گۈلسۈم بىلەن بىر كامېردا ياتقان يەتتە - سەككىز ئايال ئىچىدە قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر مۇئەللىم

بىلەن شەھەردىكى بىر سودىگەرنىڭ ئايالىمۇ بار ئىدى. مۇئەللىم ئايال «ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن، سودىگەرنىڭ ئايالى بولسا، ئۆزىگە چېقىلىشقا ئۇرۇنغان بىر بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە قايچا تىقىپ قارىغۇ قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك تۈرمىگە قامالغانىدى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، گەپ - سۆزلىرى جايىدا بولغانلىقى ۋە ئائىلىلىرىدىن كۈندە دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىغان ئىسسىق يېمەكلىكلەردىن ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقا مەھبۇس ئاياللار ئالدىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ھەممىسى ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرەتتى. ھېلىقى چاغدىمۇ گۈلسۇم شۇلارنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن تاياق يېيىشتىن ساقلىنىپ قالدى. گۈلسۇممۇ ھەر قېتىم كامېرغا قايتىپلا غاپپاردىن ئالغان يېمەكلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇ ھال بارا - بارا ھېلىقى ھەسەتخورلارنىڭمۇ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار ئەمدى: «ئىشقىلىپ تەلىيىڭ بار ئىكەن، سىڭلىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇدايىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلار، سەن بولساڭمۇ بۇ زالىم ئىتلارنىڭ قىيىن - قىستىقىغا ئېلىنمىغايسەن، ئىلاھىم» دېيىشىدىغان بولۇشتى.

بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ سورىشى بىلەن گۈلسۇم باشتىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ئېرىنىڭ ۋە غاپپار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ يوشۇرمىدى، ئاڭلىغۇچىلار ئۇھ تارتىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى، بەزىلىرى كۆز يېشى قىلىشتى، ھەتتا ئېرىنى يامانلاپ: «ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ، ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئەخمەق» دېگۈچىلەرمۇ، غاپپارنى ياقلاپ «ۋاپادار ئەر بولىدىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

ئوقۇتقۇچى ئايال ئېرىنى يامانلىمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئادالەتكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى ماختاپ مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاندىن بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئادەم دېگەننىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولى-

دۇ. گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، غاپپار دېگەن ئۇ يىگىتمۇ شۇنداق ئادەملەردىن ئىكەن. ئۇ راستتىنلا سىزگە ئاشىق ئوخشايدۇ. سىڭلىم، مۇھەببەت دېگەن ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ھەرقانداق ياۋۇز ۋە تۇتۇرۇقسىز ئادەمنىمۇ باغرى يۇمشاق ۋە پىداكار قىلىۋېتەلەيدۇ. مېنىڭچە، گۇندىپايلارنىڭ سىزنى ھازىرغىچە سوئال - سوراققا تارتماي، قىيىن - قىستاققا ئالماي ئارامىڭىزدا قويۇپ كېلىۋاتقىنى شۇ يىگىتنىڭ خىزمىتىدىن بولسا كېرەك. ئىش شۇنداقلا بولسا، ئۇ سىزنى بۇ دوزاختىن سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدۇ. سىڭلىم، ئەڭ سادىق، ۋاپادار ئادەملەر باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنىدۇ. سىز ئۇ يىگىتكە بولغان قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز بولغۇدەك. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشى تەرەپمۇ بار ئىكەن، مۇبادا بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆيدە ياشاپ قالساڭلار سىزنىڭ تەسىرىڭىز بىلەن يامان تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

گۈلسۇم گەرچە ئوقۇتقۇچى ئايالدەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھازىر غاپپارنىڭ ئۆزىگە راستتىنلا كۆيىدىغانلىقىغا، كۆيۈنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

— گۈلسۈم، بۇ دۇنيادا ھەر ئىككىمىزلا تىكەندەك يالغۇز، — دېدى غاپپار بىر كۈنى يوقلاپ كەلگەندە، ئاندىن بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن گويا تۇغاننى بۇزۇپ ئاققان سۇدەك تېز - تېز سۆزلەپ كەتتى، — جېنىم گۈلسۇم، مەن سىزگە ئاشىق... سىز بولمىسىڭىز بۇ دۇنيادا مەن ياشىيالمايمەن... ناۋادا، بېگىملەر ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا، بۇ دوزاختا بۆسۈپ كىرىپ، گۇندىپايلارنى بوغۇزلاپ تاشلاپ، يا سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ قاچىمەن، يا بولمىسا ئۆزۈممۇ مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن. سىزنى...

بۇ چاغدا كۆرۈشۈش ئۆيىدە ئىككىسىلا بولۇپ، گۇندىپاي ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— بولدى، سۆزلىمەڭ، گۇندىپاي ئاڭلاپ قالىدۇ، — دېدى
گۇلسۇم ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

غاپپارنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆز چاناقلىرى نەملەنگەندى.
ئۇ گۇلسۇمگە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگۇدەك يېلىنغان قىيا-
پەتتە قاراپ:

— ئەمىسە، ئېيتىڭا، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟ — دەپ
سورىدى.

گۇلسۇم ئۇنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن خېلى تەسىرلەنگەندى.
بىراق بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشنى دەماللىققا بىلەلمەي
قالدى. شۇ پەيت گۇندىپاي كىرىپ:

— ۋاقىت توشتى! — دېدى.

گۇلسۇم بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، غاپپار ئەكەلگەن
نەرسىلەرنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا
ئىختىيارسىز هالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. بۇ قاراشتىن
غاپپار بايىقى سوئالىغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى.

## 2

غاپپار مۇشۇ كۇنلەردە گۇلسۇمنى ئازاد قىلىش ئىشى توغ-
رۇلۇق تالىپ بەگ ۋە كازىم بەگلەر بىلەن تالاي قېتىم سۆزلەش-
تى. تالىپ بەگ هەمىشە: «پالۋان، ئالدىرىماڭ، بۇ دېگەن
كىچىك ئىش ئەمەس، مەنمۇ هازىر شۇ ئىشنىڭلا غېمىدە يۈرۈۋا-
تىمەن، پات ئارىدا بىر تەرەپ بولۇر. سىز كازىم بېگىمگە كۆپ-
رەك يالۋۇرۇڭ» دەيتتى. كازىم بەگ بولسا، باشتا غاپپارنىڭ
يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاقىمۇ سالمىغان، هەتتا تېرىكىپ:

— قويۇڭ مۇنداق گەپنى، مەن تېخى ئۇ قانجۇقنىڭ چاچلى-
رىنى بىر تال - بىر تالدىن يۇلىمەن، گۇندىخانىدا چىرىتىۋېتى-
مەن! — دېگەنىدى.

لېكىن ئۇنىڭ غاپپارنىمۇ ئارتۇقچە رەنجىتكۈسى يوق ئىدى. «بۇ بىر باتۇر، قورقماس يىگىت، ماڭا تازا قول ـ قانات بولالايدۇ. ئوتقا دېسەم ئوتقا، سۇغا دېسەم سۇغا كىرەلەيدۇ. مۇشۇنداق پاراكەندە كۈنلەردە ئۇنى سىقىمىمدا تۇتالىسام، ئۆزۈمگە پايدا، بەك رەنجىتىپ قويسام، ئاغرىنىپ يېنىمدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— پالۋان، سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى غاپپارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — سىزنىڭ ئۇ دېدەككە راستىنلا كۆيۈپ قالغىنىڭىزغا ئىشەندىم. سىزگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. مېنى دېسىڭىز شۇ تاپتىلا ئۇنى قويدۇرۇۋەتكۈم بار. لېكىن ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭ گۇناھى ئادەتتىكىچە ئىش ئەمەس. ھازىر ھۆكۈمەت باندىت قۇدرەت ۋە ئېزىزلەرنى تۇتالمىغىنى ئۈچۈن بەك ئاچچىقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا گۇلسۈمنى قويۇۋېتىش ھەققىدىكى گەپلەرنى ھازىرچە دېگىلى بولمايدۇ. ئاندىن ئاكامۇ، مەنمۇ ھازىر ھازا ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، مەرھۇم دادامنىڭ قىرىق نەزىرسى ئۆتسۇن، ئاندىن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ ئاكام ۋە تالىپ بېگىملەر بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي. شۇنىڭغىچە سىزمۇ بېشىمنى ئاغرىتىۋەرمەڭ.

ئۇ بۇ ۋەدىنى چىن كۆڭلىدىن بەردىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويدىمۇ، بۇنىسى غاپپارغا مەلۇم ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كازىم بەگكە ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى.

ئاخىرى ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ قىرىق نەزىرسىمۇ بېرىلىپ بولۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن كازىم بەگ يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە شەھەرگە بېرىۋالدى ۋە كۈنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. غاپپار بۇ كۈنلەرنى ناھايىتى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كازىم بەگنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى، بەزىدە زادى بولالماي:

— بەگلىرىمىز بىلەن سۆزلەشتىلىمىكىن؟— دەپ سو-
رايتتى.
— ياق تېخى، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى كازىم بەگ.
غاپپار خۇرسىناتتى، بىراق كازىم بەگنىڭ تۇتۇلغان چىرايى-
غا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ قالاتتى. «دۆيۈز! — دەپ تىللايتتى
ئۇنى بەزىدە ئىچىدە، — سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم، ئۆزۈڭنىڭ
كۆڭلىنى ئېچىشنىلا ئويلاپ، باشقىلارنىڭ غېمى بىلەن قىلچە
كارى بولمايدىغان نائەھلىي نېمە ئىكەنسەن. مۇبادا گۈلسۈمنى
قۇتۇلدۇرۇشنى دېمىگەن بولسام، يېنىڭدا بىر دەممۇ تۇرغۇچىلى-
كىم قالمىدى. خەپ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر···»
ئارىدىن يەنە ئون بەش ـ يىگىرمە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. غاپپار
ئەمدى كازىم بەگدىن ئۈمىد ئۈزۈپ: «گۈندىخانىغا كېچىسى يو-
شۇرۇن كىرىپ، گۈلسۈمىنى ئېلىپ قاچسامىكىن؟» دەپ
ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ تۈرمىگە تولا كىرىپ ـ چىقىۋەرگەچكە،
ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ
مۇنداق خەتەرلىك ئىشنى بىر باشقا ئاچىقىشتا بىر ئادەمنىڭ
ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. غاپپار قانچە باش
قاتۇرۇپمۇ بۇ ئىشتا ئۆزىگە ياردەملەشكۈدەك بىرەر سادىق دوستى-
نىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى ۋە شۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ بەگلەر
ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بىلەنلا يېقىن ئۆتۈپ، ئاددىي پۇقرالار
ئارىسىدىن بىرمۇ ھەقىقىي دوست تۇتمىغانلىقىغا تۇنجى قېتىم
پۇشايمان قىلدى. «بۇ مۇناپىقلار پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسىنىلا
كۆزلەيدىكەن، بىزدەكلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدىكەن···»
دەپ بەكمۇ ئازابلاندى ئۇ. غاپپار شۇنىڭدىن كېيىن كازىم بەگكە
ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر يالۋۇرۇپ كۆرۈشنى، ئۇنىڭدىن يەنىلا
نەتىجە چىقمىسا، ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، كېچىسى تۈرمىگە يوشۇ-
رۇن كىرىپ، گۈلسۈمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشنى
كۆڭلىگە پۈكتى:

«خەير ، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس، دەپ-
تىكەن، ئۈچ - تۆت ئادەمگە تېتىغۇچىلىكىم بار. يا شۇ يەردە
ئۆلەرمەن، يا بولمىسا يارىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقارمەن...»
بۇ قېتىم كازىم بەگ بۇگۇنلا نۇرۇللا بەگ ۋە تالىپ بەگلەر
بىلەن چوقۇم سۆزلىشىشكە ۋەدە بەردى. ئۇ بۇ ۋەدىسىنى راستى-
تىنلا ئىشقا ئاشۇردىمۇ ياكى غاپپارنى يەنە كولدۇرلاتماقچى بولدى-
مۇ، ئىشقىلىپ، كەچتە مۇنداق دېدى:
— ئاكام بىلەن تالىپ بېگىم سىزنىڭ بىزگە ۋە ھۆكۈمەتكە
بولغان سادىقلىقىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، گۈلسۈمنى قويۇپ بېرىشكە
قوشۇلدى. لېكىن بىر شەرت قويۇپ تۇرۇۋالدى. ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ ئىگىلىشىچە، باندىت قۇدرەتلەر تاشقورغانغا بېرىپ شۇ
يەردىكى توپىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپتىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدا قاراقچى ئېزىزمۇ، ئادالەت دېگەن جالاپمۇ يوق ئىمىش.
ئاقسۇ ئاۋاتتىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە بارمىغانلىقى ھەققىدە مەلۇ-
مات كېلىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار مۇشۇ يۇرتتىكى بىرەر
پىنھان يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئاكاممۇ،
تالىپ بېگىممۇ ئاۋۋال قاراقچى ئېزىزنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن
گۈلسۈمنى قويۇپ بېرەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار بۇ ئىشتا
سىزنىمۇ كۈچ چىقارسۇن دەيدۇ. بۇنىڭغا مەنمۇ بىرنېمە دېيەلمى-
دىم. لېكىن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۇ قاراقچى ئۇزاققا
قالماي جەزمەن قولغا چۈشىدۇ.
بۇ شەرت غاپپارنىڭ باشتىكى خۇشاللىقىغا ئازراق سايە چۈ-
شۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ئىشنىڭ ھەل بولغانلىقىدىن كۆڭ-
لى خېلىلا خاتىرجەم بولدى. ئۇ گۈلسۈمنى تۈرمىدىن چىقىرىش
ئۈچۈن ھەرقانداق شەرتكە كۆنۈشكە تەييار ئىدى. شۇڭا ئېزىزنى
تۇتۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.
قايسىبىر دانىشمەن: «بەزى ئادەملەر ئەزەلدىن ئادىشىپ
كەلگەن ۋە مۇندىن كېيىنمۇ ئادىشىۋېرىدۇ. نېمىنىڭ ئادىللىق

ۋە نېمىنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشتە تېخىمۇ شۇنداق» دەپ زەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. غاپپارمۇ دەل شۇنداق ئادەم ئىدى ۋە بۇ قېتىممۇ ئاداشقان يولىدا مېڭىۋېرىشكە نىيەت قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كونا بويى بازار ئارىلاپ ئېزىز ھەققىدە تىڭ تىڭلىدى. ئۇ سارايلارغا، دەڭلەرگە، ئاشپۇزۇل، چايخانىلارغا، مۇسەللەسخانا ۋە قاۋاقخانىلارغا باراتتى، بەزىدە جىمغىنا ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتى. بەزىدە بولسا، كىشىلەرگە بىرەر پىيالە چاي ياكى مۇسەللەس تۇتۇپ، ئۆزىمۇ گەپ كوچىلايتتى. مۇنداق سورۇنلاردا نېمىلەر دېيىلمەيدۇ، دەيسىز؟ يۇرت ئىچىدىكى ھەرقانداق يېڭىلىقلار شۇنداق يەرلەردە كۆپىيىپ تارقىلاتتى، ھېكايە قىلغۇدەك بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا، ئايلاپ سۆزلىنەتتى.

ئارىدىن يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا قۇدرەت ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى توغرىسىدىمۇ، ئېزىز بىلەن ئادالەت توغرىسىدىمۇ بەزى گەپلەر بولۇندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى غاپپارغا بۇرۇندىنلا مەلۇم بولغان كونا ئىشلار توغرىسىدا ئىدى. «ھەي، ئېزىز دېگەن بۇ دۆيۈز زادى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ؟— دەپ جىلە بولاتتى ئۇ، — تالا - تۈزگە چىقماي ئۆيدىلا ئولتۇرامدىغاندۇ ياكى بىلگەنلەرمۇ ئېيتمامدىغاندۇ؟ شۇنداق بولۇشىمۇ ئېھتىمال، بۇ قاراقچى كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتۈشكە ئۇستا بىرنېمە ئىدى، شۇڭا بىلىدىغانلارنىڭمۇ ئۇنى ئاشكارىلاپ قويغۇسى كەلمىسە كېرەك.»

غاپپار بىر كۈنى كەچتە يېڭىشەھەر تەرەپتىكى جۇ جاڭگۇيدى دېگەننىڭ قاۋاقخانىسىغا باردى. بۇ قاۋاقخانىنىڭ خېرىدارلارنى كۈتىدىغان ئۆيى ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى تامدا يەنە بىر دېرىزىمۇ بار ئىدى. غاپپار بۇ يەرگە تولا كېلەتتى ۋە ھەمىشە ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھاراق

تىندىن بېرى ئاڭلاشقا كېچە - كۈندۈز تەقەززا بولۇپ كەلگەن ئېزىز توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنى پەيلىدىن ياندۇردى.

— ئۇ ئېزىز پالۋان دېگەننى ئاشۇ مەنسۇر بەگ شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆزىگە مەخسۇس چېلىشچى قىلىۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىۋدىم، — كۈلكە توختىغاندا يىگىتلەردىن بىرى سوراپ قالدى، — قاغىلىقتا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ئۇ؟ باشقا بىرىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ قالدىڭمۇيا؟

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، ئۇنى مەن كېيىنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم كۆرگەن، نەق ئۆزى شۇ، — دېدى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن يىگىت سەل رەنجىگەن تەلەپپۇزدا.

— توختاڭلار، ئاغىنىلەر، — يەنە بىرى سۆزگە ئارىلاشتى، — تېخى كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭلار يوق ئوخشايدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئاشۇ ئېزىز پالۋان دېگەن يىگىت بۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئاي بۇرۇن ھېلىقى كازىم بەگ دېگەننى ئوڭدا قويۇپتۇ.

— ھاكىمبېگىمنىڭ ئىنىسى كازىم بەگنىمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەنمۇ بەل تۇتۇشۇپتىكەنمۇ؟

— قويە مۇنداق گېپىڭنى. كازىم بەگ دېگىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئەمىلى ۋە يېنىدىكى بىرنەچچە لۈكچەكلىرىگە تايىنىپ جاھانغا پاتماي يۈرگىنى بىلەن چېلىشىشقا چۇشەلەمتى.

— ئۇنى مەنمۇ بىر قولۇمنى باغلاپ قويۇپمۇ يىقىتارمەن.

— توختاڭلار، نېمە ئىشلىقىنى مەن ئېيتىپ بېرەي: ئاشۇ مەنسۇر بەگنىڭ ھۆسن - جامالدا جەننەت ھۆرلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشكۈدەك بىر قىزى بار ئىكەن، ئىسمى ئادالەت ئىكەن. مەنسۇر بەگ شۇ قىزىنى ئاشۇ كازىم بەگكە بەرمەكچى بوپتىكەن. بۈگۈن - ئەتە توي بولىدۇ، دېگەن كۈنلەردە بىر كېچىسى ئېزىز پالۋان ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇيۇ، قۇمغا سىڭگەن سۇدەك يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، كازىم بەگ ھازىرغىچە مەيدىسىنى نەم

يەرگە يىقىپ، ۋاي «دەردىم!» دەپ ياتقۇدەك.

— ئەجەب بەلەن ئىش قىپتۇ، ئۇ پالۋان! — بىرەيلەن شۇنداق دېۋىدى، باشقا يىگىتلەرمۇ كازىم بەگنى مازاق قىلىپ، ئېزىزنى ماختاشتى.

غاپپار ئىنتايىن مۇھىم ئاخباراتقا ئېرىشكەندى. «ئۇ قاراقچى قاغىلىققا بېرىۋاپتىكەن - دە. بۇ ئارىلىق ئاتلىق ئادەمگە ئىككى - ئۈچ كۈنلۈكلا يول. هازىرلا كازىم بېگىمگە مەلۇم قىلاي...» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، بىر يىگىتنىڭ «ئۇنى يولدا ئۇچراتتىڭمۇ ياكى قاغىلىقنىڭ ئۆزىدىمۇ؟» دېگەن سوئالى يەنە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. «سەل تەخىر قىلاي، ئۇ قاراقچىنىڭ تۇرغان ئورنىنى ئېنىق بىلىۋالسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بىز مۇشۇ تەرەپكە يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى بىر تۆمۈرچىگە ئاتلارنى تاقىلىتىشقا ئېلىپ بارغان، — دەپ جاۋاب بەردى سەپەرچى يىگىت، — ئېزىز پالۋاننى شۇ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىدا بازغان سوقۇۋاتقان هالدا كۆردۈم.

— قاغىلىققا قېچىپ بېرىپ بازغانچى بوپتۇ - دە، ئۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ گەپلەشتىڭمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنى تونۇغىنىم بىلەن، ئۇ مېنى تونۇمايدۇ ئەمەسمۇ. شۇڭا كۆرۈشكۈم بولسىمۇ، باشتا تارتىندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، بىز قايتقۇچە يېنىپ چىقمىدى. شۇ يەردە تۇرغان بىرەيلەندىن سوردسام، ئۇ نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇربان دەپ ئاتىدى.

— ياقا يۇرتتا قېچىپ يۈرگەچكە ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان گەپ.

غاپپارغا ئەمدى هەممە ئىش تولۇق ئايان بولغانىدى. «ئېتىدىمۇ ئۆزگەرتىۋاپتۇ - دە، مۇتتەهەم!» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ. باشتا ئۇ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن يىگىتنى تۇتۇپ ساقچىغا ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى، لېكىن باشقا هەمراهلىرى

ئۇنىڭغا بولۇشۇپ قالسا، تەڭ كېلەلمەي قېلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى: «بۇ بەتبەختلەر ئۇ قاراقچىنى كۆڭلىگە بەك يېقىن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ قالسا، بىرەرى بىزدىن بۇرۇنراق قاغىلىققا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويمىسۇن يەنە. ياخشىسى، ئۇ قاراقچى بىخۇد تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت تۇتۇۋالغان تۈزۈك...» دەپ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم ئەقىللىق كىشىلەرگە خاس پىكىر يۈرگۈزدى ئۇ. ئاندىن جۇ جاڭگۈيدى بىلەن تېزلا ھېسابلىشىپ قاۋاقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## 1

سۇلايماننىڭ ئاچىسىنىڭ ئىسمى سالامەتخان، ئۇنىڭ ئېرى-نىڭ ئىسمى ئابابەكرىئاخۇن ئىدى. لېكىن ئۇنى تونۇيدىغانلار كۆپ ھاللاردا ئۇنى «تۆمۈرچى ئۇستام» دەپ ئاتىشاتتى. سۇلايمان ئېيتقاندەك، ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا ئېزىز بىلەن ئادالەتنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتى. ئابابەكرىئا-خۇن ئاق كۆڭۈل بولۇپلا قالماي، يەنە خۇش چاقچاق ئادەم ئى-كەن.

— ھۆرمەتلىك ئىنىم، سىڭلىم، بۇ پېقىر خانىمىزنى ئۆز ئۆيىمىز دەپ بىلىڭلار، قاچانغىچە تۇرۇشنى خالىساڭلار شۇ چاغ-قىچە بەخىرامان تۇرۇۋېرىسەڭلار بولىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن خوتۇنىغا بىر قارىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — «خىل - خىلىنى تاپار» دېگەندەك، ئويلاپ قارىسام، تەقدىر - قىسمەتلىرىمىز ئوخشىشىدىكەن، بەلكىم قىيامەتلىك قېرىن-داشلاردىن بولۇپ كېتەمدۇق تېخى.

ئۇلارنىڭ ھويلىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئىككى ئېغىز-لىق بوش ئۆي بار ئىدى، بۇرۇن ئۇ ئۆيدە ئابابەكرى ئائىلى بىلەن تۇرغان، كېيىن ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيلى دەپ كۈنپېتىش تەرەپ-تىكى چوڭ ئۆيلەرگە كۆچكەچكە، كۈنچىقىشتىكى بۇ ئۆيلەردە شۇنىڭدىن بۇيان ئادەم ئولتۇرمىغانىدى. ئېزىز بىلەن ئادالەت ئەنە

شۇ ئۆيلەرگە جايلاشتى. ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس
ئىدى. ئابابەكرى ئەر ـ خوتۇن ئۆي سەرەمجانلىرىنى بىز بېرىمىز
دېگەن بولسىمۇ، ئېرىنى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، شۇلار ئارقىلىق
بازاردىن كىگىز ـ كېچەك ۋە باشقا سەرەمجانلارنى سېتىۋېلىشتى،
ئىككى ـ ئۈچ يوتقان ـ كۆرپە تىكتۈردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈنگىچە
تالا ـ تۈزگە چىقماي، يات ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماي
ھويلا ئىچىدىلا يۈرۈشتى.

— ئابابەكرى ئاكا، — دېدى ئېرىنى بىر كۈنى كەچلىك تاماق
ۋاقتىدا (ئۇلار تاماقنى ئاساسەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشەتتى)، — ئەتىدىن باشلاپ دۇكاندا سىزگە قارىشايمىكىن دەيمەن.

— ئىنىم، قويۇڭ مۇنداق گەپنى، — دېدى ئابابەكرى
چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، — سىز دېگەن مېھمان، ئاندىن دۇكاندا
سىز قىلىدىغان ئىشمۇ يوق.

— ئاكا، بىز ئۆيىڭىزگە كەلگەن كۈنى «بۇ ئۆينى ئۆز
ئۆيىمىز دەپ بىلىڭلار» دېگەن ئەمەسمىدىڭىز، ئەمدى يەنە مېھ-
مان دەپ قالدىڭىزغۇ؟ ماقۇل دەڭ، ئۆزۈممۇ بىكار يۈرۈپ بەك
زېرىكىپ كەتتىم، دۇكىنىڭىزدا ماڭىمۇ بىرەر ئىش چىقىپ قالار.

ئابابەكرى ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويدىيۇ، لېكىن
ھېچنېمە دېمەي خىيالغا پاتقاندەك جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەنسۇر بەگنىڭ بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بار
ئىدى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئېرىنى، — بوش ۋاقىتلىرىمدا
بەزىدە شۇ يەرگە كىرىپ، بازغان سوقۇپ باقاتتىم، بۇ ئىشقا
قولۇممۇ خېلى قاملىشىپ قالغان.

ئابابەكرىنىڭ ئەمدىلەتىن ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلارغا
كىرگەن چوڭ ئوغلى ئىسمايىل كۆرەك بېسىشقا ئارانلا يارايتتى.
بۇرۇنقى بازغانچىسى بىر كېچىسى يوقىلىپ كەتكەنچە قايتا پەيدا
بولمىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تاشقورغان تەرەپكە كەتكەنمىش.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بىر بازغانچى ياللىغان بولسىمۇ، سەل
ھۆرۈن چىقىپ قېلىپ دېگەندەك كۈچ بەرمىدى. ئابابەكرى ئۇ-
نىڭ ئورنىغا باشقىسىنى ئالماشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دە-
ماللىققا كۆڭۈلدىكىدەك بىرى تېپىلماي، ئامالسىز كېلىۋاتاتتى.
مۇشۇنداق چاغدا ئېزىزدەك پالۋان يىگىت بازغاننى قولىغا ئالىدى-
غان بولسا گۈل ئۈستىگە گۈل قوناتتى، ئەلۋەتتە. بىراق...
— ئىنىم، كۆڭلىڭىزنى چۈشەنىدىم، رەھمەت سىزگە، —
دېدى ئۇ ئاخىر خىيالىنى بۆلۈپ، — لېكىن دۇكانغا كۈندە دېگۈ-
دەك نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. ياقا ـ يۇرتلار-
دىن، ھەتتا خوتەنلىك يولۇچىلاردىنمۇ ئات تاقىلاتقىلى كېلىدىغان-
لار بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىزنى تونۇيدىغانلار چىقىپ
قالسا... ياق، دۇكانغا چىقىشىڭىز بولمايدۇ.
— ئاكا، مەن يىل — ئون ئىككى ئاي مۇشۇ ھويلا ئىچىدىلا
تۇرۇۋېرەلمەيمەن. شۇنداق بولىدۇ دېگەندىمۇ ئۆيىڭىزگە باشقا
كىشىلەر كىرمەي قالامدۇ!؟ بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى
ھامان ئاشكارا بولىمەن. مېنىڭچە، باشقىلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇ-
رۇپ يۈرسەم، ئۇلاردا ئوڭايلا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويارمەن تېخى،
ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىش قىلغىنىم تېخىمۇ ئوبدان بولارمىكىن.
سىز ئەندىشە قىلغان ئىش توغرۇلۇقمۇ ئويلىدىم. بەگلەر ئەمدى
تەقدىرگە تەن بېرىپ بۇ يەرلەرگىچە ئىزدەپمۇ كەلمەس.
ساقال ـ بۇرۇتۇمنى ئۆستۈرۈۋەتسەم، دۇكانغا كەلگەنلەر بىلەن
كۆپ پاراڭلاشمىسام ھېچ ئىش چىقماس. ئاندىن ناۋادا دۇكانغا
بىر يۇرتلۇق يولۇچىلار كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزۈمنى دەر-
ھال چەتكە ئالسام بولىدۇ ئەمەسمۇ.
— لېكىن سىڭلىمىز ئادالەت خېنىم بۇ ئىشقا قانداق قاراي-
دىكىن؟ — دېدى ئاخىر ئابابەكرى يان بەرگەندەك بولۇپ.
ئادالەت ھازىر تېخى ئابابەكرى ئالدىدىمۇ يۈزىنى ئاچمايدىغان
بولغاچقا، ئادەتتە ئەرلەر بىلەن ئاياللار باشقا ـ باشقا ئۆيلەردە

غىزالىناتتى.

— ئىككىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىمىز پىشىپ بولغان، — دېدى ئېزىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۇمۇ: «مەنمۇ سالامەتخاچامنىڭ ئاش - غىزا ئېتىشىگە قارىشىمەن، بىكار چاغلىرىمدا دوپپا تىكىمەن» دەيدۇ تېخى.

— ھوي، سىلەر بىزگە ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويمايلى، دەپ غەم قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر!؟ ئىشقىلىپ، مۇشۇ ھۈنەرنىڭ بەرىكىتى بىلەن يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، ئۇكام، بارىنى سىلەر بىلەن تەڭ كۆرىمىز.

— ئۇنداق ئەمەس، ئاكا، پۇل - پۇچەكنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز يوق. بىكار يۈرۈش ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىكەن.

— بوپتۇ، مۇنداق چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز، مەن يەنە نېمە دېيەلەيمەن. ماقۇل، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، ئىشقىلىپ، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلا.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئېزىز ھېلىقى ھۈرۈن شاگىرتىنىڭ قولىدىن بازغاننى تاپشۇرۇۋالدى. بازغان خېلى ئېغىر ئىدى، لېكىن ئۇ ئېزىزنىڭ قوللىرىدا يەڭگىل ئوينايتتى، دەل جايىغا چۈشەتتى. بۇنىڭدىن ئابابەكرىلا ئەمەس، ئېزىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن خېرىدارلارمۇ، بىكارچىلىقتىن شۇ يەرگە توپلىشىپ گەپ ساتىدىغان بوۋايلارمۇ قايىل بولماي تۇرالمىدى.

— ئەجەب بەلەن شاگىرتقا ئېرىشىپلا، ئۇستام، — دېدى چۈشكە يېقىن بۇيرۇتقان كەتمىنىنى ئېلىشقا كەلگەن بىر كىشى، — كۈچىمۇ، پەمىمۇ بار يىگىت ئىكەن بۇ ئۇكام، ئوقەتلىرى ئەمدى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كەتكۈدەك.

— دېگەنلىرى كېلەر ئىلاھىم، — ئابابەكرى تەرلىرىنى سۈرتكەچ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — بۇياق سالامەتخاننىڭ ئىنىسى قۇربانئاخۇن بولىدۇ. بۇ ئىنىمىزنىڭ ھۈنەر ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن، شۇڭا كېلىنىمىز ئايگۈل بىلەن بىزنى

يوقلاپ كېلىپتۇ، ھۆنەرنى كامىل ئىگىلەپ بولغىچە بىز بىلەن
بىللە تۇرماقچى.

ئاخشام مەسلىھەتنىڭ ئاخىرىدا ئابابەكرى ھەر ئېھتىمالغا
قارشى ئېزىزغا سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىپ،
يۇقىرىقى ئىسىملارنىمۇ ئۆزى قويغانىدى.

شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئابابەكرىنىڭ ھۈنىرىگە دېگەندەك ئامەت
ياغقىلى تۇردى. ئۇ ئەمدى ھەر كۈنى كەتمەن، پالتا،
كەكە، تاقا... قاتارلىقلارنى بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق سو-
قۇپ پۈتتۈرىدىغان بولدى. بۇ كەسىپتە بازغانچىنىڭ رولى ناھاي-
تى مۇھىم. تۆمۈر دېگەن ئوتتا قىزىپ قىپقىزىل چوغ ھالىتىگە
كەلگەندىلا، ئاندىن بازغان زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئوڭاي
كېڭىيىپ، ئەيۋەشكە كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ سەندەل ئۈستىگە
ئېلىنغان ھامان يەنە قارىيىپ سوۋۇشقا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا ئۈستى-
لار مانا مۇشۇ بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقىتنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇشى
كېرەك. بولۇپمۇ دەل مۇشۇ ۋاقىت بازغانچىنىڭ تازا كۈچ كۆر-
سىتىدىغان مەزگىلى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەرىكىتى قانچە تېز،
قانچە تەرتىپلىك بولسا، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، تېز ياپىلاق-
لىغىلى بولىدۇ. ھەرىكەت بەك ئاستا بولسا، پۇرسەت قولدىن
كېتىدۇ؛ تەرتىپسىز، نىشانسىز ئۇرۇلسا، يا ھادىسە كېلىپ
چىقىدۇ، ياكى ھەرىكەت بىھۇدە كېتىدۇ. ئابابەكرى قىرىق
ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بۇغداي ئۆڭلۈك، ۋىجىكرەك كىشى
ئىدى؛ تۆمۈرچىلىك ئاتا مىراس كەسپى بولۇپ، بالىلىق چاغلى-
رىدىن باشلاپلا دۇكاندا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، بۇ ھۈنەردە قاغى-
لىق بويىچە ئالدىنقى قاتاردا سانىلاتتى. ئۇ بازغانچىغا ماسلىشىپ
بولقا ئۇرغىلى تۇرىدىغان بولسا، قاچان توختايدىغانلىقىنى ھېچ-
كىم دەپ بېرەلمەيتتى؛ ئوڭ قولي بىلەن بولقا ئۇرغاچ، سول
قولى بىلەن قىسقاچتا قىسىلغان تۆمۈرنى ناھايىتى چاققان ۋە
قىلچە خاتاسىز ئۆرۈپ - چۆرۈيتتى؛ ئاغزىدا بولسا، بازغانچىنى

پات ـ پات: «بوشاشما!»، «جايىغا ئۇر!» دەپ سۆيلەپ تۇراتـ
ـتى. تولا چاغلاردا بازغانچى ھېرىپ ـ چارچاپ بولالماي يا توختىـ
ـۋالاتتى، ياكى تاقىقا ـ تۇقىقا ئۇرغىلى تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا
ئابابەكرى بەزى ئۇستىلاردەك ئۇنى ئالدىراپ سۆكۈپ ـ ئەيىبلىـ
ـمەيتتى، ئەمما بىر خىل مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن جىلمىـ
ـيىپ قاراپ قويۇپ، «ھەي...» دېگەندەك بېشىنى بىر چايقايتتى
ـ دە، تۆمۈرنى يەنە ئوچاققا تىقاتتى. بىراق، بازغان ئېزىزنىڭ
قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. ئەمدى ھەر قېتىم
ئابابەكرىنىڭ ئۆزىلا «توختاڭ!» دەيدىغان بولدى. مۇنداق چاغـ
ـلاردا ئۇ تېخىمۇ بەك تەرلەپ، ھاسىراپ دېمىنى ئالالماي قالاتتى.
— يا ھەزرەت، كۆچ دېگەن بار يەردە بار ئىكەن، — دېدى
ئۇ بىر كۈنى كۈلۈپ تۇرۇپ، — راستتىنلا پالۋان دېگۈچىلىكىڭىز
بار ئىكەن، ئىنىم. سىزنىڭ بازغاننى بىر قېتىم ئۇرۇشىڭىز
بۇرۇنقى شاگىرتلىرىمنىڭ ئۈچ قېتىم ئۇرغىنىغا تەڭ كېلىدىـ
ـكەن، شۇنىڭغا باقماي ھېچ چارچايدىغاندەك تۇرىڭىز يوق. ئەلى
شاھى مەرداندەك كۈچتۈڭگۈر ئىكەنسىز، ئىلاھىم كۆز تەگمىـ
ـسۇن!
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ئاكا، — ئېزىز ئوڭايسىزلانغان
ھالدا كۈلۈمسىرىدى.
مەھەللىدىكى قېرىلار بىكارچىلىقتىن پات ـ پات ئابابەكرىـ
ـنىڭ دۇكىنى ئالدىدىكى ئىككى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇـ
ـشۇپ، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشەتتى. ئەمدى مۇنداق پاراڭلارغا
ئېزىزنى ماختايدىغان سۆزلەرمۇ قوشۇلدى.
بىر كۈنى ئابابەكرى بىلەن ئېزىز بىر كەتمەننى سوقۇپ
بولۇپ، چاي ئىچكەچ دەم ئېلىۋاتقاندا بوۋايلاردىن بىرى ئۇشتۇمـ
ـتۇت ئېزىزدىن سوراپ قالدى:
— بالام قۇربانئاخۇن، ئىلگىرى بىرەرى بىلەن چېلىشىپمۇ
باققانمىدىڭىز؟

— چىلىشىپ باققان،— تۇزلا جاۋاب بەردى ئېزىز.
— يىقىتقانمۇ ياكى يىقىلغانمۇ؟
بۇ قېتىم ئېزىزنىڭ ئورنىغا ئابابەكرى جاۋاب بەردى:
— مەخسۇتئاخۇنكا، بۇ ئىنىمىزنىڭ پالۋان دېگەن نامى بار. بۇلتۇر قېيناتامنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ باشقىلارنى يىقىتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.
ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېزىزغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يالغان دېگەننى تازا ئوخشىتىۋەتتى. بۇ خەۋەر بوۋايلارنىڭ زوقىنى تېخىمۇ قوزغىدى:
— مۇنداق دەڭ، ئۇستام.
— جۇغى ئانچە چوڭ ئەمەستەك تۇرىدۇ.
— پەمى بار ئوخشايدۇ.
— بازغان سوقۇشنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ كۈچ دېگەنمۇ يەتكۈچە بار ئىكەن ئۇنىڭدا!
— ئىش - ئەمگەك بىلەن ئۆسكەن بالا - دە. ئۇنداقلارنىڭ سۆڭىكى چىڭ، توم بولىدۇ.
......
ماختاشلار توختىغاندىن كېيىن گەپنى يەنە ھېلىقى مەخسۇتئاخۇن دېگەن بوۋاي ئالدى:
— قىش پەسلىدە بىزنىڭ بۇ يۇرتىمۇ چىلىشىش بولۇپ تۇرىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، سىزنى مەھەللىمىزگە ۋاكالىتەن چىلىشىشقا چۈشۈرەرمىز، پالۋان بالام.
— مەخسۇتئاخۇن ئاداش، مەھەللىمىزگە دەيسىزغۇ، پۈتۈن شەھەرگە ۋاكالىتەن مەيدانغا چۈشسىمۇ يارايدىكەن بۇ يىگىت.
بوۋايلار ئېزىزنى يۇرتىمىزغا مېھمان دەپ ھۆرمەتلىگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ پالۋانلىقىغا راست ئىشەندىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختاشتى. ئېزىز خىجىل بولۇپ بىرنەچچە قېتىم سۆز قىستۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بوۋايلار

پۇرسەت بەرمىدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتىدەك ئۆتۈپ دۇكان ئالدىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئېزىزنىڭ داڭقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى:

شەھەرگە تۇتاش مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە تۇرىدىغان نىيازئا. خۇن ئىسىملىك دېھقاننىڭ بىر قارا بۇقىسى بار ئىدى. ئۇ تۇلۇمە. دەك سەمرىپ كەتكەن بولسىمۇ يا ساپانغا، ياكى ھارۋىغا قوشقىلى بولمايتتى. نىيازئاخۇن ئۇنى موزاي چېغىدا پىچتۇرۇۋەتمى. گەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاخىر بازارغا ساتقىلى ئەكىردى، بۇقىغا بىرقانچە دېھقان خېرىدارلارنىڭ كۆزى چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقا كاللار ئارىسىدا تېخىمۇ قۇتراپ، ھەدەپ يەر تاتىلاپ، ھۆركىرەپ ـ ھەيۋە قىلىۋەرگەچكە ھېچكىم سېتىۋېلىش. قا پېتىنالمىدى. ئاخىرى غوپۇرئاخۇن ئاتلىق قاسساپ ھەققى ـ نەرخىدىن خېلى تۆۋەن باھادا سېتىۋالدى ـ دە، ئۈچ ئادەم بىرلە. شىپ، ئاران دېگەندە ئۆيگە ئەكېلىپ ئېغىلغا سولىۋالدى. بى. راق، بۇ يات ئېغىلدا بۇقىنىڭ يەنە تەلۋىلىكى قوزغىلىپ، ئېغىل. نىڭ تاختىيىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتى. تاختايىنى ئۇسسۇپ بۇ. زۇش ۋاقتىدا بۇقىنىڭ سول تەرەپتىكى مۈڭگۈزى ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىگەنىدى. قاس. ساپنىڭ ئوغلى تاراق ـ تۇرۇقنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىققىشىغا بۇقا ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇنى تۆت ـ بەش قەدەم نېرىغا ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن كوچىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىل. دى. غوپۇر قاسساپ قولىغا يوغان پىچىقىنى ئالغىنىچە بۇقىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇنى دەرھال تۇتۇپ ئۆلتۈرمىسە، ئۇنىڭ ئۇچرىغانلا ئادەمنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىگە قاس. ساپنىڭ كۆزى يەتكەنىدى. دېگەندەك، بۇقا يولدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر ئايالنى ئۇسسۇپ يىقىتىۋەتتى. قاس. ساپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغاچ، بار ئاۋازى بىلەن:

— خالايىق، ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ مەي.

لى!— دەپ ۋارقىراپ كېلەتتى.

كىشىلەر بۇقىنى دەماللىققا توسۇۋېلىشقا جۇرئەت قىلىشال-مىدى، ئەكسىچە، ئۆيلەرگە، تام ئارقىلىرىغا قېچىشتى. مۈڭگۈ-زى سۇنغان يەردىن قان ئېقىۋاتقان بولغاچقا، بۇقىنىڭ كۆرۈنۈشى بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەنىدى. ئۇ ئابابەكرىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە قىرىق - ئەللىك قەدەمچە قالغاندا ئۇ يەردە ئولتۇرۇشقان قېرىلار دەرھال دۇكان ئىچىگە كىرىۋېلىش-تى.

— يامان بولدى، ئاياغ تەرەپتىكى كۆۋرۈك بېشىدا ئون نەچچە بالا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتىكەن، بۇ نىجىس شۇلاردىن بىرەرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويمىغىدى،— دېدى مەخسۇت بوۋاي ئەنسىرەپ.

ئېزىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا بازغاننى كۆتۈرگىنىچە سىرتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

— ئىنىم، پەخەس بولۇڭ!— دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى ئابا-بەكرى.

ئېزىزنىڭ كوچىغا چىقىشى بۇقىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە توغرا كەلدى. بۇقا ئۇنىڭغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى. ئېزىز بازغاننى شىلتىدى. «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇقىنىڭ يەنە بىر ساق مۈڭگۈزى يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. بۇقا ئاغرىققا چىدىماي ئېچىنىشلىق ئاۋازدا بىر ھۆركىرىدى - دە، يەنە ئېتىل-دى. ئېزىز قاسساپنىڭ «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ مەيلى» دې-گىنىنى ئاڭلىمىغانىدى، بولمىسا قولىدىكى بازغان بىلەن بۇقى-نىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنىلا سالىدىغان بولسا، ئۇ دەرھال ئۆلمىگەندىمۇ، ئايىغى ئاسماندا بولاتتى. ئېزىز ئۇ يەنە ئۇسمەكچى بولۇپ كەلگەندە چەبدەسلىك بىلەن يانغا ئۆتتۈۋالدى - دە، بازغاننى تاشلاپ ئىككى قولىدا سۇنغان مۈڭگۈزلەرنىڭ تۈۋى تەرىپىنى مەھكەم قامالاپ تۇتتۇۋالدى، ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ،

بۇقىنىڭ بېشىنى قايرىپ پەسكە باستى. بۇقىنىڭ ئاغزى كامار-دەك ئېچىلىپ قالدى. ئۇ بوشىنىش ئۈچۈن ھەدەپ تىرىشىپ - تىرماشتى. شۇ پەيتتە ئابابەكرى يۈگۈرۈپ چىقىپ قولىدىكى ئېغىر تۆمۈر بىلەن بۇقىنىڭ ئالدى پۇتىغا قاتتىق ئۇردى. بۇقا بىر ھۆركىرەپ تىزلىنىپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ بېشى يەرگە تېگەي دەپ قالغان، بوينى يۈز گرادۇستىن ئارتۇق قايرىل-غانىدى. ئۇ ئاخىر بولالماي يەرگە يېنىچە گۈپپلا قىلىپ يىقىلدى. شۇ ئارىدا غوپۇر قاسساپ ۋە باشقا كىشىلەر يېتىشىپ كېلىپ، بۇقىنىڭ پۇتلىرىنى مەھكەم باغلىۋېلىشتى. ئېزىز تېخىچە ئۇنىڭ چولاق مۈڭگۈزلىرىنى قويۇۋەتمەي بېشىنى يەرگە مەھكەم نىختاپ تۇراتتى.

— ھەشقاللا، ئىنىم، — دېدى غوپۇر قاسساپ ئۇنىڭ قوللى-رىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، — رۇستەمدەك پالۋان يىگىت ئىكەن-سىز، مېنى بىر چوڭ بالا - قازادىن ساقلاپ قالدىڭىز. بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن!

شۇ يەرگە يىغىلىشقان كىشىلەر ئېزىزنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى ۋە جاسارىتىدىن ھەيران بولۇشۇپ تۇشمۇتۇشتىن سۆزلىشەتتى. ھېلىقى بوۋايلار بولسا، ئەمدى بۇ يۇرتتىكى چېلىششتا ئېزىزنى يىقتالايدىغانلارنىڭ چىقىشىغا گۇمانلىنىپ قېلىشتى.

## 2

ئابابەكرىنىڭ قاغىلىق شەھىرىدىن ئون ئىككى - ئون ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر يېزىدا ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان ئۈچ - تۆت مولۇق يېرى بار ئىدى. ئابابەكرى ئۇ يەرگە بىر يىلى بۇغداي، بىر يىلى قوناق تېرىيتتى. تېرىش ۋە يىغىشتىن باشقا پەرۋىش ئىشلىرىنى ئابابەكرىنىڭ شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاچىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بېجىرىپ قوياتتى. ئۇلار

بۇ يىل بالدۇر پىشىدىغان قوناق تېرىغان بولۇپ، ئاۋغۇستىنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا ھوسۇلىنى يىغىپ، يەرنى ئاختارما قىلىپ قويغان
ۋە سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كۈزگى بۇغداي تېرىشنى
كۆزلىگەنىدى. بىراق خېرىدارلارنىڭ بۇيرۇتمىلىرى كۆپىيىپ
كېتىپ، ھېچ ۋاقىت چىقىرالمىدى. سالامەتخان شۇ ھەقتە ئېرد-
ىنىڭ سەمىگە سالغاندا، ئابابەكرى خۇرسىنىپ قويۇپ:
— كېرەك يوق. يەنە ئون بەش - يىگىرمە كۈن ئىچىدە
تېرىساقمۇ كېچىكىپ قالمايدۇ،— دەپ قويانتتى.
ئۆكتەبىر ئېيىنىڭمۇ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى يەنە
كېچىكسە كۈزگى بۇغداي تېرىغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئابابەكرى
بىر كۈنى ئەتىگەندە ئېرىزغا:
— ئىنىم، خۇدايىم بۇيرۇسا، بۈگۈن ئەڭ زۆرۈر ئىشلار
قولىمىزدىن چىقىپ بولىدۇ. ئەتە بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئىك-
كىمىز يېرىغا مېڭىپ كېتەيلى. چامىمچە، ئىككى كۈن ئىچىدە
بۇغداينى تېرىپ بولۇپ، ئۈچىنچى كۈنى قايتىپ كېلەرمىز،—
دېدى.
ئابابەكرى مۆلچەرلىگەن ئىشقۇ نامازدىگەرگە قالماي قولدىن
چىقىپ بولدى، بىراق شۇ كۈنى كەچتە ئابابەكرىنىڭ بىردىنلا
ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.
— ئۇستام، قاتتىق زۇكام بولۇپلا،— دېدى چاقىرتىپ
كېلىنگەن تېۋىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىرقۇر تەكشۈرگەندىن كې-
يىن،— ماۋۇ دورىلارنى ۋاقتىدا ئىچىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە
ئۈچ - تۆت كۈن يېتىپ ئارام ئالسىلا ياخشى بولۇپ كېتىلا.
ئۇ مەجۇن، تالقان ۋە قايىنتىپ ئىچىدىغان دورىلاردىن بىر-
ئازدىن بېرىپ قايتىپ كەتتى.
— ھەي، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، تازا
قاتىلاڭ چاغدا بۇ نەس كېسەلنىڭ تەگكىنى،— دېدى ئابابەكرى
جىلە بولۇپ.

سالامەتخان قايغۇرۇپ:
— ئەمدى بۇغداي تېرىشنى قانداق قىلارمىز؟ سىلى ئورنۇڭ-لاردىن تۇرغىچە مەزگىل ئۆتۈپ كېتەر ھەقىچان. يا ئىسمايىلنى ئېلىپ ئۆزۈم بارسامىكىن، تۇغقانلارمۇ قاراپ تۇرماس، — دېدى.
— تېۋىپنىڭ دورىلىرىنى يەپ چۈمكىنىپ يېتىپ باقاي، ئەتىگەنگىچە ياخشى بولۇپ قالسامۇ ئەجەب ئەمەس.
ئېزىز بۇرۇن ئاباكرى بىلەن ئۇ يەرگە بىر قېتىم بارغان-دى. ئۇ يەردىكى تۇغقانلارمۇ بەزى بازار كۈنلىرى شەھەرگە كەلگەندە بۇ يەرگە كەلمەي قالمايتتى. شۇڭا، ئېزىز ئاباكرىنىڭ ئاچىسى ھەۋزىخان، ئۇنىڭ ئېرى باراتئاخۇن ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەنمۇ ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدى.
— ئاكا، سىز غەم قىلماي يېتىپ ئارام ئېلىڭ، ئاچامۇ سىزگە قارىمىسا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ سۆز قىستۇرۇپ، — ئەتە ئۆزۈملا بېرىۋېرەي، خۇدايىم بۇيرۇسا، تېرىلغۇنى دېگەن ۋاقتىدا پۈتتۈرۈپ قايتىمەن.
ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە لەپپىدە قارىشىۋالدى.
— بۇ... ئۇكام، سىزنىسى... ، — دەپ گەپ باشلىدى ئاباكرى.
— ھەي، ئاكا، ماڭا ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسىز؟
— ياق، ئۇكام، ئۇنداق ئەمەس. لېكىن... ئەتىگەنگىچە قاراپ باقايلى، ناۋادا ياخشى بولالمىسام، بوپتۇ، سىزگە ئىسما-يىلنى قوشۇپ قويايلى، ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا بولسى-مۇ قارىشار.
نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىسمايىلمۇ ئېزىزنى ئاكىسىدەك ياخ-شى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنلەردە ئۇ يېزىغا بىر بېرىپ كېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. قوغۇنلۇقلار-دىن ئاخىرقى سويمىلارنى پاساڭداش، كېچىكىپ پىشىدىغان ئەش-

شاپتۇللارنى، تېخىچە شېخىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئۈزۈملەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېيىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! شۇڭا ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، دادا؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇ-رۇپ، — مەن ھازىر كەتمەن دېگەننى سەندىنمۇ بەكرەك چاپالاي-مەن دېگىنە. ئەتە ئېزىز، ياق، قۇربان ئاكام بىلەن بەسلىشىمەن تېخى.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئېزىز ئۇنىڭ بېشىنى بوشقىنا بېسىپ ئەركىلىتىپ قويدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا پۈتۈشتى. ئۇرۇق، ئوغۇت ۋە تېرىلغۇ سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى باراتئاخۇننىڭ ئۆ-يىدىن ئالىدىغان بولغاچقا، ئېزىز بىلەن ئىسمايىل قول سېلىپلا بارسا بولىۋېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېزىز بىلەن ئادالەت ئۆي ئىگىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىشتى.

— ئۆزىڭىزگە پەخەس بولارسىز، — دېدى ئادالەت چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن، — ئاندىن ئىشنى تۈگىتىپ-لا ھايال بولماي يېنىپ كېلىڭ.

ئېزىز بىر قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە يېقىنراق تارتتى، چاچلىرىنى سىلاپ، مەڭزىگە ۋە گىلاستەك لېۋىگە سۆيدى.

— غەم قىلماڭ، جېنىم، ئىشنى كۈندۈزى تۈگەتسەم كۈن-دۈزى، كېچە تۈگەتسەم كېچىسى يېنىڭىزدا ھازىر بولىمەن.

ئادالەت نېمىشقىدۇ خۇرسىنىپ قويدى:

— نېمىشقىكىنتاڭ، بۇ قېتىم سىزدىن پەقەت ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— نېمە بولدى، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمدۇيا؟

— ياق، ئۆزۈمغۇ ساق...

— راست، بايا قارىسام، غىزانى تۈزۈكرەك يېمىدىڭىز؟ تالاغا چىقىپ كېتىپ خېلى ھايالشىدىڭىز. مىجەزىڭىز ياخشى

بولمايۋاتقان بولسا، مەندىن يوشۇرماڭ، جېنىم.
ئادالەت بىرپەس جىمىپ كەتتى.
— توْت - بەش كۈننىڭياقى غىزانى كۆرسەملا كۆڭلۈم ئاينىيدىغان بولۇپ قالدى… كۆڭلۈم ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرنىلا تارتىپ تۇرىدۇ…
— شۇنداقمۇ؟ — ئېزىز دەرھال ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئادالەتكە قارىدى، — جېنىم، بۇ نېمىدېگەن چوڭ خۇش خەۋەر! ؟ بىز ئەمدى باللىق… ئېيتىڭا، بۇ راست شۇنداق ئىشمۇ؟
تۇڭلۇكتىن چۈشكەن ئاي يورۇقى ئادالەتنىڭ چىرايىنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن ياپتى.
— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ…، — ئۇ خىجىل بولغىنىدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.
ئۇنىڭسىزمۇ ئېزىزغا ھەممە ئىش ئايان بولغانىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچقاچان بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان زور خۇشاللىققا غەرق بولدى. ئۇ ئەزەلدىن كەم سۆز يىگىت ئىدى، لېكىن بۇ گەپلەر ئاغزىغا نەدىن كېلىۋاتىدىكىنتاڭ؟ ئىشقىلىپ، ئۆزى بۇرۇن ئىشلەتكەن ۋە ئىشلەتمىگەن ئەڭ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئادالەتنى توختىماي ماختاپ ئەركىلەتتى، ئۇنىڭ مەڭزىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ گاھ چەكسىز شەيدالىق ئىلكىدە قانمايۋاتقاندەك قارىدى، گاھ چاچلىرىنى پۇراپ، پېشانىسىگە، قاش - كۆزلىرىگە، مەڭزىگە ۋە لەۋلىرىگە ھېچ توختىماستىن سۆيدى.
— ۋايجان، ئەمدى بولدى، نەپەس ئالالماي قالدىم، — دېدى ئادالەت نازلىنىپ.
— ئۈستىدىن سىلاپ باقاي، مىدىرلىسا قولۇمغا ئۇرۇنارمىكىن؟ — ئېزىز ئوڭ قولى بىلەن ئادالەتنىڭ قورسىقىنى ئاۋايلاپ سىلىدى.

ئادالەت قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئەمما تارتىنغان هالدا:
— تېخى بالدۇرمىكىن دەيمەن، — دېدى.
دېگەندەك، ئېزىزنىڭ قولىغا ئادالەت نەپەس ئالغان ۋە چىد-قارغان ۋاقتىدىكى قورساقنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىشى-دىن ئۆزگە هېچ نەرسە سېزىلمىدى.
— مەيلى، هامىنى بىر كۈنى مىدىرلاپ ئۆزىدىن خەۋەر بېرىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىمەن تېخى، — دېدى ئېزىز.
ئادالەت تېخىمۇ خىجىل بولۇپ بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركۈ-ۋالدى...
ئېزىز بىلەن ئىسمايىل ئەتىسى تۈنجى ئەزان ئاۋازى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېزىزنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ مېڭىپ كېتىش-تى. باراتئاخۇن يەرنى بۇرۇنلا ئوسا قىلىپ، قىغلارنىمۇ ئېتىزغا توشۇپ، تېرىشقا تەييار قىلىپ قويغانىكەن. ئەتىسى كەچتە يەرگە ئۇرۇق سېلىنىپ بولۇندى. ئەمدى ئۇستىدىن سۆرەم سېلىش ئىشىلا قالغانىدى. ئېزىز بۇ ئىشنى ئايدىڭدا پۈتتۈرۈۋېتىمەن دېۋىدى، باراتئاخۇن ئۇنىمىدى:
— بالام، ئىككى كۈننىڭياقى بىردەممۇ ئارام ئالمىدىڭىز، ئەتىمۇ خۇدايىمنىڭ كۈنى. بۈگۈن كېچە يېتىپ ئوبدان ئارام ئېلىڭ، ئۇ ئىشنى ئەتە ئاشۋاقتىغىچە تۈگىتىپ بولىمىز.
شۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئېزىزنىڭ قولى ئىشتا بولسىمۇ، خىيالى ئادالەتتە ئىدى، ئۇلۇشكۈن كېچە قىلىشقان جىمى گەپلەر قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. ئادالەتنىڭ سېزىككە چۈشكەنلىكى، ئۆزىنىڭ يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇلغا ئاتا بولىدىغان-لىقى (ئۇ نېمىشقىدۇ تۇغۇلغۇسى پەرزەنتىنى چوقۇم ئوغۇل بو-لىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈۋالغانىدى) نى ئويلىغاندا، ئېزىزنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ «مەنمۇ ئەمدى ئاتا بولىدىغان بولدۇم!» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەيلىچە

بولغاندا، هازىر تاماقمۇ يېمەي، سۆرەم سېلىشقا باشلىسا ئىشنى تۈگىتىپلا كېچىلەپ شەھەرگە قايتىپ كەتسە، ئادالەتنى ساق - سالامەت كۆرۈپ، باغرىغا باسسا نېمىدېگەن ئوبدان بولاتتى - ھە! ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن بۇ گەپنى باراتئاخۇنغا دېگىلى بولارمۇ؟ «بالام، سىزمۇزە خوتۇن دەردىدە سارالڭ بولاي دەپ قاپسىز جۇمۇ!» دەپ قالسا، خىجىللىقتىن قاچقىلى يەر تاپالماي قالار، ھەقاچان. مەيلى، ئاۋۋال ئۆيگە غىزا يېيىشكە بارسۇن، كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ.

ئېزىز ئامالسىز ئېتىزلىقتىن قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئۆيگە يېقىنلىشىپ، دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا دەرۋازا ئالدىدا ھەۋزىخانىنىڭ قانداقتۇر بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئېزىز يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ ئۇ ئادەمنىڭ غوپۇر قاسساپ ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

«ھوي، ئۇ ئادەم بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال ئېزىزنىڭ خىيالىدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلى نېمىشىدۇ تۇيغاندەك بولدى. ئاڭغىچە ئۇلار دەرۋازا يېنىغا يېتىپ بېرىشتى - دە، غوپۇرئاخۇن بىلەن سالاملاشتى.

— سىزنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، پالۋان، — دېدى غوپۇرئاخۇن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن.

ئېزىز بىر چۆچۈپ:

— نېمە، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى.

قاسساپ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، باراتئاخۇن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— مېھمان، قېنى، ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى، نېمە گەپ بولسا ئۆيدە سۆزلىشەرمىز.

قاسساپنىڭ چىرايى تۇرۇك، تۇرقىدىن بەكمۇ ئالدىراپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېزىزغا يەنە بىر قاراپ

قويۇپ دەرۋازىدىن كىردى. ئۇلار سارايغا كىرىپ، ئولتۇرۇشقان
هامان بىتاقەت بولۇپ تۇرغان ئېزىز بايىقى سوئالنى تەكرارلىدى.
— هۆرمەتلىك ئاكا، پالۋان ئىنىم، — دەپ سۆز باشلىدى
قاسساپ، — شۇم خەۋەر يەتكۈزۈش بىر خىل يامان ئىش. لېكىن
ئىلاج قانچە، بەزىدە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىكەن. مەنمۇ بۇ
دورەم سىلەرگە بىر شۇم خەۋەر ئەكەلدىم...
— ئاكا، ئىشنىڭ ئۆزىنى تېزرەك ئېيتىڭا، — گەپنى
بۆلدى ئېزىز.
— ماقۇل، ئېيتاي، ئىنىم، ئېيتاي، — قاسساپ شۇنىڭ-
دىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەشكە باشلىدى.
مەلۇم بولۇشىچە، تۇنۇگۈن ئاشۋاقتى بىلەن ئون نەچچە
ساقچى ئابابەكرىنىڭ ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىرىپتۇ.
ئېزىز بىلەن ئادالەتنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ ھەممە
ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپتۇ، ھەتتا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ
چالا قالماپتۇ. ئېزىزنى تاپالماي باشقىلارنى قاتتىق سوئال -
سوراققا تارتىپتۇ. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى
ئېيتىپ بەرمەپتۇ. ئاندىن ساقچىلار ئابابەكرىنى بىرنەچچىنى ئۇ-
رۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ باشتا ئېيتقان: «ئاخشام بار ئىدى،
ئەتىگەن قوپسام يوق تۇرىدۇ. قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن»
دېگەن سۆزىنى تەكرارلاۋېرىپتۇ. ئادالەتمۇ: «ئەتىگەن ئويغانسام
يوق تۇرىدۇ. قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم، بازارغا بارغان
بولسا، ئەنە كېلەر، مانا كېلەر دەپ قاراپ ئولتۇرغان»
دەپتۇ...
— ئۇنىمۇ ئۇرۇپتۇمۇ؟ — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئالدى-
راپ سۆزنى بۆلدى ئېزىز.
— ياق، ئۇنى ئۇرماپتۇ، — دېدى قاسساپ ۋە سۆزنى
داۋاملاشتۇردى.
ئېزىزنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان ساقچىلار ئاخىرى ئابابەكرى

بىلەن ئادالەتنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە سالامەتخانىغا ئېرىز تۇتۇلغىچە ئېرىنىڭ گۇندىخانىدا ياتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئېرىزنىڭ تۇتۇلۇشىغا ئۇنىڭمۇ ياردەملىشىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ئابابەكرى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، بىر ئامال قىلىپ ئېرىزغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى، ئۇنىڭ ۋاقتىنچە شەھەرگە قايتماي تۇرۇشىنى، بولسا تاشقورغان تەرەپكە كېتىشىنى تاپىلاپ قويغانىكەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن سالامەتخان يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. لېكىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئۆزى بۇ يەرگە چىقماقچى بولغانىكەن، لېكىن ساقچىلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋېلىشىدىن قورقۇپتۇ. چۈنكى ئىككى ساقچىنىڭ پۇقراچە كېيىنىپ شۇ ئەتراپتا مارىلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

— مەن ئۈچ كۈن ئىلگىرى قوي ئەكېلىش ئۈچۈن تاغ تەرەپكە چىقىپ كەتكەنىدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قاسساپ، — بۈگۈن چۈشتە قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. پالۋان ئىنىم، سىز ھېلىقى چاغدا ماڭا ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق قىلغانتىڭىز. شۇ چاغدا «ياخشىلىققا جەزمەن ياخشىلىق ياندۇرىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن. شۇڭا دەرھال تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ يەردە ئىككى ناتونۇش ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈپتىكەن، ئۇلاردىن بىرى ماڭا ئەگىشىپ ھويلىغا بىللە كىردى ۋە دەرۋازا ئالدىدا بىزگە قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ پايلاقچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇستامغا بۇيرۇتقان پالتىنى ئالغىلى كەلگەن قىياپەتتە كىرىۋالدىم ۋە سالامەتخانىغا گەپ قىلغاچ كۆز يۇمچۇقلاپ قويدۇم. ھەر ھالدا سالامەتخان مېنىڭ ئەسلىي مەقسىتىمنى چۈشەنگەن ئوخشايدۇ، چاندۇرۇپ قويماي دۇكاندىن يېڭى سوقۇلغان بىر پالتىنى ئاچىقىپ بەردى. مەن قەستەن ۋاقىتنى سوزۇش ئۈچۈن پالتىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردۇم. گەپ

ئارىسىدا پىچىرلاپ «پالۋاننىڭ نەدىلىكىنى دەپ بەرسىلە، مەن ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزەي» دېدىم. ئۇمۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ، ئۇس-تامنىڭ ئۇنىڭغا تاپىلىغان سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە بۇ يەردىلىكىڭىز-نى ئېيتىپ بېرىپ: «ئۇ بۈگۈن كەچ ياكى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ تۇرىمەن. ئەمىسە، تېز بولسىلا، ھەرگىز شەھەرگە كىرمىسۇن» دېدى. مەن بىرنەچچە كويچەن پۇلنى سالامەتخانىغا تۇتقۇزۇپ پالتىنى ئاچىقىپ كەتتىم. ئۆيگە كېلىپلا يولنى مۇشۇ تەرەپكە سالدىم. ھەر ھالدا ئۇلگۇرۇپ كېلىپتىمەن.

ئۆيدە ئىسمايىل يوق ئىدى، ھەۋزىخان بايا داستىخان سېلىپ مەزە كەلتۈرگەندە غوپۇر قاسساپ سۆزدىن توختىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلىمىدى. غوپۇر قاسساپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. پىيالىلەردىكى چايغىمۇ ھېچكىم قول ئۇزاتمىدى. ئې-زىز گويا بىردىنلا تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى.

— قېنى، داستىخانغا باقايلى، — ئاخىرى جىملىقنى بۇزدى باراتئاخۇن.

غوپۇر قاسساپ ئېزىزغا بىر قاراپ قويۇپ پىيالىنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئېزىز يەنىلا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

— بالام، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، — دېدى باراتئاخۇن ئۇنىڭغا قاراپ، — قېنى، چايغا بېقىڭ، ئاندىن بۇ ئىش ھەققىدە بىر مەسلىھەتكە كېلەرمىز.

— مەن ھازىرلا شەھەرگە باراي، — ئېزىز بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — پىيالىنى ئالدىراپ داستىخانغا قويۇپ سورىدى غوپۇر قاسساپ، — ساقچىلار شۇ تاپتا سىزنى

چۈشمە تامدا[1] ئىزدەۋاتقان تۇرسا، ئۆزىڭىزنى ئوتقا تۇتۇپ بېرەمسىز؟

— بالام، ئالدىرىماڭ، — باراتئاخۇنمۇ ئويلانغان هالدا سۆز قىستۇردى، — بۇ بىر نازۇك ئىش، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئوبدانراق ئويلاپ كۆرەيلى. مېنىڭچىمۇ سىز هازىر شەهەرگە بارسىڭىز بولمايدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى تاغ تەرەپكە كېتىڭ. ئۇ يەردە مېنىڭ تونۇشلىرىم كۆپ. سىزنى ئۆزۈم ئاچىقىپ قويىمەن، ئۇ يەردە يوشۇرۇنماقمۇ ئوڭاي، زادى بولماي كەتسە، تاشقورغان تەرەپكە كېتەرسىز.

— كۆڭلۈڭلەرگە رەهمەت، ئاكىلار، — دېدى ئېزىز ئازابلانغان تەلەپپۇزدا، — مېنى دەپ ئىككى كىشى گۇندىخانىدا ئازاب چېكىۋاتسا، بۇ يەردىمۇ، تاغدىمۇ، تاشقورغاندىمۇ كۆڭلۈم تىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتماقچى بولغان ئادىمى مەن. بۇ ئوتنى ئۆزۈم ياققان، ئۇنىڭدا ئۆزۈم كۆيەي. مەن بۇگۈنلا ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىمەن.

غوپۇر قاسساپ بىلەن باراتئاخۇن يەنە ئارقا - ئارقىدىن سۆز ئېلىپ ئېزىزنىڭ بۇ قارارىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. لېكىن ئېزىزمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— هۆكۈمەت دېگەننىڭ لەۋزىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئىنىم، — دېدى غوپۇر قاسساپ سەل تېرىكىپ، — سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بەرگەندىمۇ، ئۇلار ئۇستام بىلەن ئايالىڭىزنى قويۇپ بېرىشى ناتايىن. نېمىشقا دېسىڭىز ئۇلارنىمۇ سىزنىڭ شېرىكىڭىز دەپ بىلىدۇ.

— ياق، هېچبولمىغاندا ئاباەكرى ئاكامنى قويۇپ بېرەر. قويۇپ بەرمىگەندىمۇ، قىيناپ - ئازابلىماس.

— بالام، — دېدى باراتئاخۇن هاياجان بىلەن، —

---

[1] چۈشمە تام — تۇشمۇتۇش.

ئابابەكرىئاخۇن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ماڭا بۇرۇنلا ئېيتىپ
بەرگەن. ئۆز يۇرتىڭىزدا بەكمۇ چوڭ ئادەملەرنىڭ چىشىغا تېگىپ
قويۇپتىكەنسىز. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سىزنى تۇتماقچى بولۇشىمۇ
شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك. قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، سىزنى
ھەرگىز بوش قويمايدۇ ئۇلار. شۇڭا ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالسىڭىز
ھازىرمۇ ئۇلگۈرەلەيسىز. مەن قايتا - قايتا ئويلاپ كۆردۈم، ئەڭ
ياخشىسى، تاشقورغان تەرەپكە كەتكىنىڭىز تۈزۈك ئىكەن. خەق-
لەرنىڭ دېيىشىچە، غازاتچىلار مۇشۇ تەرەپكە يېقىنلاۋاتقانمىش.
خۇدايىم بۇيرۇسا، قىشقىچە، بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزمۇ شۇلارنىڭ
ئىلكىگە ئۆتۈپ بولار. ئۇ چاغدا ئابابەكرىئاخۇن ۋە رەپىقىڭىز
بىلەنمۇ سالامەت كۆرۈشەرسىز.

— ئىشنىڭ يولى شۇ، — تەستىقلىدى غوپۇر قاسساپ.

ئېزىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قارىدى،
ئاندىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— نىيىتىڭلارغا رەھمەت، ئاكىلار، سىلەر دېگەندەك قىل-
سام، ئۆزۈم غولى ئەركىنلىكتە ياشىيالايمەن. لېكىن ئەڭ يېقىن
ئىككى ئادىمىم گۇندىخانىدا تۇرۇۋاتقاندا مۇنداق ئەركىنلىك ماڭا
زىنداندا ياتقاندىنمۇ بەكرەك ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ياق، گۇناھنى مەن
قىلغاندىن كېيىن، دەردىنىمۇ ئۆزۈم تارتاي. ساقچىلارنىڭ قولى-
دا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا،
تارتماسقا ئىلاجىم يوق. ماڭا باشپاناھلىق قىلىپ، تۇرار جاي ۋە
ئاش - تۇز بەرگەن بىگۇناھ ئابابەكرى ئاكامنى ئازابقا قويسام
بولمايدۇ. ئايالىممۇ ئەمدىلا ئىككىقات بولغان، گۇندىخانا ئازابىغا
ھەرگىز چىدىيالمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۇرۇنراق ئەركىنلىككە چىق-
سا، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، بالام ئىزىمنى باسار. شۇڭا
مېنى توسماڭلار، مەن بۇ نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن.

ئۆيدە يەنە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. غوپۇر قاس-
ساپمۇ، باراتئاخۇنمۇ كۆڭۈللىرىدە ئېزىزنىڭ مەردانىلىكىگە ئاپى-

ـرىن ئوقۇشتى. پېشانىسىنىڭ بەكمۇ تەتۈر بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىنىشتى. ئۇلار يەنىلا ئېزىزنى مۇنداق تەۋەككۈلچىلىكتىن قايتۇرۇشنى ئويلايتتى، لېكىن ھەممە گەپلەر دېيىلدى، ئەمدى يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟

شۇ ئارىدا ئۇستىگە گۆش ۋە بېھى بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلـدى. باراتئاخۇننىڭ قانچە زورلىشىغا قارىماي، باشقىلارمۇ، ئۆزىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كاپامدىنلا يەپ بولدى قىلىشتى. مۇنداق چاغدا گالدىن غىزا ئۆتەمتى! ؟

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئېزىز بىلەن ئىسمايىل بىر ئاتقا مىنگىشىپ، غوپۇر قاساپ ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئېلىشتى. باراتئاخۇن بىلەن ھەۋزىخان كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا دەرۋازا ئالدىدا قاراڭغۇلۇققا پاتقان يولغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇرۇشتى.

## 3

قاغىلىقتا ساقچىلار بىلەن بىللە غاپپارمۇ بارغانىدى. ئۇ ئېزىزنى قولغا چۈشۈرەلمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، كازىم بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىر مەپە كىرا قىلىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا ئائالەتنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتتى.

خوتەندىن بارغان ساقچىلارنىڭ كازىم بەگدىن يېتەرلىك پارا ئالغان باشلىقى ئۇنىڭغا ئۈچ ساقچىنى ھەمراھ قىلىپ بەردى.

غاپپار بەكمۇ ئالدىرايتتى. چۈنكى، قاغىلىقتا مېڭىش ۋاقتىدا كازىم بەگ ئۇنىڭغا ئېزىزنى تۇتالمىسۇن ـ تۇتالمىسۇن، ئادالەتنى تاپسىلا بىر كۈنمۇ ھايالشىماي ئۇنى ئېلىپ قايتىشنى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكنى قاتتىق چېكىلىگەن، ئاندىن خۇددى غاپپارنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىگەندەك:

— تالىپ بېگىم بىلەن كېلىشىپ قويدۇم. بۇ قېتىم قاراقـ.
چى ئېزىز تۇتۇلسۇن ـ تۇتۇلمىسۇن، ئادالەتنى ساق ئەكېلەلىسە.
ڭىزلا، گۈلسۈمنى گۈندىخاندىن چىقىرىۋېتىدىغان بولدى، —
دېگەندى.

قاقاس جەزىرە قوينىدىكى يىلان ئىزى بولۇپ سوزۇلغان
كارۋان يولىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ سەپەر تولىمۇ زېرىكىشلىك
ئىدى. ئەتراپتا سۆكسۆك، شىۋاق، قامغاق ۋە يۇلغۇندىن ئۆزگە
بىرەر تۇپ دەرەخ ياكى بىرەر تۇپ چۆل گۈلىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
بەزى يەرلەردە شىمال تەرەپتىن بېسىپ كىرگەن قۇم بارخانلىرى
يولنى پۈتۈنلەي ئۆزۈپ قويغانىدى. يولۇچىلار پەرەز بويىچە سە.
پەرنى داۋام قىلىپ، بىرپەسـتىلا يەنە غىـلالڭ سايلىـققا چىقىپ
قالاتتى ـ دە يولنى تېپىۋالاتتى. غاپپارنىڭ كۆڭلىدە خۇشاللىق
بىلەن ئەندىشە دەممۇدەم ئالمىشىپ تۇراتتى، ئۇ مۇشۇ سەپەرنى
تاماملىسىلا گۈلسۈمنىڭ ۋەسلىگە يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچ ـ
ئىچىدىن سۆيۈنەتتى، لېكىن ئارقىدىنلا «بېگىملەر ۋەدىسىدە تۇ.
رارمۇ؟ مۇبادا يەنە ‹ئاۋۋال ئېزىز تۇتۇلسۇن›، دەپ تۇرۇۋالسىـ.
چۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلى سەل خىرە بولاتتى. يەنە ئېزىز.
نىڭ ئادەم باشلاپ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئادالەتنى تارتىۋې.
لىش ئېھتىمالىدىنمۇ ئەندىشە قىلاتتى. مەيكەشكە بىر ھەسسە
ئارتۇق كىرا ھەققى بېرىلگەن، ساقچىلارمۇ ئاچچىقى يامان باشلى.
قىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقىنى ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە غاپپارنىڭمۇ
ئىنئامىغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا ھەممىيلەن ھارغان ـ چارچىغىنىـ.
غا قارىماي، سەپەرنى ناھايىتى ئالدىراش داۋام قىلدى،
يولـدا ئاندا ـ ساندا ئۇچرىغان مەھەللىلەردىمۇ كۆپ ھايالشىمىـ.
دى.

ئادالەت مەپە ئىچىگە سېلىنغان قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە
كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا ئولتۇراتتى. قارىماققا،
شۇ تاپتا ئۇ گويا ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان ھەيكەلگىلا

ئوخشاپ قالغانىدى، ئەمما ئۆزى ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى، ئايغى چىقمايدىغان ئازابلىق خىياللار مېڭىسىدە تىنماي كېزەتتى.

ئەتىگەن ئۇ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرگەن ساقچىلار ئارىسىدا غاپپارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى. ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق قوپاللىق قىلماي، سىپايە مۇئامىلىدە بولدى، غاپپار بولسا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام بېرىپ، ئەھۋال سورىدى.

— خېنىم، لاقا ـ لۇقىلىرىنى تەييارلاپ، بىز بىلەن ماڭ-سىلا، — دەپ بۇيرۇدى ساقچىلارنىڭ باشلىقى.

ئادالەتنىڭ بۇ يەردىن زادى ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— مەن ھازىر ئېرىنىز پالۋاننىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ بولغان، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ يەردىن ھېچ يەرگە بارمايمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

ساقچى باشلىقى قاپىقىنى تۈردى:

— خېنىم، سىلىنى زورلاپ ئېلىپ مېڭىشقا بىزنى مەجبۇر-لىمىسىلا ـ ھە! — دېدى ئۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا، — ئېرىنىز قاراقچىمۇ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ، پات ئارىدا ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قالارلا، قېنى تېزرەك بولسىلا!

ئادالەتنىڭ يەنە قارشىلىق قىلغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن: «مۇ-بادا ئۇ باغىرى تاش ئادەملەر ئىنتىرىپ ـ دۈشكەللەپ، سۆرەپ ـ تارتقۇشلاپ ئېلىپ ماڭسا كۆرگەن خەقلەر نېمىدەپ قېلىشار؟» دەپ ئىككىلىنىپ قالدى.

— خېنىم، ئەندىشە قىلمىسىلا، — دەپ ھېجىيىپ سۆز قىستۇردى غاپپار، — بىزنى بۇ يەرگە مەنسۇر بېگىم ئەۋەتتى، ئۆزلىرىگە ھېچ گەپ كەلمەيدۇ، قالغان گەپلەرنى شۇلارغا دېيىش-لىمۇ بولىدۇيا.

ئادالەت بۇ گەپكە ئىشەندىمۇ ياكى قارشىلىق قىلىشىنىڭ پايدىسىزلىقىنى چۈشەندىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئەمدى باشقا گەپ قىل-

ـماي، سالامەتخان بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلىشىپ ھويلىدىن ئايرىلدى.
ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئابابەكرىدىن ئايرىپ، خېلى تۇزۇككىنە ئىشخانىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. غاپپاردىن ئۆزگە ھېچكىم ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز گەپمۇ سورىمىدى، ئەمما مىلتىق ئاسقان بىر ساقچى ئىشىك تۈۋىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي قاراپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن غاپپار شىرەگە داستىخان سېلىپ ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى توشـ قۇزۇۋەتتى، ئۆز قولى بىلەن پىيالىگە ناۋات سېلىپ چاي قۇيۇپ، ئادالەتنى يەپ ـ ئىچىشكە زورلىغاچ، كۈلۈپ تۇرۇپ ھەر خىل خۇشامەتلىك گەپلەرنى قىلدى. لېكىن ئادالەت پىيالىگىمۇ، نازۇـ نېمەتلەرگىمۇ قول تەگكۈزمىدى.
— ئانام تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر چاغدا غاپپارنىڭ چىرايىغا قارىمايلا.
— ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ تولا يىغلايدۇ، شۇ، — دېدى غاپپار يالغاننى خېلى قاملاشتۇـ رۇپ، ئاندىن ھىجىيىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ھى… ھى… خېنىم، مەن چىقىپ تۇراي، بۇ يەردە قاراپ تۇرسام، ئۆزلىرى غىزاغا…
غاپپار چىقىپ كەتتى. ئەمما داستىخاندىكى نەرسىلەر يەنىلا قول تەگكۈزۈلمىگەن پېتى قېلىۋەردى. ئادالەتنىڭ مېڭىسىنى ئازابلىق ۋە قورقۇنچلۇق خىياللار چۇلغىۋالغانىدى: ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى. ساقچىلار بۇ كەمگىچە بەلكىم ئېرىنىمۇ تۇتۇپ بولغاندۇ، ئۇنى ھازىر ئۇرۇپ قىيناۋاتقانمىكىن؟ ئەمدى ئۇ ساقـ چىلارنىڭ قولىدىن ھەرگىز تىرىك قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنىڭسىز ياـ شىغاننىڭ ئادالەت ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇمۇ مەلىكە شېرىنگە ئوخشاش پاك مۇھەببىتى يولىدا جېنىدىن كېچىشى، بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ جەبىر ـ قىسمەتلىرىدىن بىر يولى قۇتۇلۇشى

كېرەك. مومىسى خەدىچە خېنىم ئۇنىڭغا ئاشىق ـ مەشۇقلار
ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندە، ئاخىرىدا ھەمىشە ئۇلۇغ ـ
كىچىك تىنىپ قويۇپ: «تەقدىرى ئەزەلدىن ئاشىق ـ مە-
شۇقلارنىڭ ئۇ دۇنيادا — باقىي ئالەمدىلا مۇراد ـ مەقسىتىگە
يېتىدىغانلىقى پېشانىسىگە پۈتۈۋېتىلگەنمىش. بۇ دۇنيادا چەك-
كەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ئۇچۇن جەننەتتە ھالاۋەت كۆرەر ئى-
مىش، يۈزلىگەن ھۆرلەر، غولمانلار خىزمەتلىرىدە بولار ئى-
مىش» دەيدىغان. خۇدايىم ئېزىز بىلەن ئادالەت ئۇچۇنمۇ بۇ
دۇنيادا بەخت ـ سائادەت نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا
خۇشال ـ خۇرام كۈنلەر بەكمۇ قىسقا بولۇپ قالدى ۋە ھەمىشە
ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. نېمە دېگۈلۈك، تەقدىر ـ پېشانەڭگە
پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، تارتماسلىققا نە چارە؟ بەلكىم، ئۇلارنىڭ
روھلىرىمۇ جەننەتتە جەۋلان قىلار، شۇ يەردە مەجنۇن بىلەن
لەيلى، پەرھات بىلەن شىرىن، تاھىر بىلەن زۆھرە ۋە غېرىب
بىلەن سەنەملەر ئارىسىغا قېتىلىپ، مەڭگۈلۈك ۋىسال ۋە بەخت-
سائادەت ئىچىدە ياشار... شۇنداق، ئادالەت ئەمدى ھېچنېمىگە
تارتىنمايدۇ، ئۇ ئۆلۈشكە، ھەتتا بۇ ئىشنى شۇ تاپتىلا، مۇشۇ
يەردىلا ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەييار. ئاشىقنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن
قېلىپ ئازاب چەككەندىن كۆرە، ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئۆلۈپ كەت-
كىنى ياخشى، ئۇ چاغدا روھى تېخىمۇ پاك بولىدۇ... قانداق
ئۆلۈش كېرەك؟... كىمدىن ئاڭلىغانلىقى ئېسىدە قالماپتۇ، ئىش-
قىلىپ، ئادالەت بۇرۇن ئادەم بىرەر چوڭ تومۇرىنى كېسىۋەتسە،
قېنى ئېقىپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا جان تەسلىم قىلىدۇ،
دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. بۇ چاغدا ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمەسمىش.
قىينالسىمۇ مەيلى، تىرىك قېلىپ كېچە ـ كۈندۈز ئازاب چەككەن-
دىن، ھازىر ئازراق قىينالغانىنىڭ كارى چاغلىق. تېۋىپلەر تۇتى-
دىغان تومۇر چوڭ تومۇر بولسا كېرەك، شۇنىلا كېسىۋەتسە...
ئادالەت تولا چاغلاردا يىڭنە ئىشى قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەت-

تە يېنىدىن بىر ئۆتكۈر قايچىنى ئايرىمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى
ھۇجرىسىدا دوپپا ئۈچۈن رەخت كەسمەكچى بولغاندەك، ئاشۇ
قايچىنى ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى. قايچا كۆرۈنمىدى. ئاندىن ئۇ
جىلتكىسىنىڭ يانچۇقىغا قايچا پاتمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىد-
مۇ، يەنىلا ھەر ئىككى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كۆردى. «ھەي...
ئالدىراشچىلىقتا قايچىنى ئۇنتۇپتىمەن...» ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا
ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ.

ئادالەت ئاندىن تومۇرنى ئوڭايلا كېسىۋېتەلىگۈدەك بىرنەرسە
ئىزدەپ يەنە ئەتراپقا قارىدى. بىردىنلا بىر ئىش گۈپپىدە ئېسىگە
كەلدى: بىر قېتىم گۈلسۈم چىنە پارچىسىگە دەسسىۋېلىپ پۇتى
كېسىلىپ كەتكەندە، ئۇ يەردىن ئاققان قاننى مىڭ تەسلىكتە
توختىتىۋېلىشقانىدى.

«ماۋۇ پىيالىنى يەرگە ئېتىپ سۇندۇرسام، —
ئادالەت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — ئۇنىڭ پارچىسىدا تومۇ-
رۇمنى كەسسەمچۇ...»

ئۇ پىيالىگە قولىنى ئۇزاتتى، ئەمما شۇ پەيت قانداقتۇر بىر
سېھرىي كۈچ ئۇنى شاققىدە قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم تۇرۇپ
قالدى. «ھازىر تېخى يارىڭنىڭ تۇتۇلغان - تۇتۇلمىغانلىقىدىن
ئېنىق خەۋىرىڭ يوق، — دەيتتى نامەلۇم بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلى-
قىغا، — بەلكىم ئۇ ھازىرمۇ ئەركىنلىكتىدۇ، بەلكىم سېنى
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقاندۇ!؟ بۈگۈن كېچە،
ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قۇتۇلدۇرۇپمۇ ئالار. شۇن-
داق تۇرۇقلۇق ھازىرلا ئۆلۈۋالساڭ، ئۇنىڭغا قانداق يۈز
كېلەلەيسەن؟! ھاياتتىن ئۇنداق ئوڭاي ئۈمىد ئۈزمە. ئۆلۈم
دېگەن بەك قورقۇنچلۇق ئىش، ئۆلسەڭ ھەممە تۈگەيدۇ. ئاندىن
يەنە قورسىقىڭدا بالاڭ بار، ئۆزۈڭنى دەپ ئۇنىڭمۇ جېنىغا زامىن
بولامسەن؟... شۇ بالاڭنى سالامەت تۇغۇشۇڭ كېرەك. ناۋادا
ئېرىڭ ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭسىز ياشالمىساڭ، شۇنىڭدىن كېيىن

ئۆلسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. بالاڭ سىلەرنىڭ ئىزىڭلارنى بېسىپ، ئىنتىقامىڭلارنى ئالىدۇ...»

ئادالەتنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، پۈتۈن ئەزايى سوغۇق تەرگە چۆمۈلدى، گويا قورسىقىدىكى بالا مىدىرلاپ، ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پىيالىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى تېزلا تارتىۋالدى ـ دە، قورسىقىنى سىلىدى. لېكىن بالىنىڭ مىدىرلىشىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئازراق شەپىنىمۇ سېزەلمىدى. ئادالەت زادى قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. شۇ پەيت ئىشىك تۈۋىدە غاپپارنىڭ كىمدۇ بىرى بىلەن سۆزلەشكىنى ئاڭلاندى:

— قانداق، تۆمۈرچىنىڭ زۇۋانى ئېچىلدىمۇ؟ يا ...

— ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى ئۇ مۇتتەھەم.

ئادالەتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. «ئۇستام ئېزىزنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ قويغانمىدۇ؟...»

— خوش، ئۇ قاراقچى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋاپتىكەن؟

— تۇنۇگۈن تاشقورغان تەرەپكە كېتىپ قالغان دەيدۇ. بادىنتلارغا قېتىلغىلى كەتكەن بولسا كېرەك.

ئادالەت يېنىك تىن ئالدى: «يالغان سۆزلەپ ئېزىقتۇرۇپتۇ، رەھمەت سىلىگە، ئۇستام!...»

يەنە غاپپارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي، بۇ گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ جۇمۇ. ئۇ قاراقچى ئادالەت خېنىمنى بۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنداق يىراق جايغا كەتمەيدۇ.

«قارا يۈز مۇناپىق!...، — غاپپارنى قارغىدى ئادالەت، — قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم، گۆشۈڭنى قاغا ـ قۇزغۇنلار چوقار!...»

— ھەي پالۋان، سىز ئادەملەرنى تېخى ئانچە بىلمەيدىكەنسىز، ئىش ئۆز بېشىغا كېلىپ تاقاشقاندا، يارى تۇرماق، تاپقان

دادىسى بىلەن تۇغقان ئانىسىنىڭمۇ مېھرىدىن كېچىدىغان ئىشلار جاھان دېگەندە تولا. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن كىشى دېگەننىڭ پەيزى قىز چېغىدا دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، خېنىمىڭىز ھازىر قىز ئەمەس، ئۇ ھارامزادە قاراقچى ئۇنىڭغا ئاللىقاچان قېنىپ بولغان، ئەمدى خالىسا تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ.

سۆھبەتداشلار خىر - خىر قىلىپ كۈلۈشتى. ئادالەت نومۇس قىلىپ قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى. «خۇدايىمغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، پالۋىنىم بۇ جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشمەپتۇ، — دېدى ئۇ كۆڭلىدە خۇرسەن بولۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۇتالماس ئىلاھىم. پەيلىمدىن ياناي...»

شۇنداق قىلىپ، ئادالەت ئاخىرى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندى.

— بىز ماڭىدىغان بولۇپ قالدۇق، — دېدى غاپپار چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، — سىلى ئۈچۈن ئالايىتەن مەپە كىرا قىلدىم. يول ئۇزاق، ئاتتا ماڭسىلا قىينىلىپ قالارلا.

ئادالەت بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قارىمىدى، يا «ماقۇل»، يا «ياق» مۇ دېمىدى. ئۇ گەرچە ئېزىزىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىغا ۋە ئابابەكرىنىڭ تۈرمىدە ئازاب چېكىۋاتقىنىغا يۈرىكى قاتتىق ئېچىشسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى ئوڭشاش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، قارشىلىق قىلمايلا مەپىگە چىقتى. بىراق، ئادەم بىرەر جىددىي ئىشقا دۇچ كەلگەندە غەم - ئەندىشە، ئوي - خىياللار ئۇنىڭغا رودۇپايدەك چاپلىشىۋالىدىكەن. ئادالەتمۇ بۇ ئۈچ كۈنلۈك سەپەردە ئۇلاردىن بىردەممۇ خالىي بولالمىدى. كۆزلىرى بىرە - بىرە ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردىمۇ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئەگەر ئادەمزاتتا چەكسىز ئەركىنلىككە ياتىدىغان بىرەر نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ خىيال سۈرۈشتۇر. ئۇنىڭغا ھېچنېمە كاشىلا قىلالمايدۇ، ئەڭ ياۋۇز كۈچلەرمۇ ئۇنى چەكلىيەلمەي-

دۇ. ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلەردە ئەڭ مۇشكۇل پەيت-
لەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغدىمۇ بىمالال خىيال سۈرەلەيدۇ
(گەرچە ئۇنداق خىياللار رەتسىز، چېچىلاڭغۇ بولسىمۇ)؛ نېمى-
نى خالىسا شۇنى ئويلىيالايدۇ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇ-
ڭا، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئادەم پەقەت ئۆز قەلبىگە قارىتا
چەكسىز ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە. شۇ تاپتا ئادالەتمۇ ئەنە
شۇ خىل ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. دۇرۇس،
ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ رەتسىز، چىگىش ئىدى، خۇشاللىق بىلەن
قايغۇ، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئىشەنچ بىلەن ئۈمىدسىزلىك
تېز - تېز ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى بەئەينى كەل-
كۈنگە ئوخشايتتى، بەزىدە غول ئېقىننى بويلاپ شىددەت بىلەن
ئۆركەشلىسە، بەزىدە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، چېچىلىپ كې-
تەتتى؛ بەزىدە تۈپتۈز كېتىۋېتىپ، بىردىنلا يۆنىلىشنى ئۆزگەر-
تەتتى ياكى بولمىسا ئارقىغا بۇرۇلاتتى، لېكىن ھەممىسىنى بىر
يىپتا باغلاپ تۇرغىنى ئېزىز بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى تولىمۇ
شېرىن، ئەمما غەم - غۇسسىگە تولغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتى-
سى ئىدى. بارا - بارا يارىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەش ھەممىنى
بېسىپ چۈشتى. «ئۇ شۇ تاپتا قەيەردىدۇ؟ بىزنىڭ تۇتۇپ كېتىل-
گەنلىكىمىزنى بىلگەندىمۇ؟ سالامەتخان ئاچام خەۋەر قىلىۋەتكەن-
دۇ، ھەقىچان... سەھرانىڭ بىرەر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنمى-
دۇ؟ ياكى راستىنلا تاشقورغان تەرەپكە — ئاغىنىلىرىنىڭ يېنىغا
كەتتىمىكىن؟ ياق، ئۇنداق نىيىتى بولسا، ماڭا بۇرۇنلا دېگەن
بولاتتى. ھېلىقى چاغدا ئۇنى توسۇمىسام بوپتىكەن. شۇنداق
قىلغان بولساق، بۇ كۈنلەرنىمۇ كۆرمەس ئىدۇق. ھېلىمۇ بول-
سا، ساقچىلار بىلىپ بولغۇچە، شۇ تەرەپكە كېتىۋالسا ئوبدان
بولاتتى. ئۇرۇش دېگەندە بەزى ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسى-
مۇ، يەنە كۆپلىگەن ئادەملەر تىرىك قالىدىكەن. مەنمۇ، ئېزىزمۇ
ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىدۇق. خۇدايىم ئېزىزنىمۇ ئۆز پاناھىدا

ساقلار، بالا ـ چاقىسىنىڭ دىدارىغا قاندۇرار… ناۋادا مەندىن غەم يەپ، ئۇ تەرەپكە كەتمەي، تېخىچە قاغىلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىچۇ؟ ئابابەكرى ئاكام بىلەن سالامەتخان ئاچام ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرالارمۇ؟ ياكى بولمىسا قىيىن ـ قىستاقلارغا چىدىماي… ياق، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرىمەن؟ شۇم نىيەتلىك قىلماي، ئۇلار بەك ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ۋە مەرد ئادەملەر ئىكەن، ئېرىزنى ھەرگىز پاش قىلىپ قويمايدۇ… يۇرتىمىزغا يەتكۈچە مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يولدا پالۋىنىم ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ، مېنى قۇتقۇزىدۇرۇۋالسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! …»

بۇ خىيالدىن ئادالەتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

«ئېرىز جېنىم، سىزنى خويمۇ سېغىندىم، تېزرەك كەلسىڭىزچۇ!» ئۇ چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ئاۋازلىق سۆزلەپ قويغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى، كۆزلىرىدىن سىرغىغان ياش تامچىلىرى مەڭزىگە يېيىلدى. لېكىن مەپە چاقلىرىنىڭ تاراقلىشى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بۇ نىداسىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئادالەت يەنە خىيالغا چۆكتى:

«يالغۇز ئۆزىلا كەلسە، ماۋۇ جاللاتلارغا تەڭ كېلەلەرمىكىن؟ ئېرىز دېگەن پالۋان يىگىت، بۇلاردىنمۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن ئېلىشالايدۇ. لېكىن بۇلاردا مىلتىق بار ئىكەن، ئوق دېگەن بەك يامان نېمە ئىمىش، تېگىپ بولغۇچە جاننى ئالار ئىمىش. ناۋادا بۇ جاللاتلار ئۇنى ئېتىۋەتسىچۇ؟ ئاھ، خۇدايىم! ئۇنداق كۈننى كۆزۈمگە كۆرسەتمىگەيسەن! … ياق، ياق، پالۋىنىم ھەرگىز يالغۇز كەلمىسۇن! ھازىرچە سەۋر قىلىپ تۇراي. بۇ جاللاتلار مېنى ئاتا ـ ئانامغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆز جايىغا قايتقاندىن كېيىن ئاندىن پالۋىنىم ئۆيىمىزگىلا بارسىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانامۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىككىمىزنىڭ يەنە قوشۇلۇشىمىزغا رازى بولار. دادام يەنە ئۇنىماي تۇرۇۋالسىمۇ،

پالۋىنىم مېنى ئەكېتەلەيدۇ. ئۇ چاغدا تاشقورغانغا بارىمىز دېسە-مۇ كېتىۋېرىمەن...»

شۇ ئويلاردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. «كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ يەنە، — پالۋىنىم مېنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ. بىز يەنە بىللە بولىمىز. شۇنداق كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى چىدام بىلەن ساقلاي، نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ مەيلى، ئۇ چاغدا ئالدىغا ئوغلىنى كۆتۈرۈپ چىقارمەن...»

ئۇلار يولدا كۆپ ھايالشىماي، تېز ماڭغانلىقتىن ئۈچىنچى كۈنى خۇپتەن ۋاقتى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. قەدىمىي شەھەر تېخى ئۇيقۇغا كەتمىگەنىدى. كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ بولسىمۇ، كەچلىك بازار تېخى يىغىشتۇرۇلمىغان بولۇپ، ئوقەتچىلەر ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىرىشاتتى. ئادالەت مەيدىنىڭ يان تەرىپىدىكى كۈنگۈرىسىگە يېپىلغان پەردىنى قايرىپ قاراڭغۇلۇققا چۆككەن شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە سەپسالدى. مەپە تېگىگە تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ يولدىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى. ئۇ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ، يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا توختىدى. غاپپار ئاتتىن چۈشۈپ قوش قاناتلىق دەرۋازىنى ئۇردى، ھايالشىمايلا بىر ياشانغان ئادەم دەرۋازىنى ئاچتى.

— بۇ سىلىمۇ، پالۋان، ھارمىغايلا؟

— بېگىم ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە.

غاپپار ئۇنىڭغا پىچىرلاپ نېمىلەرنىدۇ دېدى - دە، تېزلا ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئادالەت ئىلگىرى بۇ كوچىغا زادى كېلىپ باقمىغانىدى. «بۇ قەيەردۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئۇ، — نېمىشقا بۇ يەردە توختىدۇقكىنە؟ ئاۋۇلارنىڭ ‹بېگىم›

دېگىنى دادامىدۇ؟ ئۇ بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ئەمدى تېزرەك ئۆيىمىزگە بېرىپ ئانام بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى...»

غاپپار هايالشمايلا قايتىپ چىقتى.

— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق، مەيدىن چۈشسىلە، — دېدى ئۇ مەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ئادالەتنىڭ هەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— بۇ ئۆي كىمنىڭ؟ نېمىشقا بۇ يەردە چۈشىمەن؟

غاپپار خۇشامەتگۈيلۈق تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى:

— سىلى كەتكەندىن كېيىن بېگىم بۇ ئۆينى سېتىۋالغان، هازىر سىلىنىڭ يوللىرىغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، قېنى، چۈشسىلە.

— ئانامچۇ؟ ئۇمۇ مۇشۇ ئۆيدىمۇ؟

— مۇشۇ ئۆيدە، خېنىممۇ مۇشۇ ئۆيدە.

ئادالەت ئەمدى هېچنېمىدىن گۇمانلانماي، ئۆزىنىڭ خاس بوغچىسىنى ئېلىپلا مەپىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ پەردىنى قايرىدى، غاپپار قولىنى ئۇزىتىپ ياردەملەشمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئادالەت «نېرى تۇرۇڭ» دەپلا يەرگە سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن غاپپارنىڭ يول باشلىشى بىلەن يوغان دەرۋازىدىن ئىچىگە كىردى.

هويلا ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى. تاشقىرىدىقى هويلا ئۇستى يېپىق دەهلىز بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئاتخانا، هاجەتخانا ۋە چاكارلار يېتىپ قوپىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى. ئىچكىرىكى هويلا خېلى كەڭرى ۋە تېگىگە خىش ياتقۇزۇلغانىدى، ئوتتۇرىدا يۇمىلاق گۈلزارلىق بار ئىدى. ئۈچ تەرەپتىكى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەر يېرىم زامانىۋى پاسوندا بولۇپ، يەردىن بىر مېتىردەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، هەممىسىنىڭ ئالدىغا پېشايۋان ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ هويلىغا تۇتاش تەرىپى ئاتمىش - يەتمىش سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە رېشاتكىلانغان-

ـدى. تۇۋرۇك، رىشاتكا ۋە دىرىزە قاپقاقلىرى كۆك رەڭدە سىرلان-غانىدى. بەزى ئۆيلەرنىڭ دىرىزىلىرىدىن چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ئانام بىلەن دادام نېمىشقا ئالدىمغا چىقمايدىكىنە؟ ئۇلار ھازىرمۇ مەندىن خاپىمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئادالەت ۋە پەلەمپەي-دىن چىقىپ غاپپارنىڭ باشلىشى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىنتايىن ياسىداق بېزەلگەن، ئەمما ھېچكىم يوق ئىدى. ئادالەت ئاتا - ئانىسىنى سوراي دەپ تۇرۇشىغا چوڭ دەرۋازىنىڭ غارتىلداپ يېپىلغان ۋە شاراقلاپ قۇلۇپ سېلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

ئۇلگىجىكى مايسىرىغان ئېغىر ئىشىك غەلىتە ئاۋاز چىقى-
رىپ ئېچىلىپ بىر ئادەمنى ئىككى قولتۇقىدىن سۆرىگەن ئىككى
گۇندىپاي كامېر ئىچىگە كىردى ـ دە، ھېلىقى ئادەمنى يەرگە
گۇپپىدە تاشلاپ قويۇپ، دەررۇ چىقىپ كەتتى. ئىشىك يېپى-
لىپ، يوغان قۇلۇپنىڭ «چارس» قىلىپ ئېتىلگەن ئاۋازى
ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئويغانغان ئىككى مەھبۇس ئاۋۋال بىر ـ
بىرىگە قارىشىۋالدى. ئاندىن خۇددى بىرى قوماندا بەرگەندەك
تەڭلا ھەرىكەتلىنىپ يەردە دۈم ياتقان بايىقى ئادەمنىڭ يېنىغا
كېلىشتى، ئۇنى ئوڭدا قىلىپ، ياشراق بىرى ئالىقىنىنى ئۇنىڭ
ئاغزىغا تۇتتى.

— تىرىك ئىكەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ھەمراھىغا قارى-
مايلا ۋە يېڭى مەھبۇسنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ تىزىغا ئالدى.

بۇ ئاي تۇغۇلغان مەزگىل بولغاچقا، ھاۋادىن چۈشكەن
شولا يېڭى مەھبۇسنىڭ ئۇستۇبېشىنى غۇۋا يورۇتۇۋاتقانىدى، ئەمما
دەماللىققا چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ كىيىملىرى
تىتىلىپ قانغا مىلەنگەنلىكىنى كونا مەھبۇسلار دەرھال بايقاشتى.

— ئەمەت ئاكا، تېز بولۇڭ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇ-
ۋېتەيلى، بولمىسا كېيىن بەدىنىگە چاپلىشىپ قېلىپ ئاجراتقىلى
بولمايدۇ، — دېدى ياش مەھبۇس ھەمراھىغا.

يەنە بىرەيلەن دەرھال يېڭى مەھبۇسنىڭ كىيىملىرىنى سال-

دۇرۇشقا تۇتۇندى. يېڭى مەھبۇس يەنىلا ھوشىغا كەلمىدى. ناھايىتى سۇس نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى دېمىگەندە، ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى، يانپاش، يوتا ۋە ئۇچىسىدىكى بەزى يەرلەردىن ھازىرمۇ قان سىرغىپ تۇراتتى.

— بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ياش مەھبۇس كىيىملەردىن يىرتىۋالغان لاتىدا ئۇنىڭ قانلىرىنى سۇرتكەچ.

— ياش يىگىت ئىكەن، بىچارە، — دېدى ئەمەتئاخۇن ئىسىملىك يەنە بىرىمۇ ئېچىنغان ھالدا، — بۇنىڭغا ئارتقان گۇناھ بەك ئېغىر ئوخشايدۇ.

ئۇلار يېڭى مەھبۇسنى دەرھال كىيىندۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر يوتقاننى يېپىپ قويدى.

ناھىيىلىك ھۆكۇمەت قورۇسىغا يانداش جايلاشقان بۇ تۈرمە ما خۇسەن ھۆكۇمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالدىراش - تېنەش سېلىنىپ بىر لېيەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە گازارما قىلىنغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى لايدىن قوپۇرۇلۇپ، قورۇ ئەتراپى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام بىلەن قورشالغانىدى. شېڭ شىسەينىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە ئۇ يەر تۈرمە قىلىندى، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى بىر ھەسسە قېلىنلىتىلىپ، تۈڭلۈكى ئېتىۋېتىلدى، ھاۋادان كىچىكلىتىلدى؛ تۆمۈر رېشاتكا بېكىتىلدى؛ ئىشىكلىرىمۇ قېلىن تاختايدىن ياسالغان يېڭى ئىشىكلەرگە ئالماشتۇرۇلدى. گۈندىپايلارنىڭ كامېر ئىچىنى كۆزىتەلىشى ئۈچۈن ئىشىككە كىچىككىنە تۆشۈك چىقىرىلدى. قورۇ تېمى ئۈستىدە بىر ئادەم بىمالال ماڭالىغۇدەك ھالدا قېلىنلىتىلدى، بىر مېتىر چامىسىدا ئېگىزلىتىلىپ، بەئەينى كىچىكرەك بىر سېپىل ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى. گومىنداڭ دەۋرىدە يەنە قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، يەنى دەرۋازا تەرەپتىكى ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغا خام كېسەكتىن يېڭى ئۆيلەر سېلىندى، ئۇلارغا ئەينەك-

لىك دېرىزىلەر بېكىتىلدى. ئىشىك ۋە راملار كۆك سىردا سىر-
لاندى ۋە ئۇلار ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىلىرى،
تۈرمە ئىشخانىلىرى قېلىندى. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسى پەسرەك تام
بىلەن توسۇلۇپ، تۈرمە تەرىپى مەھبۇسلارنىڭ شامالداش مەيدانى
قىلىندى. كىرىپ - چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا بىر ئىشىك ئورنى-
تىلدى. تۈرمە «سېپىلى»نىڭ شىمالىي تەرىپىگە يانداپ ناھىيە-
لىك ھۆكۈمەت قورۇسى سېلىندى. كامېرلاردا ھېچقانداق ئۆز-
گىرىش قىلىنمىدى. پەقەت ياتىدىغان يەرگە ئازراق شال پاخىلى
تاشلاپ قويۇلدى. «سېپىل» تېمىنىڭ تۆت بۇرجىكى ئۈستىگە
قاراۋۇللارنىڭ قار - يامغۇردىن دالدىلىنىشى ئۈچۈن كىچىكرەك
راۋاقلار ئورنىتىلغانىدى؛ قورallıq تۆت ئەسكەر ھەمىشە ئاشۇ
راۋاقلاردا تۇرۇپ تۈرمە ئىچىنى كۆزىتەتتى، يەنە تۆت ئەسكەر
راۋاقلار ئارىسىدىكى تامدا توختىماي مېڭىپ تۇراتتى. گومىنداڭ
دەۋرىگە كەلگەندە گەرچە قاراۋۇللارنىڭ سانى كېمەيمىگەن بولسى-
مۇ، ئىنتىزام سەل بوشىدى، يەنى ئارىلىقتا مېڭىپ يۈرىدىغانلار
كېچىسى بەزىدە راۋاققا بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى ھەمراھى بىلەن
ئەپقاچتى گەپلەر ئۈستىدە پاراڭ سېلىشاتتى ياكى بولمىسا نۆۋەت
بىلەن ئۇخلىشاتتى. ئۇ چاغدا ئېلېكتر چىراغ بولمىغاچقا، كېچە-
لىرى تۈرمە رايونى گۆردەك قاراڭغۇلۇققا چۆكەتتى. گۇندىپايلار
كېچىسى ناگان - ناگاندا بىر تەكشۈرۈپ قويمىسا، كۆپىنچە
ئىشخانىلىرىدا ئۇخلىشاتتى. شۇڭا مەھبۇسلارنىڭ قېچىپ كې-
تىشلىرى پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئەتىسى ئەمەلدار ۋە
گۇندىپايلار كۆرۈنۈشتە پاتىپاراق بولۇشۇپ، تەرەپ - تەرەپكە
ساقچىلارنى چىقىراتتى، لېكىن قاچقۇنلارنى كۆپىنچە تۇتالمايت-
تى. بەزى مەھبۇسلار ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارقىلىق گۇندىپايلار
ۋە قاراۋۇللارغا بۇرۇنلا پارا بېرىپ، قېچىش ۋاقتىدا ئۇلارنى
«كۆرمەسكە سالىدىغان» ھالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى. ھەتتا مەھ-
بۇسلار خۇددى ئابدۇكېرىمگە ئوخشاش «خاتا تۇتۇلغان» قىلى-

نىپ، كۆپكۆندۈزى چوڭ دەرۋازىدىنلا قول سېلىپ چىقىپ كېتە-
لەيتتى.
لېكىن سوراقمۇ، قىيىن - قىستاقمۇ قاتتىق ئېلىپ بېرى-
لاتتى. بولۇپمۇ يېڭى تۇتۇلغان مەھبۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر-
نەچچە كۈنگىچە ئۇزمەي سوراق قىلىنىپ، قىيىن - قىستاققا
ئېلىناتتى. بۇ ئىشنىڭ يېپ ئۇچىنى تېپىش، دەسلەپكى ماتېرى-
ياللارغا ئېرىشىشتىن تاشقىرى، يەنە ھەيۋە كۆرسىتىپ، كۆپرەك
پارىغا ئېرىشىشتەك مەخپىي سەۋەبىمۇ بار ئىدى. شۇڭا يېڭى
تۇتۇلغان مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن
ئۇنجى قېتىم خەۋەر تاپقاندىلا قېرىندىشىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش،
ھېچبولمىغاندا يەنە قىيىن - قىستاققا قالدۇرماسلىق ئۇچۇن
بارى - يوقىنى چىقىرىپ پارا تەييارلايتتى.
بۇ قېتىم يېرىم كېچىدە كامېرغا چالا ئۆلۈك پېتى ئەكىرىپ
تاشلانغان مەھبۇس ئېزىز ئىدى. ئۇ قاغىلىقتا يېزىدىن قايتىپ
ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىگە بارغانىدى. ئۇ يەردىكى باشلىقلار ۋە
ساقچىلار شۇئان ھەيران بولۇشۇپ، كېيىن ئۇنى ئۆزلىرىچە
«ئەخمەق» قە چىقىرىشتى - دە، دەرھال قولىغا كويزا، پۇتىغا
كىشەن سالدى.
— مانا مەن ئۆزۈم كەلدىم، ئەمدى سىلەرمۇ ۋەدەڭلەردە
تۇرۇپ، ئابابەكرى ئۇستام بىلەن خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىڭلار! —
دېدى ئېزىز.
خوتەندىن بارغان ئاچچىقى يامان ساقچى باشلىقى ئېزىزنىڭ
يۈزىگە ئىككى شاپىلاق سالدى. قاغىلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ
ئەمەلدارلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى.
— جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان تورۇقلۇقمۇ، يەنە خو-
تۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىنى بۇ قاراقچىنىڭ، — دېدى گازىر
كۆز، ياپما قاپاق بىرى، — ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتتە
كۆرۈشىسەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېزىزنى كامېرغا ھەيدەپ مېڭىشۇدى، لېكىن ئۇ:

— ھېچبولمىغاندا، ئابابەكرى ئۇستامنى بولسىمۇ قويۇۋېتىڭلار! — دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئېرىشكىنى تاياق، مۇشت ۋە تېپىك بولدى، ئاندىن بەش ـ ئالتە ساقچى ئولىشىپ يىقىتىپ، پۇت ـ قوللىرىدىن سۆرەپ ئاپىرىپ كامېرغا سولاشتى. ئېزىز يەنىلا ئىشىكنى مۇشتلاپ ـ تېپىپ:

— نامەردلەر، يالغانچىلار! — دەپ تىللىغىلى تۇردى.

گۇندىپايلار ئاخىر ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئاغزىغا لاتا تىقىپ ياتقۇزۇۋېتىپ قويۇشتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇنى قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن پېتى سىرتقا ئاچىقىپ بىر ئاتقا مىندۇردى، يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەزى چارىلەرنى قىلدى. ئاندىن بەش ساقچىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە (ئادالەتنى ئېلىپ ماڭغان ساقچىلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قاغىلىق ساقچى ئىدارىسى ئۈچ ساقچى قوشقانىدى) خوتەنگە ئەكېلىندى.

ئېزىز كەلگەن ھامانلا سوراققا تارتىلدى. سوراقنى تالىپ بەگنىڭ ئۆزى قىلدى. بۇ ئىش غەيرىي رەسمىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدا كازىم بەگمۇ ھومىيىپ ئولتۇراتتى. ئېزىز ئۇنى كۆرۈپلا ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتكە تەييارلىق قىلىپ قويدى. بەزى رەسمىيەت خاراكتېرلىك سوئاللاردىن كېيىن رەسمىي سوراق باشلاندى. تالىپ بەگ ئادالەتنى ئېلىپ قېچىش ئىشى توغرىسىدا بىر ـ ئىككى سوئال بىلەنلا چەكلىنىپ، ئاساسەن ئېزىزنىڭ قۇدرەت ۋە تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بەكرەك قىزىقتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان ئالاقىسى توغرۇلۇقمۇ سوئاللار قويۇلدى.

ئېزىز سوئاللارغا قىسقا، ئەمما ئېنىق جاۋاب بېرىپ تۇردى:

— قۇدرەت بىلەن بۇرۇن بىر قېتىملىق چېلىشىش سورۇنىدا تونۇشقان، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتە باردى ـ كەلدى قىلمى-

دىم، پەقەت ئادالەتنى كېيىنكى قېتىم ئەكىتىش ۋاقتىدا ئامال-سىز ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. يەنە ئايرىلىپ كەتتۇق، شۇنىڭدىن بۇيان كۆرمىدىم.

— تاشقورغاندىكىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق.

— بۇ يۇرتتا باشقا ھېچقانداق شېرىكىم يوق.

— ئابدۇكېرىم بەگزادە مەنسۇر بېگىمنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغاچقا، ئۇنى شۇ ئۆيدە بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن، ئەمما باشقا ئىشلىرىنى بىلمەيمەن.

......

سوئال - جاۋاب جەريانىدا كازىم بەگ تاقەتسىزلىنىپ دەم ئورنىدىن تۇرۇپ، دەم ئولتۇرغان، بەزىدە تالىپ بەگنىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇ پىچىرلىغان، ھەتتا بىر - ئىككى قېتىم ئالدىدىكى ئۈستەلنى مۇشتلاپ:

— ھەي قاراقچى، ھوشۇڭنى يىغىپ جاۋاب بەر، ھېلى بىكار! — دەپ ھەيۋە قىلغانىدى.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تالىپ بەگكە تىرىككەن ھالدا دېدى:

— بېگىم، مۇنداق يۇمشاق قولللۇق قىلساق، بۇ قاراقچى ھېچنېمىگە ئىقرار بولمايدۇ. ئۇنىڭغا نېمىشقا تېتىتىپ قويمايمىز! ؟

— راست ئېيتتىلا، بېگىم، — دېدى تالىپ بەگ ۋە ئېزىزغا قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھېجايدى، — قارىغاندا، چىرايلىقچە جاۋاب بەرگۈڭ يوق ئوخشايدۇ. ئەمما بىزنىڭ ھەرقانداق كاجلار-نىمۇ «ۋاي غوجىكام» دېگۈزەلەيدىغان چارىلىرىمىز بار، قېنى ھازىرلىنىڭلار!

ئىشىك تەرەپتە ھوشيىپ قاراپ تۇرۇشقان تۆت ساقچى يەڭ-لىرىنى شىمايلاپ، ئېزىزنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ تۇرۇشتى. شۇ-نىڭدىن كېيىن بىر ياقتىن سوئال سوراش، يەنە بىر ياقتىن

ئۇرۇپ ـ قىيناش باشلاندى. تالىپ بەگ ھەربىر سوئالغا كۆڭۈل-دىكىدەك جاۋاب ئالالمىغاندا، ساقچىلارغا:
— ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇيتتى.

ئېزىز شۇ ھامان مۇشت، شاپىلاق ۋە تېپىك يامغۇرى ئاستى-دا قالاتتى. بەزىدە ھەتتا تالىپ بەگ بىلەن كازىم بەگمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئۇراتتى، تېپەتتى. ئېزىز بىرنەچچە قېتىم مۇشت ياندۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئامال قىلالمىدى. چۈنكى، قو-لىغا كويزا، پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىنغانىدى. ئۇ ئەمدى ھېچ-قانداق جاۋاب بەرمەسلىك بىلەنلا تاقابىل تۇرۇش يولىنى تاللىۋال-دى.

— بۇ قاراقچىغا ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار، ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قىيناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى كازىم بەگ يەنە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

تالىپ بەگمۇ مۇنداق پايدىسىز سوئال سوراش ۋە ئۇرۇپ ـ تېپىشتىن زېرىككەن بولسا كېرەك:

— قېنى، مەن ئۇنىڭ تېنىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، ياتقۇزۇپ كالتەككە بېسىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ساقچىلار ئېزىزنى دۈم ياتقۇزۇپ، ئىككىسى باش ـ ئايىغى-دىن بېسىپ تۇردى، باشقا ئىككىسى قوللىرىغا بىردىن كالتەك ئېلىپ نۆۋەت بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئېزىزنىڭ كىيىملىرى يىرتىلدى، غولى، بېلى، يانپاش ۋە يوتىسى قانغا بويالدى، لېكىن ئۇنىڭدىن «غىڭ» قىلغان سادامۇ چىقمىدى. ئۇ، ئاخىر ھوشىدىن كەتتى. ساقچىلار بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان ئىككى چېلەك مۇزدەك سۇنى ئۇستىدىن قۇيۇپ ئېزىزنى يەنە ھوشىغا كەلتۈردى، بەزى سوئاللارنى سوراپ قويۇپ يەنە ئۇرۇشتى. بۇ ئىش ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇستىدىن تۆت چې-لەك سۇ قۇيغاندىمۇ ئېزىز ھوشىغا كەلمىدى. كازىم بەگنىڭ راستتىن ئۇنى مۇشۇ قېتىملا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى بار ئىدى.

لېكىن تالىپ بەگ ئۇنىمىدى:
— بېگىم، بۇ قاراقچىنىڭ دېلو ئىشىدىن ۋاڭ جۇيجاڭمۇ، هاكىملارمۇ خەۋەردار. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى شېرىكلىرىنى تاپالمىساق، جاۋاب بەرمەك قىيىن، — دېدى ئۇ كازىم بەگنىڭ غەزىپىگە هاي بېرىپ، — يەنە كېلىپ، ئۇ بۇگۈنلا ئۆلۈپ كەتسە، بەكمۇ ئەرزان كېتىدۇ. بۇ قاراقچى گۇندىخانىنىڭ تەمىنى كۆرەك تېتىپ باقسۇن. ئۆلتۈرۈش هەرگىز قېچىپ كەتمەيدۇ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئىت ئۆلۈمىدە جان بېرىدۇ ئۇ.
تالىپ بەگ كىشىلەرنى قىيناش بىلەن هۇزۇرلانسا، كازىم بەگ رەقىبىنى بىر زەربە بىلەنلا كۆزدىن يوقىتىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇ قېتىم تالىپ بەگنىڭ خاهىشىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.
شۇنداق قىلىپ، ئېزىز يېرىم كېچىگە يېقىن هوشسىز هالەتتە هېلىقى كامېرغا ئەكېلىپ تاشلاندى. ئەهۋالى ناهايىتى ئېغىر بولغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ، كويزا بىلەن كىشەننى ئېلىۋەتكەنىدى.
ئەتىسى سۇبهى كۆتۈرۈلۈپ كامېر ئىچى خىرە - شىرە يورۇغاندا، كونا مەهبۇسلار ئىچىدىكى ياشراقى بىردىنلا ئېزىزنى تونۇپ، ئىختىيارسىز ئۈنلۈك سۆزلىۋەتتى:
— هوي، بۇ قوشتۇگمەنلىك ئېزىز پالۋانغۇ! ؟
— نېمە، سىز بۇ يىگىتنى تونۇمسىز، ئۇكام؟ — ئەمەتئاخۇن هەم قىزىقىپ، هەم هەيران بولۇپ سورىدى.
— قىشتىكى بىر چېلىشىش سورۇنىدا بىر قېتىم كۆرگەن، شۇ چاغدا بۇ پالۋان چوڭكۆللۈك مەنسۇر بەگنىڭ چېلىشچىسى غاپپار قاۋاندىن مىڭنىڭ ئۈچۈمنى ئېلىپ بەرگەن.
بۇ مەهبۇس — چېلىشچى سابىر ئىدى. ئۇ هەمراهىغا ئاشۇ قېتىمقى چېلىشىش ئەهۋالىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.
— كېيىن مەنسۇر بەگ بۇ پالۋاننى ئۆزىنىڭ چېلىشچىسى

قىلىۋاپتىكەن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — مەن گۇندىخانىغا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قۇدرەتلەر بىلەن بىرلىشىپ مەنسۇر بەگنىڭ ئادالەت خېنىم ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغۇدىم، ئاخىر تۇتۇلۇپ قاپتۇ - دە، بىچارە.

— بۇ ئىنىمنى شۇڭا بەك ئۇرۇۋېتىپتىكەن - دە، — ئېچىنغان هالدا خۇرسىنىپ قويدى ئەمەتئاخۇن.

ئېزىز بىردىنلا هوشىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال سەل - پەل مىدىرلىدى، ئاندىن كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى - دە، ئاجىز ئاۋازدا:

— سۇ... سۇ، — دېدى.

كامېردا نەدە سۇ بولسۇن؟ سابىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىگە باردى - دە، ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن بىر گۇندىپاي ئىشىككە يېقىنلىشىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە بولدى؟ ئىشىكنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— كېچە ئەكېلىنگەن گۇناهكار هوشىغا كەلدى، بەك چاڭقاپ كېتىپتۇ، سۇ ئەكېلىپ بېرىڭلار! — دېدى سابىر ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ۋاي سولتەك، ئالدىراپ كەتكىنىنى ئۇنىڭ، — دېدى گۇندىپاي مەسخىرە قىلىپ، — ئەتىگەنلىك غىزا ۋاقتىغىچە چىداپ تۇرسۇن، بولمىسا سۈيدۈكۈڭنى ئىچۈر!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا مېڭىۋىدى، سابىر ئىشىكنى يەنە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— هەي، ئادەممۇ سىلەر، سۇ بېرىڭلار!

گۇندىپاي يەنە ئارقىسىغا قايتتى:

— نېمە قالايمىقان قىلىسەن؟ هېلى باكا...

— غىزا ۋاقتىغىچە نېكەم بار، ئاڭغىچە قانداق چىدايدۇ ئۇ؟

— چىدىمىسا ئۆلسۇن!

— ھەي، مۇسۇلمانمۇ سەن؟ نېمانچە باغرى تاشلىق قىلىد-
سەن! ؟ سۇ ئىچمىسە ئۆلۈپ كېتىدۇ بۇ بىچارە.
گۈندىپاي يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. شۇ پەيت
ئوتتۇرا تامدىكى ئىشىكتىن يەنە بىر گۈندىپاي كىرىپ شېرىكىدىن
سورىدى:
— نېمە ۋەقە بولدى؟
شېرىكى بولغان ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئىشىكتىن
كىرگەن بۇ گۈندىپاي نۆۋەتچىلەر باشلىقى بولۇپ، كېچىدىكى
سوراقنىڭ ئاخىرىدا سوراقخانىغا كىرىپ ئېزىزنى كۆرگەنىدى.
— ئۇنىڭغا سۇ ئەكىرىپ بەر! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ.
گۈندىپاي ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە نەدىندۇر پۇ-
چۇق ھېجىردا سۇ ئەكېلىپ كامېرغا كىرگۈزۈپ بەردى. سابىر
ھېجىرنى ئېزىزنىڭ لېۋىگە تۇتۇپ سۇنى ئىچۈردى. ئېزىز سۇنى
قويماي ئىچىپ بولدى. سابىر قولى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى
سۈرتۈپ تۇرۇپ:
— پالۋان، يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.
ئېزىز زورىغا كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، بېشىنى
بىلىنەر - بىلىنمەس چايقىدى، ئاندىن ئىككىيلەنگە دىققەت بىلەن
قاراپ سابىرنى تونۇدى:
— پالۋان، بۇ سىزمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ.
سابىر سۈس تەبەسسۇم بىلەن گويا «مانا يەنە ئۇچراشتۇق»
دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.
بىردەمدىن كېيىن سابىر بىلەن ئەمەتئاخۇن ئۆزلىرىنىڭ
زاپاس كىيىملىرىنى ئېلىپ ئېزىزنى كىيىندۈردى. ئاندىن ئۇ-
نىڭغا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جاي راسلاشتى.
سابىرنىڭ ئىككى يوتقىنى، ئەمەتئاخۇننىڭ ئىككى كۆرپىسى
بار ئىكەن، بىرى يوتقان، بىرى كۆرپە چىقاردى.
— مەن بېشىمغا جۇۋامنى قاتلاپ قويىمەن، — دېدى ئەمەت-

ئاخۇن يەنە تەكيىسىنى ئېزىزنىڭ بېشىغا قويۇپ.

— ھەي... مەن سىلەرگە ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم، — دېدى ئېزىز خىجىل بولۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، پالۋان، — دېدى سابىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھازىر ھەممىمىز ئوخشاش تەقدىرگە مۇپتىلا بولغان ئادەملەر، بۇ يەردە بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ چارى بولۇپ كېتىمىز تېخى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قانداق سەۋەب بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقلىرى ھەققىدە بىر - بىرىگە سۆزلەپ بېرىشتى.

سابىر كۈزدە غەللە - پاراق تاپشۇرىدىغان چاغدا ناھەقچىلىككە ئۇچراپ تۈرمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا غەللە - پاراق يىغقۇچى ئۇنىڭ ئاشلىقىنى قەستەن كەم ئۆلچىگەنىكەن، سابىر باشقىدىن ئۆلچەشنى تەلەپ قىپتۇ. غەللىچى ئۇنىماپتۇ، نەتىجىدە ئىككىسى تاكاللىشىپ قاپتۇ. غەللىچى سابىرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، بىر مۇشت ئۇرۇپتۇ. سابىر ناھەقچىلىككە چىدىمايدىغان يىگىت بولغاچقا، ئاچچىقىغا پايلىماي «ئۇرۇش دېگەننى مەندىن كۆر!» دەپلا ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئاتقانىكەن، ئۇ تىك موللاق چۈشۈپتۇ. نەتىجىدە سابىر «غەللە - پاراق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۇرغان» دېگەن ئەيىب بىلەن قولغا ئېلىنىپتۇ.

— «زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگىنى شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى سابىر گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — خەير، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ماڭىمۇ بىر نۆۋەتى كېلەر. شۇ چاغدا ئاشۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن بۇلاق ئاچماي قويمايمەن.

ئەمەتئاخۇن شەھەردە باققالچىلىق قىلىدىكەن. بىر كۈنى بەش نەپەر ئەسكەر مەست پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوغۇن - تاۋۇز يېمەكچى بوپتۇ. ئەمما يا سودىلاشماي، يا پىچاق بىلەن تىلماي، ئۇدۇل كەلگىنىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، يارىمىسا يەرگە

ئېتىپتۇ، بىردەمدىلا ئون نەچچە قوغۇن ـ تاۋۇزنى نابۇت قىپتۇ. ئەمەتئاخۇن قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «قانچە يېيىشسىلىمۇ مەيلى، لېكىن بۇزۇپ ـ چېچىشمىسىلا» دەپتىكەن، ئەسكەرلەر شۇ هامان ئەلـپازىنى بۇزۇپ، باشقا قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىمۇ دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئېتىپ چىقىپ زىيان سالغاننىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇنى «قىزىلپاچاقلارنى ماختاپ، دۆلەت ئارمىيىسىنى هاقارەتلىدى» دېگەن تۆهمەت بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ياللاپ ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

— هەي... بۇ هۆكۈمەت زالىملىقتا ما خۇسەن بىلەن شېڭ دۇبەندىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. چېرىكلىرى بۇلاڭچىنىڭ نەق ئۆزى. مۇنداق هۆكۈمەت خۇدانىڭ قارغىشىغا يولۇقماي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

نۆۋەت ئېزىزغا كەلگەندە كامېرنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئەتىگەنلىك تاماق كىرگۈزۈلدى. تاماق — قېتىپ، كۆكىرىپ كەتكەن، ئالىقانچىلىك كېلىدىغان بىردىن زاغرا، بىر هېجىردىن سوغۇق سۇ ئىدى. سابىر بىلەن ئەمەتئاخۇننىڭ ئۆيلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن زاپاس يېمەكلىكلىرى بار ئىكەن، ئۇلار ياغلىق توقاچ، قەنت ـ ناۋات، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى.

تاماقتىن كېيىن ئېزىز ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— هەي... ساقچىلارغا ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بېرىپ ئوبدان قىلماپسىز، ئىنىم، — دېدى ئەمەتئاخۇن ئەپسۇسلىنىپ، — بىرنەچچە زامان يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىڭىز ياكى باشقا جايغا كەتسىڭىز بوپتىكەن.

— ياق... ئەمەت ئاكا، ئېزىز پالۋاننىڭ قىلغىنى دۇرۇس، مەرد ئادەم ئۆزىنى دەپ هەرگىز باشقىلارنى ئۇۋالچىلىققا قويمايدۇ، — دېدى سابىر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ.

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، ئىنىم، لېكىن ئۇ جاللاتلارنىڭ بۇ ئىنىمىزنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ! ؟ كازىم بەگ دېگەن لۈكچەك بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پەيلىدىن يانمايدۇ، تېخى.

— ھەي… يەنە شۇ كازىم بەگ، — دېدى سابىر غەزەپلەنگەن ھالدا، — بۇ مۇناپىق يەنە قانچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقار. ئابدۇكېرىم ئەپەندىمنىمۇ…

— قايسى ئابدۇكېرىم ئەپەندىمنى دەيسىز؟ — ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئېزىز.

— ئۇ كىشىنى سىزمۇ ئوبدان تونۇيسىز، ھەقىچان. ئاشۇ مەنسۇر بەگنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم ئەپەندى. ئۇنىمۇ ئاشۇ كازىم بەگ دېگەن توڭگۇز تۇتۇپ بېرىپتىكەن.

— نېمە، ئۇمۇ گۇندىخانىغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— مەن سولانغاندا مۇشۇ ئۆيدە ئەمەت ئاكام بىلەن شۇ ئەپەندىم بار ئىكەن…

— ئۇ كىشى مەندىن ئىككى كۈن بۇرۇن سولىنىپتىكەن، — گەپنى ئۇزۇپ سۆز قىستۇردى ئەمەتئاخۇن.

— بەك ياخشى ئادەم ئىكەن ئۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى سابىر، — ياش بولسىمۇ جاھاندىكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋىرى بار ئىكەن، نۇرغۇن ئىشلاردا كۆزۈمنى ئېچىپ قويغانىدى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىمۇ؟ — كۆڭلى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئالدىراپ سورىدى ئېزىز.

— بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئىككى گۇندىپاي ئۇنى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يۆدگۈزۈپ ئاچىقىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن بۇيان قايتىپ كىرمىدى. ئۇنى باشقا ئۆيلەرگە سولاپ قويدىمىكىن، دەپ قانچە تىڭ تىڭلاپ باقتۇق. لېكىن بۇ گۇندىخانىدا

بارلىقى مەلۇم بولمىدى. جاللاتلار ئۇ ئەپەندىمنىڭ بېشىغا چىقتى-مىكىن دەپ ئويلاپ قالدۇق.

سابىر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈچىلىسى بىرپەس جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى. شۇ تاپتا ئېزىزنى ئابدۇكېرىمگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئەنسىرەش تۇيغۇسى چۇلغىۋالغانىدى. «خەپ، كازىم بەگ، — بىرھازادىن كېيىن گويا قەسەم بەرگەندەك كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە دېدى ئۇ، — مۇبادا مۇشۇ دوزاختىن تىرىك كېتەلىسەم، سەن دۆيۈزدىن ئابدۇكېرىم ئەپەندىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن...»

تۈرمىدىكى ھاياتنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك ئۆتىدىغانلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر بىلىدۇ. شۇڭا مەھبۇسلار ئۇيقۇدىن باشقا ۋاقىتلىرىنى پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كامېردىكى ھاياتمۇ شۇنداق ئىدى. بۈرۈن ئابدۇكېرىم، سابىر ۋە ئەمەتئاخۇنلار كۈن بويى سۆزلىشىپ چىقىدىغان. ئابدۇكېرىم ئۇلارغا جاھاندىكى نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا، بولۇپمۇ رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى.

— مۇنداق ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، — دەيتتى ئۇ بەزىدە ھاياجانلىنىپ، — يېزىلادىكى دېھقانلار، شەھەرلەردىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئاددىي خىزمەتچىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، قولىمىزغا قورال ئېلىپ ھازىرقى ئادالەتسىز تۈزۈمنى، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان چىرىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز، كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادىل ھاكىمىيەتنى ئورنىتىشىمىز كېرەك.

سابىر بىلەن ئەمەتئاخۇن باش لىڭشىتىپ ياكى ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنگەنلىرى بويىچە بىرنەچچە ئېغىزدىن سۆز قىستۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ماقۇللايتتى. ئابدۇكېرىمنى ئاچىقىپ كېتىپ ئىككىي-

لەنلا قالغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇچۇن كامىر ھاياتى بىردىنلا زېرد.
كىشلىك بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى، شۇنداقتىمۇ تولا چاغلاردا
ئابدۇكېرىم سۆزلەپ بەرگەن گەپلەردىن ئېسىدە قالغانلىرىنى
ياكى بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى بىر - بىرىگە
ئېيتىشىپ ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرۇشقانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار يەنە
ئۇچ كىشى بولدى. سابىر بىلەن ئەمەتئاخۇننىڭ نەزىرىدە، ئېزىز
ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە گەرچە ئابدۇكېرىم ئەپەندىنىڭ ئورند.
نى باسالمىسىمۇ، لېكىن ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، باتۇر يىگىت
ئىكەن، باي - بەگلەرنىڭ، زوراۋانلارنىڭ چىشىغا تېگىشتىن
قورقمايدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنسە، ئابدۇكېرىم ئېيد.
تىپ بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشسا بولغۇ.
دەك.

ئابدۇكېرىمنى ياد ئېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ كۈنى ئۇلار
ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇزاققىچە سۆزلىشتى.

— مەنمۇ ئەسلىدە يېزىلىق نامرات دېھقاننىڭ يالغۇز ئوغلى
ئىدىم، — دېدى ئەمەتئاخۇن چوڭقۇر خورسىنىپ، — قولىمىز.
نىڭ قىسقىلىقىدىن ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق
بولالمىدىم. كېيىن ما خۇسەن دېگەن جاللات ئەسكەرلىككە تۇتۇ.
ۋالدى. ياشانغان دادام بىلەن كېسەلچان ئانام بۇ دەردكە چىدىماي
ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئىككى مو يېرىمىز بار ئىدى.
باشقا تۇغقانلار ئۇنى سېتىپ، ئاتا - ئانامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىغا
سەرپ قىپتۇ. ما خۇسەن جاجىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئەسكەر.
لىكتىن بوشىدىم، لېكىن يېزىغا بارغۇم كەلمىدى، ئەسكەرلىكتە
تونۇشقان شەھەرلىك بىر ئاغىنەمنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ، باق.
قالچىلىق قىلدىم. لېكىن ھەرقانچە قىلساممۇ چاپىنىم تىزىمدىن
ئاشمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مانا ناھەقتىن - ناھەق گۇندىخانىغا
چۈشۈپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، ئابدۇكېرىم ئەپەندىمنىڭ دېگەند.
لىرى توغرا ئىكەن. شۇ تاپتا مېنىڭمۇ قولۇمغا مىلتىق ئېلىپ

ئاشۇ زالىملارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېتىۋەتكۈم بار.

— پىچاق سۆڭەككە يەتتى، — دېدى سابىر غەزەپلەنگەن هالدا، — ئەمدى مۇنداق ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ دوزاختىن تىرىك چىقىپ كېتەلىسەملا، ئۇدۇل تاشقورغان تەرەپكە بارىمەن، شۇ يەردىكى غازاتچىلارغا قوشۇلۇپ زالىملارغا قارشى جەڭ قىلىمەن، شۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى.

ئېزىزنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا كۆپ سۆزلىمىدى، ئەمما بىر ياقتىن ھەمراھلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ، يەنە بىر ياقتىن چوڭقۇر خىيال سۈردى: دېمىسىمۇ، ھازىر ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم - ئوقۇبەت كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. كازىم بەگ، مەنسۇر بەگكە ئوخشاش كىشىلەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئەيش - ئىشرەتتە ياشاۋاتىدۇ. ئەمما يۈزلىگەن، مىڭلىغان نامرات دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بولسا قىش - ياز، هاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويماي، كىيىمى پۈتۈن بولماي ئازاب چېكىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز ھالىدىن ئازراقلا قاقشىسا ياكى بەگ - بايلارغا، ئەسكەر، ساقچىلارغا بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ قويسا شۇ ھامان ئۇرۇپ - دۇمبالىنىدۇ، ھەتتا تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. كازىم بەگ دېگەن لۈكچەك نەچچە خوتۇن ئالغىنىغا، ھەر كۈنى بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقىنىغا قانائەت قىلماي، يەنە يۇرت ئىچىدە كىمنىڭ بىرەر چىرايلىق قىزى ياكى خوتۇنى بولسا، شۇنىڭغا كۆزىنى تىكىپ، ئۇنى تارتىۋېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ. پۇقرالار ئۇنىڭدىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. مانا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق بولدىغۇ. ئۇلار قاغىلىقتا بولسىمۇ تىنچ، ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرمەكچىدى. ئۇ يەردىمۇ ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەن، بەلكى قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلغان. لېكىن كازىم بەگلەر ئۇلارغا يەنىلا ئارام بەرمىدى، ساقچى ئەۋەتىپ تۇتۇپ گۇندىخانىغا تاشلىدى، ئۇردى، قىينىدى. بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك! ياق، سابىر ئېيتقاندەك، پىچاق سۆڭەككە

يەتتى، ئەمدى يەنە تاقەت قىلىشقا بولمايدۇ. پىچاقنىڭ سۆڭەكنى تېشىپ ئۆتۈپ يۈرەككە قادىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇنى قاتىل-نىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سېلىش كېرەك...

ئېزىز قاغىلىقتىن كەلگۈچە بىر ساقچىدىن ئادالەتنىڭ ئىك-كى كۈن بۇرۇن خوتەنگە ئەكېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندى. گەرچە ئۇ ساقچى ئۇنىڭ قەيەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېي-تىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئېزىز كۆڭلىدە: «بەلكىم ئۇنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندۇ؟» دەپ ئۆزى-نى ياخشى تەرەپتىن ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغاندى. شۇنداقتىمۇ ئادالەت توغرىسىدىكى تەشۋىشلىك خىياللار ئۇنى پات ـ پات بىئا-رام قىلىپ تۇراتتى. هازىرمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە شۇ ھەقتىكى ئويلار كېلىپ قوشۇلدى. «بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كېتەلىسەم-لا، ئاۋۋال ئادالەت بىلەن ئۇچرىشىمەن. بۇ قېتىمقى ئىشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن بەلكىم ئۇمۇ ئەمدى تاشقورغان تەرەپكە كېتىشىمىزگە قارشىلىق قىلماس. لېكىن ئۇ هازىر ئىك-كىنقات، ئۇزۇن يولغا، جەڭ ـ جېدەللىك تۇرمۇشقا چىداشلىق بېرەلەرمىكىن؟ يەنە ئۇنىماي تۇرۇۋالسىچۇ؟ بىرنەچچە زامان بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ ياشاشقا ئىككىلىمىز چىدىيالارمىز-مۇ؟ ئىلاج قانچە؟ ئابدۇكېرىم ئەپەندىم ئېيتقاندەك، بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارماس، غازاتچىلار بىلەن بىللە بۇ يۇرتىمىزغىمۇ بېسىپ كېلەرمىز، كازىم بەگكە ئوخشاش زالىملارنىڭ جاجىسىنى بېرەر-مىز. ئۇ چاغدا ئەركىن ـ ئازادە ياشايمىز...»

## 2

ئېزىزنىڭ يارىسى ئېغىر ئىدى. لېكىن ياش ۋە ساغلام بولغانلىقى، ئەسلىدە كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقى

ئۇچۇن تېزلا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ تۆت - بەش كۈندىن بېرى تەرەتكە ۋە شامالداشقا ئۆزى مېڭىپ چىقىپ يۈرگەن، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىمۇ، ھەمراھلىرىمۇ خۇشال بولۇشقانىدى. بىراق، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك گۈندىپايلار ئۇنىڭ پۇتىغا يەنە كىشەن سېلىپ قويدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ پېشىن ۋاقتى بىلەن كامېرنىڭ ئىشىكى غارتىلداپ ئېچىلدى - دە، بىر گۈندىپاي ئەمەتئاخۇنغا قاراپ قوپاللىق بىلەن دېدى:

— ھەي باققال، لاقا - لۇقىلىرىڭنى تېز يىغىشتۇرۇپ چىق!

ئېزىز بىلەن سابىر ئەمەتئاخۇنغا لەپپىدە قاراشتى. ئۇ ھەيرانلىقتىنمۇ، خۇشاللىقتىنمۇ ياكى قورققانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. چىرايى دەم تاتىرىپ، دەم قىزىراتتى.

— ئۇ قەيەرگە بارىدۇ؟ — سابىر قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى گۈندىپايدىن.

— قەيەرگە باراتتى؟ ئۆيىگە كېتىدۇ! — گۈندىپاي يەنە بايىقىدەكلا قوپال جاۋاب بەردى.

— مېنى غولى قويۇپ بېرەمسىلە؟ — ھەم خۇشاللىق، ھەم خۇدۇكسىرەش ئىلكىدە سورىدى ئەمەتئاخۇن.

گۈندىپاينىڭ چىرايى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ، ئاۋازى تېخىمۇ قوپاللاشتى:

— ھەي باققال، گەپنى سوزماي شاپ - شاپ[①]بولساڭچۇ، بۇ سېسىق زىنداندىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەنيا!

مەھبۇسلارنى ۋىلايەتتىكى باش ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە ياكى باشقا كامېرلارغا يۆتكەش ئىشى پات - پات بولۇپ تۇراتتى، بەزىلەر ئابدۇكېرىمگە ئوخشاش بىر چىقىپ كەتكەنچە ئىز -

---

① شاپ - شاپ — تېز، چاپسان.

دېرەكسىز يوقىلىپ كېتەتتى. شۇڭا ئەمەتئاخۇن بۇ خەۋەرگە بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.
— ساقچى بېگىم، خۇدايىمنىڭ ھەققىدە جىك گەپلىرىنى
قىلىسىلا، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن يالۋۇرغاندەك تەلەپ-
پۇزدا، — مېنى قويۇۋېتىدىغانلىرى راستمۇ؟
— راست، — دېدى گۇندىپايمۇ بۇ قېتىم سەل يۇمشاپ، —
ئاڭلىشىمچە، گۇناھى يېنىك مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش توغرى-
سىدا ئۇرۇمچىدىن گۇڭسى①كەلگەنمىش. بۈگۈن سەن بىلەن
يەنە بەش ئادەم قويۇپ بېرىلىدىغان بوپتۇ.
ئەمدى ھەممەيلەن بۇ گەپكە ئىشەندى. ئەمەتئاخۇن خۇشال-
لىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە دەرھال نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇ-
رۇشقا تۇتۇندى.
— مۇبارەك بولسۇن، ئەمەت ئاكا، — دېدى ئېزىز ئۇنى
تەبرىكلەپ ۋە تېگىگە سېلىپ ياتقان ئۇنىڭ كۆرپىسىنى ئېلىپ
بەرمەكچى بولدى.
— پالۋان ئىنىم، كۆرپە سىزدە قالسۇن، ياق ئۇنداق قىل-
ماڭ، بولمىسا خاپا بولىمەن، — دېدى ئەمەتئاخۇن سەل رەنجى-
گەندەك بولۇپ.
ئېزىز ئامالسىز كۆرپىنى يەنە ئۆز ئورنىدا قويدى، ئەمەتئا-
خۇننىڭ نەرسە - كېرەكلىرى ھەش - پەش دېگۈچە يىغىشتۇرۇ-
لۇپ بولۇندى. تۈرمە ھاياتى بۇ مەھبۇسلارنى خۇددى بىر تۇغقان
قېرىنداشلاردەك يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمەتئاخۇن ئايرىلىشقا
كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئىككى
ھەمراھى بىلەن ئايرىم - ئايرىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.
— خەير، خۇدايىمغا ئامانەت، ئىنىلىرىم، — دېدى ئۇ
ئىشىك تۈۋىدە توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇ-
سا، سىلەرمۇ ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە قۇتۇلۇپ چىقارسىلەر. ئاۋ-

① گۇڭسى — ئۇقتۇرۇش، ھۆججەت، ئالاقە مەنىسىدە.

ۋال ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭلار.
ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئېزىز بىلەن سابىر خۇددى مۇھىم بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويۇشقاندەك غەمكىن بولۇپ قې- لىشتى، خېلىغىچە ھېچكىم زۇۋان سۈرۈشمىدى.
— ئاداش، بىزنىمۇ قويۇپ بېرەرمۇ؟ — ئاخىر جىمجىتلىق- نى بۇزدى سابىر.
— مېنىڭچە، سىزنىمۇ قويۇپ بېرەر، ئاداش، — ئېزىز سۇس كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى، — سىزنىڭ ئىشىڭىزنىمۇ ئانچە ئېغىر دېگىلى بولمايدۇ.
— ھەي تاڭەي... ئاڭلىشىمچە، مەن ئۇرۇشۇپ قالغان ھېلى- قى دۆيۈزنىڭ بىر ئاكىسى ھۆكۈمەتتە خېلى چوڭ ئەمەلدارئىـ مىش، قۇسۇمەت① قىلىپ تۇرۇۋالارمىكىن دەيمەن، — دېدى سابىر بىر خىل غەمكىن تەلەپپۇزدا، ئاندىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بىردىنلا جانلىنىپ ئېزىزدىن سورىدى، — ئاداش، بۇ دوزاختىن قېچىپ كېتىشكە رايىڭىز قانداق؟
بۇ چاغدا ئېزىزنىڭ مېڭىسىنى نېمىشقىدۇ غەمكىن خىياللار چۇلغاشقا باشلىغانىدى، شۇڭا ئىختىيارسىز ھالدا سورىدى:
— قېچىپ كېتىش دەمسىز؟
— شۇنداق، مەن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇ ھەقتە ئويلاشقا باشلى- غان، لېكىن ئەمەت ئاكامغا ئېيتسام، قورقۇپ ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئۇنى بالاغا تىقىپ قويماي دەپ پەيلىمدىن يانغانىدىم. مانا ئەمدى ئىككىمىزلا قالدۇق. مېنىڭچە، بۇ جاللاتلار ئىككىمىزنى قويۇپ بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى ئۆزىمىز قىلىپ قېچىپ كېتەيلى، ئاداش.
ئېزىزمۇ نەچچە كۈننىڭياقى بۇ ھەقتە ئويلىغان، ئەمما باشتا تۇزۇك ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقى، كېيىن پۇتىغا كىشەن سېلىن- غانلىقى ئۈچۈن ھازىرچە ئاغزىدىن چىقارمىغانىدى.

① قۇسۇمەت — ئاداۋەت.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈپ.

— قاراڭ، ئاداش، — سابىر تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئاكام ئون نەچچە يىل بۇرۇن غازاتقا قاتنىشىپ يېڭىسارغىچە بېرىپتىكەن، ئۇ يەردە تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا① بىرنەچچە كىشى تىرىك قولغا چۈشۈپ قېلىپ، گۈندىخانىغا سولىنىپتۇ. ئۇ گۈندىخانىنىڭ تاملىرىمۇ مۇشۇ ئۆينىڭكىدەك لايدىن قوپۇرۇلغانىكەن. ئۇلار كېچىسى بىرەيلەننىڭ مەسلىھەتى بىلەن تامغا سىيىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن ئوڭايلا تۆشۈك ئېچىپ قېچىپ كېتىپتىكەن. بىزمۇ شۇنداق قىلساق بولىدۇ. تۆت - بەش كېچە ھەپىلەشسەك بىزمۇ تۆشۈك ئاچالايمىز. ھەر ئىككىلىمىزلا پالۋان يىگىتلەر، بەش - ئالتە ئەسكەرگە تېتىغۇچىلىكىمىز بار. كېچىسى ھەرىكەتلەنسەك ئۇلارنى ئۇرۇپ - يىقىتىپ چىقىپ كېتەلەيمىز. شۇغىنىسى سىزنىڭ پۇتىڭىزدىكى مۇشۇ كىشەن…، — ئۇ بىردىن قايغۇرغان ھالدا سۆزدىن توختاپ قالدى.

— بۇنىڭمۇ بىر چارىسى تېپىلىپ قالار، — دېدى ئېزىز ئويلانغان ھالدا، — تامنى تېشىش ۋاقتىدا كىشەن كاشىلا قىلمايدۇ، ھويلىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چىقىدىغان چاغدا سىز بولغاندىكىن، بىر ئىش قىلارمىز، تاشقىرىغا چىقىۋېلىپلا تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكىلى بولىدۇ.

ئۇلار شۇنداق قارارغا كېلىپ، بۈگۈن كېچىسىلا ئىشنى باشلىماقچى بولۇشتى. بىراق كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشەر - چۈشمەيلا ئىككى گۈندىپاي كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېزىزنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى.

— ئۇنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ — سورىدى سابىر

---

① بۇ يەردە 1934 - يىلى 3 - ئايدا ئاتالمىش «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ پىدائىيلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭىساردا بولغان ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەنسىرەپ.
— قەيەرگە بولاتتى؟ سوراقىا چىقىدۇ، — گۇندىپايلارنىڭ بىرى توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردى.
سابىرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. «ئەستا، بۇ ئىش-نىڭ دەل كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان؟ ئۇنى يەنە ئۇرۇپ - قىينار-مۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، ئەمما يەنىلا ئېزىزغا مەدەت بەرگەندەك ئۇنلۇك ئاۋازدا:
— پالۋان، تەمكىن بولۇڭ، — دېدى.
ئارىدىن ئىككى - ئۈچ سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندە گۇندىپايلار ئېزىزنى كامېرغا قايتۇرۇپ كەلدى - دە، پەگاھقىلا تاشلاپ قويۇپ، چىقىپ كېتىشتى. ئۇ بۇ قېتىممۇ هوشىدىن كەتكەن، كىيىملىرى چىلىق - چىلىق هۆل ئىدى، بىراق پۇتىدا كىشەن كۆرۈنمەيتتى. سابىر ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئورنىغا ئەكىلىپ ياتقۇزدى، هۆل كىيىملەرنى سالدۇرۇۋېتىپ، قۇرۇق كىيىملەر-نى كىيدۇردى. ئۇ كۆڭلەكنىڭ يېڭىنى كىيدۈرۈۋاتقاندا قولىغا بىردىنلا شىلىمشىق بىرنەرسە ئۇرۇلدى.
— قان؟ — دەۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىز هالدا.
ئېزىزنىڭ ئىككى ئالقىنى ۋە سول قولىنىڭ بارماقلىرى راستىنىلا قان ئىدى.
— دۆيۈزلەر تىرناق ئاستىغا مىخ قاققان ئوخشايدۇ، — دېدى سابىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاندىن قاتتىق ئىچ ئاغ-رىتقان هالدا مۇنۇ سۆزلەرنى ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرار-لىدى، — پالۋان دوستۇم، ئاغىنەم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا؟
ئېزىز سۇس نەپەس ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، سادا قايتۇرمىدى، كۆزىنىمۇ ئاچمىدى. سابىر ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى قانلارنى سۈرت-كەچ، كۆڭلىدە جاهالەتلىك زامانغا، زالىم ئەمەلدار - بەگلەرگە لەنەت - نەپرەت ئوقۇپ چىقتى. ئالاهەزەل يېرىم كېچىدىن ئۆت-كەندە سىرتتا سۇس شىپىرلىغان قەدەم تاۋۇشى، ئارقىدىنلا ئى-

شىكىتە تىرىق - تىرىق قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سابىر قۇلىقىنى دىڭ قىلدى.

— سابىر.

بۇ چاقىرىش شۇنچىلىك پەس ئاۋازدا بولسىمۇ، سابىر ئۇنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك يېنىغا باردى.

— كىم؟— سورىدى ئۇمۇ پىچىرلاپ.

شۇ ھامان ئىشىكتىكى كۆزنەش تۆشۈكىدىن كىچىككىنە شىشە ۋە قانداقتۇر لاتا كىرگۈزۈلدى.

— بۇ ھاراق بىلەن لاتا، — سىرتتىن پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، — پالۋاننىڭ يارىسىنى سۈرتۈپ، تېڭىپ قويۇڭ.

سابىر ئۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئالدى. نامەلۇم ئادەم گېپىنى تۈگىتىپلا شەپە چىقارماستىن كېتىپ قالدى. تۈرمە ئىچى يەنە گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. «بۇنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشى ئادەملەر بار ئىكەن، — دەپ تەسىرلەنگەن ھالدا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى سابىر، — ئۇ ئېزىزنىمۇ، مېنىمۇ ئوبدان تونۇيدىغان كىشى ئوخشايدۇ. كىمدۇ ئۇ؟ ئۇمۇ گۇندىپايمىدۇ؟ مەيلى، كىملا بولمىسۇن دوستىمىز ئىكەن...»

كامېر ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈككەچكە، سابىر ئېزىزنىڭ ئالىقان ۋە بارمىقىنى ھاراق بىلەن سۈرتۈپ، لاتا بىلەن تېڭىپ قويدى.

ئېزىز بۇ قېتىم چۈشكە يېقىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئاۋۋال بوش ئىڭراپ، سەل قىمىرلىدى، ئاندىن كۆزلىرىنى لىپ - لىپ قىلىپ ئېچىپ، يەنە ئۆتكەنكىدەك سۇ سورىدى. ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن ئەكىرىپ بېرىلگەن نەرسىلەر شۇ پېتى تۇرغانىدى. سابىر ھېجىردىن بىرنى ئەكېلىپ ئېزىزنىڭ لېۋىگە تۇتتى.

— مەن تىرىكمۇ؟— ئېزىز سۇنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن گويا ئىشەنمىگەندەك سورىدى.

— تىرىك، تىرىك! — ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلىدى سا-
بىر.
بىردەمدىن كېيىن ئېزىز بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.
بۇ قېتىممۇ ئۇنى تالىپ بەگ سوراق قىپتۇ، يېنىدا يەنىلا
كازىم بەگ بار ئىكەن. بىراق بۇ قېتىم «شېرىكلىرىڭنى ئېيتامـ
سەن، يوق؟» دېگەن بىرلا سوئال قايتا ـ قايتا سورالغاندىن
تاشقىرى ئاساسەن ئۇرۇپ ـ قىيناپتۇ. ئۈچ قىرلىق تاياق بىلەن
ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپتۇ، قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ ئېسىپتۇ، ئايـ
غىدىن باغلاپ تەتۈر ئېسىپتۇ، پۇتىغا خىش قويۇپ گاڭزىغا بې-
سىپتۇ، ئاخىرىدا تىرناق ئاستىغا مىخ قېقىپتۇ. ئېزىز گاڭزىغا
بېسىلغاندا هوشىدىن كېتىپتىكەن، سۇ قۇيۇپ هوشىغا كەلتۈرۈپـ
تۇ. تىرناققا مىخ قاققاندا كازىم بەگ گۇندىپاينىڭ قولىدىن
بولقىنى ئېلىپ، مىخنى ئۆزى قېقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئېزىز
زادى چىدىيالماي بىر قېتىم: «ۋاي!» دەپ تاشلاپتىكەن، كازىم
بەگ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئېزىز يەنە هوشىدىن كېتىپتۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيدىـ
كەن.
— جاللاتلار، غالجىر ئىتلار! — دېدى سابىر قەهر ـ غەزەپ
بىلەن، — خەپ، بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ تۇغۇلار.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېچىدىكى نامەلۇم هېسداشلىق قىلغۇ-
چى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.
— كىمدۇ ئۇ؟ — دېدى ئېزىزمۇ هەيران بولۇپ ۋە قانچە
باش قاتۇرسىمۇ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىدى.
گاڭزىغا بېسىلغاندا ئېزىزنىڭ پۇتىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەرمۇ
زەخىملەنگەنىدى. شۇڭا ئۇ ماڭالمايتتى. سابىر بىرنەچچە كۈنگىـ
چە ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىشىغا، تاماق يېيىشىگە
ياردەملەشتى، تەرەتلەرنى ئۆزى تۆكتى. بۇ ئىشلار ئېزىزنى بار-
مىقىغا مىخ قاققاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىدى.

— ئاداش، ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن، — دەيتتى ئۇ ھەممىشە شۇنداق چاغلاردا، — سىز ماڭا بىر تۇغقان قېرىنداشىمدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈۋاتىسىز...

— ھەي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئاداش، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلەتتى سابىر، — ئىككىمىز قىيامەتلىك دوست - ئاغىنىلەر. ھەقىقىي دوستلار بىر تۇغقاندىنمۇ يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاللاتلار قاچان خالىسا، شۇ چاغدا مېنىمۇ مۇشۇنداق قىيناۋېرىدۇ. ئۇ چاغدا سىزمۇ ماڭا ياردەملىشىسىزيا.

ئۇلارنىڭ قېچىش پىلانى كېچىكتۈرۈلگەنىدى.

— ئاداش، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، — دېگەنىدى ئېزىز قىيىن - قىستاقتىن قايتقان كۈنى كەچتە، — سىز ماڭا قارىماي بۇ دوزاختىن دەرھال قېچىپ كېتىڭ.

بىراق سابىر ئۇنىمىدى:

— سىزنى تاشلاپ ھەرگىز چىقىپ كەتمەيمەن. ئاۋۋال سىز ياخشى بولۇڭ، ئاندىن بىللە قاچىمىز.

ئېزىز يەنە سۆزلەپ بېقىۋىدى، سابىر رەنجىپ قالدى.

— ئاداش، مەنمۇ ۋىجدانىم بار ئادەم جۇمۇ. سىز باشقىلارنى دەپ ئۆزىڭىزنى ساقچىلارغا تۇتۇپ بېرىپسىز، مەن سىزنى مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتەلەيمەنمۇ. بولدى، ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. قاچان قېچىش توغرىسىدا سىزگە ئۆزۈم دەيمەن.

ئېزىز ئامالسىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى. ئارىدىن يەنە بەش - ئالتە كۈن ئۆتۈپ ئېزىزنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ، غىزانى ئۆزى تۇتۇپ يېيەلەيدىغان، ھەر خىل ھاجەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كامېر ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كۆردى. بىراق سول قولىنىڭ بارمىقى تېخىچىلا ساقايمىغانىدى. بىرەر يەرگە ئازراق تېگىپ كەتسىلا زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى، ئالىقان-

لىرىنىڭ ئىشىقىمۇ تېخى يانمىغانىدى.
— ئاداش، بۇگۈن كېچىدىن باشلاپ تامنى تېشىشكە باشلى-
ساق بولارمۇ؟— دەپ سورىدى ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ.
— يەنە بىر - ئىككى كۈن توختايلى، ئاداش،— دېدى
سابىر ئۇنىڭ قوللىرىغا قاراپ قويۇپ،— تامنىغۇ ئۆزۈم تېشىۋې-
رىمەن، لېكىن هويلىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشىدىغان ۋاقتىدا
قوللىرىڭىز...
— تامنى تېشىپ بولغۇچە ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتىدۇ،
ئاڭغىچە قوللىرىممۇ ياخشى بولۇپ قالار.
— مەيلى ئەمىسە، بۈگۈن كېچە تامنى تېشىشنى باشلاي.
بىراق سابىر ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشقا ئىمكان بولمىدى.
چۈشتىن كېيىن بىر گۈندىپاي كامېرغا كىرىپ ئۇنىڭ قويۇپ
بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سابىر بىر ياق-
تىن خۇشال بولسا، يەنە بىر ياقتىن غەمكىن بولۇپ قالدى.
— ئېزىزنىچۇ، ئۇنى قاچان قويۇۋېتىسىلەر؟— دەپ سورى-
دى ئۇ گۈندىپايدىن.
— ئۇنى باشلىقلاردىن سورا،— گۈندىپاي خۇشياقمىغان
هالدا جاۋاب بەردى - دە، ئۇنى تېزرەك بولۇشقا ئالدىرىتىپ
قويۇپ، ئۆزى ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى.
— خۇداغا شۈكۈر، مۇبارەك بولسۇن، ئاداش، بىر كۈن
بولسىمۇ بۇ يەردىن بۇرۇنراق چىقىپ كەتكىنىڭىز ياخشى
بولدى،— دېدى ئېزىز ئۇنى تەبرىكلەپ.
— هەي... لېكىن سىز يالغۇز قالدىڭىز، ئەمدى
هېلىقى...
— مېنىمۇ پات ئارىدا قويۇپ بېرەر،— گۈندىپاي ئاڭلاپ
قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى ئېزىز، ئان-
دىن كۆزى بىلەن تامنى كۆرسىتىپ، قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى
ئىشارە قىلدى.

— ھەي سەھرالىق، تېز بولمامسەن! ؟— گۈندىپاي ئىشىك-تىن بېشىنى تىقىپ سابىرنى ئالدىراتتى.
— ئەمدى مېڭىڭ، ئاداش، كۆرۈشكىچە خوش! — ئېزىزمۇ ئۇنى مېڭىشقا سۈيلىدى.
سابىر ئېزىز بىلەن قۇچاقلاشتى، قۇلىقىغا «مەن تاشقورغان تەرەپكە مېڭىۋېرەيمۇ ياكى سىزنى ساقلايمۇ؟» دەپ پىچىرلىدى.
«مېڭىۋېرىڭ، ماڭا قارىماڭ» دېدى ئېزىزمۇ پىچىرلاپ.
— خەير، خۇدايىمغا ئامانەت، ئاداش، سىزمۇ پات ئارىدا قۇتۇلۇپ چىقارسىز،— دېدى سابىر ۋە لاقا - لۇقىلىرىنى كۆتۈ-رۈپ، ئېزىزغا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.
ئېزىز كامېردا يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۇنى بىردىنلا غې-رىبلىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ئۇ بۇ يەرگە سولانغاندا ئىككى ھەمراھى بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆرۈپ، كۆپ غەمخورلۇق قىلغان، يارىسىنى داۋالىغان، كىيىم - كې-چەك، يوتقان - كۆرپە بەرگەن، تاماق يېگۈزگەن، ھەتتا تەرەتلى-رىنى تۆككەن. شۇڭا ئېزىز بۇ دوزاخ كەبى جايدىمۇ كۆڭلىگە تەسەللى تېپىپ، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى سەل بولسىمۇ ئۇنتۇ-غان. مانا ئەمدى يالغۇز - يېگانە قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تەسەللى بېرىدىغان، قىيىن - قىستاقتىن قايتقاندا ياردەملىشىدىغان ھېچكىم يوق... يالغۇزلۇق نېمىدېگەن ئېغىر! ھېچبولمىغاندا يېنىدا بىرەر ئىت - مۈشۈك بولسىمۇ، ئېزىز ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، مۈڭلىرىنى تۆكۈپ بەرسە، كۆڭلى سەل يەڭگىللەپ قالار ئىدى. بۇ يەردە چاشقان دېگەنغۇ تولا، لېكىن ئۇلار ئازراق شەپىنى سەزگەن ھامان غىپپىدە قېچىپ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئاھ، يالغۇزلۇق!...
ئېزىز بۇگۈن كېچىلا تامنى تېشىشنى باشلىماقچى بولدى. قوللىرىغۇ تېخى ساقايمىغان، لېكىن ئالدىرىمىسا بولمايدۇ. مۇ-بادا كامېرغا بىرەر قورقۇنچاق ياكى چېقىمچىنى ئەكىرىپ قويسا

قېچىش پىلانىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ. تامنى ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن تەشىمۇ ھېساب، ئۇ يەردىن چىققان توپىلارنى ئورنىنىڭ ئاستىغا يېيىتمۇەتسە بولىدۇ. كۈندۈزى ئويۇلغان جاينى تەكىيە ۋە يوتقىنى بىلەن توسۇپ قويسا گۈندىپايلار كامېر ئىچىگە كىرگەندىمۇ سېزەلمەيدۇ. ئاۋۋال ئىچ تەرەپنى ئادەم پاتقۇدەك تېشىپ، تاشقىرى تەرەپتىن ئازراق قالدۇرۇپ تۇرسا، قاچار ۋاقىتتا بىرلا تېپىپ ئېچىۋېتەلەيدۇ...

قاراڭغۇ چۈشۈپ تۇرمە ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەندە ئېزىز تەكىيىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى - دە، تامنىڭ يەرگە تۇتاشقان يېرىنى سابىر ئېيتقان چارە بىلەن ھۆل قىلدى. ئاندىن ئۇ بەرگەن ھېجىر پارچىسىنى ئوڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تامنى يونۇشقا باشلىدى. قولى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، ئەمما ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئىشلەۋەردى. بىراق تۆت - بەش مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي ھېرىپ قالدى. ئاھ، ماغدۇرسىزلىق! نى - نى پالۋانلارنى، قۇترىغان بۇقىنى يەرگە يىقىتقان ئاشۇ كۈچ - قۇۋۋەت نەگە كەتكەندۇ؟...

ئېزىز ئازراق دەم ئېلىۋېلىپ، يەنە ئىشلەشكە كىرىشتى، يېرىم كېچىگە يېقىن زادى بولالماي بىر سائەت چامىسىدا سوزۇلۇپ ياتتى. سابىر ئۆيدىن كىرگۈزۈلگەن يېمەكلىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئېزىز ئورنىدىن تۇرۇپ توخۇنىڭ ئىككى پۇتى بىلەن بىر دانە گىردىنى يەۋەتتى. ئۇسسىدى، ئەمما ئىچىشكە بىر تېمىمۇ سۇ يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بەدىنىگە خېلى ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، يەنە تامنى يونۇشقا باشلىدى. تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇ چىنىنىڭ ئورنىچىلىك يەرنى تەشكەنىدى. «مۇشۇنداق تەشسەم، تۆت - بەش كۈن ئىچىدە ئادەم پاتقۇدەك قىلالايمەن» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرىپ.

ئېزىز ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ چۈشكىچە مىدىرلىماي ياتتى. ئۇ: «گۈندىپايلار ياخشى بولۇپ قالغىنىمنى بىلسە، پۇ-

تۇمغا يەنە كىشەن سېلىپ قويمىسۇن» دەپ ئويلاپ شامالداشقىمۇ چىقماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى، بىراق چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا بەربىر كىشەن سېلىپ قويۇشتى. ئېزىز كىشەن كۆتۈرۈپ كىرگەن گۇندىپاينى كۆرگەن چېغىدىلا يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتكەنىدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن كېلىشمەسلىك؟! ئېزىز خۇدا ئالدىدا قانداق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيتتى؟ بۇ بىرنېمىنى يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن گۇندىپايلارنىڭ ئېسىگە سالمىسا بولماسمىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— پالۋان،— گۇندىپاي كىشەننى ئۇنىڭ پۇتىغا سالغىچە تۇيۇقسىز پىچىرلىدى،— مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

ئېزىز ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. كامېر ئىچى غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى. ئېزىز ئۇنى خېلى تەسلىكتە تونۇدى: شۇ، ئاشۇ خۇش چاقچاق، قارام ۋە مەرد بەنجاڭنىڭ دەل ئۆزى شۇ. لېكىن ئۇ ئەسكەر ئىدى، قاچاندىن بېرى گۇندىپاي بولۇپ قالغاندۇ؟

— سىز تۈرمىگە كەلتۈرۈلگەن كېچىسىلا سىزنى تونۇغانىدىم،— دەپ پىچىرلاشنى داۋاملاشتۇردى گۇندىپاي،— لېكىن سىزنى يا قىيىن - قىستاقتىن، يا بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامال قىلالمىدىم. يېنىڭىزدا باشقا كىشى بولغاچقا تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا بولمىدى. ئەمدى غەم قىلماي، باشقا بىرەر ئىشقىمۇ ئۇرۇنماي خاتىرجەم يېتىپ ماغدۇرىڭىزغا كېلىۋېلىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا، سىزنى يەنە بىر قېتىم قىيىن - قىستاققا ئالغۇچە بۇ يەردىن تىنچ - ئامان چىقىرىۋېتىمەن.

ئۇ گويا ئېزىزنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ قالغاندەك:

— گېپىمنى قۇلىقىڭىزدا تۇتۇڭ - ھە، ھېچقانداق ئىشقا ئۇرۇنماي ئوبدان ماغدۇرىڭىزغا كېلىۋېلىڭ!— دەپ يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ، دەرھال كامېردىن چىقىپ كەتتى.

ئېزىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ

قويۇپ خىيالغا چۆكتى:

بۇ ئىش — ئۆتكەن يىلى كۈزدە، ئېزىز تېخى مەنسۇر بەگنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بارماستا يۈز بەرگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ بىر ئىش بىلەن شەھەرگە باردى. ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ قايتاي دەپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت شەھەرلىك بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى - دە، ئاغىنىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي توي بولۇۋاتقان بىر ئۆيگە باشلاپ ئاپاردى. شۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى بەكمۇ باشباشتاق بولۇپ كېتىشكەنىدى، ھەدېسىلا كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلاتتى، بازاردا تاماق ۋە مېۋە - چېۋە يېسە پۇل بەرمەيتتى؛ كېچىلىرى بەزى ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئەرلەرنى باغلاپ قويۇپ خوتۇن - قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلاتتى. كىمدەكىم ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرسە، ھەتتا ئازراق نارازى بولسا، ئۇنداق كىشىنى «باندىتلارنىڭ شېرىكى» دەپ ئۇرۇپ - دۇمبالاپ تۇتۇپ كېتەتتى، ھېچبولمىغاندا چالا ئۆلۈك قىلىپ قوياتتى.

توي بولۇۋاتقان ھېلىقى ئۆيدە ئويۇن - تاماشا تازا قىزىۋاتقاندا ئايۋانغا بەش - ئالتە ئەسكەر ئۇسسۇپلا كىرىپ كېلىشتى. قارىغاندا، ئۇلار چالا مەسـت بولسا كېرەك، شەپكىلىرى قىڭغىر - سىڭغىر، تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن، مىلتىقلىرى تەتۈر ئېسىلغانىدى. ساھىبخانىلار ئۇلارنى تۆردىكى سۇپىغا باشلاپ، ئالدىغا يەل - يېمىش، قورداق ۋە پولۇ كەلتۈردى.

— هاراقمۇ كەلتۈرۈڭلار!— بۇيرۇق قىلدى ئەسكەرلەردىن بىرى.

شېرىكلىرىمۇ ئۇلاش - چولاش ئۇنىڭ تەلىپىنى تەكرارلاشتى. ساھىبخانىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تەڭلىكتە قېلىشتى.

— باشلىق، ئەپۇ قىلسىلا، — دېدى بىرەيلەن ئېگىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، — تويغا هاراق تەييارلىمىغان...

— يالغان سۆزلىمە! — ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى بىر

ئەسكەر، — توي دېگەندە ھاراق ئىچمىسە نېمە مەززىسى بولىدۇ؟
— باشلىق، مېھمانلىرىمىز ھاراق ئىچمەيتتى...
— باشقىلار ئىچمىسە كارىمىز يوق، مانا بىز ئىچىمىز.
— قۇرۇق گەپنى قويۇپ، تېز ھاراق كەلتۈرۈش.
— تېز بولۇش، ھېلى بىكار.
ئۇلارنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلمىسا جېدەل چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ساھىبخانىلار ئىلاجسىز بىرەيلەننى بازاردىن ھاراق ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. كىشىلەر ئەسكەرلەرنىڭ ئۆكتەملىكىدىن نارازى بولۇشۇپ غۇدۇراشتى.
— قاراڭلار، بۇ ئەدەپسىزلىكنى.
— شۇنچە ئادەمنى قىلچە كۆزگە ئىلىشمىدى.
— مۇشۇ كۈنلەردە چېرىكلەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى جۇمۇ!
— خەپ، سىلەرنىڭمۇ كۈنۈڭلار ئاز قالدىغۇ!
— بىزمۇزە، بەك ياۋاش خەقلەر جۇمۇ!
— راست ئېيتىسىز، مانا ھازىرمۇ تۆت مۇتتەھەم شۇنچە ئەسكىلىك قىلىۋاتسا «ھوشۇڭنى تېپىش!» دەيدىغان بىر ئوغۇل بالا چىقمايۋاتامدۇ.
— يۈرىكىمىز بەك ئېزىلىپ كېتىپتۇ، بىزنىڭ.
— ھەي، ئۇلارنىڭ قولىدا مىلتىق بار تۇرسا.
— گۇندىخانىغا چۈشۈپ قالساڭ، ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ، ئۇ يەردىن.

......

ئېزىز ھېلىقى ئاغىنىسى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئاغىنىسىمۇ غەزەپلىنىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. ئېزىز لام - جىم دېمىدى، ئەمما ئۇنىڭ تۈرۈلگەن چىرايى ۋە كۆزلىرىنىڭ غەزەپلىك چاقنىشىدىن شۇ تاپتا ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئە-

مەس ئىدى.

هاراق كەلتۈرۈلدى. ئەسكەرلەر ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرى‌ـ شىپ ئىچىشكە باشلىدى. مېھمانلار ئارىسىدىكى سەللە ئورىغان ۋە چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق ئارىلىغان كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سورۇندىن چىقىپ كېتىشتى.

— ئاداش، بىزمۇ قايتمايلىمۇ؟ — دېدى ئېزىز سەۋرسىزلى‌ـ نىپ.

ئېزىزنىڭ ئاغىنىسى توي ـ مەشرەپ، ئويۇن ـ تاماشىلارغا ھېرىسمەن يىگىت ئىدى.

— بىردەم ئولتۇرايلى، سازەندىلەر مۇقامنىڭ تازا بەلەن يېرىگە كەلدى، ئاخىرىغىچە ئاڭلايلى، ئاداش، — دېدى ئۇ ۋە ئاندىن خۇددى ئېزىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك قوشۇپ قويدى، — «ئىت قاۋاپ قېلىۋېرىدۇ، كارۋان يولىغا كېتىۋېرى‌ـ دۇ» دەپتىكەن، ئاۋۇ مۇتتەھەملەرگە پەرۋا قىلما. ئېشەك سۈي‌ـ دۈكىنى ئىچىپ بولۇپلا چىقىپ كېتەر ئۇ ناكەسلەر.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئېزىز بېشىنى لىڭشىتىپ.

هاراق راستتىن كۈچلۈكمىدى ياكى ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنى قەستەن شۇنداق ھالەتكە سېلىۋېلىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر پىيالىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بوشىتىش بىلەنلا كەيپ بولۇشتى، ئالتا‌ـ غىل سۆزلىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— كۆتۈر مۇنداق ئېشىكنى، گۆش ئەكېلىش، گۆش! — بىرى شۇنداق دەپ ۋارقىرىۋىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

بۇ تەلەپمۇ دەرھال بەجا كەلتۈرۈلدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەربى‌ـ رى بىر پارچىدىن گۆشنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ، ئاچ قالغان ئىتلاردەك قاساشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا سازەندىلەر «ئۇشاق» مۇقامىنى باشلىغانىدى:

ئۆلۈمدىن بىخەۋەر بولما، بولۇر ناگاھ ساڭا پەيدا،
ياقاڭدىن ئالسا قويماس، ئەيلىسەڭ يۈز ئاھۇۋاۋەيلا.
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا شاھۇ، گاداي بارچە بارابەردۇر،
ئاشۇنداق مۇستاپا ئۆتتى، يەنە ئۆلمەس كىشى قايدا.
......

بىر قارىماتاق ئەسكەر ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، سازەندىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— توختاش! ئۆلۈم ـ ئۆلۈم دەۋەرگىچە تۇزۇكرەك بىرنېمىگە چېلىشمامسەن!

سازمۇ، ناخشىمۇ چىپپىدە توختىدى، كىشىلەر ئارىسىدا يەنە كۇسۇر ـ كۇسۇر باشلاندى.

— قېنى، ئۇسسۇلغا چېلىش، ئۇسسۇلغا! بىز ئۇسسۇل ئوينايمىز! — دېدى ھېلىقى ئەسكەر يەنە.

باشقىلارمۇ چۇرقىرىشاتتى:

— شۇنداق، ئۇسسۇلغا چالسۇن!

— ئوينايمىز!

— ياشايمىز!

قارىماتاق قولىدىكى گۆشنى داستىخانغا تاشلاپ سۇپىدىن ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەرگە كېلىپ تۇردى.

— قېنى، چېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ سازەندىلەرگە.

سازەندىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، باش لىڭشىتىشقاندىن كېيىن داپچىنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىشقا باشلىدى. قارىماتاق ئۇسسۇلغا چۈشتى، ھەمراھلىرى چاۋاك چېلىشىپ، قىرقىرىشىپ مەدەت بېرىشتى. ئۇ دەم قولىنى يېيىپ، دەم پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، دەم تاقلاپ، دەم ئايلىنىپ دېگەندەك ئۇسسۇل ئوينىغان بولدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك قوپال ۋە رەتسىز ئىدى، «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك،

سازنىڭ ئۇدارى بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەرىكەت-
لىرىنى ئۇسسۇل ئوينىدى دېگەندىن كۆرە، دورىدى دېسە توغرا
بولاتتى. ئۇ بەلكىم باشقا مېھمانلارنى تارتىشنى ئۆز شەنىگە لايىق
كۆرمىگەن بولسا كېرەك، ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ،
پۇتلىرىنى نۆۋەت بىلەن يەرگە ئۇرۇپ، قوللىرىنى چاۋاكلاپ،
ئۇلارنى ئۇسسۇلغا چۇشۇشكە تەكلىپ قىلدى. ھەمراھلىرى بى-
راقلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ چۈشۈشتى. ئەم-
دى سورۇندا تېخىمۇ تېتىقسىزلىق باشلاندى.
ئاياللار ئىچكەركى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقانىدى. ئەسكەرلەر-
دىن بىرى بىردىنلا ساراي ئالدىغا بېرىپ، ئىچكىرىگە قاراپ قاش
ئېتىپ، كۆز قىسىپ ئاياللارنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلغىنلى تۇر-
دى. باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىشتى.
— غۇنچە بوي خېنىم، مەن سىلىنى تارتتىم.
— ئوبدان خېنىم، مېنىڭ سىلىگە كۆزۈم چۈشتى.
— ھوي ئوماق چوكان، ماڭا بىر قاراپ قويسىلا.
......
سارايدىن ئاياللارنىڭ تەشۋىشلىك ئاۋازلىرى ئاڭلاندى:
— ۋاي خۇدايىمەي!
— نېمە سەتچىلىك بۇ!؟
سىرتتا ئولتۇرۇشقان ئەرلەرنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، مۇشت-
لىرى تۈگۈلۈپ، چىرايلىرى تاتىرىشتى. دەل شۇ پەيتتە پەتنۇس
كۆتۈرگەن ئىككى چوكان سىرتتىن ئايۋانغا كىرىپ كەلگەنىدى.
ئۇلار سارايىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئىككى ئەسكەر كەينىگە بۇرۇ-
لۇپلا ئۇلارنى توسۇۋېلىپ «ئۇسسۇل ئوينايمىز» دەپ تۇرۇۋېلىش-
تى. چوكانلار «ۋايجان» دېيىشىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قېچىشىۋى-
دى، بىر ئەسكەر بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، پەتنۇس يەرگە
چۈشۈپ جاراڭلاپ كەتتى. ساز چىپپىدە توختىدى.
— ھەي، نائەھلىي، قويۇۋەت ئۇنى!

جىمجىتلىق ئىچىدە بومبىدەك پارتلىغان بۇ ئاۋاز ھەممەيلەن-
نى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەسكەرلەرمۇ، باشقا مېھمانلارمۇ ئاۋاز چىققان
تەرەپكە قاراشتى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئېزىز ئەسكەرلەرگە
قەھر - غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ھەي ھارامزادە! — دەپ ۋارقىرىدى قارىماتاق ئەس-
كەر، — سېنىڭ خېلى نوخلاڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ نوچى بولساڭ
مەيدانغا چۈشە، كارامىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي.

ئېزىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارايمۇ، بارمايمۇ دەپ بىر دەقىقە
ئويلىنىپ قالدى. ئەسكەرلەر ۋارقىراشتى:

— ھە، قورقتۇڭمۇ؟

— ئەمدى قۇتۇلالمايسەن.

— ئايىغىمىزدا ئۆمىلىتىپ ۋاي غوجىكام دېگۈزىمىز سېنى.

ئېزىزنىڭ سەۋر قاچىسى ئاخىر توشتى.

— كېلىشە ئەمسە! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن ۋە
ئاغىنىسىنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەل-
دى، ئۆي ئىگىسى بىلەن باشقا ساھىبخانلار پايپېتەك بولۇشۇپ
ئەسكەرلەر بىلەن ئېزىزغا يالۋۇرغىلى تۇرۇشتى:

— خاپا بولمىسىلا، باشلىق، بىز ناماقۇل بولايلى.

— بۇ ئىنىمىز ياشلىق قىلىپ قويدى، بىر قېتىم گۇناھى-
دىن ئۆتسىلە.

— ئۇكام، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ.

شۇ ئارىدا قارىماتاق ئەسكەر:

— ياق، نېرى تۇرۇش، بۇ ھارامزادىنىڭ نوخلىسىنى بىر
ئېلىپ قويمىسام بولمايدۇ، — دېگىنىچە ئېزىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈ-
رۈپ كېلىپ مۇشت ئاتتى. ئېزىز بېشىنى ئېلىپ قېچىپ ئۇنىڭ
مۇشتىنى تەگكۈزمىگەنىدى، لېكىن باشقا بىر ئەسكەرنىڭ ئارقا
تەرەپتىن ئاتقان مۇشتى ئېڭىكىگە «قارس» قىلىپ تەگدى، ئېزىز
ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ مۇشتىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن شىلتىمىدى. شۇ

ئارىدا قارىماتاق ئاتقان ئىككى مۇشت ئېزىزنىڭ گەدىنىگە تەگدى، ئېزىز قارىماتاققا بۇرۇلغاندا ئۇ ئۈچىنچى مۇشتىنى ئاتقانىدى، ئېزىز ئۇنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كاپپىدە تۇتتى ـ دە، ئارقىغا قايرىدى، قارىماتاق:

— ۋايجان، ۋايىەي! — دەپ توۋلىۋەتتى.

ئاڭغىچە ئۇنىڭ سول قولىمۇ ئارقىغا قايرىلىپ ئۆزى ئالدىغا ئورغاق شەكلىدە ئېگىلىپ قالدى.

— جېدەل ـ غوۋغانى توختىتىپ بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىڭلار! — دېدى ئېزىز ئەسكەرلەرگە قاراپ، — بولمىسا ماۋۇ نىجىسنىڭ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن.

ئەسكەرلەر داستىخاندا ئولتۇرغاندىلا مىلتىقلىرىنى يېنىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇشقان ۋە ئۇسسۇلغا چۈشكەندە بىر ئەسكەر مىلتىقلارنىڭ يېنىدا قالغانىدى. ئېزىزنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا باشقا ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ مىلتىقلىرىنى قولغا ئېلىشتى ـ دە، زاتۋورلىرىنى شاراقلىتىپ ئاغزىنى ئېزىزغا توغرىلاشتى. ۋەزىيەت قىل ئۈستىگە كېلىپ قالدى، كىشىلەر خۇددى بۆرىگە دۇچ كەلگەن قويلاردەك قورقۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈشتى. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى سىرتقا ئېتىشتى. ئېزىز بايا ئاچچىقىدا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تۈزۈكرەك ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ھازىر سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەسكەرلەر راستتىن ئوق چىقىرارمۇ؟ ئۇ چاغدا ئۆزىلا ئەمەس، يەنە بىرنەچچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن... بىراق ئېزىز بۇ ئىشنى تىلەپ تاپمىدى، خورلۇققا چىدىماي شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى، نېمە ئامال، بەزىدە خورلۇق ئۆلۈمدىنمۇ يامان، ئەمدى چېكىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەسكەرلەرنىڭ نىيىتى ئوق چىقىرىشلا بولسا قارىماتاقنى قويۇۋەتسىمۇ ـ قويۇۋەتمىسىمۇ بەرىبىر قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ. مەيلى باشقا كەلگەننى كۆرەر. «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال»

دەپتىكەن، ھېچبولمىسا بىرگە بىر قىلىپ ئۆلسۇن…
ئېزىز قارىماتاقنىڭ قوللىرىنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ ئوڭ قولىنى بوشاتتى - دە، ئۇنىڭ گېلىدىن كاپلا ئالدى. «ئوق تېگىپ بولغۇچە ئۆلمەسمەن، جېنىم چىقىپ بولغۇچە بۇ مەلئۇن- نىمۇ دوزاخقا يوللاپ بولىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. قارىماتاقنىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ خىرقىراپ قالدى.
— توختاڭلار، ئوق چىقارماڭلار! — بەستلىك بىر ئەسكەر شېرىكلىرىگە قاراپ ۋارقىراپ ئاندىن ئېزىزغا بۇرۇلدى، — قارىسام، سەن خېلى نوچى نېمىدەك قىلىسەن. مەن ئەزەلدىن باتۇر ئەزىمەتلەر بىلەن ئېلىشىپ بېقىشقا ئامراق. نەچچە ۋاقىتىڭ- ياقى ساڭا ئوخشاشلارنى تاپالماي قولۇم قىچىشىپ يۈرەتتى، بۇ يەردە ئەجەبمۇ بەلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇنى قويۇۋەت. ئىككى- مىز بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى، سەن يەڭسەڭ قۇتۇلىسەن، يېڭىل- سەڭ تۇرمىگە ئاپىرىپ سولايمەن. قانداق، بولامدۇ؟
قورقۇپ جېنى چىقاي دەپ قالغان كىشىلەر بىردەملىككە بولسىمۇ «ئۇھ!» دېيىشتى، ھەممەيلەن ئېزىزنىڭ ئاغزىغا قا- راشتى.
— ماقۇل، — دېدى ئېزىز ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، — لېكىن مەن بۇنى قويۇۋەتسەم ئاۋۇ ئەسكەرلەر ئوق چىقارسىچۇ؟
— ياق، ئۇلار مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئوق چىقارمايدۇ، مەن ئۇلارنىڭ بەنجىگى، — دېدى ئەسكەر، ئاندىن ھەمراھلىرىغا قا- راپ بۇيردى، — مىلتىقلارنى چۈشۈرۈڭلار!
ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېزىزدىن قايتۇرۇپ ياڭ- غا ئېلىپ تۇرۇشتى، ئېزىز قارىماتاقنى قويۇۋەتتى. قارىماتاق شۇ ھامان «ئۇھ» دەپ تىنىپ تېز - تېز نەپەس ئالغىنىچە ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.
— قېنى ئەمىسە تەييارلان! — دېدى بەنجاڭ.
ئۆي ئېگىسى ۋە باشقا ساھىبخانىلار ئېزىز ۋە بەنجاڭنىڭ

يېنىغا كېلىشىپ سالا قىلغىلى تۇردى. ئېزىز گەپ قىلمىدى.

— ياق! يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس دېگەن سۆز بار، — دېدى بەنجاڭ بايىقى تەلپىدە چىڭ تۇرۇپ، — بىز كېلىشىپ بولدۇق، بىر ئېلىشىپ كۆرمەي بولدى قىلمايمىز، نېرى تۇرۇڭلار.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا چاپىنى بىلەن شەپكىسىنى بىر ئەس- كەرگە تۇتقۇزدى، يەڭلىرىنى تۈرۈپ، مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇرۇ- شۇشقا تەييارلاندى. ۋەزىيەت سەل پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ئېزىز بىردىنلا ئۇرۇشقۇسى كەلمەي قالغاندى. بۇ تاياق يەپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئەلۋەتتە. بۇ بەنجاڭنى بەك يامان دېگەندىمۇ بىرنەچچە مۇشتىنى يەر، شۇ. ئېزىزمۇ ئۇنى ھەرگىز بوش قويمايدۇ. لېكىن ئىككىيلەن ئارىسىدىكى بۇ مۇشت- لىشىش بىردىنلا يوغىناپ كەتسىچۇ؟ ئاندىن ئەسكەرلەر ئوق چىقىرىپ قالسا بىكارغا بىرنەچچە ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كېتەرمى- كىن؟ ئېزىز بايا بۇ تويغا كەلمىسە ياكى بايىلا بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە بوپتىكەن. بۇ بەنجاڭ نىيىتىدىن يانسا ئوبدان بولاتتى...

— نېمە، قاراپ تۇرۇسەنغۇ، قورقۇۋاتامسەنيا؟ — بەنجاڭ- نىڭ سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، — ئەمىسە، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، مەن ھۇجۇمغا ئۆتتۈم.

بەنجاڭ ئۆزى دېگەندەك راستتىن مۇشتلىشىشنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەممىدى ياكى ھاراقنىڭ كۈچى دەيدەيگە سېلىپ قويدى- مۇ، ئىشقىلىپ، نىيىتىدىن يانماي، توساتتىنلا ئېزىزغا قاراپ مۇشت ئاتتى. ئېزىز بېشىنى چاققانلىق بىلەن ئارقىغا ئېلىپ قاچقاچقا، مۇشت كۆكرىكىگە كېلىپ تەگدى. بەنجاڭ يەنە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە مۇشت ئاتتى، بەزىلىرى ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە، قولىغا، مەيدىسىگە تەگدى، لېكىن كۆپلىرى بوشقا كەتتى. ئۇ كاساپەت يەنە پەشۋا ئېتىشنىمۇ خېلى بىلىدىكەن، بىر پەشۋاسى ئېزىزنىڭ زاڭىقىغا تەگدى. بۇنىسى كۆتۈلمىگەن ۋە

خېلى قاتتىق زەربە بولدى. ئېزىز ئارقىسىغا ئىككى قەدەم چېكىندى. بەنجاڭ ئەمدى مۇشتتىن پەشۋانى ئەۋزەل كۆرگەندەك ھەدەپ پۇتىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ئارىدا يەنە بىر پەشۋا ئېزىزنىڭ قورسىقىغا تەگدى. ئېزىز ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يېڭى «ھۇنىرى»گە خېلى ماسلىشىۋالغاچقا بۇ قېتىم مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇ شۇ كەمگىچە بەنجاڭغا مۇشت ياندۇرماي مۇداپىئەدىلا تۇرغانىدى. بەنجاڭ يەنە بىر قېتىم پەشۋا ئاتقاندا ئېزىز ئۇنىڭ پۇتىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى ـ دە، ئالدىغا سىلكىپ تارتتى. بەنجاڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي يەرگە گۇپپىدە يىقىلدى، ئەمما ئۇ يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېزىزغا ئېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېزىزمۇ مۇشت ياندۇرۇشقا باشلىدى. بەزىدە ئۇنىڭغا، بەزىدە بۇنىڭغا مۇشت ياكى پەشۋا تېگەتتى. ئېزىزنىڭ سول مەڭزى يېرىلىپ قانىدى، لېكىن بىر قېتىممۇ يىقىلىپ چۈشمىدى. بەنجاڭ بولسا، بۇ ئارىدا ئۈچ قېتىم يىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ ئىششىغان، بېشى يېرىلغانىدى.

— بولدى، سەن يەڭدىڭ! — دېدى ئۇ تۆتىنچى قېتىم يىقىلغاندا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئەسكەرلىرى ئېزىزغا تاشلانماقچى بولۇۋېدى، ئۇلارغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى، — مىدىرلاشما، ئوغۇل بالا دېگەن گېپىدە تۇرۇشى كېرەك!

ئەسكەرلەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولىشىپ بېشىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتكىلى تۇردى. ئېزىزنىڭ ئاغىنىسى ۋە يەنە بىرنەچچە كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىپ مەڭزىدىكى قاننى سۈرتتى. ھەر ئىككىسىنىڭلا يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇن سېپىلگەندىن كېيىن قان دەرھال توختىدى. بەنجاڭنىڭ بېشىنى داكا بىلەن تېڭىپ قويماقچى بولۇۋېدى، ئۇ:

— بۇ نېمىنى نېرى ئاپىرىڭلار، مۇنچىلىك ئىشقىمۇ...، — دەپ رەت قىلدى.

مۇشتلىشىش توختىدى، ئەمما جىددىيلىك پەسەيمىگەن،

كىشىلەرنىڭ قورقۇنچىسى تارقىمىغانىدى. ئەمدى بۇ ساراڭ بەنجاڭ گېپىدە تۇرارمۇ ياكى...؟

بەنجاڭ چاپىنى بىلەن شەپكىسىنى ئالدىرىماي كىيىپ، ئۆزىنى سەل تۈزىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا ئېزىزنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— بۇرادەر، «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دەپتىكەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئېزىزنىڭ سول مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويدى،— مانا بۈگۈن ئىككىمىز ھەم ئېلىشتۇق، ھەم تېپىشتۇق. باتۇر يىگىت ئىكەنسەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز قىيامەتلىك ئاغىنە بولۇپ قالايلى، بولامدۇ؟

ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ، گەپلىرىدىنمۇ بىر خىل سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ چاغدىكى تەلۋىلىك ۋە چوڭچىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئېزىز ئۇنىڭ بۇ گەپىنى چىن كۆڭلىدىن ئېيتىۋاتقىنىغا ئىشەندى.

— بەنجاڭ، ئەپۇ قىلىڭ، بەك ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم،— دېدى ئۇ خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

— ھەي، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئاداش؟ جەڭ دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇيا. سەن ئاتمىساڭ، ئۇ ئېتىۋېرىدىغان گەپ. لېكىن، دېگەنبىلەن پەمىڭمۇ، كۈچۈڭمۇ يەتكۈچە بار ئىكەن، سەن ھارامزادىنىڭ مۇشتلىرىڭ قاتتىقراق تەگكەندە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلاپ قالالمىدىم.

ئېزىز گەپ قىلماستىن پەسكە قارىدى.

— لېكىن پەشۋاغا كەلگەندە مەنمۇ بوش كەلمەيمەن، يۈزۈڭ پەشۋادىن زەخىملەندىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق،— دېدى ئېزىز كۈلۈمسىرەپ.

بەنجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋېدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا ئەسكەرلەرمۇ، مېھمانلارمۇ كۈلۈشتى، جىددىيلىك تارقىلىپ ۋەزىيەت تولۇق پەسەيدى.

— قېنى، ئىككى پىيالىدە هاراق كەلتۈرۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بەنجاڭ.

بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىندى.

— بۇرادەر، ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ باشلانغانلىقى ئۈچۈن بىردىن كۆتۈرەيلى، — بەنجاڭ پىيالىدىن بىرىنى ئۆزى ئېلىپ، يەنە بىرىنى ئېزىزغا تەڭلىدى.

ئېزىز پىيالىنى قولىغا ئالدى، لېكىن ئۇ شۇ كەمگىچە تالاي قېتىم مۇسەللەس ئىچكەن بولسىمۇ، هاراق دېگەننى زادى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغانىدى.

— بەنجاڭ، مەن ئىچىپ باقمىغان...، — دېدى ئۇ ئۆزرە سورىغاندەك بولۇپ.

— ھەي، ئادەم دېگەن بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشنى بىرەر باھانە - سەۋەب بىلەن قىلىدۇ. بۇرۇن ئەسكەر بىلەن مۇشتىلىشىپ باقمىغان بولغىيدىڭ، مانا بۈگۈن مۇشۇ توي باھانىسىدە مۇشتلاشتىڭ. هاراق ئىچىش دېگەنمۇ شۇنداق ئىش. قېنى كۆتۈرەيلى، بىر تامچىمۇ ئېشىپ قالمىسۇن.

— ئەستا... بۇ...

بىرقانچە كىشى ئېزىزنى هاراقنى ئىچىۋېتىشكە زورلىغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بايا ئەسكەرلەرنىڭ هاراق ئىچكىنىگە نارازى بولۇشقانلارمۇ بار ئىدى. نېمە دېگۈلۈك، بەلكىم ئۇلار يا بەنجاڭنىڭ سەمىمىيلىكى، خۇش چاقچاقلىقى ۋە مەردلىكىدىن تەسىرلەنگەندۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ يەنە جېدەل - غوۋغا قوزغىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندۇ.

ئېزىز ئاخىر هاراقنى ئىچىپ پىيالىنى بوشاتتى.

— ھەببەللى، يارايسەن! — بەنجاڭ يەنە ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويدى، — ئېتىڭ ئېزىز ئىكەن، داداڭ ياخشى ئىسىم قويۇپتىكەن. مېنىڭ ئېتىم سادىر. «سادىر بەنجاڭ» دېسەڭ، گازارمىدىكى ھەممە ئەسكەر بالىلار بىلىدۇ. ئۇ

يەرگىمۇ بېرىپ تۇر، مۇڭدىشىمىز، بىللە ئويناپ كۆڭۈل ئاچىمىز،— ئاندىن ئۇ ئەسكەرلەرگە قاراپ بۇيرۇدى،— قېنى، تەييارلىنىڭلار، يېدۇق، ئىچتۇق، ئويىندۇق، ئەمدى گازارمىغا قايتىمىز.

ئەسكەرلەر دەرھال قوراللىرىنى ئېسىپ تەييار بولۇشتى. ساھىبخانىلار ئۇلارنى يەنە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىۋىدى، ىىراق سادىر بەنجاڭ ئۇنىمىدى:

— يوقلامىغا ئۈلگۈرۈپ بارمىساق، پەيجاڭ ساقىلىمىزنى قىرىدۇ،— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ،— غوجامنىڭ غوجىسى بار دېگىنە، ئاغىنە.

ئەسكەرلەر قايتىشتى. ئېزىز باشلىق بىرنەچچەيلەن ئۇلارنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يەنە ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىشقىمۇ، بىللە ئويناپ- كۈلۈشكىمۇ پۇرسەت بولمىغانىدى. بىر قېتىم ئېزىز شەھەرگە بارغاندا سادىر بەنجاڭنى سەپ ئىچىدە كېتىۋاتقان ھالەتتە كۆردى. ئۇمۇ ئېزىزنى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، گويا «قارىمامسەن، سەپتىن چىقىشقا ئىلاجىم يوق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى. ئېزىزمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇردى.

كېيىنكى چاغلاردا ئېزىز ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ سادىر بەنجاڭنى ئىزدەشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. بۇ خۇش چاقچاق ۋە قارام ئادەم ناگان- ناگاندا ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالسا، ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى يېنىك چايقاپ قوياتتى. مانا بۈگۈن پەۋقۇلئاددە بىر شارائىتتا ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. «مېنىڭ بۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ كېتىشىمگە ئۇ راستتىنلا ياردەملىشەرمۇ؟» ئېزىز ئەسلىمىلىرىنى ئەنە شۇ سوئال بىلەن ئاياغلاشتۇرۇۋدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## 1

ساۋۇتئاخۇن خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپ، مەنسۇر بەگ بىلەن بىللە چوڭ قورۇغا كىردى ـ دە، بەگكە ياخشى چۇش كۆرۈشنى تىلەپ، ئاتخانىغا باردى. بېدىلەر باياتىن توغراپ تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى. ئۇ بېدىلەرنى ئوقۇرغا سېلىپ، ئاتلارنىڭ ئۇلارنى غاراسلىتىپ چايناشلىرىنى بىرئاز ۋاقىت ئاڭلاپ تۇردى، ئاندىن تورۇق ئاتنىڭ يەلكىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ قورۇدىن قايتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا هويلا ئىشىكىنى زۇپتۇمەخان ئېچىپ بەردى.

— كالىغا هەلەپ ئېتىپ بەردىڭلىمۇ؟

زۇپتۇمخان ئەسنەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئېتىپ بەردىم.

— سىلى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېرىڭلار، مەن ماللارغا يەنە بىر قاراپ باقاي.

زۇپتۇمخان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ساۋۇتئاخۇن ئېغىلنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان بىر قۇچاق قوناق شېخىنى كۆتۈرۈپ، ئېغىلنىڭ بىر غېرىچچە كېلىدىغان شوينا بىلەن كېشەككە ئىلىپ قويۇلغان ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچكىرىگە كىردى. ئېغىل ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، قىغنىڭ ئاچچىق هىدى بىقسىپ تۇراتتى. ئوڭ تەرەپتە يېتىشقان ئىككى قوي دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، پەس ئاۋازدا مەرىشىپ قويدى. ساۋۇتئاخۇن قوناق شېخىنى تام بويلى-

تىپ چېچىپ بەردى. قويلار پاراسلىتىپ يېيىشكە باشلىدى.
ئېغىل ئوتتۇرىدىن كىچىكرەك غارال[1]بىلەن توسۇلغان بولۇپ،
سول تەرىپىدە بوغاز كالا تۇراتتى. ساۋۇتئاخۇن ھەلەپ قاچىلانغان
سېۋەتنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئېگىشىپ
غارالنىڭ ئارىسىدىن قولىنى ئۇزىتىپ سېۋەتكە تىقتى، قولىغا
يۇمشاق ۋە ئىسسىق ھەلەپ بىلەن كالىنىڭ تىنماي ھەرىكەتلىنى-
ۋاتقان بېشى ئۇرۇلدى. كالا بىر پۇشقۇرۇپ قويدى. ساۋۇتئاخۇن
قولى بىلەن كالىنىڭ بېشىنى بىر - ئىككى سىلاپ قويدى - دە،
قەددىنى رۇسلاپ، ئېغىلدىن چىقتى. ئۇنىڭ ھويلىسىدا ناھايىتى
قېرى ۋە يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى، ئۇنىڭ سايىسى
تۆتىنچى ئايدىن تاكى ئونىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھويلىغا
ئاپتاپ چۈشۈرمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ،
شاخلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ غولىچى
ئاران بويلاشقۇدەك غولى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.
ساۋۇتئاخۇن ئۆيىگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا قۇلىقىغا
ناھايىتى سۇس، ئەمما ئاللىقانداق تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ساۋۇت ئاكا!

ساۋۇتئاخۇن چۆچۈپ توختاپ، ئەتراپقا قارىدى.

— ساۋۇت ئاكا، بۇ مەن، — ئۈجمىنىڭ دالدىسىدىن بىر
ئادەم چىقىپ كەلدى. بۇ ئىش ناھايىتى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەچ-
كە ساۋۇتئاخۇننى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتۈۋەتتى.

— سەن؟...، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— مەن — ئېزىز، — ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ
ماڭدى.

— ۋاي خۇدايىم، بۇ، سىزمۇ ئوغلۇم؟

ئىككى قەدىردان ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن ئاران تېپىشقان
ئاتا - ئانىلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا،

---

① غارال — قاشا، رېشاتكا.

ئاسماندا نه ئاي، نه يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى، هويلا غۇۋا قاراڭغۇ ئىدى.

— ئوغلۇم، يۈرۈك ئۆيگە، — ساۋۇتئاخۇن ئېزىزنىڭ قولىدىن سۆرەپ دېگۈدەك ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ، ئىچىدىن زەنجىرلىدى.

زۇپتۇمخان ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ساۋۇتئاخۇن ئۇنى ئويغاتتى ۋە چىراغنى ياقتى، هاۋادانىنى يەكتىكى بىلەن توسۇدى.

ئېزىز كۆرۈنەرلىك هالدا ئورۇقلىغان ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا زۇپتۇمخان ئۇنى تەسلىكتە تونۇدى.

— ۋاي، بۇ ئوكۇممۇ، چۈشۇممۇ؟ پالۋان ئىنىم ئىكەنغۇ بۇ! ؟— دېدى ئۇ هەم هەيرانلىق، هەم خۇشاللىق ئىلكىدە،— سىزنى...

— بولدى، گەپنى كېيىن قىلىشىمىز،— ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە ئۇرۇۋەتتى ساۋۇتئاخۇن،— ئاۋۋال غاچ ـ غۇچ چاي دەملەڭلار، ئاندىن غىزاغا تۇتۇش قىلىڭلار!

— ساۋۇت ئاكا، مەن بەك ئالدىراش، قورسىقىممۇ ئاچ ئەمەس، قازان ئاسمايلى،— دېدى ئېزىز ئۇلارنى توسۇپ.

ئوچاقتا هازىرمۇ قوناق مەدىكى كۆيۈپ تۇراتتى. زۇپتۇمخان ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ قاقشال بولغان توغراق ئوتۇننى سالدى ـ دە، ئاندىن مىس چۆگۈننى قويدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئىنىم؟— دېدى ئۇ ئوتنى چۆخچىلىغاچ،— مۇشۇ ئۈچ ـ تۆت ئاينىڭياقى سىزدىن ئايرىلىپ يۈرەكلىرىمىز خۇن بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئاران بىر كۆرۈشكەن چاغدا ئۆز قولۇم بىلەن غىزا قىلماي تۇرالامتىم مەن.

— ئوغلۇم، بىز پاراڭلىشىپ بولغۇچە غىزامۇ تەييار بولىدۇ، ماقۇل دەڭ،— دېدى ساۋۇتئاخۇن، ئاندىن خوتۇنىغا قاراپ

بۇيرۇدى، — خېمىر يۇغۇرىمەن دېمەي، گۆشنىلا پىشۇرۇڭلار.
ئېزىز ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ
تاكاللاشمىدى.
— ئوغلۇم، قېنى ئەمدى سۆزلەپ بېرىڭ، شۇ تاپتا قەيەر-
دىن كېلىشىڭىز؟
— بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كېچىسى گۇندىخانىدىن قاچ-
تىم، — ئېزىز قىسقىلا جاۋاب بەردى.
— بۇ توغرىدا بىزمۇ ئاڭلىغان. سىز قاچقان كېچىنىڭ
ئەتىسىلا تالىپ بەگ بىلەن كازىم بەگلەر ئالتە - يەتتە چېرىكنى
ئەگەشتۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىشتى، سىزنى سۈرۈشتە قىلدى.
ئىككى چېرىك ھازىرمۇ بېگىمنىڭ ئۆيىدە سىزنى كېلىپ قالارمى-
كىن، دەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئېيتىڭا، مۇشۇ ئۈچ كۈن
ئىچىدە قەيەرلەردە يۈردىڭىز؟
شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە، تەخمىنەن ئون تۆت -
ئون بەش كىلومېتىرچە يىراقلىقتا «غوجامدۆڭ» دەيدىغان بىر
پارچە قۇملۇق بولۇپ، ئۇ يەردە قەدىم زامانلاردىن بېرى توپ -
توپ يۇلغۇنلار ۋە قومۇشلار ئۆسۈپ تۇراتتى. كىشىلەر قىش
كۈنلىرى خېلى يىراق جايلاردىكى جاڭگاللاردىن ئوتۇن ئەكېلى-
شەتتىيۇ، لېكىن بۇ يەردىكى يۇلغۇنلارغا زادى چېقىلمايتتى.
چۈنكى، ئۇلارغا «بۇرۇن بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىر غوجام ئىستىقامەت قىلغان ۋە ئۆلگەن-
دىن كېيىن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. كىمكى بۇ يەرنىڭ يۇل-
غۇنلىرىنى كېسىپ، قومۇشلىرىنى ئورۇپ ئۆيىگە ئاپارسا، شۇ
كېچىسى قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ» دېگەن بىر رىۋايەت مەلۇم ئىدى.
كىشىلەر ئۇ يەرگە تاۋاپ قىلغىلى بارغاندىمۇ بەك يېقىن بارماي،
نېرىدىنلا دۇئا قىلىشاتتى، يېقىن بارغانلىرىدىمۇ بۇك يۇلغۇنلار-
نىڭ ئارىسىنى كۆرەلمەيتتى.
ئېزىز سادىر بەنجاڭنىڭ ياردىمىدە تۈرمىدىن قاچقان كېچى-

سى (بىز بۇ جەرياننى تەپسىلىي بايان قىلماي، پەقەت بۇ ئىش
بوران چىققان بىر كېچىسى — بۇ يۇرتتا قاتتىقراق بوران چىقسا
جىمى جاھان قۇم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچال-
ماي قېلىشىدۇ — يۈز بەردى ۋە ئېزىز تۈرمىدىن خېيىمخەتەرسىز
چىقىپ كېتەلىدى، دېيىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز) ئۇدۇل شۇ
يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنغانىدى. ھېلىقى رىۋايەتكە ئۇمۇ ئىشىنەت-
تى، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇ: «مەن بېشىمغا مۇشكۇلچىلىك چۈش-
كەن بىر بىچارە، يۇلغۇنلارنى سۇندۇرماي، ئۇلارنى ئۆزۈمگە
پاناھ قىلسام، غوجام ھەزرەتلىرى مېنى جازالىماس» دەپ ئويلى-
غانىدى. ئۇ كۈندۈزى شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. سادىر ئۇنىڭغا
ئوزۇق - تۈلۈك چىگىلگەن بىر تۈگۈنچەك بەرگەنىدى، شۇڭا ئۇ
قورساقتىن غەم قىلمىدى. يۇلغۇنلۇقتىن سەل پەسكە چۈشسە،
سۇمۇ تېپىلاتتى. بىراق دادىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئەھۋالىدىن
ئەنسىرەش ئۇنى بىئارام قىلىپ قويدى. قاغىلىقتىكى ۋاقتىدىغۇ
ئۇلارغا خەت ئەۋەتىپ بىرنەچچە زامان يۇرتقا قايتماي تۇرۇشنى
جېكىلىگەن، ئاندىن ئابدۇكېرىممۇ ئۇلارغا خەت ئەۋەتمەن دېگە-
نىدى. لېكىن ئۇ خەتلەرنىڭ دادىسىغا يېتىپ بارغان - بارمىغان-
لىقى، دادىسىنىڭ ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنگەن - كۆنمىگەنلىكى
نامەلۇم ئىدى. «ناۋادا دادام يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۆيۋاقىدىن
ئەنسىرەپ قايتىپ كەلگەن بولسا، مەن تۈرمىدىن قاچقاندىن كې-
يىن، تالىپ بەگلەر دادام بىلەن ئىنىمنى تۇتۇۋېلىشتىمى-
كىن؟» دېگەن ئەندىشە ئېزىزغا زادى ئارام بەرمىدى. ئۇ ئىككىن-
چى كېچىسى ئۆيىگە بېرىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىيۇ، لېكىن:
«ساقچىلار ھەممىدىن بۇرۇن شۇ يەرگە بارغاندۇ؟ ھازىرمۇ شۇ
يەردە ساقلاپ تۇرغاندۇ، بەلكىم؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، يەنە يال-
تىيىپ قالدى. ئەتىسى بىر كۈنمۇ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتتى. ئاخىر
ئۆز يۇرتىدىكى قەدىناس ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئېسىگە چۈشتى -
دە، تەۋەككۇل قىلىپ، شۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ ئۆيى كەنت-

ىنىڭ چەت تەرپىدە ئىدى. ئاغىنىسى ئېزىزنى ھەم خۇشاللىق، ھەم ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئېزىزنىڭ دادىسى بىلەن ئىنىسى ئاقسۇدىن قايتىپ كەلمەپتۇ. زىرائەتلىرىنى قولۇم - قوشنىلىرى يىغىپ ساقلاپ قويۇپتۇ. ئېزىز تۈرمىدىن قاچقاندىن كېيىن بىر توپ ساقچى مەھەللىگە كېلىپ، ئۇنى ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپتۇ. ھازىرمۇ بەش نەپەر ساقچى ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا كېچە - كۈندۈز ساقلاۋاتقۇدەك.

ئېزىز دادىسى بىلەن ئىنىسى توغرىسىدا خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، يەنە «غوجامدۆڭ» گە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى يوشۇرۇنغان يېرىنى ئاغىنىسىگىمۇ ئېيتمىدى.

— بارىدىغان يېرىڭنى ئېيتىپ كەت، ئەتە - ئۆگۈن ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى ئاغىنىسى خوشلىشىش ۋاقتىدا.

لېكىن ئېزىز:

— ئاۋارە بولما، مەن بىر جايدا تۇرمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۈچىنچى كۈنى يەنە تىنچ ئۆتتى. ئەمدى ئېزىز ئۈچۈن ئادالەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشلا بىردىنبىر مۇھىم ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ چوڭكۆلدىمۇ ئۇزىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىغا گۇمانلانمايتتى. لېكىن، بۇ يەردە يېتىۋەرسە، ئادالەت توغرىسىدا ھېچ ئىشنى بىلەلمەيتتى. چوڭكۆل ۋە مەنسۇر بەگ مەھەللىسىدىكى ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاق ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان، ساقچىلارنى ھەممىلا يەرگە قويۇۋەتمىگەندۇ. ئېزىز كىشىلەر ئانچە ماڭمايدىغان يەرلەر بىلەن مەھەللىگە يېقىنلاشسا ۋە بىر ئامال قىلىپ ساۋۇتئاخۇننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، بەلكىم ھېچكىم كۆرمەي قالار.

ئېزىز ئاخىر ئەنە شۇنداق قىلدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندە چاي دەملىنىپ، داستىخان سېلىد-

نىپ، مەزە كەلتۈرۈلگەنىدى. ساۋۇتئاخۇن خوتۇنى ئۇزاتقان پىيالىنى ئېلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويغاچ:

— قېنى، ئوغلۇم، چايغا بېقىڭ، گۆشمۇ هايالشىماي پىشىدۇ، — دېدى.

ئېرىنىڭ ساۋۇتئاخۇننى كۆرگەن چېغىدىلا ئادالەت توغرىسىدا سورىغۇسى بار ئىدى، لېكىن ساۋۇتئاخۇن ناهايىتى ئالدىراپ كېتىپ، هويلىدا ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بولسا، ئېرىز ئۇچۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكىلا توغرا كەلدى. شۇنداقلا، ئۇمۇ نېمىشقىدۇ، گويا شۇم خەۋەر ئاڭلاپ قالىدىغاندەك دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قېلىپ، خېلىغىچە سوراشقا پېتىنالمىغانىدى.

— ساۋۇت ئاكا، — دېدى ئۇ ئاخىر هاياجىنىنى تەستە بېسىپ تۇرۇپ، — ئادالەت تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامدۇ؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى لەپپىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى. زۇپتۇمخاننىڭ لەۋلىرى تىترىدى، ئاغزى ئېچىلىشقا تەييارلاندى.

— ئادالەت خېنىممۇ؟ ... تىنچلىق، ئوغلۇم، تىنچلىق، — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئالدىراپ ـ تېنەپ، — قېنى، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن. چاي سوۋۇپ قالىدۇ، داستىخانغا بېقىڭ، چوڭ ـ چوڭ ئېلىڭ، بالام.

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئاۋازى نېمىشقىدۇر بۆلەكچە تىترەپ، گەپلىرىمۇ تازا قولىشىپ بەرمىگەنىدى، لېكىن پۈتكۈل خىيالى ئۆز غېمى ئەتراپىدىلا چۆرگىلەۋاتقان ئېرىز بۇ هالغا دىققەت قىلمىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ ۋە پىيالىنى قولىغا ئالدى.

شۇ ئارىدا ساۋۇتئاخۇن خوتۇنىغا تېز قاراپ «ئېغىز غېرىچلىما ـ هە!» دېگەندەك كۆز يۇمۇشلاپ قويدى. ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات ئۆز ئىلكىگە ئالدى. پەقەت ئوچاقتىكى ئوتۇننىڭ

بەزى ـ بەزىدە چىرسىلداپ ئاۋاز چىقىرىشىلا جىملىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇ هال ساۋۇتئاخۇنغا تېخىمۇ ئېغىر بىلىندى.

— ئوغلۇم، سىلەرنىڭ قۇدرەتلەردىن ئايرىلىپ قاغىلىقتا قالغانلىقىڭلارنى تېخى يېقىندىلا ئاڭلىدۇق، — ساۋۇتئاخۇن تاقەت قىلالماي ئاخىر جىملىقنى بۇزدى، — قانداق بولۇپ بۇ جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

ئېزىز پىيالىنى قولىدا تۇتقىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ بىرپەس خىيال سۈرۈپ قالدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئادالەت تۇغرىسىدا كۆپرەك ئىشلارنى بىلگۈسى، مۇمكىن بولسا، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا زۇپتۇمخاننى ئۇنىڭ يېنىغا چىقىرىپ ئالاقىلەشكۈسى بار ئىدى. بىراق، هازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا چىقىش ئەپسىز بولۇپلا قالماي، يەنە باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. ئىشقىلىپ، ئادالەت ساق ـ سالامەت ئىكەن. زۇپتۇمخان ئۇنىڭ بىلەن ئەتە كۆرۈشسىمۇ كېچىكمەيدۇ. مەيلى، ئېزىز هازىر ساۋۇتئاخۇننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرسۇن، كېيىن سوئال سوراش نۆۋىتى ئۆزىگە كېلەر.

ئېزىز پىيالىدىكى چاينى بىر كۆتۈرۈشتە ئىچىپ تۈگەتتى ـ دە، ئاخىرقى قېتىم مۇشۇ مەهەللىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى قىسقارتىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندا زۇپتۇمخان شورپا ئۇسۇلغان چىنىلەرنى داستىخانغا قويدى، ئارقىدىن يۇمشاق پىشقان گۆش، سەۋزە ۋە چامغۇر كەلتۈرۈلدى.

— جاهاندا يەنىلا ياخشى ئادەملەر تولا، — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئاباكرىئاخۇن تۆمۈرچى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى راستىنلا ئوبدان ئادەملەر ئىكەن. ئاندىن «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دەپتىكەن، غوپۇر قاسساپ، سابىر پالۋان ۋە سادىر بەنجاڭلارمۇ ياخشىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، مەردانە ئادەملەر ئىكەن. ئىشقىلىپ، ئۇ

دوزاختىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپسىز، ئوغلۇم. كېيىن-كى ئىشلار ھەققىدە ئوبدان مەسلىھەتلىشەرمىز، قېنى، ئەمدى، غىزاغا باقايلى.

ئېزىز تۇرمىگە چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان مۇنداق مەززىلىك شورپا تۇرماق، قانغۇدەك قايناق سۇمۇ ئىچەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادالەت توغرۇلۇقمۇ خاتىرجەم بولدى. شۇڭا شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلغاندا بىردىنلا ئىشتىھاسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ساۋۇت ئاكا، بېگىڭىز ھېلىمۇ دەۋران سۈرۈپ يۈرۈۋا-تامدۇ؟ — غىزالانغاچ سورىدى ئېزىز.

— ياق، ئوغلۇم، ھېلىقى ئىشتىن كېيىن نۇرۇللا بەگ ئۇنى بەگلىكتىن قالدۇرۇۋەتتى. بۇ ئىش بېگىمگە بەك ئېغىر كەلدى بولغاي، بىرەر ئايغىچە مېھمانخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ ئاھ ئۇرۇپ چىقتى، ئاچچىقى تېخىمۇ يامانلىشىپ كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چالۋاقاپ، قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئېتىپ سۇندۇرۇپ يۈردى. ئەمما بارا ـ بارا تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسا كېرەك، ئاستا ـ ئاستا بېسىقىغا چۈشتى. ھازىر تالا ـ تۈزگىمۇ چىقىدۇ، شەھەر-گىمۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلدى. بەش ۋاخ نامازدا مەسچىتتىن قالمايدۇ، لېكىن ئۆزى خېلىلا ئورۇقلاپ ۋە ياۋاشلاپ قالدى.

ئېزىز بۇ گەپكە قارىتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭ بۈگۈن كېچە مۇشۇ ئۆيدە قېلىپ، ئىمكان بولسا، ئەتە ئادالەت بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئەتە كۈندۈزى ئالىمادىس بىرەر ئادەم بۇ ئۆيگە كىرىپ قالسا، ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن، ساۋۇتئاخۇننى بالاغا قويۇشىدىن ئەن-سىرەپ يەنىلا كېتىشنى ئەۋزەل كۆردى.

— ساۋۇت ئاكا، زۇپتۇمخان ئاچا، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ئۇ دۇئا قىلىنىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، — خۇدا

بۆيرۆسا ۋە سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار ئەتە كېچىسى يەنە كېلدەمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئوغلۇم؟ — سەل رەنجىگەندەك بولدى ساۋۇتئاخۇن، — بىز سىزنى ئۆز بالىمىزدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمىز. «ماقۇل كۆرسەڭلار» دېگەن گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ.

— ماقۇل، — ئېزىز خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئورنىدىن تۇردى، — ئەمىسە، ئەتە كېچىسى كېلەي. ئادالەت بىلەن بىر كۆرۈشسەم دېۋىدىم، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم گەپلەر بار ئىدى. شۇڭا ئەتە زۇپتۇمخان ئاچام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ...

زۇپتۇمخان نېمىشقىدۇر بەك غەمكىن كۆرۈنەتتى، كۆز ياشلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ سۆھبەت جەريانىدا بىر ئېغىز گەپ قىستۇرمىغان بولسىمۇ، پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ «ئاھ خۇدايىم!» دەپ ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغانىدى، ئېزىزنىڭ ھازىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى - دە، بىردىن «پاڭڭىدە» يىرلىپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

— زۇپتۇمخان ئاچا، سىزگە نېمە بولدى؟ — ئېزىز سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى.

بۇ سوئال بەئەينى ئوت ئۈستىگە ماي قۇيغاندەك بولدى، قايناۋاتقان قازان بىراقلا تاشتى.

— ئاھ خېنىم، مۇراد - مەقسىتىگە...

— خوتۇن، زۇۋانىڭلىنى يىغىڭلار! — ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى ساۋۇتئاخۇن، — پالۋان ئوغلىمىزنى ئاۋۇ جاللاتلارغا تۇتۇپ بەرگۈڭلار بارمۇ يا؟

زۇپتۇمخاننىڭ ئاغزى شۇ ھامان تۇۋاقلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ شىددەت بىلەن يامراپ كەلگەن دەرد - ئەلىمىنى بېسىقتۇرۇپ بولالماي، ئۇنى پىغانسىز كۆز ياشلارغا ئايلاندۇرۇپ ئىككى مەڭ-

ـزىنى تامام ھوّل قىلدى.

— بۇ نېمە گەپ، ساۋۇت ئاكا؟ — تاقەتسىزلەنگەن ھالدا سورىدى ئېزىز، — زۇپتۇمخان ئاچام قايسى خېنىم ئۇچۇن يىغلاۋاتىدۇ؟ يا سىز مېنى...

— ئولتۇرۇڭ، ئوغلۇم، مەن ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئېزىز ھەم چۆچۈگەن، ھەم ھەيران بولغان ھالدا قايتىدىن ئولتۇردى، ساۋۇتئاخۇن تەلپىكىنى ئېلىپ يانغا قويدى، سول قولى بىلەن ساقىلىنى تۇتاملاپ، ئېغىر خورسىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، قەيسەر، باتۇر ئادەملا ئەڭ مۇشكۇل چاغلاردىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. مەن سىزنىمۇ شۇنداق يىگىت دەپ بىلىـ ـمەن. شۇڭا گېپىمنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاڭلاڭ. سىزنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقلۇقىنى بايىلا بىلگەنىدىم. ئاۋۋال ئوبدانراق غىزالىنىۋالسۇن دەپ...

ئېزىزنىڭ يۈرىكى دەھشەتلىك بىر رەۋىشتە «قارت» قىلىپ كەتتى.

— ئاكا، مېنى قىينىماي تېزرەك ئېيتىڭا! — دېدى ئۇ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، بالام، — ساۋۇتئاخۇن بۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى، — بۇ دۇنيادا سىلەرگە بەخت نېسىپ بولماپتىكەن، ئادالەت خېنىم ئالەمدىن ئۆتتى...

— نېمە؟ — ئېزىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قوللىرى بىلەن ساۋۇتئاخۇننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، — ياق، يالغان؟ يالغان! نېمىشقا مېنى ئالدايسىز؟

ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرغان ساۋۇتئاخۇننىمۇ ئەمدى كۆز ياشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى.

— ئوغلۇم، مۇشۇ شۇم خەۋەرنى سىزگە تۇنجى بولۇپ

يەتكۈزگىنىم ئۇچۇن مېنى تىللاڭ، ئۇرۇڭ! — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — لېكىن بۇ دورەم ئېيتقانلىرىم راست. سىزنى بايا ئالدىۋىدىم، ئەمدى يەنە ئالدىسام، مەھشەر كۈنى يۈزۈم قارا بولىدۇ.

ئېزىزدا ئەمدى گۇمان قالمىدى. گويا ئۇشتۇمتۇت كائىنات ئۆڭتۈرۈلۈپ، يەرۇ ئاسمان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك، دەھشەتلىك قارا بوران چىقىپ، جىمى نەرسىلەرنى يۇلۇپ، يىقىتىپ، ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. ئېزىز ئۇچۇن ئادالەت دېمەك — ھەممە دېمەك ئىدى، ئۇ بۇ دۇنيادىن يوقالغانىكەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەمدى ھەممە نەرسە يوقالغان بولىدۇ...

— ئاھ خۇدا! — ئېزىز شۇنداق كۈچلۈك ۋە ئېچىنىشلىق پەرياد قىلدىكى، ساۋۇتئاخۇن بىلەن زۇپتۇمخان دىك چۆچۈپ، تەڭلا يىغىدىن توختاپ، ئۇنىڭغا قاراشتى. ئېزىز بىر دەقىقە چامىسىدا قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۇردى ـ دە، ئاندىن گويا بەدىنىگە قايتىدىن جان كىرگەندەك بولۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى.

ساۋۇتئاخۇن باياتىن بېرى «بۇ شۇم خەۋەرنى ئۇنىڭغا قانداق ئېيتسام بولار؟» دەپ باش قاتۇرغاندا، ئېزىزنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى بىر نەرسە قىلىۋالارمىكىن، يا بولمىسا مەنسۇر بەگنىڭ ھويلىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ قويارمىكىن؟ دەپ ئەندىشە قىلغانىدى، ئىش راستىنلا شۇنداق ئاقىۋەتكە يۈزلەندى. ئۇمۇ ھەر ئېھتىمالغا تەييار تۇرغانىدى. شۇڭا ئېزىز ئارقىغا بۇرۇلغان ھامان قوللىرىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— خوتۇن، تېز بول، ئىشىكنى توس! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ زۇپتۇمخانغا.

ئاتمىش ياشقا تاقاپ قالغان ئادەم بەئەينى غەزەپلەنگەن يولۋاسنىڭ سىياقىغا كىرگەن يىگىرمە نەچچە ياشلىق پالۋان يىگىتكە

قانداق تەك تۇرالىسۇن! ؟ ئېزىزنىڭ بىرلا يۇلقۇنۇشى بىلەن سا-
ۋۇتئاخۇننىڭ قوللىرى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئاجراپ كەتتى. ئېزىز
ئىككى تاقلاپلا ئىشىك يېنىغا باردى. بىراق زۇپتۇمخان بۇ چاغدا
ئىشىكنى توسۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەندى.
— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ يالۋۇرغان قىياپەتتە قاراپ، —
خۇدايىمنىڭ ھەققىدە، مەرھۇم ئادالەت خېنىمنىڭ ھەققىدە يالۋۇ-
راي، تالاغا چىقماڭ!
ئېزىز ئۇنى ئىتتىرىۋېتىش ئۇچۇن قوللىرىنى ئۇزاتتىيۇ،
لېكىن ئۇنىڭغا تەگكۈزمەي ئېغىر ھاسىرىغان پېتى تۇرۇپ قال-
دى. ئاڭغىچە ساۋۇتئاخۇنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەسكىن تەلەپ-
پۇزدا دېدى:
— ئوغلۇم، مەرھۇم ئۇچۇن قىساس ئېلىشنى ئويلىمامسىز؟
— نېرى تۇرۇڭلار... مەن شۇ قىساسنى ئېلىشقا
بارىمەن! — دېدى ئېزىز ئېغىر ھاسىراپ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈت-
كۈل ۋۇجۇدى قەھر - غەزەپكە تولۇپ تىترىمەكتە ئىدى.
— ئوغلۇم، — ساۋۇتئاخۇننىڭ تەلەپپۇزى ئەمدى سەل يۇم-
شىدى، — «غەزەپ — ئەقىلنى كېسەر» دېگەن گەپ بار. گېپىد-
مىزنى ئاڭلاپ...
— يولۇمنى توسۇماڭلار! — تاقەتسىزلىك بىلەن ۋارقىرى-
ۋەتتى ئېزىز ۋە ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ئىتتىرىۋەتمەكچى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇرىلىرىدىن تۇتتى.
— ئەمىسە، ئالدى بىلەن بىز ئىككى قېرىنى ئۆلتۈرۈپ يىقى-
تىپ، ئۈستىمىزدىن دەسسەپ ئۆيدىن چىقىڭ! — دېدى ساۋۇتئا-
خۇن يەنە جىددىي تەلەپپۇزدا.
ئېزىز ھودۇقۇپ، ئىككىلىنىپ قالدى.
— ئاھ خۇدا! — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم نىدا قىلىپ، —
ئەمىسە، نېمە قىل دەيسىز مېنى؟
— ئاۋۋال گېپىمىزگە كىرىپ، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋې-

لىك، مۇشۇ پېتى تالاغا چىقسىڭىز قىساس ئالماق تۇگۇل، ئۆزىڭىزنىمۇ بىھۇدە ھالاك قىلىسىز.

— تاقەت قىلالمايمەن، ساۋۇت ئاكا! ئادالەتسىز تىرىك يۈرگىنىمدىن كۆرە، ئۆلۈپ كەتكىنىم مىڭ ھەسسە ئەۋزەل!

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بالام. ئەمما مەن قېرىنىڭ گېپىگىمۇ بىر قېتىم قۇلاق سېلىپ قويۇڭ. مەرھۇمنىڭ قاتىلىدىن قىساس ئالماي تۇرۇپ، بىھۇدە ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭ روھىمۇ سىزدىن رازى بولمايدۇ. «دۈشمەن بىلەن كارى بولمىغان ئادەم ئارماندا ئۆلەر» دېگەن گەپ بار، بۇنى ئۇنتۇماڭ، بالام!

— ئەستاغپۇرۇللا! — ئېزىز چەكسىز ئازاب ئىچىدە قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى.

— ئوغلۇم، سەۋر قىلىڭ، يۈرۈڭ، جايىمىزغا بېرىپ ئولتۇرايلى، باشقا گەپلەرنىمۇ سۆزلەپ بېرەي.

بوران سەل پەسەيگەندەك بولدى. ساۋۇتئاخۇن ئېزىزنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، بايا ئولتۇرغان يەرگە ئەكەلدى.

قايغۇ - ھەسرەت چېكىدىن ئاشقاندا بەزىدە ئادەمنى يولۋاستەك كۈچلەندۈرۈپ، لاچىندەك قەيسەر قىلىپ قويسا، بەزىدە بىردىنلا كۈچ - مادارىدىنىمۇ قۇرۇتۇپ ھالسىزلاندۇرۇپ قويسا كېرەك. ئېزىز ئەمدى گويا بىردىنلا پۈت - قوللىرىدا جان قالمىغاندەك بولۇپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش قۇيۇلدى، ئۇنىڭغا ساۋۇتئاخۇن بىلەن زۆپتۈمخانمۇ قوشۇلدى. جىنچىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئۆيدە يىغا - زار بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇ ئاۋازسىز، داد - پەريادسىز، پەقەت قايغۇ - ھەسرەت كۆز ياشلىرىغىلا مۇجەسسەملەنگەن تولىمۇ ئېچىنارلىق يىغا ئىدى. ئەرلەر ئاسان يىغلىمايدۇ، پەقەت پىغانى تېشىپ، زادى بولالماي قالغان چاغلىرىدا مۇشۇنداق ئاۋازسىز ياش تۆكىدۇ. زۆپتۈمخان بولسا ئېرى-

نىڭ بايىقى ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئاۋازى-
نى قويۇۋېتىشكە پېتىنالمىدى.
— ئوغلۇم، سەۋر قىلىڭ، — ساۋۇتئاخۇن ھەممىدىن بۇ-
رۇن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بەلبېغىنىڭ ئۇچىدا كۆز ياشلىرىنى
سۈرتكەچ، ئېزىزغا تەسەللى بەردى، — تەقدىر - قىسمەت شۇنداق
ئىكەن، شاھمۇ، گادايمۇ ھەممىسى بىر كۈنى بۇ دۇنيا بىلەن
خوشلىشىدۇ. مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقىمۇ شۇنچىلىك ئى-
كەن.
ئېزىز يەنە بىرپەس كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن ياشلىرىنى-
مۇ سۈرتمەي تۇرۇپ سورىدى:
— ئاكا، ئۇ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى؟
ساۋۇتئاخۇن گويا دېمەكچى بولغان جاۋابىنى چاملاپ كۆرۈ-
ۋاتقاندەك سول قولىدا ساقىلىنىڭ ئۇچىنى سىقىمداپ بىرپەس
سۈكۈتكە چۆمۈپ تۇردى - دە، ئاندىن قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا دېدى:
— قانداق ۋاپات بولغانلىقىنى بىزمۇ ئېنىق بىلەلمىدۇق.
مەنسۇر بېگىممۇ ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تۇرغان بىر كۈنى ئۈچ
ساقچى مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى مەيىگە سېلىپ ئەكېلىپ بەردى.
ئۇلار يەنە ساقچى ئىدارىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر پارچە
خەتنىمۇ بېگىمگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئاڭلىسام، ئۇ خەتتە ئادالەت
خېنىمنىڭ قاغىلىقتىن كېلىۋاتقاندا تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۈۋالغان-
لىقى يېزىلغانمىش...
— ئاھ بىچارە! — ئۆزىنى تۇتالماي ندا قىلدى ئېزىز.
— بىز كۆرگەندە خېنىمنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالماپتى-
كەن. ماۋۇ ئاچىغىز مېيىتقا سۇ ئالغاندا ئۇستىدە تۇرغانىدى،
خېنىمنىڭ سول قولىدىكى غول تومۇرىنىڭ راستتىنلا كېسىلگەن-
لىكىنى ئۇمۇ كۆرۈپتۇ...
— ئاھ بىچارە، قانلىرى ئېقىپ تۈگەپ بولغۇچە قانچىلىك
قىينالغاندۇ؟ — ئېزىز ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ساۋۇتئاخۇن بۇ قېتىم گويا ئۇنى دەرد ـ ئەلەمنى تولۇق چىقىرىۋالسۇن دېگەندەك گېپىنى داۋاملاشتۇرماي سۈكۈت قىلىپ ساقلىدى. ئېزىزنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپ ۋە ئەلەمدىن يەنە لەرزىگە كەلدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، لېكىن بايىقىدەك سىرتقا قاراپ ئېتىلماي، ئۆيئىچىدە تېز ـ تېز ئايلىنىشقا باشلىدى. ساۋۇتئاخۇن بىلەن زۇپتۇمخانمۇ ئەنسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكىرەك بېرىپ تۇرۇشتى.

— هەي كازىم بەگ، كازىم بەگ، غالجىر ئىتنىڭ سۈتىنى ئەمگەن مۇناپىق، خەپ توختاپ تۇر! — دېدى ئېزىز گويا شۇ تاپتا كازىم بەگ ئۆز ئالدىدا هىجىيىپ تۇرغاندەك غەزەپ بىلەن سۆزلەپ.

— مېنىڭچە، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى غاپپار قاۋان ئوبدان بىلسە كېرەك...

— غاپپار قاۋان؟ ئۇ هازىر قەيەردە؟

— ئۇ هازىر كازىم بەگنىڭ ئىشەنچلىك غالچىلىرىدىن بىرى. ئاڭلىشىمچە، ئۇمۇ ساقچىلار بىللە بىلەن قاغىلىققا سىلەرنى تۇتقىلى بېرىپتىكەن.

— بۇ گەپچە، ئادالەتنى ئېلىپ ماڭغانلار ئارىسىدا ئۇمۇ بار ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق بولسا كېرەك. لېكىن بۇنىڭدىن ئون كۈندەك بۇرۇن ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ، شۇ هەقتە سوراپ كۆرۈۋىدىم، ئۇ: «ياق، مەن بارمىغان» دەپ تەن ئالمىدى. ئۇنىڭ تېنىۋالغىنىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشتا جەزمەن بىر سىر بار.

— قېنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىر كۆرۈشۈپ باقاي، ماڭا نېمە دەيدىكىن؟— دېدى ئېزىز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ئۇ قاۋان هازىر گۈلسۇم بىلەن توي قىلغانمىش،— گەپ قىستۇردى زۇپتۇمخان.

— نېمە، بۇ توي ئۈستىدە سىلەر يوقمىدىڭلار؟— هەيران

بولۇپ سورىدى ئېزىز.

ساۋۇتئاخۇن گۈلسۈمنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ، گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى:

— غاپپار ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ، گۈندىخانىدىن ئاچىقىپ ئەمرىگە ئاپتۇ. گۈلسۈممۇ نائىلاج تەقدىرگە تەن بېرىپ بۇنىڭغا رازىلىق بەرگەن ئوخشايدۇ.

— بىچارە قىز، — ئېزىز چوڭقۇر خۇرسىنىپ قويدى، — ئۇ ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان. لېكىن... ھەي، ئاخىر شۇ قاۋاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالماپتۇ - دە.

— تەقدىر، ئوغلۇم، ھەر بەندە پېشانىسىگە يېزىلغىنىنى كۆرىدۇ... ئەمما بەك ئوبدان قىز ئىدى. ئۇنىڭغا راستىنلا ئۇۋال بولدى.

باشقا ۋاقىت بولغان بولسا ئىدى، ئېزىز بۇ ھەقتە يەنە بەزى گەپلەرنى قىلغان ياكى بەزى سوئاللارنى سورىغان بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلىشقا ۋاقتىمۇ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىمۇ يار بەرمەيتتى.

— ساۋۇت ئاكا، مېنى ئادالەتنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بارالامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ گەپنى يۆتكەپ.

ساۋۇتئاخۇن گويا ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق سوئالنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال ئىپادە بىلدۈردى:

— يۈرۈڭ، ئوغلۇم!

مەھەللە تىمتاسلىق قويىنىدا ئۇخلاپ ياتاتتى. ئاي نۇرىدا سايىلەر دەم ئۇزىراپ، دەم قىسقىرايتتى. ئۇلار قەبرىستانلىققا بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى. كېچىدە قەبرىستانلىق تېخىمۇ سۈرلۈك تۇسكە كىرگەنىدى. ئىككىيلەن ئادالەتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىككى سائەت چامىسىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى، ئۈنسىز دۇئا ئوقۇشتى ۋە يىغلاشتى. قارىماققا ئېزىز بۇ چاغدا ئۆزىنى خېلى بېسىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما قەلبى ئىزتىراپ ۋە ھەسرەت

ئىلكىدە ئۆرتىنەتتى. ئۇ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دېگەچ قەبرىنىڭ
توپىلىرىنى نەچچە قېتىم ئالىقانلىرىغا ئېلىپ سىقىمدىدى، كۆز
ياشلىرى بىلەن نەمدىدى. چەكسىز مۇسىبەت قايغۇسى ئۇنىڭ
پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرگەندى، خىيالىدا بولسا ھې-
سابسىز ئويلار كېزەتتى: بۇ زېمىن مۇنداق ناھەقچىلىككە قانداق-
مۇ تاقەت قىلىپ تۇرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا چاك - چېكىدىن يېرىلىپ
كەتمەيدىغاندۇ؟ زۇلۇم - ئوقۇبەت چىلبۆرىدەك ھۇۋلاپ تۇرغان
بۇ ۋاپاسىز ئالەم نېمىشقا ئۆڭتۈرۈلۈپ، كۆكۈم - تالقان بولماي-
دىغاندۇ؟... مۇشۇ مۇڭلۇق سۈكۈتكە چۆمگەن بىر دۆۋە تۇپراق
ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن گەۋدە تېخى بۇنىڭدىن
قىرىق - ئەللىك كۈن ئىلگىرى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ، باھار
گۈللىرىدەك ياشناپ تۇرغان، ھاياتقا، جىمى ئىنسانلارغا ھۆر-
لۈك، بەخت - سائادەتلا تىلەيدىغان ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان،
مۇلايىم ۋە گۈزەل بىر ئىنسان ئىدى؛ خۇددى باھار نوتىلىرىدەك
ياش ئىدى؛ كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ھەي
خۇدا، ئۇنىڭدىكى ئامانىتىڭنى نېمىشقا مۇنداق ئالدىراپ قايتۇرۇ-
ۋالغانسەن؟ ئاھ، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىر دەقىقە بولسىمۇ قايتا جان
ئاتا قىلىپ، مۇشۇ قاراڭغۇ گۆر ئىچىدىن چىقارساڭچۇ!
يۈرەك - باغرى قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان بۇ ماتەمدار يىگىت
ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك چېھرىسىدە بەختىيارلىق تەبەسسۇمى ئويناپ
تۇرغان ھالەتتە بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈۋالسا...

ئەمما قەبرىستانلىق بۇرۇنقىدەك جىمجىت ئىدى، بەلكى
مۇڭ - ھەسرەت ئىسكەنجىسىدە قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. نە
ئاسماندىن، نە زېمىندىن ئېزىزىنىڭ ئىلتىجالىرىغا ھېچبىر جاۋاب
كەلمەيتتى. ئاخىر ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى توشقاندەك بولۇپ، سەۋ-
دايىلەرچە ۋارقىرىۋەتتى:

— لەنەت، مۇنداق تەڭشەلمىگەن ئالەمگە!

ساۋۇتئاخۇن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. خورازلار بەس -

بەستە چىللاشقا باشلىدى.

— ئوغلۇم، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى،— دېدى ساۋۇتئاخۇن مۇڭلۇق بىر ئاۋازدا،— بۈگۈن پەيشەنبە، كىشىلەر ئەتىگەندىلا قەبرىستانلىققا چىقىدۇ.

ئېزىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك يەنە بىرنەچچە مىنۇتقىچە پېتىنى بۇزماي ئولتۇرۇپ، ئاندىن گويا ئىچىدىكى چەكسىز ئازاب ۋە دەرد - ئەلەمنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولغاندەك، چوڭقۇر ئاھ ئۇردى. ھالبۇكى، يېنىكلەش ئورنىغا ئۈمىدسىزلىك، ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا قىياندەك يامراپ كىرىپ، قانلىرىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى، كۆز ئالدى بەجايىكى قىپقىزىل قانغا بويالغاندەك بولدى.

— ساۋۇت ئاكا، غاپپارنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

ھېلىقى كۈنى ساۋۇتئاخۇن غاپپار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇ ئۆينىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— تاپماق ئوڭاي،— ساۋۇتئاخۇن ئېسىدە قالغانلىرى بويىچە ئۇ ئۆينىڭ بەلگىلىرىنى ئېنىق ئېيتىپ بەردى،— ئۇ ئۆيگە بارماقچى بولسىڭىز مەن باشلاپ باراي،— دېگەننى قوشۇپ قويدى ئاخىرىدا.

— ياق، تېخى بىر قارارغا كەلگىنىم يوق،— ئېزىز كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ يالغان ئېيتتى ۋە بىردىنلا ساۋۇتئاخۇننى قۇچاقلاپ بىرپەس ئۈن - تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن، تازىمۇ كۈچلۈك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۇنىڭدىن ئاجرىدى،— خەير - خوش، خۇداغا ئامانەت، ئاكا، ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز. مەندىن رازى بولۇڭ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالدىراپ ماڭدى. ساۋۇتئاخۇننى يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، شۇ تاپتا قەيەرگە بارىسىز؟

ئېزىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدىيۇ، لېكىن جاۋاب بەرمىدى.

## 2

بىز ئادالەتنى ئون توققۇزىنچى بابنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم بىر ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، باشقا ئىشلارغا ئۆتۈپ كەتكەنىدۇق. ئەمدى كەينىمىزگە يېنىپ، يەنە شۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىمىز.

— خېنىم، يولدا ھېرىپ - چارچاپ كەلدىلە، ئارام ئالغاچ تۇرسىلا، — دېدى غاپپار ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ ۋە بۇرۇلۇپلا ئىشىكتىن يىراقلاشتى.

ئادالەت يالغۇز قالدى. ئۇ راستىنلا بەكمۇ چارچىغانىدى. لېكىن شۇ تاپتا ھەيرانلىق غالىب كېلىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان پېتى خىيال سۈرۈپ قالدى: «دادامغۇ بەك كاج ئادەم، ماڭا ھازىرمۇ قېيداۋاتقاندۇ تايىنلىق، لېكىن ئانام نېمىشقا ئالدىمغا چىقمايدىكىنە؟ يەنە نېمىشقا يېنىمغا كىرمەيدىغاندۇ؟ يا ئۇمۇ مەندىن قېيداۋاتقانمىدۇ؟...»

دەل شۇ چاغدا نېرىقى تەرەپتىكى يەنە بىر ئۆيدە كازىم بەگ بىلەن غاپپار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق قىسقا سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى:

— ئۇنىڭغۇ ئاخىر قولىغا چۈشۈردۇق، پالۋان، لېكىن ئۇ غولى سىز تەرىپلىگەندەك ئۇزمىكىن؟ تۇرقىدىنىغۇ غۇنچە بويلۇقى چىقىپ تۇرىدىكەن، لېكىن يۈزىنى تېخىچە كۆرەلمىدىم.

— ھېلى كۆرۈلا، بەگزادەم، شۇ چاغدا مېنىڭ گېپىمگە تولۇق ئىشىنىلا. ھەي... ھېكايىلەردە سۆزلىنىدىغان پەرىزاتلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ يارىمايدۇ، بەگزادەم.

— ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇمۇ؟

— تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتىپتۇ، دېسىلە.

— ھەي... قىز پېتى قولغا چۈشۈرەلمىدىم - دە، كاساپەت-

نى. خەير، ھېلىمۇ بىرنەچچە زامان تازا پۇخادىن چىقىۋالىدىغان بولدۇم.

سىرتتا قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىۋېدى، ئادالەت شاققىدە بۇرۇلۇپ ئىشىككە قارىدى. ئەمما ئىشىكتە ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرگەن غاپپار كۆرۈندى. ئادالەت دەرھال چۈمبىلىنى چۈشۈردى.

— خېنىم، تېخىچە ئۆرە تۇرۇپلىغۇ؟ — دېدى غاپپار يەنە بايىقىدەك ھېجىيىپ، — ئولتۇرسىلا، قوللىرىغا سۇ بېرەي.

— ئېيتىڭا، دادام بىلەن ئانام نېمىشقا تېخىچە كىرمەيدۇ؟ — سەل جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى ئادالەت، — گۈلسۇممۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ سۈنى شۇ ئەكىرسە بولمامتى؟

— ھە، گۈلسۇمنى دەملا؟... ئۇ بۈگۈن بىر ئىش بىلەن يېزىغا كېتىپ قاپتۇ. مەن بەرسەممۇ ئوخشاش، خېنىم، مەنمۇ سىلىنىڭ چاكارلىرى، قېنى ئولتۇرسىلا.

— دادام بىلەن ئانامچۇ؟

— ھى... ھى...، — بىرقىسما ھېجايدى غاپپار، — ئۆيگە ھاكىمبېگىم بىلەن ئۇنىڭ خانىمى كېلىپ قاپتىكەن. شۇلار بىلەن ھايالشىپ... سىلىنى چاي ئىچكەچ تۇرسۇن، ھازىر كىرىمىز دېيىشتى.

ئادالەت بەك ئاق كۆڭۈل ئىدى، شۇڭا بۇ گەپكىمۇ ئىشەندى. ئاندىن ئۇ تۆردىكى كۆرپە ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. غاپپار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىپ بولۇپ، يەنە سىرتقا ماڭدى.

— ئانامغا ئېيتىڭ، تېزرەك كىرسۇن، — دېدى ئادالەت تاپىلاپ.

— ماقۇل، خېنىم.

غاپپار كۆزدىن يوقىلىپ، ھايالشىمايلا مەزە يۆگەلگەن داستىخاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئادالەتنىڭ ئالدىغا سالدى، ئاندىن تەخسە، قەندەللەردە ھۆل، قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر، قەنت -

ناۋات، مۇراببالار، چەينەك ۋە پىيالە كەلتۈردى. ئۇ چاي قۇيۇپ، مايلىق توقاچ، نېپىز كاكچىلارنى ئوشتۇپ قويۇپ، يەنە ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئادالەتمۇ دەس ئورنىدىن تۇردى.

— توختاڭ، ھازىرلا ئانام بولسىمۇ يېنىمغا كىرمىسە، مەن ئۆزۈملا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاي، — دېدى ئۇ جىددىي ھالدا.

غاپپار بۇ قېتىم بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدى.

— خوش... خوش، خېنىم... مەن... مەن ھازىرلا باشلاپ كىرەي... سىلى ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا سىرتقا يۈگۈردى.

ئادالەت يا ئولتۇرۇشنى، يا ئۆيدىن چىقىشنى بىلەلمەي، ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتتى. بىر چاغدا قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ، قاپقىسى ئېچىۋې-تىلگەن دېرىزىدىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى ئۆتتى. ئارقىدىنلا ئىشىك تۈۋىدە غاپپار بىلەن ناھايىتى پۇزۇر كىيىنگەن يەنە بىر ياش ئادەم پەيدا بولدى.

— ھارمىغايلا، خېنىم، — ھېلىقى ياش ئادەم بىر خىل مەغرۇر تەلەپپۇزدا گەپكە ئېغىز ئاچتى، — مەنسۇر بېگىم بۈگۈن ماڭا سىلىنى مۇشۇ ئۆيدە كۈتۈۋېلىشنى تاپشۇرغان. دەرھال ئال-دىلىرىغا چىقالمىدىم، ئەپۇ قىلغايلا؟

ئادالەت بىر چۆچۈپ، يانتۇ تۇرغان پېتى غاپپاردىن سورد-دى:

— پالۋان، دادام - ئانامىلار بۇ يەردە يوقمۇ؟ مېنى نېمىشقا ئالدايسىز؟

— بۇ... بۇ...، — دۇدۇقلىدى غاپپار.

— بېگىم بىلەن خېنىم بىر يەرگە مېھمانغا كەتكەن، ئۇلارمۇ ھازىرلا كېلىدۇ، — دېدى كازىم بەگ جاۋاب بېرىپ.

— پالۋان، بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئادا-لەت. چۈنكى ئۇ بۇرۇن كازىم بەگنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— كازىم بېگىم بولىدۇ، خېنىم.

ئادالەتنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. «كازىم بەگ!» دېگەن سادا ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاقماقتەك كېسىپ ئۆتتى. بېشى ئايلىنىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى، سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، دەرھال تامنى تۇتۇۋالدى. كازىم بەگ ئۇنى يۆلىۋالماقچى بولۇپ يۈگۈردى.

— تۇتماڭ! — قاتتىق ۋارقىرىدى ئادالەت. بۇ چاغدا ئۇ يەنە ئەسلىگە كەلگەن، يۈرەك - باغرى قەھر - غەزەپكە تولغانىدى، — ئىپلاس ئالدامچىلار، غالجىر ئىتلار! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— قەيەرگە بارىسىلا، خېنىم؟ — دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قوللىرىنى تۇتۇۋالدى كازىم بەگ، — ئەمدى بۇ يەردىن ھېچ يەرگە چىقىپ كېتەلمەيلا.

— قويۇۋەت مېنى ئىپلاس! — ئادالەت يۇلقۇنۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — بولمىسا ۋارقىراپ ئادەم چاقىرىمەن!

مۇشۇك بىلەن چاشقان ھايات - مامات جېڭىگە چۈشكەندە، مۇشۇك ئۆز ئولجىسىنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىقىنى، ئالدىدىن زادى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكە، بىردىنلا سوغۇق قان ھالەتكە كېلىۋالىدۇ. ئۇ ئەنسىرىمەي، تېنىمەي بىچارە چاشقاننى دەم تۇتۇپ، دەم قويۇپ بېرىپ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. شۇ تاپتا كازىم بەگمۇ دەل شۇنداق ھالەتتە ئىدى. كۆڭلىدە ئەپسۇسلىنىش، ئىنتىلىش، غەزەپ ۋە خۇشاللىق ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، ئەمما بىر خىل غالىبانە تۇيغۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

— ۋارقىرىسىلا، خالىغانچە ۋارقىرىسىلا، خېنىم، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ ۋە ئادالەتنى قويۇۋېتىپ، — لېكىن بۇ ھويلىنىڭ تاملىرى بەك ئېگىز ۋە قېلىن، ئاۋازلىرى سىرتقا ئاڭلانمايدۇ. ئاڭلانغان تەقدىردىمۇ، كازىم بەگنىڭ ئۆيىگە خالىـ

غانچە كىرەلەيدىغانلار تېخى تۇغۇلمىدى.

— ئىپلاس ئىت، جىنىڭنى ئالىدىغانلارمۇ چىقىدۇ تېخى! — ئادالەت غەزەپ بىلەن تىللاپ يەنە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— سىلىدەك پەرىنىڭ ئاغزىدىنمۇ مۇشۇنداق يامان گەپلەر چىقىدىكەن - ھە! ؟— كازىم بەگ ئۇنى يەنە تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن خۇددى ئويناپ - ھېرىپ ئەمدى چاشقاننى يەۋەتمەكچى بولغان مۇشۇكتەك بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزدى، ياق، توغرىسى، ئەپت - بەشىرىسىدىن تىمساھنىڭ يىرتقۇچلۇقى بىلەن چىلبۆرىنىڭ ۋەھشىيلىكى نامايان بولدى، — ئاغزىڭنى يۇم، جالاپ! سىلىق مۇئامىلە قىلىپ قويسام، ئاغزىنى بۇزغىنىنى بۇنىڭ! ئەمدى قولۇمدىن قېچىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما. ئالدىرىماي تۇر، ئاۋۋال پۇخادىن چىققۇدەك كۆڭلۈمنى ئېچىۋالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن قانچە يېلىنىپ - يالۋۇرساڭمۇ لالما ئىتقا ئوخشاش كوچىغا ھەيدەپ چىقىرىمەن سېنى! — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئادالەتنىڭ بېشىدىكى ياغلىق ۋە چۈمبەلنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى. ئەمما شۇ ھامان ھاڭۋاققاندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. «يا ھەزرەت، ئادەمزات ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىقلىرى بولىدىكەن - ھە؟ ! » دەپ ئىختىيارسىز پىچىرلىدى ئۇ.

— ئادەم بارمۇ؟ قۇتۇلدۇرۇڭلار! — جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ئادالەت.

شۇ پەيت دەرۋازىدىكى ھالقىنىڭ قاتتىق شىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بېگىم، — دېدى ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرغان غاپپار «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ.

كازىم بەگ ئادالەتنى قويۇۋېتىپ ئاچچىقلانغان ھالدا دېدى:

— چىقىپ قاراپ بېقىڭا، قايسى دۆيۈز ئىكەن ئۇ؟ لېكىن ئۆيگە كىرگۈزمەڭ.

غاپپار دەرۋازىنى ئاچقىلى ماڭدى. ئادالەت يەنە ئۈنلۈك ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ئادەم بارمۇ؟ قۇتۇلدۇرۇڭلار!...

كازىم بەگ ئۇنىڭ يېنىدىن ئىككى قەدەم چېكىنىپ يانچۇقىدىن پاپىرۇس ئېلىپ تۇتاشتۇردى - دە، ئادالەتنىڭ ۋارقىراشلىرىنى مەسخىرە قىلغاندەك، سوغۇق كۈلۈپ قاراپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن غاپپار يەنە ئىشىك تۈۋىدە هازىر بولدى.

— هاكىمبېگىمنىڭ چاكىرى ئىكەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — هاكىمبېگىم ئۆزلىرىنى هازىرلا يېنىمغا كەلسۇن دېگەنمىش.

— بۇ چاغدا نېمە ئىشى باردۇ ئۇنىڭ، — ئاچچىقلاندى كازىم بەگ، — چىقىپ ئېيتىڭ، بارمايمەن. مېنى ئۆيىدە يوق ئىكەن دېسۇن!

— بېگىمنىڭ زۆرۈر ئىشى بار، بارالماسمىكىن، دەپ ئېيتتىم. لېكىن ئۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى، هاكىم جانابلىرى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كەل، دېگەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، تازا بىر چاغدا... — كازىم بەگ ئۆي ئىچىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم پىرقىرىۋەتتى، — سىز ماۋۇ بىرنېمىگە قاراپ تۇرۇڭ، ئۆزۈم چىقىپ سۆزلىشەي.

ئادالەت يەردىن ياغلىقىنى ئېلىپ يۈزىگە ئورىدى - دە:

— قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىغاچ سىرتقا قاراپ ئېتىلدى.

كازىم بەگ دەرهال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى، ئادالەت سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، جىنەستىدەك لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ قان چىقتى. غاپپار ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ مېڭىۋىدى، كازىم بەگ تېرىككەن هالدا:

— بولدى، مەن بىلەن مېڭىڭ. ئىززەت قىلمىغان جالاپقا نېمە كۆيۈنۈش! — دېدى - دە، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىق-

تى. ئىشكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سالدى، — پالۋان، دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېتىۋېتىڭ!

كازىم بەگ تېز قەدەملەر بىلەن دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. قاپقاقلار تاراقلاپ ئېتىلدى. ئادالەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتـ‑كەندى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قىينىلىپ، ئەلەملىك ئاھ ئۇردى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، غۇرۇرى شەپقەتسىزلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىندى. ئەمما ئىش ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ئىمساھ ئۇنى ھاپ قىلىپ يېۋەتمەي قويمايدىغان ئوخشاي‑دۇ. ھەي بىۋاپا دۇنيا، بۇ سەبىي قىز سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى؟ پاك مۇھەببىتىگە، ئەركىنلىككە ئىنتىلـ‑گەنلىكى شۇنچە چوڭ گۇناھمۇ؟! ئۇنىڭغا نېمانچە شەپقەتسىزلىك قىلىدىغانسەن!؟...

ئادالەت ئۈچۈن ئەمدى ھەممە نەرسە تامام بولغانىدى. دۈشـ‑مىنىگە نەپرەتلىنىش ۋە غەزەپلىنىشلا — ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ئىدى، مۇلايىم ۋە پاك قەلبىدە تېخى دۈشمىنى بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىش، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئىقتىدارى يېتىلـ‑مىگەنىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە پاكلىقىنى ساقلاپ بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن ۋىدالىششىنى ئەۋزەل كۆرەتتى ئۇ.

«جېنىم ئېزىز، مەندىن رازى بولۇڭ، بالىڭىزنى تۇغالماي‑‑دىغان بولـدۇم،— دېـدى ئۇ ئىچىـدە يۈرەك - باغرى ئېزد‑لىپ،— ئۇ دۇنيادا دىدارلىشارمىز...»

ئادالەت پىيالىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ سۇنۇقىدا تومۇرىنى كەسمەكچى بولدى - دە، داستىخان تەرەپكە ماڭدى. تەقدىر - قىسمەت كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ خاھىشىغا تەتۈر تۇرۇۋالىمۇ، بەزىدە تاسادىپەن ماس كېلىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. بەزىدە سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىنى ئۇزاق ۋاقىت ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن، بەزىدە بولسا، ئۇ يېنىڭدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئادا‑

لەت داستىخانغا يېقىنلاشقاندا، ئويۇقلارنىڭ بىرىدە تۇرغان قەلەمتىراچقا بىردىنلا كۆزى چۈشۈپ قالدى. بەلكىم كازىم بەگ ئۇنىڭ قاچاندۇ بىر چاغدا ئەجەل قورالى بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي شۇ يەرگە تاشلاپ قويغان بولسا كېرەك. ئادالەت ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇنى قولىغا ئېلىپ بىسىنى قايرىپ ئاچتى. ئۇنىڭ بىسى شام يورۇقىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كەتتى. ئادالەت قەلەمتىراچنى كۆرگەن چېغىدىلا ئۇنى كۆكرىكىگە — دەل يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا تىقىپ، بىراقلا جان تەسلىم قىلىشنى ئويلىغانىدى، بىراق قەلەمتىراچنىڭ ئۇچى تەرىپى ياي شەكلىدە ئىكەن، سۆڭەكنى ئوڭاي تېشىپ ئۆتەلمىسە كېرەك، ئۇ چاغدا جان بەك قىينىلىپ كېتىدۇ. يەنىلا بۇرۇن ئويلىغان چارە بولغۇدەك.

«خەير خوش، جېنىم!» ئادالەت شۇنداق دەپلا پىچاقنى سول قولىنىڭ بىلەزۈك تۇرىدىغان يېرىگە قارىتىپ كۈچ بىلەن سۈركىدى...

ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتۈپ كازىم بەگ ئۆيگە كىرگەندە، كۆرپە، گىلەم ۋە داستىخانلار قانغا مىلەنگەن، ئادالەتنىڭ بولسا ئاخىرقى تىنىقى قالغانىدى.

## 3

ئېزىز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن تالىپ بەگ ۋەدىسىدە تۇرۇپ گۈلسۈمنى تۈرمىدىن قويۇپ بەردى.

— سىزنى بىر شەرت بىلەن قويۇپ بېرىمىز، — دېدى تالىپ بەگ ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، — مۇشۇ يەردىن چىقىپلا غاپپار پالۋان بىلەن توي قىلىسىز.

ئەگەر بۇ ئىككى - ئۈچ ئاي بۇرۇن ئېيتىلغان بولسا، گۈلسۈم ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن تۇرمايلا «ئۆمۈر بويى گۈندىخانىدا يېتىشقا رازىمەن» دېگەن بولاتتى. بىراق ھازىر ھېچنېمە دېمەي،

بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ بېشىنى ماقۇل ئىشارىسىگە لىڭشىتتى، ئاندىن كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، بىرنەچچە تامچە ياش مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشتى.

غاپپار بۇرۇنلا ئايرىم ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ گۈلسۈمنى تۈرمىدىن ئۇدۇل شۇ يەرگە ئاپاردى. بىر سائەتتىن كېيىن بۇرۇن سۆزلىشىپ قويغان ئىمام بىلەن مەزىن ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى. ئاندىن كازىم بەگنىڭ باشچىلىقىدا بەزمە باشلاندى. بەزمىگە تالىپ بەگمۇ قاتناشتى. گۈلسۈمنى يالغۇز ئولتۇرمىسۇن دەپ مېھمانلاردىن ئۈچ - تۆتىنىڭ ئاياللىرىمۇ كېلىشكەنىدى. ئىچكۈلۈكۋازلىق باشلانغاندا ئاياللار مېھمانخانىنى ئەرلەرگە تاشلاپ بېرىپ ياتاق ئۆيگە چىقىۋېلىشتى. مېھمانلار تاڭ ئېتىشقا يېقىن مەست - ئەلەس ھالەتتە بەزمىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— گۈ... گۈلسۈم قىز، — دېدى كازىم بەگ قايتىش ۋاقتىدا تالىپ بەگ بىلەن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، — سى... سىز... تا... تالىپ بېگىمنىڭ... شە... شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قالماڭ...

ئۇلار خۇددى شامال سوققان يىكەندەك ئىككى تەرەپكە لىڭشىپ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى، چىرايلىرى ياغ سالغان سۇيۇقئاشنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان، ئېغىزلىرى ھىجىيىشتىن كالاچتەك ئېچىلىپ قالغانىدى.

بۇ گەپ بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىم تەكرارلانغان، ئەمما گۈلسۈم ئۆزىنى تارتىنغانغا سېلىپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى، ھازىرمۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇرۇۋەردى.

— شۇنداق، — يەنىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن غاپپار جاۋاب بەردى، ئۇ بۈگۈن ئانچە كۆپ ئىچمىگەنمۇ ياكى ھاراقنى كۆپرەك كۆتۈرەلەمتى، ئەيتاۋۇر، گەپلىرى چانمىدى، — ھۆرمەتلىك تالىپ بېگىمنىڭ، يەنە ھۆرمەتلىك بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ بىزگە قىلغان ئاتىدارچىلىقلىرىنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمىز، ھەرقايسىلىرى ئۈچۈن

جىنىمىز پىدا، قاچان كېلىشسىلە ئىشىكىمىز ئوچۇق، جان دەپ خىزمەتلىرىدە بولىمىز.

ئەھۋال راستتىن غاپپار دېگەندەك بولدى. تالىپ بەگ بىلەن كازىم بەگ ئۇلارنىڭ دائىملىق مېھمانلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بەزىدە بىللە، بەزىدە يالغۇز بۇ يېگى ئەر ـ خوتۇنلارنى يوقلاپ كېلىشەتتى، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىشاتتى، ئاندىن يا مۇسەللەس، ياكى هاراق ئىچىشەتتى. گۈلسۈم داستىخان راسلاش، تاماق ئېتىش، چاي دەملەشلەر بىلەن ھېرىپ ـ چارچاپ ھالىدىن كېتەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر نەرسە كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىرگەندە تالىپ بەگ خۇددى بەز مارىغان مۇشۇكتەك، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي تۇرۇۋالاتتى.

— دېگەنبىلەن گۈلسۈمقىزنىڭ قوللىرىمۇ گۈل ئىكەن،— دەيتتى ئۇ ھجىيىپ تۇرۇپ،— پالۋان، تەلىيىڭىز بار يىگىت ئىكەنسىز جۇمۇ، ئەجەب بەلەن خوتۇنغا ئېرىشتىڭىز، ھەي... خۇدايىم بىرگىمۇ...

غاپپار ئۇنىڭ چىرايىدىكى شەھۋانىيەت ئالامەتلىرىنى بايقايتتى، كۆنداشلىقىدىن يۈرىكى غەزەپكە تولاتتى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىقلىرى سايىسىدە،— دەپ قوياتتى.

— شۇنى ئۇنتۇمىساڭلار بولىدۇ،— تالىپ بەگ تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى،— بولمىسا، گۈلسۈمقىز گۈندىخانىدىن ھەرگىز چىقالمايتتى، دەڭە.

— شۇنداق، ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، بېگىم.

بەزىدە تالىپ بەگ ئۆزى ئانچە ئىچمەي، ھەدەپ غاپپارنى ئىچىشكە زورلايتتى. غاپپار ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئىچەتتى، ئەمما ئارقىدىنلا ھويلىغا چىقىپ، بارمىقىنى گېلىغا

تىقىپ ياندۇرۇۋېتەتتى، ئاندىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ خولۇنجان[1] بىلەن دەملەنگەن چايدىن بىر - ئىككى پىيالە ئىچىۋالاتتى. «خو-لۇنجان كەيپىنى كېسىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى ئۇ بىر تونۇش تېۋىپ-تىن. بۇنىسى راستمۇ، يالغانمۇ؟ ئىشقىلىپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ھەر قېتىم هاراق ياكى مۇسەللەسنى كۆپرەك ئىچىپ قويغاندا مۇشۇنداق چاينى ئىچىشنى ئادەت قىلغانىدى، ئۆزىنىمۇ خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

تالىپ بەگ بەزىدە بىردىنلا «مەست بولۇپ قېلىپ» ، ياس-تۇققا قىڭغىيىپ يېتىۋالاتتى. مۇنداق كېچىسى غاپپار يا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي هوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چىقاتتى، يا بولمىسا، مېھمانخانىنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قوياتـ-تى. تالىپ بەگ ئەتىسى نېمىگىدۇر خاپا بولغاندەك بولۇپ، ئۆزىچە تېرىكىپ، ئاچچىقلىنىپ چايمۇ ئىچمەي كېتىپ قالاتتى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، كازىم بەگمۇ بەزىدە ئۇنىڭ قىلىقىنى تەكرار-لايتتى.

گۈلسۇم ئۇلارنىڭ نىيىتىنى سېزىپ، بىلىپ يۈرەتتى، لې-كىن يا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە، ياكى غاپپارغا ھېچ نەرسە دېمەيتتى.

— غاپپارئاخۇن، بۇ بەگلىرىڭىز نېمىشقىدۇ كۆزۈمگە ئوب-دان ئادەملەر ئەمەستەك كۆرۈنۈپ قالدى، — دېدى ئۇ ئاخىر بىر كۈنى تاقەت قىلالماي، — ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى توختاتسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

غاپپار ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كۆنداشلىقى بەك كۈچلۈك ئىدى، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىمۇ ئاسانلا دەۋېتەت-تى.

— راست، بۇ دۈيۈزلەرنىڭ نىيىتى باشقىدەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ سىزنى گۈندىخانىدىن قويۇپ بەرگەن ياخشىلىقىنى دېمەيدىغان بولسام... ، — ئۇ نېمىش-

---

[1] خولۇنجان — بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى.

قىدۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

— بىر يامان ئىش يۈز بېرىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئەنسىرىمەڭ، ھەرقانداق دۆيۈزنىڭ سىزنى تاك قىلىپ چېكىشىگە يول قويمايمەن! — غاپپار چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

ئارىدىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتتى.

— غاپپارئاخۇن، مەن ئوبدان بىلدىم، بۇ ئادەملەر ھەرگىز سىزنىڭ ئاغىنىلىرىڭىز ئەمەس ئىكەن، — گۈلسۇم بىر كۈنى كەچتە يەنە شۇ گەپنى قوزغىدى،— بىزمۇ ئېزىز پالۋان بىلەن ئادالەت خېنىمغا ئوخشاش ئۇلارغا بىلدۈرمەي يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتەيلى. ھەر ئىككىلىمىز ياش، ھەممە ئەزايىمىز ساق بولغاندىكىن، نەدە بولساقمۇ رىزقىمىزنى تېپىپ يەرمىز.

ئۇ ئېزىز بىلەن ئادالەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدىن مۇتلەق خەۋەرسىز ئىدى. غاپپار ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدىيۇ، جاۋاب بەرمەي خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گۈلسۇم يەنە گەپ باشلاپ، ئەمدى بۇ بەگلەرنىڭ يېنىدا ياشاشقا تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى.

— مۇشۇ يەردىلا تۇرىدىكەنمىز، يا مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، يا بولمىسا، يەنە گۈندىخانىغا چۈشۈپ قالىمەن!

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ! — ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ھالدا قارىدى غاپپار،— ماقۇل، بۇ يۇرتتىن كېتەيلى، سىزلا خوش بولسىڭىز، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بولسىمۇ كېتىشكە رازىمەن!

ئۇلار شۇنداق قارارغا كېلىشىپ، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىنكى كېچىسى شەھەردىن مەخپىي چىقىپ كېتىشكە مەسلىھەتنى پىشۇرۇشتى.

دەل شۇ چاغدا كازىم بەگنىڭ ئۆيىدىمۇ بىر مەسلىھەت بولۇۋاتاتتى.

— بېگىم،— دېدى تالىپ بەگ مەسلىھەتنىڭ ئاخىرىدا ھەدجىيىپ تۇرۇپ،— ئەمىسە، شۇنداق كېلىشتۇق، مەن كېتىپ بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاندىن بارارلا - ھە! ؟

كازىم بەگ كەيپىسىزلەنگەن ھالدا بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

بىردەمدىن كېيىن كازىم بەگنىڭ بىر خىزمەتكارى غاپپارنى چاقىرىپ كەلدى.

— پالۋان، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا سىزگە چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى،— دېدى كازىم بەگ چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ،— ئانامغا بېرىپ ئېيتىڭ، ماڭا بىرنەچچە تىللا ۋە يامبۇ ئەۋەتسۇن.

بۇ — خۇپتەن ۋاقتى ئىدى، شۇڭا ۋەزىيەت غاپپارغا زادىلا ياقمىدى.

— بېگىم، ئەتە سەھەردىلا بېرىپ كەلسەم بولماسمۇ! ؟ سىلى، ناشتا قىلىپ بولغۇچە كېلىپ بولاتتىم،— دېدى ئۇ كازىم بەگكە يالۋۇرغاندەك قاراپ.

— ياق، بۇ پۇللار ماڭا بۈگۈن كېچىدىلا لازىم،— كازىم بەگنىڭ چىرايى يەنىمۇ تۇرۇلدى،— ئەسلىدە ئۆزۈم باراي دېۋىدىم، لېكىن ئانام بىلەن خوتۇنۇم ئېسىلىۋېلىپ، بىر - ئىككى كۈنگىچە قويۇۋەتمەيدۇ. سۇلتاننى ئەۋەتەي دېسەم، ئۇ ئاداشمۇ قېرىشقاندەك ئاغرىپ قاپتۇ. باشقىلار بارسا، ئانام پۇل بەرمەيدۇ. شۇڭا سىزنى بۇيرۇشقا توغرا كەلدى. ھازىرلا ماڭسىڭىز يېرىم كېچىگە قالماي يېتىپ كېلىسىز، مەن ئۇخلىماي سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن. مېنىڭ تورۇق ئېتىمغا مىنىپ بېرىڭ.

تالىپ بەگمۇ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ سۆز قىستۇردى:

— پالۋان، قارىسام، توي قىلغاندىن بۇيان خوتۇنىڭىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىسىز جۇمۇ. ئاغىنىدارچىلىقنى خوتۇنغا تېگىشىۋەتمەڭ يەنە.

بۇ — ھەم مەسخىرە، ھەم تەھدىت ئىدى. غاپپار ئۇنىڭغا ئوبدان بىر قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلماستىن، يەنە كازىم بەگكە بۇرۇلۇپ:

— ماقۇل، بېگىم، ھازىرلا ماڭاي،— دېدى.

غاپپار ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە باردى.

— بەگ نېمە دېسە دېسۇن، تاڭ ئاتقاندا بېرىڭ،— دېدى گۈلسۇم نارازى بولۇپ،— مەن يالغۇز قورقىمەن، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ.

— مېنىڭمۇ سىزدىن بىردەم ئايرىلغۇم يوق،— غاپپار تىت - تىت بولۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، — لېكىن كازىم بەگ دېگەن بۇ بەتبەخت ناھايىتى ئاداۋەتخور ئادەم. يەنە تېخى تالىپ بەگمۇ قوقاق سېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردىن قېچىپ كەتكۈچە، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويمايلى. گۇمانلىنىپ قالسا چوڭ ئىشىمىزغا تەسىر يېتەر. ئەنسىرىمەڭ، يېرىم كېچىگە قالماي يېنىپ كېلىمەن.

گۈلسۇم ئامالسىز ماقۇل بولدى.

— قايتقان چېغىمدا سىزنى ئويغىتىپ يۈرمەي، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزۈم سىرتىدىن قۇلۇپلاپ كېتىمەن، — دېدى غاپپار ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇ تار كوچىدىن چىقىپلا خۇددى ئەلىمىنى ئاتتىن ئالماقچى بولغاندەك ئارقا - ئارقىدىن قامچا ئۇردى. ئات جان - جەھلى بىلەن چېپىپ كەتتى. ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە غاپپار يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغانىدى. دەل شۇ پەيتتە ئالدى تەرەپتىن يەنە بىر ئاتلىق چىقىپ كەلدى.

— ۋۇي، غاپپار پالۋانغۇ!؟ — بۇ ئىككىيلەن ياندىشقاندا ھېلىقى ئاتلىق ئۇنى تونۇپ قالدى.

غاپپارمۇ ئۇنىڭ ئەزەم بەگ ھاجىنىڭ خاس خىزمەتكارى سېلىمئاخۇن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى.

ئىككىيلەن ئات ئۈستىدىلا سالاملاشتى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئۇنداق كېچىلەپ يولغا چىققانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى.

سېلىمئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن چوڭ خېنىم (كازىم بەگنىڭ ئانىسى) ئۇشتۇمتۇت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، كېسەللى خېلى ئېغىر ئىمىش. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، «شەھەردىكى بالىلىرىمنى دەرھال ئالدىمدا ھازىر قىلىڭلار!» دەپ جېدەل قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. سېلىمئاخۇن شۇڭا شەھەرگە ماڭغانىكەن.

— مەن بىلەن ئارقىلىرىغا يانسىلا، پالۋان، — دېدى ئۇ غاپپارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — ھازىر بۇ ئىش بىلەن ئۇ يەرگە بارغانلىرىمۇ بىكار. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ھەر ئىككىلا بېگىمنى چوڭ ئۆيدە ھازىر قىلمىسام بولمايدۇ. پۇلنى كازىم بېگىم ئۆزى ئېلىۋالامدۇ.

بۇ تەكلىپ غاپپارغا ياغدەك ياقتى. ئىككىيلەن شەھەرگە قاراپ ئات سېلىشتى. كازىم بەگنىڭ ئۆيى يول ئۈستىدە بولغاچقا ئۇلار ئاۋۋال ئۇدۇل شۇ يەرگە بېرىشتى. لېكىن ئۆيدە كازىم بەگ يوق بولۇپ چىقتى.

— ھېلىلا چىقىپ كەتكەن، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەدىم، — دېدى دەرۋازىۋەن بوۋاي.

— تالىپ بېگىم بىلەن بىللىمىدى؟

— يوقسۇ، ئۇ كىشى خېلى بالدۇر كەتكەن.

ئىككىيلەن قىسقىلا مەسلىھەتلىشىپ، سېلىمئاخۇن نۇرۇللا بەگنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان، غاپپار كازىم بەگنى ئىزدەيدىغان بولدى.

— بېگىم، يېنىپ كېلىپ قالسا، ھېچ يەرگە كەتمەي مېنى ئۆيدە ساقلىسۇن، — دېدى غاپپار دەرۋازىۋەنگە.

ئۇ كازىم بەگنى قەيەردىن باشلاپ ئىزدەشنى بىلمەيتتى. «ئۆيدىن تالىپ بەگ بىلەن بىللە چىقمىغىنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. كازىم بەگنىڭ

باربدىغان يەرلىرىغۇ ئۇنىڭغا ئاساسەن مەلۇم ئىدى. لېكىن ئۇنداق جايلار خېلى كۆپ، بەزىدە ئاشنىلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ بارىدۇ، ھا-زىر قايسى ئۆيگە باردىكىن؟

غاپپار يول بويى بايا گۈلسۇمنىڭ ئۇنى ناھايىتى ئەندىشە ئىچىدە ئۇزىتىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇمىغانىدى. شۇڭا ئۇ قولىنى بىر سىلكىدى ـ دە، ئاۋۋال ئۆيىگە بېرىپ گۈلسۇمنى خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كازىم بەگنى ئىزدەش قارارىغا كېلىپ، ئاتىنىڭ بېشىنى ئۆي تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى يانچۇ-قىغا سالدىيۇ، ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. «بۇ نېمە ئىش؟...»

دەرۋازىدا قۇلۇپ كۆرۈنمەيتتى. غاپپارنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، دەرۋازىنى ئىتتىرىۋىدى، ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ھويلىغا كىرىشىگە قۇلىقىغا ياتاق ئۆي تەرەپتىن گۈلسۇمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېنى قويۇپ بەر ئىپلاس!

— ھا... ھا...! مەن تېخى ئىپلاسمۇ، ھۇ سېسىق جالاپ! — بۇ تالىپ بەگنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى غاپپار دەرھال تونۇدى، — ئاشۇ غاپپاردەك خەقنىڭ بوسۇغىسىدا جان باقىدىغان لالما ئىتنى دەپ، مەندەك بىر بەگنىڭ تەلەپىنى رەت قىلام-سەن! ؟ بۈگۈن سېنى...

غاپپار ئاتنىڭ تىزگىنىنى تاشلاپلا ئۆيگە شىردەك ئېتىلدى، ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ ئىچىگە كىردى. بۇ چاغدا تالىپ بەگ گۈلسۇمنى بۇلۇڭغا قىستىۋالغانىدى. مورا بېشىدىكى جىنچىراغنىڭ نۇرى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ھۇ، بەتبەخت! — غاپپار تالىپ بەگنىڭ قۇلاق تۈۋىگە غۇلاچلاپ مۇشت ئاتتى.

تالىپ بەگنىڭ قوللىرى گۈلسۇمدىن ئاجراپ، ئۆزى سەنتۈ-

رۇلۇپ يىقىلدى. غاپپار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئىككىيلەن پومداقلىشىپ كەتتى. تالىپ بەگ ھەدەپ يانپېشىدىن تاپانچىسىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى، ئاخىر ئالدى. لېكىن شۇ ھامان غاپپار ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ، تاپانچىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئۇ تاپانچىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تالىپ بەگنىڭ پېشانىسىگە تىرىدى.

— ھە، مەن لالما ئىتمۇ؟ — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئەمدى كىملىكىمنى كۆرۈپ قوي بەتبەخت!

— خۇ... خۇدا ھەققى... بىر قوشۇق قېنىمدىن...، — تالىپ بەگنىڭ قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى، كۆزلىرى بولسا قاپقانغا چۈشكەن چىلبۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك سوغۇق يالتىرايتتى.

— ياق، سېنىڭ ئىپلاس يۈرىكىڭنى قوچۇپ ئۆلتۈرمىسەم دەردىم چىقمايدۇ! — غاپپار تاپانچىنى چۆرۈۋېتىپ، بەلبېغىغا ئېسىلغان غىلاپتىن پىچىقىنى چىقاردى.

تاپانچا ئوچۇق ئىشىكتىن چىقىپ ھويلىغا چۈشتى. گۈلسۇم بۇ چاغدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى. غاپپار پىچاق تۇتقان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تالىپ بەگنىڭ دەل يۈرىكىگە قارىتىپ تىقتى. تالىپ بەگ: «ئېھ!» دەپ ئىڭرىدى. گۈلسۇم: «ۋايجان!» دەپ چىرقىرىۋەتتى. شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا «تاڭ» قىلغان تاپانچا ئاۋازى ياڭرىدى، غاپپار تالىپ بەگنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ يىقىلدى. ئىشىكتە تاپانچا تۇتقان كازىم بەگ تۇراتتى. گۈلسۇم ئۆزىنى غاپپارغا ئاتتى، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تىزىغا ئالدى.

— ھەي دۆيۈز قاتىل، ھەي تۇزكور! — دەپ غاپپارنى تىللىدى كازىم بەگ، — مەن سېنى باشقا ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ يەرگە بارماي، تالىپ بېگىمنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟

غاپپار تېخى تىرىك ئىدى.

— سەنمۇ... بىر بەتبەخت! — دېدى ئۇ كازىم بەگنى تونۇپ ۋە قىينىلىپ سۆزلەپ.

— تېخى ئۆلمىدىڭمۇ؟ مانا ئەمىسە! — كازىم بەگ تاپانچىنى يەنە غاپپارغا تەڭلىدى.

گۈلسۇم دەرھال بەدىنى بىلەن غاپپارنى توسۇۋالدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ ئادەمدىن قورقاتتى، نەپرەتلىنەتتى، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆزىنى چەكسىز ئىشتىياق بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، گەرچە ئۇ ئۆزىدە بۇ ئادەمگە قارىتا مۇھەببەت ھېس قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ ياشاشقا ماقۇل بولغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۆزى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولالمىغان، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز ياشاۋاتقان بىر غېرىب يېتىم قىز ئۈچۈن غاپپارغا ئوخشاش مۇشۇنداق پىداكار جورىغا ئېرىشىشىنىڭ ئۆزىمۇ شۈكۈر قىلغۇدەك بىر ئىش ئىدى. «تەقدىرىمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئىكەن، يامان تەرەپلىرىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىۋالارمەن» دەپ ئويلىغان ئۇ. بىراق مانا شۇ ئادەم ھازىر سەكرات ئىچىدە يېتىپتۇ، رەزىل كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى يەنە تېزلەتمەكچى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا گۈلسۇمنىڭ بېشىغا يەنە قانداق كۈنلەر كېلەر؟...

گۈلسۇمنىڭ نەپسىئىتىدىكى تەۋەككۈلچىلىك، قانلىرىدىكى قەيسەرلىك بىردىنلا ئۇرغۇپ تاشتى - دە، كازىم بەگكە قاراپ قەھرى بىلەن دېدى:

— ئاتساڭ مېنىمۇ قوشۇپ ئات زالىم!

— ھا - ھا - ھا! ماۋۇ جالاپنىڭ خېلى بىڭگىسى بار ئوخشىمامدۇ!؟ — ياۋايىلارچە كۈلدى كازىم بەگ، — ياخشى، ئەسلىدە شۇ ئىشلارنى تېرىغانمۇ سەن، سەنمۇ مۇشۇ لالما قاۋان بىلەن بىللە ئۆل!

— هەي نامەرد! — غاپپار كۆچىنىپ تۇرۇپ دېدى، — خوتۇن كىشىگە چېقىلما، مېنى ئۆلتۈر، ئەمما ئۇنى تىنچ قوي.
— ئاغزىڭنى يۇم، زەڭگى! — كازىم بەگ بارمىقىنى تەپكىگە تىرىدى.
دەل مۇشۇ پەيتتە بازغاندەك بىر مۇشت كازىم بەگنى تىك موللاق چۈشۈردى، تاپانچىسى قولىدىن ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى ئۇرغۇچى — ئېزىز ئىدى. ئۇ دەرھال كازىم بەگنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە بىرنەچچىنى دەسسىدى. كازىم بەگ ئىنجىقلاپ، ۋايجانلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى، قورقىنىدىن ئۇ- نىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ، خۇددى كاماردىن چىققان چاشقاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارايتتى.
— خۇدا ھەققى، مېنى ئۆلتۈرمەڭ، جىمى تەئەللۇقاتىمنى بېرەي، — يىلىنىشقا باشلىدى ئۇ.
ئېزىز ئۆمرىدە ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرالمىغان، بولۇپمۇ يېلى- نىپ يالۋۇرغان كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىغانىدى.
— تىلىڭنى تارت ئىپلاس، ھارامدىن تاپقان دۇنيايىڭنى گۆرۈڭگە بىللە ئەكەت! — دېدى ئۇ ۋە يىرگىنىپ كازىم بەگنىڭ قېشىدىن غاپپارنىڭ يېنىغا كەلدى.
— غاپپار، راستىڭنى ئېيتقىنا، ئادالەت قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى؟
گۈلسۇم بۇ يەردە ئېزىزنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالغانىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.
— نېمە، ئادالەت خېنىم ئۇ؟...، — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ.
غاپپار ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.
— ئادالەت خېنىمنى... ئاشۇ بەتبەخت... ئۆلتۈردى، — دېدى ئۇ كۆچىنىپ ۋە كۆزى بىلەن كازىم بەگنى شەرەتلەپ.
شۇ پەيتتە گۈلسۇم يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز «ۋاي!» دەپ

تۇۋلىۋەتتى. ئېزىز چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. كازىم بەگ شىلتى-
گەن پىچاق ئۇنىڭ سول بىلىكىنى تىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ
پىچاقنى ئىككىنچى قېتىم شىلتىگەندە ئېزىز چەبدەسلىك بىلەن
ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، بىرلا قايرىشتا ئارقىغا ئۆتكۈ-
زۈپ، كازىم بەگنى ئېگىشتۇردى. ئاندىن پىچاقنى ئۆز قولىغا
ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ساۋۇتئاخۇن ئېزىزغا
سوۋغا قىلغان ھېلىقى پىچاقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. قاغىلىقتا
ساقچىلار ئۇنى ئېزىزدىن تارتىۋېلىپ تالىپ بەگكە تاپشۇرغان،
كېيىن ئۇ كازىم بەگنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى.
«دۈشمىنىمنىڭ پىچىقى ئىكەن، مەندە تۇرسۇن، بىر كۈن-
لىرى ئەسقېتىپ قالار» دېگەن ئۇ شۇ چاغدا ھاكاۋۇرلارچە كۈ-
لۈپ.
ئۇ توغرا ئېيتقانىكەن، بۇ پىچاق دەل ۋاقتىدا ئەسقاتېدىغان
بولدى.
— پالۋان، ئۆلگىچە خىزمىتىڭىزدە بولاي، بىر قوشۇق
قېنىمدىن كېچىڭ! — يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى كازىم بەگ.
— پالۋان… ئۇنى… تىرىك قويۇپ بەرمەڭ! — دېدى غاپپار
كۈچىنىپ تۇرۇپ.
ئېزىز غالىلداپ تىترەيتتى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ھېسابسىز
غەزەپ ـ نەپرەت ئۆز ئىلكىگە ئالغان، قەلبى ئىنتىقام ئېلىش
ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يانغانىدى. ئۇ كازىم بەگنىڭ قولىنى
قويۇۋېتىپ ياقىسىدىن قاماللاپ تۇتتى ـ دە، ئۆزىگە قاراتتى.
كازىم بەگ ئېزىزنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا ئەمدى ئۇنىڭ قولىدىن
ساق قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمما ئۇنىڭ
زادى ئۆلۈپ كەتكۈسى يوق ئىدى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىدىن تۆت ـ
بەش قەدەم نېرىدا تۇرغان تاپانچىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىرلا
يۇلقۇنۇپ ئېزىزنىڭ قولىدىن بوشاندى ۋە ئۆزىنى تاپانچىغا ئاتتى.
ئېزىز تاپ بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە كازىم بەگ

تاپانچىنى قولىغا ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى، ئۇ تاپانچىنى ئې-
زىزغا قاراتتى، ئوق ئېتىلدى، بىراق ئۇ ئېزىزغا تەگمىدى.
كازىم بەگنىڭ بارمىقى كۈرژۈكنى باساي دېگەندە ئېزىزنىڭ پى-
چىقى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سېپىغىچە پاتقان ۋە شۇ تۇپەيلى قولى
تىترەپ ئوق نىشاندىن چەتنەپ كەتكەنىدى. كازىم بەگ بىر ئىڭ-
راپلا پور كۆتەكتەك گۈپلا قىلىپ يىقىلىپ، بېشى يانجىلغان
يىلاندەك تولغاندى. ئېزىز يىرگەنگەن هالدا دەررۇ ئۇنىڭدىن
كۆزىنى يۆتكىدى، ئاندىن گۈلسۇم بىلەن غاپپارغا بىر قاراپ
قويۇپ:

— خەيرخوش، گۈلسۇم! — دېدى - دە، ئىشىككە قاراپ
ماڭدى.

— پالۋان، — بارغانسېرى هالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان غاپپار
ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئۇنى چاقىردى.

ئېزىز ئىختىيارسىز توختاپ ئارقىغا بۇرۇلدى.

— پالۋان… يېقىنراق كېلىڭ…، — غاپپار ئۈزۈپ -
ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سىزگە… بىر ئىشنى… مەلۇم
قىلىپ قوياي… ئابدۇكېرىم بەگزادە… تېخى هايات… باش ساق-
چىنىڭ… تۈرمىسىدە… مەن سىزگە… يۈز كېلەلمەيمەن…
سىز… مەرد ئادەم… گۈلسۇم يالغۇز… ئۇ ياخشى…، — ئۇنىڭ
چىرايى پۈرۈشۈپ، بىرپەس سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، —
گۇ… ئۇ… ئۇنى… سىزگە… تاپشۇر…

غاپپارنىڭ گۈلسۇم يۆلەپ تۇرغان بېشى سەل مىدىرلىغاندەك
بولدى - دە، شىلىققىدە بىر يانغا قىيسىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ
قالدى. گۈلسۇم پەرياد چەكمىدى، ئەمما ئىككى تامچە كۆز يېشى
غاپپارنىڭ چېكىسىگە ئېقىپ چۈشتى…

# خاتىمە

شەرق تەرەپ خىرە ـ شىرە ئاقارغاندا ئۇلار قارىقاش بىلەن گۇما ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى سايغا ئۇلاشقانىدى. ئېزىز شۇ يەرگە كەلگەندە تورۇق ئاتنىڭ بېشىنى سەل تاغ تەرەپكە بۇراپ، يولدىن چەتنەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن گۈلسۈم ئۆيدىن چىققاندىن تارتىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سۈكۈت ساقلاپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئىختىيارسىز سوراپ قالدى:

— قەيەرگە بارىمىز؟

— تاشقورغانغا — قىساس ئالىدىغان يەرگە! — دېدى ئېزىز جىددىي تەلەپپۇزدا.

بۇ — 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، ئۇلارنى تاشقورغاندىلا ئەمەس، قاغىلىقنىڭ ئۆزىدىمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشلار — تېخىمۇ چوڭ قىساس ئېلىش پۇرسىتى كۈتۈپ تۇراتتى.

1992 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.

图书在版编目(CIP)数据

复仇/卡哈尔·吉力力著. —2版. —乌鲁木齐：
新疆青少年出版社，2006.4
ISBN 7—5371—1876—0

Ⅰ.复… Ⅱ.卡… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第014488号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

复仇(维吾尔文)
(长篇小说)
卡哈尔·吉力力 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 16.75 印张
2006年4月第2版 2006年4月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—1876—0 定价：28.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换